I267.1
U200108

# كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ

تۈزگۈچى: توختى باقى ئارتىشى

5000001219

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى





**图书在版编目(CIP)数据**

种田赎罪?:托乎提·巴克编译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.8
ISBN 7—228—06650—2

Ⅰ.种... Ⅱ.托... Ⅲ.①杂文—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) ② 随笔—作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.1267.1

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 058069 号

责任编辑:帕提古丽·米吉提
封面设计:艾克白尔·萨力
责任校对:祖莱哈·艾孜则

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路 348 号　邮政编码 830001)
新疆新华书店发行
新疆工人时报印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本 13.625 印张 3 插页
2001 年 8 月第 1 版　2001 年 8 月第 1 次印刷
印数:1—5000

ISBN7—228—06650—2/I·2441　定价:19.80 元

# تۈزگۈچىدىن

2001 ـ يىل كىرىپ قالدى، يەنى كونا ئەسىر ئاخىرلىشىپ، يېڭى ئەسىرنىڭ يېڭى يىلىدا ياشىماقتىمىز. يىلنىڭ قولى بولمايدىكەن، قولى بولغان بولسا ئۆتكەن يىل بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشقان بولاتتۇق، يېڭى يىل ئۈچۈن ئامان ـ ئېسەنلىك، بەخت ـ سائادەت ۋە يېڭى ئۇتۇق تىلىگەن بولاتتۇق. خەيرىيەت، مانا شۇ ئۆتۈپ كەتكەن بىر يىلنى ئەسلىسەم، شەخسەن ئۆزۈمنى ئېلىپ ئېيتقاندا، ھاياتىمنىڭ خېلىلا مەنىلىك ئۆتكەنلىكىنى ھېس قىلىمەن، ئۆتكەن شۇ بىر يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە ۋە ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشلىرىمغا قاراپ ئۆزۈممۇ قۇۋۇنىپ، راھەتلىنىپ قالىمەن؛ شۇ ئىشلىرىمنى كۆرگەن، بىلگەن قەدىردانلىرىمنىڭ ئېغىزىدىن ـ ئېغىزىغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ھېكايە قىلغاندەك مەمنۇنىيەت بىلەن تەرىپلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلىغان چاغلىرىمدا، خۇددى شۇ ئىشلىرىمنىڭ ئەجرىسىگە بىباھا مۇكاپات ئالغاندەك پەخىرلىنىپ قالىمەن.

مېنى قۇۋۇندۇرغان ئىش «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟» سەرلەۋھىلىك توپلامنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدۇر.

بەزى ئىشلار تاسادىپىي ئوڭدىن كېلىپ قالسا، شۇ تاسادىپىيلىق بەزىدە ئويلىمىغان نەتىجىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولۇپ قالىدىكەن. ئەسلىدە يېزىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن دېھقان ئوغلى بولساممۇ، ئەقىل توختىتىش يېشىغا يەتكەندىن كېيىن تەقدىر ـ ئىرادە بىلەن شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچۈپ، جەمئىيەت خىزمىتىگە قەدەم قويۇپ قالدىم. بالا ۋاقتىمدا تونۇش

بولۇپ قالغان ئېتىز - ئېرىق ، ھويلا - ئارام ئىشى تامامەن دېگۈدەك ئۆزگىرىپ كەتتى ، قەغەزنى زىرائەت ئېتىزى ، سىياھنى ئۆستەڭ سۈيى ، قەلەمنى كەتمەن قىلىپ ئىشلەيدىغان «دېھقان» چىلىق ئاساسىي كەسىپ بولۇپ قالدى ،،تاكى پېنسىيە يېشىغا يەتكەنگە قەدەر شۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللاندىم . شۇنداق ، كەسپىي ھاياتىمنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى «پىلانلىق ئىگىلىك» دەۋرىگە خاس پىلان ، ۋەزىپە زورى بىلەن ئىشلەپ ئۆتكەچكە ، شۇنداق ئىش شارائىتىدا ئىش بىلەن ئىشلىگۈچىنىڭ ئىشتىياقى بىرلىشەلمىگەچكە ، ئېھتىمال شۇنداق روھىي تەڭپۇڭسىزلىقنىڭ سەۋەبى بىلەن بولسا كېرەك ، كەسپىي ئىشلار ئېغىر تۇيۇلىدىغان بولدى ، ھاردۇق يەتكەنلىكىنى ھېس قىلىدىغان بولدۇم . شۇنىڭ ئۈچۈن پېنسىيىگە چىقىش بىلەنلا قەغەز - قەلەمنى ، مەنىۋى «كەتمەن» نى بىر چەتكە يىغىشتۇرۇپ قويۇشقا مەجبۇر بولدۇم . گەپ توغرا كېلىپ قالغاچقا شۇنى قىستۇرۇپ ئېيتىۋالغۇم كەلدى ، ياخشى نىيەتلىك بىر ناتونۇش ئوقۇرمەن يېقىنقى چاغلاردا ئېلان قىلغان قىسقا بىرنەچچە پارچە ئەسەرلىرىمنى ئوقۇغاندىن كېيىن ، خۇددى «تومۇزدا راخاب ئىچكەندەك» راھەتلەنگەنلىكىنى ئىزھار قىلىپ ، بۇ «چال» پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنكى ئون نەچچە يىلدىن بۇيان ئۇخلاپ ياتقان بولغىيمىدى ، ئىسىت ! دەپ قۇۋىنىش بىلەن ھەسرەت قىپتۇ .

شۇنداق ، غەيرىي تەبىئىي «ھارغىنلىق» نى باھانە قىلىپ بىكار ئۆتكۈزۈۋەتكەن ئۆمرۈمگە ئۆكۈنىمەن . قېرىلىق يەتتى ، تەييار «لەڭ»نى يەپ كۈن ئۆتكۈزەيچۇ ، دەيدىغان نادانلارچە قاراشنىڭ ئاسارىتىگە چۈشۈپ قالغانلىقىمغىمۇ نادامەت قىلىمەن . بەزىلەر كېيىنكى پۇشايمان جانغا دۈشمەن دەيدىكەن ، بۇمۇ راست گەپتۇ ، لېكىن پۇشايماننىڭ جانغا ئەسقاتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن . مېنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىم بۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ . ئەزەلدىن سىڭىپ قالغان ئۈنى - بۇنى ھەۋەس بىلەن



ئوقۇش ئادىتىم پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ ئىرمەك بولۇپ جانلىنىپ قالدى . رادىئو ، تېلېۋىزورلاردىن بىلىم ئېلىشتىن تاشقىرى ، تۈرلۈك گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ كۆرۈپ تۇرىدىغان بولدۇم ، چۈنكى پېنسىيە تۇرمۇشىدا ، قانداقلا بولسۇن ، ۋاقىت كەڭتاشادۇر . ئانا تىلىمدىكى گېزىت - ژۇرناللارنى كۆرۈش بىلەن قانائەتلەنمەي خەنزۇ تىلىدىكى گېزىت - ژۇرناللارنىمۇ ھەۋەس بىلەن ئوقۇپ تۇردۇم . ئادەم ئۆز ئۆمرىنىڭ مەلۇم بىر قىسمىنى بېسىپ ئۆتۈپ ، قېرىلىق يېشىغا يەتكەن چاغدىمۇ داۋاملىق ئۈنى - بۇنى ئوقۇپ تۇرسا تەبىئەت ، جەمئىيەت ۋە ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەت جەھەتتە ئىلگىرىدىن ھاسىل قىلغان بىلىملىرى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدىكەن ؛ ھەۋەس دائىرىسىمۇ ئىلگىرىكى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنى ئاساس قىلغان ھالدا تېخىمۇ كېڭىيىدىكەن .

ئېھتىمال ، بېشىمدىن كەچۈرگەن ئىسسىق - سوغۇق سەرگۈزەشتىلىرىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ، كېڭىيىۋاتقان ھەۋەسلىرىمنىڭ دائىرىسى بارا - بارا فېلىيەتون تەرەپكە كۆپرەك مايىل بولۇپ قالدى . مېنىڭ چۈشىنىشىمچە ، فېلىيەتوننىڭ سۆزى ئاز ، لېكىن مېغىزى توق ؛ گويا بىرنەچچە ئون ۋاراق كېلىدىغان ئۇزۇن ھېكايىنى بەش ۋاراققىلا سىغقۇدەك ئىخچاملاپ بايان قىلىدۇ ، كىشىنى زېرىكتۈرىدىغان پۇچەك گەپلەر يوق دېيەرلىك بولىدۇ . سۆزلىرى ئىخچام ، چاققان ، يەڭگىل ھەم مەنىسى چوڭقۇر دېگەن سۈپەتلەرنى ھەممىدىن ئاۋۋال فېلىيەتونغا بېرىش مۇمكىن . فېلىيەتوننىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى شۇكى ، ئۇنىڭدا بايان قىلىنىۋاتقان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھۆر پىكىرلىكلىكى ، مەنتىق كۈچىنىڭ تولۇقلۇقى ، تەپەككۇردىكى پەلسەپىۋى ، نەزەرىيىۋى قىممىتىنىڭ يۈكسەكلىكى كىشىنى لال قىلىدۇ ؛ يەنە ئۇنىڭدىن ۋەقەلىك دەمدۇق ، گۈزەللىك دەمدۇق ، ئوخشىتىش ، ئوبرازلىق تەپەككۇر دەمدۇق ،

كىنايە ، ئىستىئارە دەمدۇق ياكى ئاتەش زۇۋان ، ئۆتكۈر نەشتەر دەمدۇق ، ئىشقىلىپ ئەدەبىياتتىكى ئۇستۇن تىل ماھارەتلىرىنىڭ ئىزدىگەن خىللىرىغا قانائەتلەنگۈدەك مىسال تېپىش مۇمكىن . ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى فېلىيەتون دېگەن ژانىرنى مەشھۇر فېلىيەتونچى لۇشۈن ئەپەندىنىڭ : «غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن نائەھلى ـ لەنتىلەرگە ، كالا بولۇپ مىننەتسىز ئىشلەيمەن سەبىي بالىلارغا» دېگەن ئەقىدىسى بىلەن تەبىرلەش مۇمكىن . فېلىيەتوندا ئەينى زاماندىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ مۇھىم تەرەپلىرى ، يەنى دىققەتنى تارتىپ تۇرغان ئېقىم مەسىلىلىرى ، بولۇپمۇ جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك ساھە ۋە قاتلاملىرىدىكى قارغىش تەگكۈر رېئاللىقلار ، كىشىنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان گۈزەل مەنزىرىلەر سۈرەتلەپ بېرىلىدۇ ؛ ئادالەت ، ئىنسانپەرۋەرلىك ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ، ۋاپا ، مېھىر ـ مۇھەببەت ، گۈزەل ئەخلاق ـ پەزىلەت مەدھىيىلىنىدۇ ۋە تەرغىب قىلىنىدۇ ؛ جاھالەت ، خىيانەت ، يالغانچىلىق ، ساختىپەزلىك ، ئالدامچىلىق ، ئاچ كۆزلۈك ، نائەھلىلىك ، ئۆكتەملىك ۋە زوراۋانلىق ، زالىملىق ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش رەزىللىكلەر ھەجۋىي ، ئىستىئارە ، كىنايە ئۇسۇلى بىلەن ، ھەتتا ئوڭ گەپنى تەتۈر قىلىش ، تەتۈر گەپنى ئوڭ قىلىش يوللىرى بىلەن بايان قىلىنىدۇ . ئەسلى فرانسۇز تىلىدىن كېلىپ چىققان «فېلىيەتون» سۆزى بەزى چاغلاردا خەنزۇ تىلىدا زاۋېن ، ئىنگلىز تىلىدا ئېساي ، ئەرەب تىلىدا ئىستىئارە ، ھەجۋىي ، گرېك تىلىدا مېتافورا ۋەھاكازا دېگەندەك ھەر خىل ئېيتىلىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە يەنىلا «فېلىيەتون» ئاتالغۇسى ئومۇملاشقان . بۇ ئاتالغۇ بىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىمىزدىمۇ ئورتاق سۆزگە ئايلىنىپ بارماقتا . فېلىيەتون ئۆزىنىڭ قىسقىلىقى بىلەن بەزىدە پارچە تەسىرات ، قىسقا مۇلاھىزە دېگەندەك شەرھلەر بىلەنمۇ ئاتالماقتا . فېلىيەتوننىڭ يەنە بىر مۇھىم ئالاھىدىلىكى شۇكى ، ئۇنىڭدىكى بايانلار



ۋەقەلىكنى كۆزەتكۈچىلەرنىڭ ۋەقەلىك توغرىسىدا يازغان دوكلاتلىرىغا ئوخشىمايدۇ ، كۆرگەزمىخانىدىكى كۆرگەزمىنى چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرىگىمۇ ئوخشىمايدۇ ، مەجلىس ياكى يىغىن ۋە ياكى سۆھبەت ئۈستىدىكى كاتىپلارنىڭ خاتىرىسىگە تېخىمۇ ئوخشىمايدۇ . فېلىيەتوندا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغىنى تولاراق شۇ قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئۆزگىچە نەزەر بىلەن كۆزەتكەن ، بىلگەن ھادىسە ، ۋەقەلىكلەرنى ھەققانىيەت زېمىنىدا تۇرۇپ ئۆزىگە خاس زېرەكلىك ۋە ماھارەت بىلەن تەھلىل قىلىپ ، ھېچنېمىنىڭ چەكلىمىسىگە قارىماي ، ئەركىن پىكىر يۈرگۈزۈپ ، جەسۇرانە ھالدا ۋىجدانەن ئوتتۇرىغا قويغان يۈرەك سۆزىدۇر . ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا ، فېلىيەتون مەنتىقىي تەپەككۇر بىلەن جۇشقۇنلۇق ھاياجاننىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان ھەم شېرىن ، ھەم چۈچۈك مېۋىدۇر .

فېلىيەتون كىشىلەرنى ئۆزىنىڭ ئەنە شۇنداق ھەم شېرىن ، ھەم چۈچۈك بەدىئىي خۇسۇسىيىتى بىلەن ئۆزىگە خۇشتار قىلسا كېرەك . ئۆز تەجرىبەمدىن پەيدا بولغان چىن ھېسسىياتىمنى بايان قىلسام ، مەن ھەقىقەتەن فېلىيەتوننى ئىشتىياق بىلەن زوقلىنىپ ئوقۇيمەن . بەزى ئەسەرلەر قايتا ـ قايتا ئوقۇشقا ئەرزىيدۇ . بەزى ئەسەرلەرنى بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن ، بىرئاز قىزىقىپ قالغان ۋە لېكىن تولۇق چۈشەنمىگەن بولسىڭىز ، يەنە بىر قېتىم قايتا ئوقۇسىڭىز ، ئۇنىڭدىن تېخىمۇ كۆپ ۋە يېڭى لەززەتلەرنى ئالالايسىز . بىرەر مەشھۇر ئەسەرنى ئوقۇپ قىزىقىپ قالغان بولسىڭىز ، ئۇنداق بولسا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ كۆرۈڭ ، ئۇ چاغدا شۇ ئەسەر بىرمۇنچە يېڭى ئەسلىمىلەرنى كۆز ئالدىڭىزغا كەلتۈرۈشى ، سىزگە بىرمۇنچە

ئىچكەندەك ئوقۇغاندا ، ئەگەر توغرا كېلىپ قالسا ، مېڭىڭىزدىكى بەزى چىگىش پىكىرلەر ، يېشىلمىگەن مەسىلىلەر بىردىنلا يېشىلىپ ، كۆز ئالدىڭىز يورۇپ قالىدۇ ؛ ئاپتورنىڭ جەمئىيەتنى ، ئادەملەر ئارا مۇناسىۋەتلەرنى ، ھادىسىلەرنى كۆزىتىش ، ھادىسىلەردىكى توقۇناق بولۇپ قالغان چىگىشلەرنى يېشىش ئىقتىدارىغا ھەيران بولۇپ ئاپىرىن ئوقۇيسىز . ئەنە شۇ چاغدا ئاپتور خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ مۇھىتىدىن ، ئۆزىڭىزنىڭ ئىشلىرىدىن ، ھاياتىڭىزدىن يېزىۋاتقاندەك چۈشەنچىگە كېلىپ قالىسىز ـ دە ، ئەسەرنىڭ ئىچىگە چۆكەلەيسىز .

بۇ كىتابقا خەنزۇ يازغۇچىلارنىڭ يېقىنقى بىرەر يىل ئىچىدە يازغان ، گېزىتتىن ژۇرنالغا ، ژۇرنالدىن گېزىتكە قايتا ـ قايتا كۆچۈرۈلۈپ بېسىلغان ئەڭ يېڭى فېليەتونلىرى تاللاپ تەرجىمە قىلىنىپ كىرگۈزۈلدى ، شۇنداقلا كەمىنە قەلەم ئىگىسى خەنزۇچە ئەسلى فېليەتونلارنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىلھاملىنىپ يازغان بەزى ئەسەرلەرمۇ كىرگۈزۈلدى (تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ ئاخىرىدىكى ئىزاھاتلارغا قاراڭ ) . بۇ فېليەتونلار ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمنىڭ ، شۇ جۈملىدىن ئاشپەز ، دېھقان ، ئىشچى ، ئوقۇغۇچى ، مۇھەررىر ، يازغۇچى ، ئوقۇتقۇچى ، مۇخبىر بۇرادەرلەرنىڭ ، بەزى كىتابپۇرۇش قەدىردانلارنىڭ بىر پارچە گېزىتتىكى فېليەتوننى نۆۋەتلىشىپ ئوقۇغان بەزى ئەر ـ خوتۇن ، ئاتا ـ بالىلارنىڭ ئۆزلىرىگە تەسىر قىلغان شۇ



يېڭى نەرسىلەرنى ئېيتىپ بېرىشى مۇمكىن ، ئىلگىرى ئوقۇپئەسەرلەرنى قايتا ئوقۇش ئارزۇسى بىلەن ، «توپلام قىلىپ
هاسىل قىلغان تەسىراتلىرىڭىزغا ئىشەنگۈڭىز كەلمىگۈدەك چىقىرىلسا ئىكەن ، تېپىپ ئوقۇشقا ئاسان بولاتتى» دېگەندەك
دەرىجىدە يېڭى پىكىرلەرگە كېلىشىڭىز مۇمكىن . فېليەتوننى ۋاستە ـ بىۋاستە ئارزۇلىرىغا مۇۋاپىق تاللاپ توپلام قىلىپ
شۇنداق زوق بىلەن ، شۇنداق «زىغىر تەشتى» لىك بىلەن ئېيزىپ تۈزۈلدى .

مانا بۇ توپلامنى — «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ ؟» نى كىتابخانلارنىڭ ھوزۇرىغا سۇنالىغانلىقىمدىن پەخىرلىنىمەن .

توختى باقى ئارتىشى

2001 ـ يىل 10 ـ ئاپرېل ، ئۈرۈمچى

# مۇندەرىجە


ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە (1) ......... 1
تەرجىمىدىن تارىخقا نەزەر ......... 4
«كۆپ»تىن ئۆرگىلەي ......... 13
«توقلۇقتىن چىققان شوخلۇق» مۇ ......... 14
ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە (2) ......... 19
يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى» دىكى بەدەۋىلىك ... 22
ئىششىق ھېچقاچان سېمىزلىكنىڭ بەلگىسى بولالمايدۇ ... 27
چاغلايدىكەن ......... 31
ھىمات ئەسقاتامدۇ ......... 32
كىنو - تېلېۋىزور كۆرگەندە ......... 36
راستچىللىق ۋە شەرمەندىلىك ......... 37
تەرمىلەر ......... 41
بۇنى ئادىللىق دېگىلى بولارمۇ ......... 51
كۆز كېسىلى ......... 53
چېچەن بولماق تەس ......... 55
گۇمان ......... 59
ھەيران بولماڭ ......... 62
سۆيگىن ۋە برېژنېف ......... 64
قىسقا پاراڭدىن چىققان ئەھمىيەتلىك گەپ ......... 73
جۇڭگو خەلقى ئەجدىھاغا «ئاشىق» مۇ ......... 79
ھەممە ئادەمدىن تارىخ قالىدۇ ......... 85
پۇتكۇل ئەل كېسەلمۇ ......... 94
ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ ......... 96

«تەرەتكە چىقىش ھوقۇقى» توغرىسىدا پاراڭ ...... 101
زامان تەقەززا بولۇپ تۇرغان پىكىر ...... 105
ھالقا ...... 110
بۇنىمۇ ئوقۇپ قويۇڭ ...... 112
غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈش» سە ئىكەن ...... 113
مەمۇرىي دەرىجە ئىلمىي دەرىجىگە باراۋەرمۇ ...... 117
بەھرامنىڭ ئېشىكى ...... 127
تەرمىلەر ...... 131
ئەدەپ ـ ئەخلاق ئادەم ئۆلتۈرەمدۇ ...... 133
جۇڭگودا مەدەنىيەت بارمۇ ...... 135
بىلەتپەرەسلىك يىللىرىدىن خاتىرە ...... 138
ئامېرىكىدىمۇ «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم» بار ئىكەن ...... 142
يىغىن ھەققىدە ...... 144
«جامائەت ئەخلاقى» توغرىسىدا ...... 149
ساختىپەز — يېڭى چىققان كونا ھېكايە ...... 153
ساختا مەنسەپ مىراسى ...... 157
سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى ...... 162
خان ـ پادىشاھلار ئەزەلدىن ناكەسلەرنى خىزمىتىگە سالىدۇ ...... 171
جۇڭگولۇقلارغا نوبېل مۇكاپاتى بەرگۈدەك »مىش ...... 178
جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتى ...... 181
ئۇنۇۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك قىلىدۇ ...... 186
100 كويچەنلىك بىر ۋاراق قەغەز پۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى ...... 197
چاغان توغرىسىدا قىسسەلەر ...... 203





مائاش ۋە پاكلىق توغرىسىدا ...... 222
غەربىي رايون ھەممىدىن بەك نېمىگە موھتاج ...... 232
شەكىللۋازلىق توغرىسىدا پاراڭ ...... 237
ناھايىتى «قورقۇنچلۇق» ئادەملەر ...... 240
بۇنىڭغا كىمنىڭ قورسىقى كۆپمىسۇن ...... 244
خەلقىمىز نېمىدېگەن ئوبدان خەلق ...... 249
ھايۋانلىقنىڭ پاجىئەسى ...... 253
مەستلىكتە ئۆلگەن «ياخشى» جۇيجاڭ ...... 258
ھايۋانلىقنىڭ دەلىلى ...... 262
«تيەن لۇشۇن» ...... 265
ئۇنتۇپ قالمايلى ...... 269
تارىخ بۇ يەردە چوڭقۇر خىيال سۇرمەكتە ...... 274
تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىزىل تەلۋىلىك ...... 284
ئەرەب لىشى ...... 301
كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ ...... 305
جاھالەتلىك «پوجاڭزا مەدەنىيىتى» توغرىسىدا مۇھاكىمە ...... 310
ماۋزۇسىز ...... 315
ئۆزۈڭنى كەم سۇندۇرما ...... 316
قىزىق پاراڭ ...... 318
ئوقۇپ قويۇڭ ...... 322
«دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش» ھارامزادىلىكى ...... 328
كىم بەكرەك ساختىپەز ...... 332
«پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل» مىساڭ بولماس ...... 336
لېۋىنى چىشلەپ قالغان تەمەخور پارىچى ...... 342
بەرگەن پارىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا پاراڭ ...... 347
ئىدارە باشلىقىغا بېغىشلانغان تەزىيەنامە ...... 350
قاراڭلار ، بۇ جىن قوغلاش پائالىيەتلىرىنى ...... 355

4000 نەپەر گومانلىق جىنايەتچىنى كىم قاچۇرۇپ
قويدى ؟ ........ 360
«خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش» نىڭ
سەۋەبلىرى توغرىسىدا ........ 364
لەتىپىلەردىن تەرمىلەر ........ 367
ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر مۇنازىرە ...... 370
ئالما تەقسىماتى ........ 379
مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇ-
لۇشى توغرىسىدا قىسسە ........ 383
پەرھىزكار چوشقىبايىنىڭ مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشى توغ-
رىسىدا قىسسە ........ 390
يېڭى يېزىلغان كونا تەسىرات ........ 395



## ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە (1)

يېقىندا ، خەنزۇچە «گېزىت - ژۇرناللاردىن تەرمىلەر» ناملىق ھەپتىلىك گېزىتتە ، «بىلىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان خۇشامەتچى بولما» دېگەن مەزمۇندا يېڭى چىققان بىر كونا گەپ دىققىتىمنى تارتتى . بىزدە «ھۈنەرلىك بىرنى يەگۈسە ، ئىلىملىك مىڭنى يېگەر» دەيدىغان ماقال بار . ئىلىم-بىلىم ئادەمنىڭ شان - شەرىپى ، ئىززەت - ھۆرمىتى ، مۇشۇنداق گۆھەرگە داغ چۈشسە ، ئۇنىڭ قىممىتى قانچىلىك بولىدۇ ؟ ئىلىم - بىلىملىك ئادەم خۇشامەتگۇي بولسا ، ئۇنىڭ قەدرى قانچىلىك بولىدۇ ؟ بۇ مېنىڭ شۇ گېزىتنى ئوقۇغان چاغدىكى تەسىراتىم . ئەسلى ماقالىدىن ئېسىمدە قالغان چالا خاتىرە مۇنداق :

ستالىن ئۆز ۋاقتىدا ماكسىم گوركىنىڭ «قىز ۋە ئەزرائىل» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە ھېكايىسىنى ئوقۇپ ، شۇ ھېكايە توغرىسىدا تەستىق يازغانىكەن ، «پراۋدا» گېزىتى تەستىق سۆزىنى ئېلان قىلماقچى بوپتۇ . لېكىن تەستىق سۆزىدە «لىيۇبىت» دېگەن سۆزنىڭ بىر ھەرپى كەم ئىكەن ، تەھرىر بۆلۈمىدىكىلەر قانداق قىلىشنى بىلەلمەي بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، ئىلىم - بىلىمدە ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن ، ئالىي مەلۇماتلىق ئالىم دەپ ھېسابلانغان بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ ، بىر مۇنچە نەزەرىيە سۆزلەپ ، ستالىننىڭ ئىنشا - ئىملاسىنىڭ چوڭقۇر ماھىيىتىنى ئىسپاتلاپتۇ ، پرولېتارىياتچە لىيۇبىت (يەنى مۇھەببەت) چىرىپ كەتكەن بۇرژۇئازىيىچە لىيۇبىتكە

ئوخشمايدۇ ، شۇنىڭ ئۇچۇن ئۇنى ئىنشادىمۇ ، يەنى ئىملادىمۇ پەرقلەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ ، ئەلۋەتتە ! دەپتۇ ۋە بۇ مۇھاكىمىسىنى نەزەرىيىۋى ماقالە قىلىپ يېزىپتۇ .

تەستىقنامە ۋە ئالىمنىڭ نەزەرىيىۋى ماقالىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان گېزىتنىڭ سىگنال نۇسخىسى ستالىننىڭ كۆزىدىن كەچۈرۈشكە سۇنۇلغانىكەن ، ستالىن : «قاپاق باش كالۋا ! بۇ ئىملا خاتالىقى !ئى . ستالىن» دەپ تەستىق ساپتۇ . كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ئالىمنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولغانلىقى بىزگە مەلۇم ئەمەس . ھەرھالدا «چاپان ياپىمەن» دەپ ئارقىسىدىن پالاقلاپ يۈرۈپ ، ئاخىر «تېپىك يەپ قالغان» لىقىدا شەك بولمىسا كېرەك .

قارىسىڭىز ئوقۇغان ، مەلۇماتلىق ئادەم ، لېكىن ئوقۇغانلىرىنى خان - پادىشاھلارغا ، ئاكابىر - ئەشرەپلەرگە خۇشامەت قىلىشقا ئىشلەتسە ، بۇنداق قىلىق خەنزۇلاردا قەدىمكى زامانلاردا «بىلىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرمەك» دېيىلىدىكەن . بۇ سۆز دەسلەپتە «تارىخنامە رايىش موللىلار تەزكىرىسى» دىن چىققان ؛ رىۋايەت قىلىنىشىچە ، خەن سۇلالىسىنىڭ باشلىرىدا يەن گۇسىڭ ، گۇڭ سۇنخۇڭ ئاتلىق ئىككى مۆتىۋەر موللا پايتەختكە مەنسەپكە چاقىرتىلىپتۇ . شۇ چاغدا مويسىپىت يەن موللام ياشراق گۇڭ سۇنخۇڭ موللامغا مەسلىھەت بېرىپ : «يىگىت ، ئوقۇغان - بىلگەنلىرىڭگە ئەمەل قىل ، بىلىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان خۇشامەتتىن ھەزەر ئەيلە !» دەپتۇ . لېكىن پەند - نەسىھەتلىك مەسلىھەت كار قىلماپتۇ ، گۇڭ سۇنخۇڭ كېيىنكى كۈنلەردە ئىلىم - بىلىمنى خۇشامەتچىلىككە سەرىپ قىلىپ ، قەدەممۇقەدەم كاتتا مەنسەپلەرگە ئېرىشىپتۇ . ئۇ مەنسەپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشتە مۇنداق يول تۇتۇپتۇ : ئۇ ھەر جايدا ، ھەر ئىشتا ئوقۇغان - بىلگەن نەزەرىيىلىرىنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن ، ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ ئىرادىسىگە ئىلىم -



بىلىمنى پەرداز قىلىپ تۈرۈپ ماسلىشىدىكەن ، يەنى «رايىش موللىلار ھېكمىتى» بىلەن مۇئامىلە قىلىدىكەن . «موللا» لىق «ھېكمەت» بىلەن بىرلەشتى ، دېگەن سۆز بىلىمنىڭ ماھىيىتى ئۆزگەردى ، بىلىم قۇۋۇلۇقا ئايلاندى دېگەن سۆز . جۇڭگودا قەدىمكى زاماندا ھېكمەت ئۆگەنگەن موللىلار ناھايىتى كۆپ ئىكەن . ھېكمەتسىز موللىلار «كىتاب سارىڭى» ، قولىدىن ئىش كەلمەيدۇ ، دەپ قارىلىدىكەن . «قورسىقىدا ئۇمىچى يوق» دەپ كەمسىتىلىدىكەن . ماھىيەتتە ، شۇنداق «ئۇماچ» نىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى ياخشى بولسا كېرەك .

لۇشۇن ئەپەندى ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا «رايىشلىقنىڭ ھېكمىتى» سەرلەۋھىلىك بىر پارچە فېلىيەتون يېزىپ ، جۇڭگونىڭ كونا تارىخي دەۋرلىرىدىكى رايىش موللىلارنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىنى ، روھىي ھالەتلىرىنى تەھلىل قىلىپ ، بىلىمنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرىدىغان ، خۇشامەتگۈيلۇق قىلىدىغان قەبىھ - يامان ئەنئەنىلەرنى قاتتىق ئەدەپلىگەن...

(بۇ ھەقتە : توختى باقى تەرجىمە قىلغان ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990 - يىل 7 - ئايدا نەشر قىلغان «لۇشۇن . كېيىنكى ئەسەرلەردىن تاللانما» نىڭ 27 - ، 34 - بەتلىرىگە قاراڭ .)

# تەرجىمىدىن تارىخقا نەزەر

(بىر تەرجىماننىڭ تەرجىمانلىق خاتىرىسىدىن پارچە)

«شاھ كاسىلار پەيزى سۈردى جىرىڭلاپ،
لىق تولغان ئۇ جان ئارامى بادە بىلەن؛
قاندۇرماي ئۇ بادىگە ئالدىراتتى،
چەۋەندازلار دۇلدۇلدا بارىبىت بىلەن.»

بۇ شېئىر ئەسلى 60 - يىللارنىڭ ئاخىرى ۋە 70 - يىللارنىڭ باشلىرىدىكى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» مەزگىلىدە سىياسىي تەقىپ ئاستىدا سەرسان بولۇپ يۈرگەن چاغلاردا ئوقۇغان كىتابلاردىن مەنىۋى ئەرمەك سۈپىتىدە تەرجىمە قىلىنغانىدى. مۇشۇ قىسقا شېئىرنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن قىلىنغان ئەجىر شۇنچە كۆپ، تارتقان جاپا شۇنچە ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن چىقىپ تۇرغان، كىشىگە زوق بېغىشلايدىغان مەلۇماتلار، مېنىڭچە، ھەرقاچان ئەستە تۇتۇشقا ئەرزىسە كېرەك. ئۆزۈڭ ياخشى كۆرگىنىڭنى دوستلىرىڭدىن ئايىما دېگەن گەپ بار، ئورتاق بەھرىلىنىش ئارزۇسى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى بۇ خاتىرىنى رەتسىز بولسىمۇ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغۇم كەلدى.

بۇ ئەسلى مىلادىيە 687 — 735 - يىللىرىدا ياشىغان ئاتاقلىق خەنزۇ شائىر ۋاڭ خەننىڭ شېئىرى بولۇپ، غەربىي دىيار مەدھىيىلەپ يېزىلغان شېئىرلارنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى. ئەسلى شېئىردىكى بايانغا قارىغاندا، كىشىنىڭ كۆز ئالدىغا



غەربىي دىيارنىڭ مۇنداق گۈزەل ھاياتبەخش، جۇشقۇن، باياشات مەنزىرىسى كېلىدۇ. سەيلە - تاماشا (ئېھتىمال ئوۋ) غا چىقىش ئالدىدا تۈزۈلگەن كاتتا زىياپەت سورۇنى؛ سورۇندا ئېسىل رومكىلار ھاراق - شاراب بىلەن تولدۇرۇلغان؛ زىياپەت ئەھلى خۇشال كەيپ سۈرمەكتە؛ شۇ ھالەتتە، پەيزى ئۈستىگە پەيزى قىلىپ يەنە بىر تۈركۈم چەۋەندازلار زىياپەت سورۇنىغا كېلىپ ئاتلىرىنى ئوينىتىپ، قوللىرىدىكى سازلىرىنى شوخ پەدىلەرگە چالغان ھالدا ھەممىنى سەپەرگە ئالدىراتماقتا...

بۇ شېئىر خەنزۇ شېئىرىنىڭ كونا ئۇسلۇبىدا تولىمۇ ئىخچام، مەزمۇنى مول ھەم چوڭقۇر يېزىلغان؛ شېئىردا پەقەت رومكا، ھاراق، ئات، چالغۇ (ساز) دېگەندەك ئاتالغۇلار پۈتۈن شېئىر مەزمۇنىنىڭ مېغىزى بولۇپ ھېسابلانسىمۇ، لېكىن شۇ ئاتالغۇلار ۋە شۇ ئاتالغۇلاردىن تەركىب تاپقان ئىبارىلەر پاساھەتلىك تىل ياردىمى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي زامانىنى، مۇئەييەن تارىخىي مۇھىتنى، مۇئەييەن تۇرمۇش مەئىشىتىنى تولىمۇ ئېنىق، روشەن ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەگەر بۇ يەردە بىرنەچچە ئاتالغۇ، سۆز، ئىبارىنى كونكرېت گەپ خۇرۇچى دەپ قارىساق، بۇنداق كونكرېت ماتېرىياللارنى تەرجىمىدە بىرگە بىر توغرىلاش قىيىن ئىش ئەمەس. تەرجىمان ئۈچۈن قىيىنى گەپ تەركىبىدىكى كونكرېت سۆز ماتېرىياللىرىغا سىڭىپ كەتكەن ئىچكى روھنى توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىش. «رومكا» دېگەن سۆز بىلەن «كاسا» دېگەن سۆز، «ھاراق» دېگەن سۆز بىلەن «بادە» دېگەن سۆز مەنە جەھەتتىن بىر - بىرىگە ئوخشاش ئۇقۇمنى چۈشەندۈرسىمۇ، لېكىن بۇ ئۇقۇملارنىڭ تېگىدىن چىقىپ تۇرغان ماھىيەتلەر ھەم زامان جەھەتتىنمۇ، ماكان جەھەتتىنمۇ پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. تەرجىمشۇناسلىق ئىلمىدە ھېسسىي ئالامەت دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ماھىيەتلىك مەسىلىنى توغرا ھەل قىلىپ، تەرجىمىدە گەپ - سۆزلەرنى جايىغا

كەلتۈرۈش ، مەنىنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئېنىق ئىپادىلەش، تەرجىماننىڭ ۋەزىپىسى ھەم مەجبۇرىيىتى .

كەمىنە قەلەم ئىگىسى مۇشۇنداق مەجبۇرىيەتنىڭ تۈرتكىسىدە ، ئەسلى شېئىرنىڭ مېغىزىنى تېتىپ كۆرۈپ ، شېئىرنىڭ مەزمۇنى توغرىسىدا ئەتراپلىق چۈشەنچە ھاسىل قىلىپ ، ئاندىن كېيىن تەرجىمە قىلىش يولىنى تۇتتۇم . شۇنىسى ئېنىقكى ، تەرجىمە ئەمەلىيىتىدە ئەسلى تېكىستنى ئۇجۇر - بۇجۇرىغىچە ئېنىق ۋە تولۇق چۈشەنگەندىلا ، تەرجىمە تىلىنىڭ ھېسسىياتسىز سۆزلەر تىزمىسى بولۇپ قېلىشىدىن ساقلىنىپ ، ئۇنى چوڭقۇر ھەم جەلپكار مەنىگە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ .

شائىر ئەمەسمەن ، مۇنتىزىم تەربىيە كۆرگەن تەرجىمانمۇ ئەمەسمەن ، شۇڭا يۇقىرىقىدەك تەرجىمە مەنە ، ۋەزىن ، قاپىيە ۋەھاكازا دېگەندەك شېئىرىي تەلەپلەرگە ئۇيغۇنمۇ ، بۇ ھەقتە بىرنەرسە دېيەلمەيمەن . بۇ ھەقتە توغرا باھانى تەرجىمە تەنقىدچىلىرىدىن ، بولۇپمۇ شائىرلىرىمىزدىن كۈتىمەن .

شۇنداق تۇرۇقلۇق ، تۆت مىسرالىق بىر شېئىرنى تەرجىمە قىلىش مۇناسىۋىتى بىلەن «تەرجىمىدىن تارىخقا نەزەر» دېگەن يوغان تېما بىلەن ئەسلىمە يېزىشنىڭ سەۋەبى نېمە ؟

تەرجىمە ئۈچۈن ئىزدىنىپ ماڭغان يولۇمدىن چىققان نەتىجىنىڭ تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى كىشىنى زوقلاندۇرىدىغان تارىخىي مەلۇمات ۋە ساۋات بولدى . بۇنى كىشىنى سۆيۈندۈرىدىغان «ئارامبەخش» مەلۇمات سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇش ئەھمىيەتلىك بىر ئىش بولسا كېرەك ، دەپ ئىشىنىمەن .

ۋاڭ خەننىڭ بۇ شېئىرى توغرىسىدا ، «تاڭ دەۋرى شېئىرلىرىنىڭ ئارامبەخش ئىزاھلىق لۇغىتى» (خەنزۇچە) دىكى ئىزاھاتلارغا قارىغاندا ، «شاھ كاسا» ( 夜光杯 ) ، جان ئارامى بادە» ( 葡萄美酒 ) ، «دۇلدۇل» ( 天马 ) ، «باربىت» ( 琵琶 ) لار «تامامەن غەربىي دىيارنىڭ ئۆزىگە خاس



ھسۇلاتلىرىدۇر» . ئۈزۈم يېتىلدۈرۈش ۋە ئۈزۈمدىن ھاراق
شلەش ئۇسۇللىرى ، يەنى ئۈزۈم مەدەنىيىتى ئوتتۇرا
زلەڭلىككە غەربىي دىياردىن تارقىلىپ كىرگەن . «لياڭنامە :
دىقۇت تەزكىرىسى» دە قەيت قىلىنىشىچە ، ئىدىقۇت
لىتىدىن ئېسىل ئات ، ئۈزۈم شارابى ، تاشتۇز چىقىدۇ . . .
ەربىي دىيارلىق ئۆلىما كۇماراجىۋانى دۆلەت شەيخى (ئۇستاز)
مقىا تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن ، پادىشاھ مىلادىيەنىڭ 384 - يىلى
ەشكەر بېشى لۈي گۇاڭ باشچىلىقىدىكى كاتتا ئەلچىلەر
ۋمىكىنى كۇسەن (ھازىرقى كۇچا) گە ئەۋەتكەن . ئەلچىلەر
ۇسەن شەھىرىگە بارغاندا ، غەربىي دىيار خەلقىنىڭ باياشات
ۇرمۇشىغا ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان . قارىسا ، ھەممە ئۆيدىن
ۈزۈم ھارىقى ئۆكسۈمەيدىكەن ، بەزى ئۆيلەردە ھەتتا پاتمانلاپ
(تولىمۇ نۇرغۇن دېگەن مەنىدە) بولىدىكەن . ئۇلارنىڭ ھارىقى
10 يىلغىچىمۇ بۇزۇلماي ، تەمى ئۆزگەرمەي تۇرىدىكەن .
ۈزۈمدىن ھاراق ئېچىتىش ئۇسۇلى خەن دەۋرىدىلا (مىلادىيەدىن
206 — 220 - يىللار ئىلگىرىلا) گەنسۇ تەۋەسىگە تارقىلىپ
كىرگەن بولسىمۇ ، خام ئەشيا ئاز بولغانلىقى ، ئېچىتىش
ئۇسۇلى غەيرىي بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئۈزۈم شارابىدىن ناھايىتى
ئازغىنە كىشىلەرلا بەھرىمەن بولالايدىكەن . «كېيىنكى خەننامە :
جاڭ راڭ تەزكىرىسى» دە بايان قىلىنىشىچە ، شەنشىلىك مېڭ
تو دېگەن كىشى بىر كوزا (يەنى 10 جىڭ) بادەنى سوۋغات
قىلىش بەدىلىگە لياڭخۇ ۋىلايىتىنىڭ ئالىي مۇپەتتىشى مەنسىپىگە
ئېرىشكەن . يەنە شىمالىي چى خاندانلىقى تەۋەسىدە ياشىغۇچى لى
يۈەنجۇڭ «خان ئالىيلىرىغا بىر كوزا ئۈزۈم شارابى تارتۇق
قىلغانىكەن . خان ئالىيلىرى ئۇنىڭغا 100 تاقا دۇردۇن
ياندۇرۇپتۇ» ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە «. . . ھەممىتىڭىزگە
رەھمەت» دەپ دۇئايىسالام ئېيتىپتۇ («شىمالىي چىنامە : لى
يۈەنجۇڭ تەزكىرىسى») . بىر كوزا ئۈزۈم شارابى بەدىلىگە

خاننىڭ 100 تاقا دۇردۇن ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولدى دېگە
سۆز ئۇزۇم ھارىقىنىڭ نەقەدەر قەدىرلىك ، ئەتىۋار مۆجىز
ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . «ئۇزۇم ھارىقى» دېگە
مەنىنى بىلدۈرىدىغان خەنزۇچە ھەرپلەر ئەسلىدە تۈرلۈ
شەكىلدە يېزىلغان ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ تەرجىمىمىزدە ئۇزۇ
ھارىقى ، ئۇزۇم شارابى دەپ تۈرلەندۈرۈپ ئېلىندى ؛ بۇ يەرد
بايان قىلىنىۋاتقان «ئۇزۇم ھارىقى» دېگەن سۆز خەنزۇ تىلىد
غەربىي دىيار مەھسۇلاتىغا خاس تارىخىي چۈشەنچىنى ئۆز ئىچىگ
ئالغانلىقتىن ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئەنئەنىۋى ئاتالغ
«بادە» نىمۇ قوللىنىشقا توغرا كەلدى . «بادە» دېگەن سۆز بىز
ئۇيغۇرلار ئۈچۈن زامانىۋى بولغان «ۋىنو» دېگەن سۆزنىڭ
ئەينەن ئۆزىدۇر . خەنزۇچە «ئەمىن دۇنيا خاتىرىلىرى
(ئەسلى : تەيپىڭ خۇەنيۈجى ) دېگەن كىتابتا مۇنداق بايان
قىلىنغان : «ئۇزۇم شارابى غەربىي دىيار مۆجىزىسىدۇر
ئىلگىرىكى زامانلاردا سوۋغات قىلىپ كەلتۈرۈلىدىكەن
جېڭگۇەن يىللىرىدا (مىلادىيە 627 — 649 - يىللىرىدا)
قىمىز ، رەڭلىك ئۇزۇم (مۇناقى ئۇزۇم دېمەكچى ) نىڭ ئۇرۇقى
كەلتۈرۈلۈپ ، چارباغقا تېرىلدى . پادىشاھ ئالىيلىرى بىۋاستە
ئىشلىدى . دەسلەپ ئۈنمىدى ، كېيىن ئۈندى ، ئوخشىدى ،
ئېچىتىلدى ، ھاراق چىقتى . ھاراق سەككىز خىل رەڭدە
چىقىرىلدى ، ھىدىمۇ ، تەمىمۇ كۈچلۈك ، پادىشاھ ئاكابىر -
ئەشرەپلەرگە ئىلتىپات قىلىپ ، ئۇلارنى ئېغىز تەگدۈردى ،
بادەنىڭ تەمى شۇنداق قىلىپ پايتەختكە تونۇلۇپ كەتتى» . ئىچكى
ئۆلكىدىكىلەر ئۈزۈمدىن ھاراق چىقىرىش ئۇسۇلىنى
ئۆزلەشتۈرۈۋالغان بولسىمۇ ، لېكىن سۈپىتى تۇرپاننىڭ ئۇزۇم
ھاراقلىرىدەك ياخشى بولمىغان . شۇنىڭ ئۈچۈن «ئوزۇق -
ئوقەت دەستۇرى» (خەنزۇچە ) دە : «ھاراق بىرقانچە دەرىجىلىك
بولىدۇ ، قارىغۇجىدىن چىقىدىغان ھاراق ھەممىدىن كۈچلۈك



بولىدۇ» دەپ خاتىرىلەنگەن .

شاھ كاسا — ئەسلى خەنزۇ تىلىدا «قاراڭغۇدىمۇ نۇرلىنىپ تۇرىدىغان رومكا ، قەدەھ ياكى كاسا» دېگەن مەنىنى ئۇقتۇرىدىغان سۆز بولۇپ ، خوتەن قاشتېشى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر . غەربىي خەن دەۋرىدە ياشىغان ئەدىب دۇڭ فاڭشۇ «دىيارىمىزدىكى ئون قىتئە خاتىرىسى» ناملىق ئەسىرىدە مۇنداق يازغان : «جۇمۇ ۋاڭ زامانىسىدا پادىشاھقا غەربىي دىياردىن قاشتېشى تىغى (تىغ ، پىچاق ، قەلەم دەپمۇ ئېيتىلىدۇ ) ، كېچىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قەدەھ . . . سوۋغات كەلگەنىكەن . قەدەھ ئاق تاشنىڭ جەۋھىرىدىن ياسالغان ، كېچىدە نۇر چېچىپ تۇرىدىكەن . قاراڭغۇدا ھويلىدا ئاسمانغا قارىتىپ قويسا ئەتراپىنى يورۇتۇپ تۇرىدىكەن ، قەدەھنىڭ ئىچى شەبنەم بىلەن تولۇپ قالىدىكەن . شەبنەم سۈيى ئاجايىپ شېرىن بولىدىكەن . ئۇ قەدەھ ئەمەلىيەتتە كارامەتچىلەرنىڭ مۆجىزىسى ئىكەن» . بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان «كېچىدە نۇرلىنىپ تۇرىدىغان قەدەھ» ھازىرقى «شاھ كاسا» دېگىنىمىزنىڭ ئۆزى ؛ غەربىي دىيارلىق «كارامەتچىلەرنىڭ بۇ مۆجىزىسى» خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغان . غەربىي جۇ سۇلالىسى دەۋرىدە (مىلادىيەدىن تەخمىنەن 1100 — 771 - يىل ئىلگىرىكى زامانلاردا ) تاشنى خۇددى لايىنى كەسكەندەك ئاسان كېسىدىغان تىغ (پىچاق ) ، قاشتېشىدىن ياسالغان نەپىس كاسا ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئىشلىتىلگەنلىكى ، خان - پادىشاھلار ئارا سوۋغا - سالام ياكى تارتۇق قىلىنغانلىقى ئۆز دەۋرىدە غەربىي دىيار مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . بەزىبىر رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، چىڭ سۇلالىسى پادىشاھى كاڭشىنىڭ توققۇز ئەجدىھانىڭ سۈرىتى نەقىش قىلىنغان «جيۇلۇڭبېي» ناملىق شاھانە كاسىسىمۇ خوتەن قاشتېشىدىن ياسالغانىكەن .

تارىخىي خاتىرىلەرگە قارىغاندا ، خەن سۇلالىسى دەۋرىدە

(مىلادىيەدىن 206 يىل ئىلگىرىكى زامانلاردىن مىلادىيە 220.ئىلىپ چالىدىغان ساز» دەپ ئاتالغان . بۇنداق ئىلىپ
يىللارغىچە ئۆتكەن زامانلاردا ) غەربىي دىياردىن ئوتتۇرالىدىغان ساز بىرنەچچە تۈرلۈك بولسىمۇ ، بىشىنىڭ
تۈزلەڭلىككە بارغان ئاتلار تولىمۇ ئېسىل بولغانلىقى ئۈچۈنمىلاقلىقى ، دەستىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ھەممىسىگە ئورتاق
«تيەنما» دەپ ئاتالغانىكەن . «تارىخنامە : پەرغانە تەزكىرىسى ىۇسۇسنيەت ئىكەن . بۇنداق ساز 5 ـ ۋە 6ـ ئەسىرلەردە تېخىمۇ
دە بايان قىلىنىشىچە ، خەن پادشاھى غەربىي دىياردىن بارغانومۇملاشقانىكەن . ئۇد ، كۇسەن پىپاسى ، بەشتار (بەش
ئاتلارنى تيەنما ـــ ساماۋى ئات دەپ ئاتىغان . تيەنما دېمەكتارلىق ) ، خورى ۋە باشقا ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدىغان پىپا
ئىلاھىي ئات دېمەكتۇر . يەنە مەغرىب ئېتى دەپمۇ ئاتىغان . بۆپەيگەن ، بۇلار شەكىل جەھەتتە بىر ـ بىرىدىن ئاز ـ تولا
ئاتلار قاۋۇل ، نوچى ھەم يورغا ، يۈگۈرۈك بولغانلىقى بىلەرقلەنسىمۇ ، يەنىلا ھەممىسى ئومۇمەن غەربىي دىيار سازى دەپ
داڭق چىقارغان . بۇنداق ئېسىل نەسىللىك ئات بىز ئۇيغۇرلاداتالغان . تاڭ ، سۇڭ سۇلالىلىرى (مىلادىيە 618 ـــ 1279 )
دۇلدۇل ، تۇلپار ، ئارغىماق دېگەندەك ئىسىملار بىلەن ئاتىلىپدىن كېيىن ئىزچىل ئىسلاھ قىلىنىپ ھازىرقى ھالەتكە
كەلگەنلىكىنى ۋە ئاتىلىدىغانلىقىنى تارىخىي خاتىرىلەردە ، خەلقەلگەن ؛ بېشى ياتا ئامۇت شەكلىدە ، يۈزى ياغاچ تاختا بىلەن
ئېغىز ئەدەبىياتىدا ، جانلىق تىلدا ئۇچرىتىش مۇمكىن . قاپلانغان ، دەستىسىنىڭ ئۈچى ئارقىسىغا ئېگىلگەن ،
بارىبىت ھەم ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگە غەربىي دىياردىنەستىسىنىڭ ئۈچىغا قۇلاق بېكىتىلگەن ، پەدىلىرى دەستىسىگە
كىرگەن ؛ شەرقىي خەن دەۋرىدە ياشىغان ليۇشىنىڭ «ئىسىملاربېكىتىلگەن ، تارى تۆت . ئىلگىرى قۇچاقتا توغرىسىغا ياتقۇزۇپ
شەرھى» ناملىق ئەسىرىنىڭ «چالغۇلار شەرھى» بابىدزەخمەك بىلەن چېلىناتتى ، كېيىنچە تىك تۇرغۇزۇپ
يېزىلىشىچە ، «پىپا ئەسلى غەربىي دىياردىن چىققان ، ئاتچېلىنىدىغان بولدى ؛ كېيىنچە بارماق بىلەن ئىلىپ چېكىپ
ئۈستىدە چالىدىغان» ساز ئىكەن . تاڭ دەۋرىنىڭ ئاتاقلىقچېلىنىدىغان بولدى ؛ ھازىرقى كۈندە يالغۇز چالسىمۇ
شائىرى لى چيا ۋ (644 ـــ 713 ) «پىپا» سىرلەۋھىلىكبولىدىغان ، تەڭكەش قىلىپ چالسىمۇ بولىدىغان مۇھىم مىللىي
شېئىرىدىكى «ئەسلى غەربىي دىيار سازى بۇ ، مەرھەمەت ، ئاتساز بولۇپ قالدى . «پىپا» دېگەن سۆزمۇ ئەنە شۇنداق ئىلىپ
ئۈستىدە چېلىڭلارچۇ !» دېگەن مىسرالىرىدىمۇ پىپانىڭ ئەسلىچالىدىغان سازنىڭ خاس ئىسمىغا ئايلىنىپ قالدى .
غەربىي يۇرتتىن چىققانلىقىنى ، كۆپ ھاللاردا ئات ـ ئۇلاغ يۇقىرىدىكى تەزكىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە ، قاراڭغۇدىمۇ
ئۈستىدە كېتىۋېتىپ چالىدىغانلىقىنى بايان قىلغان . خەنزۇنۇرلىنىپ تۇرىدىغان ئېسىل رومكا ، تەنگە ھۇزۇر ۋە جانغا ئارام
تىلىنىڭ «سىخەي» (سۆز دېگىنى ) ناملىق مۇكەممەل بېرىدىغان مەززىلىك شاراب ، ئاتلارنىڭ نوچىسى بولغان ئىلاھىي
ئىزاھلىق لۇغىتىدىكى «پىپا» ھەققىدىكى ئىزاھ ۋە شەرھلەرگە ئات ، ئىلىپ چالىدىغان ساز . بۇلار ئەجدادلىرىمىزنىڭ
قارىغاندا ، «پىپا» چىن ، خەن دەۋرلىرىدە ، يەنى مىلادىيەدىنئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان پارلاق تۆھپىسى ،
200 قانچە يىللار ئىلگىرىلا ئىچكى ئۆلكىلەرگە تارقىلىپقېرىنداش خەنزۇ خەلقى بۇ تۆھپىلەرنى ئۆز دەۋرىدىلا قىزغىن
بارغان . ئۇ چاغدا بۇ ساز شەكىل جەھەتتىن دەستىسى ئۇزۇن ، مۇھەببەت بىلەن قوبۇل قىلغان ، ئۆزلەشتۈرگەن .
بېشى يۇملاق ، يۈزى تېرە بىلەن قاپلانغان ، ئادەتتە بارماق شۇ مەدەنىيەت جەۋھەرلىرىمىزنىڭ ئىسمى قاچاندا ،
بىلەن ئىلىپ چېلىنىدىغان بولغاچقا ، «پىڭ ـ پاڭ» قىلىپ قەيەردە ، قايسى كىتاب ياكى لۇغەتتە كۆزىگىزگە تاشلانسا ،

قۇلىقىڭىزغا ئاڭلانسا ، ئۇلارنىڭ «غەربىي دىيار مەھسۇلى
دېگەن ئىچكى مەنىسى ئۆز - ئۆزىدىن نامايان بولۇپ تۇرىدۇ
«پىپا» دېگەن ئىسمىنى «باربۇت» ، «باربىت» دە
قوللىنىۋاتىمىز . ھالبۇكى ، خەنزۇ تىلىدا ، قول بىلەن س
چالغاندا ، تارنى بارماق ياكى زەخمەك بىلەن ئارقىغا قارىتى
ئۇرۇشنى «پى» دېسە ، ئالدىغا قارىتىپ ئۇرۇشنى «با» (پا
دەيدۇ . «پىپا» دېگەن ئىسىم ئەنە شۇنداق ئىملىق سۆزىدى
ھاسىل بولغان . دېمەك ، ئەسلى شېئىرنىڭ تەرجىمىسىدە «پىپا»
مۇناسىۋەتلىك نەغداش ئاتالغۇ «باربۇت» قانداقلا بولسۇن
ھەرھالدا ئىشەنچلىك مەنبەلەرگە ئاساسەن قوللىنىلغانلىقىنى
ھېسابقا ئالمىغاندا ، «شاھ كاسا» ، «ئارامى جان بادە»
«دۇلدۇل» دېگەن ئاتالغۇلار شۇ ئەسلى شەيئىلەرنىڭ ئەسلى
تارىخىي نامى ئەمەس ، تەرجىمىدە ياسالغان ئىسىملاردۇر
تەرجىمان ئەسلى ئىسمىنى ئىزدەپ تاپالمىغان چېغىدا ، بى
تەرەپتىن ، ئۆزىنىڭ ئىلىم گادايلىقىدىن ئۆكۈنسە ، يەنە بى
تەرەپتىن ، كونىراق ، چوڭقۇرراق ۋە تەپسىلىيرەك ھۆججەتلى
يادنامىلىرىمىزنىڭ كەمچىللىكىدىن ھەسرەتلەنمەي تۇرالمايدۇ
تارىخىي ئەسەرلەر تەرجىمىسىدىكى ئىسىم ياسىمىچىلىقى ئە
شۇنداق كەمچىللىكلەر تۈپەيلىدىن يۈز بەرمەكتە . لېكىن بۇنداق
ئەھۋالنى تارىخىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا توسقۇن
بولىدىغان ئامىلغا ئايلاندۇرۇۋالماسلىقىمىز كېرەك ، دە
ئوبلايمەن . ئەجىر يەردە قالمايدۇ . تۇرلۇك قىيىنچىلىقلارنى
يېڭىپ ، تارىخىي ئوقۇشلۇقلىرىمىزنى كۆپەيتىش ، تارىخى
بىلىملىرىمىزنى بېيىتىش يولىدا تىرىشىشىمىز لازىم .

بىز بۇ تارىخنى ئوقۇغىنىمىزدا ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئە
قىل - پاراسىتىگە ، مەدەنىي تۆھپىلىرىگە قاراپ پەخىرلىنىش
بىلەن بىللە ، تارىخنى ئەينەك قىلىپ ، ئۆزىمىزنىڭ ھازىرقى
ھالىغا ئۆكۈنمەي ، مەدەنىي تەرەققىيات سەۋىيىمىزنى
ئۆستۈرۈشكە غەيرەت قىلماي تۇرالمايمىز .



## «كۆپ»تىن ئۆرگىلەي !

ژۇرناللارنى ۋاراقلىسام نازىنىن گۈزەل كۆپ .
تېلېۋىزورنى ئاچسام ئېلان كۆپ .
گېزىتنى قولۇمغا ئالسام بىر قېلىپتىكى ئىبارە كۆپ .
يېڭى كىتاب ئىكەن دەپ سېتىۋالسام ئىملا خاتالىقى كۆپ .
ئىلتىماس بىلەن بىرەر ئورۇنغا بارسام تۆلەيدىغان ھەق
كۆپ .
باشقىلار خىزمەت تەكشۈرۈشكە ماڭسا غۇر - غۇر ماشىنا
كۆپ .
سودا - سېتىق يولىغا كىرگەنلەر ئىچىدە ئالدامچى كۆپ .
جان - دىلى بىلەن ئىشلەيدىغانلاردىن كۆرە ، گەپ
ساتىدىغان مۇغەمبەر كۆپ .



# «تۇقلۇقتىن چىققان شوخلۇق» مۇ

ئىنسانىنىڭ ھاياتى ئاجايىپ بىر دۇنيا ئىكەن . بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولغان ، مەۋجۇت بولۇۋاتقان بەزى ھادىسىلەرنى ئىنچىكىلەپ ئويلاپ كۆرسىڭىز ، ئۇلارنىڭ بەزىسىنى نەزەرگە ئېلىشقا ئەرزىمەيدىكەن ، بەزىسىگە نەزەر ئاغدۇرماي بولمايدىكەن . نەزەر - ئېتىبارنى جەلپ قىلغان بەزى ئىشلار سىزنى ئۇنىڭدىن ئۆزىڭىزلا ۋاقىپ بولۇپ قېلىش بىلەنلا قالماستىن ، يار - بۇرادەرلىرىڭىزنىمۇ ، ئەل - جامائەتنىمۇ خەۋەردار قىلىپ ، دەرد - ھەسرىتىنى تەڭ تارتىشقا ، شادلىقتىن تەڭ بەھرلىنىشكە تەقەززا قىلىدىكەن . نەزەر ئاغدۇرماي بولمايدىغان بەزى ئىشلار تارىخي تەرەققىياتنى تەشكىل قىلىدىغان پۈتۈن بىر جەرياننىڭ ھەممە ئۇجۇر - بۇجۇر ئامىللىرىدىن ئىبارەت بولۇشى ناتايىن ، لېكىن ئۇنىڭ تارىخنى ئالغا سىلجىتىشتا ياكى ئارقىغا ياندۇرۇشتا مەلۇم تەسىر كۆرسىتىدىغان ھادىسە ئىكەنلىكىدە شەك بولمىسا كېرەك .

يېقىندا گېزىت كۆرۈپ ئولتۇرۇپ ، يېڭى چىققان بىر كونا ھادىسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم . خېنەن ئۆلكىسىنىڭ خېندەن شەھىرىدە چىقىدىغان «يەنجاۋ شەھەر گېزىتى» نىڭ 1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان «توغاچ پۇتقا مەرسىيە» سەرلەۋھىلىك تەپسىلىي خەۋەرنى قىسقىچە تەرجىمە قىلىپ ، «تۇقلۇقتىن چىققان شوخلۇق» مۇ ؟ دېگەن سەرلەۋھە بىلەن ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم . ئوقۇپ قويۇڭ . ئاڭلىق ياشاش ئۈچۈن پىكىرنى ئېچىشقا ياردىمى تېگەر .

مەملىكىتىمىزنىڭ بوستانلىقى دەپ تەرىپلىنىدىغان



ياڭنەن ۋادىسىدا ، بولۇپمۇ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تۇڭخەي ھىيىسىدە ئاياللارنىڭ تەبىئىي پۇتنى «لەيلىگۈلنىڭ غۇنچىسى» ا ئوخشىتىپ تۈگۈپ ، كىچىككىنە «توغاچ پۇت» قا ايلاندۇرىدىغان يامان ئادەت ھازىرقى كۈندە مەۋجۇت بولۇپلا الماستىن ، بەلكى خېلى چوڭ «توغاچ پۇت» لار جامائەسى ھالىتىدە راۋاجلانماقتا . ستاتىستىكىلىق مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، تۇڭخەي ناھىيىسىدە ئېلىگىرى پۈتۈن تۈگكەن - بوغقان ئاياللاردىن ھازىرمۇ ھايات بارلىرى 1000 دىن ئاشىدىكەن . ناھىيىلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدىكى رەيلەنىڭ تەكشۈرۈپ ئىسپاتلىشىغا قارىغاندا ، تۇڭخەي ناھىيىسىدە ئاياللارنىڭ پۇتنى بوغۇش ئادىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ سەۋەبلىرى مۇنداق ئىكەن : ئۇ يەر «ئىقتىسادىي جەھەتتە تەرەققىي قىلىپ ، ئىككىنچى كۈنمىڭ شەھىرىگە ئايلانغان» مىش ؛ ئەرلەر پۈتۈن ئائىلىسىنى پەقەت ئۆزىنىڭ ئەمگىكى بىلەنلا تەمىن قىلىشقا يېتىشىپ كېتەلەيدىكەن ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن «ئاياللىرىنى كۆڭۈل ئارزۇسىنى قاندۇرىدىغان سەنەم قىلىپ ياساش شارائىتى ھازىرلانغان» مىش . پۇتنى بوغۇش ئادىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي يىلتىزى ئەنە شۇنداق كۆكلىگەنىكەن . دېمەك ، بۇ گەپچە گۆش - گۆش دەسسەپ ماڭىدىغان چوڭ پۇت ئاياللار پەقەت ئارقىدا قالغان جايلارنىڭ بەندىلىرى ئىكەن - دە !

تۇڭخەي ناھىيىسىنىڭ توققۇز كوچا يېزىسى 1 - ئىيۇن كەنتىدىكى توغاچ پۇت خوتۇنلار سان جەھەتتە كۆپ ئىكەن ، جىسمانىي جەھەتتە زەئىپ بولسىمۇ ، غەيرەتلىك ئىكەن . ئۇلارنىڭ «توغاچ پۇت دېسكوچىلار ئەترىتى» ، «توغاچ پۇت تارىشا توپچىلار ئەترىتى» بار ئىكەن ، ئۇلار بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۇ يەر - بۇ يەرگە بېرىپ توپ ئويناپ مۇسابىقە قىلىپ ، كۆزگە كۆرۈنگۈدەك نەتىجىلەرنى قازىنىپتۇ ؛ ياشانغانلارنىڭ



0000065990

يۇننەن ئۆلكىلىك بەدىئىي سەنئەت كۆرىكىدە كاتتا مۇكاپاتى
ئېرىشىپلا قالماستىن ، پاشانغانلارنىڭ مەملىكەتلىك تەنھەرىكە
يىغىنىدىمۇ شاڭخەيلىكلەر ئەترىتى ، سىچۇەنلىكلەر ئەترىتـ
قاتارلىق كۈچلۈك ئەترەتلەرنىمۇ يېڭىۋاپتۇ . 'ئۇلار ئۆزلىرىچە
«كىچىك توغاچ پۇتلار چوڭ توم ئاياغلارنى مەغلۇپ قىلدى
يېزىلار شەھەرلەرنى مۇھاسىرىگە ئالدى» دەپ ماختىنىدىكەن
ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن «ئاسىيادىن بۆسۈپ چىقىپ ، دۇنيا
ئاتلىنىدۇ» غان ھالەت چىقىپ تۇرىدىكەن . دەرۋەقە ، ئۇمۇ
يەردە قالمايدىكەن ، بىراۋ «1 ـ ئىيۇن كەنتىدىكى كىچىك پۇ
ئايالالارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ جانلىق خاتىرىسى» ئۇچۇن «توغا
پۇتقا مەرسىيە» ناملىق مەخسۇس تېلېۋىزىيە فىلمى ئىشلەپتۇ
بۇ فىلىم ئىتالىيىنىڭ تورىنو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 48
قېتىملىق خەلقئارا تەنھەرىكەت كىنو پېستىۋالىدا «بىرمونا
ئالىي مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن» . شۇنداق قىلىپ ، كىچىك پۇت
مومايلار ئۆزلىرىنىڭ زەئىپ بولسىمۇ ، ئادەتتىكى ئادەملەرگە
ئوخشاش ياشىيالايدىغانلىقىنى ، ئوينىيالايدىغانلىقىنى
كىشىلەرنى «ھاياجانغا سالىدىغان پائالىيەتلەر» بىلەن پۈتۈن
دۇنيا خەلقى ئالدىدا ئىسپاتلاپ بېرىپتۇ . ئۇلارنىڭ قارىشىچە
بۇنى كىممۇ «نومۇس قىلىدىغان ئىش» دېيەلەيدىكەن ؟ ! ئۇنداق
بولمىسا ، قېنى ، 80 ياشلىق يوغان پۇت پەرەڭ مومايلارنى
ئەكېلىپ مۇسابىقىلەشتۈرۈپ كۆرۈڭلا ، دەيدىكەن . «مەن
كېيىن توغۇلغان ئىكەنمەن» دەپ يازىدۇ ۋۇ جاۋمىن مۇلاھىزە
يۈرگۈزۈپ ، ئايالالار پۇتىنى بوغىدىغان دەۋرنى كۆرمىدىم
«پۇت بوغۇش ئادىتىنىڭ ئەۋج ئېلىشىنىڭ ئىجتىمائىي
يىلتىزى» نى تەتقىق قىلىپمۇ كۆرمىدىم . لېكىن مۇنداق ئىككى
مەسىلە ماڭا ئايدىڭ : بىرى ، ئايالالارنىڭ پۇتىنى بوغۇش بىزنىڭ
بىر ئۇلۇغ كەشپىياتىمىز ، بۇ مىڭلارچە يىللاردىن بۇيان «تۆت
چوڭ كەشپىيات» تىن قېلىشماي داڭق چىقىرىپ كەلگەنىكەن



ئەمدى بىلدىمكى ، ئۇنىڭ پۈتۈن دۇنياغا «تۆت چوڭ كەشپىيات»
قا ئوخشاش تارقالماسلىقى دۇنيادىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ
فېئوداللىق ئىقتىسادى يېتەرلىك تەرەققىي قىلمىغانلىقتىن
بولغان ئىكەن ـ دە ؟ ! يەنە بىرى ، ئايالالار جەھەتتىن ئېيتقاندا ،
پۇتنى بوغۇشنىڭ ئۆزى تولىمۇ بەدەۋىلىك ، تولىمۇ زالىملىق ،
ساپ ـ ساق پۇتنى بوغسا ، سۆڭەكلىرىنى يېگىلىتىپ ،
گۆشلىرىنى چىرىتىپ ، ئادىمنى زەئىپلەشتۈرگەندىن كېيىن
مۇرادىغا يەتسە . . . بۇنداق گۈزەللىك كۆزقارىشى فېئودالىق
ئەقىدە بىلەن ئەقلىي بۇلغانغانلاردىن باشقا ئادەملەردە پەيدا
بولماس ، ئۇ شۇنداق بەدەۋى بىر ئىش بولغانلىقى ئۈچۈن ،
ئايالالارنىڭ پۇتىنى بوغۇشنى دۆلەت ئۈچۈن نومۇس دەپ
قارىمايدىغان ئادەم تېپىلمايدۇ دەپ ئېيتالايمىز . 30 ـ يىللاردا
ياڭ مەنخۇا ئىسىملىك بىر خانىم ياۋروپادا ساياھەتتە
بولغانىكەن ، بېلگىيىگە بارغىنىدا بىرقانچە ئايال ئۇنىڭ ئەتراپىغا
توپلىشىپ ، بوغقان كىچىك پۇتىڭىزنى كۆرۈپ باقساق ، دەپ
تۇرۇۋاپتۇ . ئۇ خانىم ئۆزىنىڭ تەبىئىي پۇتىنى كۆرسىتىپتۇ .
شۇنىڭ بىلەن ، جۇڭگودا ئايالالار پۇتىنى بوغۇدىكەن ، دېگەن
سۆز ـ چۆچەك ئايدىڭلىشىپتۇ . ياڭ خانىمنىڭ قاقاچىنى
پەردىلىگەنلىكىگە لۇشۇن ئەپەندى «دۆلەتكە پۇتى بىلەن خىزمەت
كۆرسىتىپتۇ» دەپ تەنە قىلغانىكەن . ھالبۇكى ، ياڭ خانىمنىڭ
شۇ چاغلاردا جۇڭگودا ئىرغاڭلاپ ، دەلدەڭلەپ ماڭىدىغان
ئايالالارنىڭ مىڭلاپ ـ تۇمەنلەپ تېپىلىدىغانلىقىنى ، ئەمەلىي
پاكىتنى ئۆزىنىڭ ئىككى پۇتى بىلەن پەردىلىشى ھارامزادىلىك ،
خۇپسەنلىك ، بۇنىڭدا گەپ يوق . ئەگەر ھازىرقى مودا بولۇپ
قالغان گەپ بىلەن ئېيتساق ، بۇنى دۆلەتنىڭ «ئومۇمىي
ئوبرازى» نى قوغداپ قاپتۇ دېيىشكە بولارمىكىن ـ تاڭ ؟ ! شۇ
چاغلاردا «ئوبراز قۇرۇلۇشى» دېگەندەك مودا ئىبارىلەر بولسا
كاشكى . بولغان بولسا ، بىرەر ئورۇن ئۇنى تەقدىرلەپ شەرەپ

گۈۋاھنامىسى بەرگەن بولاتتى .

قاقاچنى پەردازلاش ئاQ روھىنىڭ بىر تەرەپتىك ئىپادىسى . قوتۇر ، قاقاچ ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ تۇرسا ، ئۇن تۇرمۇشتىكى باياشاتچىلىقنىڭ ئالامىتى دەپ داملاش كەمبەغەللىكتىن پىت پەيدا بولسا ، بايلىقتىن يارا پەيدا بولىد دېيىش ، بۇ يەنە بىر خىل ئاQ روھى بولماي نېمە ؟ ! كىچىل پۇت ئاياللارنىڭ دېسكو ئويناپدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغ كەلتۈرسەم ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا «قىزىل ئانىلا تەشۋىقات دۈيى» نىڭ «ساداقەت ئۇسۇلى» غا دەسسىگەنلىك ئېسىمگە كېلىپ قالدى . شۇڭا تىلەيمەن : سوتسىيالىستىك بازا ئىگىلىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، ئاياللارنى توغا پۇت سەنەم قىلىپ ياسايدىغان ئادەم قالمىسۇن !



كېسەل ۋە دورا باھاسى



# ماۋزۇسى ئامانەت قالدۇرۇلغان ھېكايە (2)

*بۇ ئەسلى «خېبېي كۈندىلىك گېزىتى» نىڭ رىياسەتچىلىكىدە چىقىدىغان فىلىيەتون گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 19 - يانۋار سانىغا بېسىلغان يەن لىسەن مزاسىدىكى ماقالە . ئەسلى ماۋزۇسى «بېزىدىكى پارېخلاردىن ئىككى تەرمە» . ئۇنىڭ برىنى قالدۇرۇپ يەنە بىرىنى تەرجىمە قىلىپ ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم . ئەسلى ماقالە ەرجىمىدە قىسقارتىلغانلىقى ئۈچۈن ماۋزۇسىنى چالا قالدۇردۇم .*

شىمالىي جۇڭگو يېزىلىرىدا مۇنداق بىر پاراڭ بار ئىكەن :

بىر دېھقان ئېتىزدىن چىققان مەھسۇلاتلىرىنى ئېشەككە ارتىپ ، شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپتىكەن ، جەمئىي 40 كوي پۇل وپتۇ . ئۇ بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بوپتۇ ، ئۇنىڭ تەرىتى ىستاپ قالغاچقا ، شەھەرنىڭ بىر چېتىگە چىقىپ تەرەت ۇندۇرۇش بىلەن بولۇپ قاپتۇ . شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ ئېشىكى چۇلغۇرىنى سۆرەپ بېرىپ ، يول بويىدىكى زىرائەتنى يېگىلى ۇرغانىكەن ، بىلىكىگە قىزىل لاتا تاقىۋالغان بىرەيلەن كۆرۈپ قېلىپ ، 50 كوي جەرىمانە تۆلەيسەن دەپ ، دېھقانغا ئېسىلىۋاپتۇ .

— ئەستاغپۇرۇللا ، ئەتىگەندىن بۇيان ھېرىپ - ئېچىپ تارتقان جاپالىرىمنىڭ ئۈستىگە يەنە 10 كويلۇق قەغەزدىن بىرنى ئۈستەك بېرىدىكەنمەن - دە ؟ !

قاتتىق ئاچچىقى كەلگەن دېھقان قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئېشەكنى تازا ساۋىداپتۇ ۋە : «سەن قانچىلىك بىرنېمىتىڭ ؟ سەن تېخى ئۆزۈڭچە مەن ئۆلكە مەركىزىدىن كەلگەن كادىرمەن ، نەگە بارسام شۇ يەردە يەيدىغىنىم تەييار دەپ ئويلامسەن ؟ !» دەپ

تىللاپتۇ .

ئېشەك قامچىنىڭ دەردىگە چىدىماي ئۆزىنى يەرگە تاشلا
ئېغىناپتۇ . دېھقان يەنە : «سەن ئۆزۈڭنى مەن ج خ
ئىشلەيمەن ، ئۆزۈم خالىغان يەردە ياتىمەن ، دەپ ئويلا
سەن ؟ !» دەپ قامچىلاپتۇ .

قامچىغا چىداشلىق بېرەلمىگەن ئېشەك ئېغىناپ ياتقا
يېرىدىن سەكرەپ قوپۇپ ، ئۆزىنى بىر ئۇيان ، بىر بۇيا
قاچۇرۇپتۇ . دېھقان : «سەن قانداق سەكرىگۈم كەلسە شۇندا
سەكرەيمەن ، چېپىلىمەن ، مەن دېگەن ناھىيىنىڭ ئامبىلـ
دەۋاتامسەن ؟ !» دەپ يەنە بىرنەچچە قامچا ئۇرۇپتۇ .

ئېشەك زەربىگە چىدىماي ھاڭراپتىكەن ، دېھقان : «سە
ئۆزۈڭنى بازار باشلىقى چاغلاۋاتامسەن ؟ ! قاچان ۋارقىرىغۇ
كەلسە شۇ چاغدا ۋارقىرايمەن دەۋاتامسەن ؟ !» دەپ يەنە بىر قام
ساپتۇ .

ئەگەر ئۇ دېھقاننىڭ تىللىغىنى ئومۇمەن رەھبەرلەرگە ۋ
باشقۇرۇش خادىملىرىغا قارىتىلغان بولسا ، ئۇ ناھايىتى چو
خاتالاشقان بولىدۇ ؛ ئەگەر ئۇ رەھبەرلەر ۋە باشقۇرۇش
خادىملىرى ئىچىدىكى ئاينىغانلارنى نەزەردە تۇتقان بولسا ، ئۇنىڭ
ھاقارەتلىرى يامانغا ئۇرۇلۇش بوياقتا تۇرسۇن ، ئەكسىچە ئازلىق
قىلىدۇ . خەندەن شەھىرىدە جامائەت خەۋپسىزلىكى قوشۇنىدىن
چىققان ئىككى نەپەر مۇئاۋىن جخ ئىدارە باشلىقىنىڭ قىلغان-
ئەتكەنلىرىنى دېمەمسىز تېخى ، بۇ ئاينىغان رەھبەرلەرنىڭ يامان
نىيەتلىك ئادەملەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ قىلغان
ئەسكىلىكلىرىنى بىر دېمەڭ . ئۇلارنىڭ «قوغداش ھەققى»
ئالغىنىچۇ ، تېخى ! لەنجۇ شەھىرىدە ئەمگەك نازارىتىنىڭ ،



اشىنىسازلىق نازارىتىنىڭ ، مائارىپ كومىتېتىنىڭ بىرنەچچە
ەھبىرىنىڭ قىز ئوقۇغۇچىلار بىلەن ئىچپەش تارتىشىپ
الغانلىقى ، نومۇس قىلماي تېخى رەسىدە بولمىغان شۇ
ۇمۇسچان ، پاك قىزلارنى زورلۇق بىلەن قۇچاقلىغانلىقى ، ئۇ
ەر - بۇ يېرىنى ھاياسىزلارچە سىلاپ چىمدىغانلىقى ھەممىگە
ۇر كەتكەن ! مانا مۇشۇنداقلارنى ھارغىنىنى ، تالغىنىنى بىلمەي
ىشلەيدىغان ھايۋانغا ئوخشاتسا ، بىچارە ھايۋانغا ئۇۋال قىلغانلىق
ولماسمۇ ؟ !



ئىشخانىدىكى «قىزغىن مۇزاكىرە» لەر :

— ئاڭلىسام پالانى يەرنىڭ خورازلىرى كۆلدە ئۈردەكتەك ئۈزەلەيدىكەن . . .

— ھامىلىدار بىر چوكان كەينى - كەينىدىن بىراقلا سەككىز بالا تۇغۇۋېتىپتۇ . . .

— مۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن ، پوكۇنى يەردە چاشقانلار مۇشۇكنى تۇتۇپ يەيدىكەن . . .

# «يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى»دىكى بەدەۋىلىك

*ئىلاۋە : بۇ ماقالە پېقىر قەلەم ئىگىسى ئارتىشىنىڭ ئىجادىي ئەسىرى ئەمە*
*دۆلەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نەشر نومۇرى CN13—0034 ، پوچتا نومۇرى 10 - 7*
*چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى WTCN13—0034 بولغان ، خېبېي ئۆلكىسى*
*شىجياجۇاڭ شەھىرىدە چىقىدىغان «زاۋىنباۋ» ( «فېلىيەتون گېزىتى» ) نىڭ 1999*
*يىل 23 - فېۋرالدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەر . ئەسلى ئاپتورى لۇيۈنش*
*بۇ قېتىم مەزكۇر ماقالە چەكلىك دەرىجىدە قىسقارتىلىپ ، ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجى*
*قىلىندى . لېكىن ئەسلى پىكىر ، مەنىگە قىلچە تەسىر يەتكۈزۈلمىدى . ئوقۇپ قويۇڭ*
*ئاڭلىق ياشاش ئۈچۈن پىكىرنى ئېچىشقا ياردىمى تېگەر .*

*　　　*　　　*

بۇنىڭدىن بىرقانچە كۈن ئىلگىرى ئىككى خىزمەتدىش
بىلەن يېمەك - ئىچمەك توغرىسىدا پاراڭلىشىپ قالدۇق . نېم
ئۈچۈندۇر ، پاراڭ بېرىپ - بېرىپ مۈشۈك ئۈستىدە توختىلى
قالدى . نەنجىڭدا مۈشۈك گۆشىدە تاماق ئېتىپ ساتىدىغان
رېستوران بار ئىكەن ، تاپاۋىتى ناھايىتى ياخشى ئىكەن . بۇ گەپنى
ئاڭلاپ ئولتۇرۇپ شۈركۈنۈپ كەتتىم . مەن ئەزەلدىن مۈشۈكك
ئامراق ئىدىم . باققان مۈشۈكۈمنى خۇددى ئارزۇلۇق بالامدەك
ياخشى كۆرەتتىم ؛ قەيەرگە باراي ، مۈشۈكنى كۆرۈپ قالسام
گويا بالام بار يەسلىدىكى ئوماق بالىلارنى كۆرگەندەك بولاتتىم .
مۈشۈك باقمىغان ئادەمدە بۇنداق ھېسسىيات بولماسلىقى
مۇمكىن . قانداقلا بولسۇن ، مۈشۈك ھەرھالدا بىز ئىنسانلارغا



يدىلىق . قورساقنى بىر ۋاخ مەززە قىلىپ تويغۇزۇش ئۈچۈن
يدىلىق ئەرمەكنىڭ جېنىغا زامىن بولۇپ ، ئۇنى بوغۇزلىسا
لىمۇ رەھىمسىزلىك ، ئىنساپسىزلىق بولماسمۇ ؟ ! مۇھىتنى
سرايلى ، جان - جانىۋارلارنى ئاسرايلى ، دەپ ئەتىدىن -
ەچكىچە توۋلايمىزيۇ ، ئۆز ئۆيىمىزدە بېقىلىۋاتقان مۈشۈكنىمۇ
ام قىلىپ يەۋەتسەك ، مېھرىمىز چۈشمىگەن ، ئەرمەك بولمىغان
ەخلۇقلارنى ئاسرايلى دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ ئەمەسمۇ ؟
ۇزىنىڭ ئېجىل - ئىرمەك بولۇپ تۇرغان دوستىغا زىيانكەشلىك
ىلغان ئادەمدىن يات ئادەمگە ياردەم بېرىدۇ دەپ ئۇمىد كۈتكىلى
ولارمۇ ؟
يىلان گۆشىنى يېيىش ئادەت بولۇپ كەتكەنگە ئوخشاش ،
ۈشۈك گۆشىنى يەيدىغان قەبىھ ئادەتمۇ يېقىنقى بىرنەچچە
ىلدىن بۇيان گۇاڭدۇڭدا كەڭ ئومۇملىشىۋاتقان «يېمەك -
ىچمەك مەدەنىيىتى» بولۇپ قالدى . گەپ توغرا كېلىپ
الغاچقا ، بۇ يەردە مۇنداق بىر ئىشنى قىستۇرۇپ ئۆتكۈم
كەلدى . بۇنىڭدىن تەخمىنەن يېرىم يىل ئىلگىرى مەركىزىي
تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «دىققەت مەركىزى توغرىسىدا
سۆھبەت» پروگراممىسىدا گۇاڭجۇدا يۈز بەرگەن چاشقان
دورىسىنى يەپ سېلىش بىلەن ئادەم ئۆلگەنلىكى توغرىسىدا خەۋەر
بېرىلدى . گۇاڭجۇدا چاشقان مىغىلداپ كېتىپتۇ ، ئادەتتىكى
چاشقان دورىلىرى ھەرقانداق زەھەردىن قورقماس بولۇپ كەتكەن
چاشقانغا كار قىلماپتۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقان دورىسى
ياسايدىغان بەزى زاۋۇتلار زەھىرى كۈچلۈكرەك چاشقان دورىسى
ياساپتۇ . ئۇلار چاشقان تادانلىق قىلىپ يېمەي قويارمىكىن ، دەپ
چاشقان دورىسىنى قەنت - گېزەككە ئوخشاش ناھايىتى تاتلىق
قىلىپ ياساپتۇ ، نەتىجىدە چاشقانلار ئۇۋۇلىشىپ يېگۈچە ، كىچىك
بالىلار تاتلىق كەمپۈت ئىكەن ، دەپ يەپتۇ . تېلېۋىزور ئېكرانىدا

ئارزۇلۇق پەرزەنتىدىن ئايرىلىپ قالغان ئەر - خوتۇن
ئاغرىقىدا يىغلاپ تۈگىشىپ كەتتى . تېلېۋىزوردىن كۆرۈ
ئولتۇرۇپ ، ئېكراندىكى پروگراممىا مەسئۇلى گەپنى چالا قىلدى
دەپ ئويلاپ قالدىم . گۇاڭدۇڭدىكى چاشقان، ئاپىتىنىڭ زا
قانداقلىقىنى بىلمەيمەن ، ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرگىنىم يوق
تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەردىن قارىغاندا ، «يامراپ
مىغىلداپ» كەتتى دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلىمەي بولمايدىغا
دەرىجىگە يەتكەندەك تۇرىدۇ . ئۇنداق بولمىسا ، ئادەتتىكى
تاختىمۈشۈك ياكى ئادەتتىكى چاشقان دورىسى كارغا كەلگە
بولاتتى . شۇنچە ئاۋارە بولۇپ باش قاتۇرۇپ ، تاتلىق چاشقا
دورىسى ياساشقا هاجەت قالماس ئىدى .

گەپ شۇ يەردە : چاشقان نېمە ئۈچۈن شۇنچە يامرا
كېتىدۇ؟ نېمە ئۈچۈن شۇنچە نەسىللەپ ئاۋۇپ كېتىدۇ
مېنىڭچە ، بۇنىڭ سەۋەبى مۇنداق بولسا كېرەك : گۇاڭجۇ
ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق بۇزۇلغان ، ئۇ يەردە چاشقاننىڭ
كۈشەندىسى قالمىغان ، شۇڭا چاشقانلار غەم - ئەندىشىسىز
ياشىغان ھەمدە پۇشتىنى بەخىرامان كۆپەيتكەن . چاشقاننىڭ
كۈشەندىسى نېمە ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدىغان ئادەم بولمىسا
كېرەك : مۈشۈك ، يىلان ، قۇش (ئاساسەن ھۇۋقۇش ) . قۇشلار
تاغدا ، ئورمانلىقتا ياشايدۇ . گۇاڭدۇڭدا ئورمان ئانچە زىچ
بولماسلىقى مۇمكىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن قۇش كۆپ بولمىسا
كېرەك ، لېكىن مۈشۈك ۋە يىلان كۆپ ئىكەن . ئۇنداق بولسا ،
چاشقاننىڭ بۇ ئىككى خىل كۈشەندىسى نېمە ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ
تەبىئىي بۇرچىنى ئادا قىلمايدۇ؟ ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ ئۆز
بۇرچىنى ئادا قىلغۇسى بار ، بىراق ئۇلار چاشقاننى تۇتقۇچە
ئۆزلىرى گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلۈپ



ئۇلارنىڭ داستىخاندىكى مەززىلىك تائامىغا ئايلىنىپ كېتىكەن .
ۋاڭدۇڭنىڭ مۈشۈكلىرىنى ، يىلانلىرىنى گۇاڭدۇڭلۇقلار يەپ
پتىۋاتسا ، گۇاڭدۇڭنىڭ چاشقانلىرى بولۇشىچە كۆپەيمەي ، ئۆز
يىلىچە زىيان سالماي قالارمۇ؟ گۇاڭدۇڭلۇقلار چاشقانلار
شۇنىڭ زورىيىشىغا پاناھ بولغانىكەن ، ئۆزلىرى چاشقان
پىتىنىڭ دەردىنى تارتىشى تەبىئىي . شۇنىڭ ئۈچۈن چاشقان
رىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ، قىلمىغانلىرى قالمىغان . ئاخىر
پىشكەللىك يۈز بەرگەن . يېڭى دۇنياغا ئەمدىلا قەدەم باسقان
غۇبار نارەسىدە بالا چاشقان دورىسىدا ئەجەلسىز ئۆلگەن .
سىت ! لېكىن گۇاڭدۇڭلۇقلار شۇنداق پېشكەللىكلەرگە
ئۇچراپمۇ (تېلېۋىزوردىكى پروگراممىغا قارىغاندا بۇنداق ھادىسە
مىرقانچە قېتىم يۈز بەرگەن . تېلېۋىزوردىكى پاجىئەلىك ئۆلگەن
بالا شۇنداق ئۆلگەنلەرنىڭ بىرىنچىسى ئەمەس ئىكەن . ) ھوشىنى
پىش ، يامان ئادىتىنى ئۆزگەرتىش بۇياقتا تۇرسۇن ،
«مۈشۈك ، يىلان يېيىش مەدەنىيىتى» نى داۋاملىق
ۇرلاندۇرماقتا ، ئومۇملاشتۇرماقتا . جەنۇب تەرەپ بۇ
«مەدەنىيەت» نى مەملىكەت سىرتىغا كېڭەيتمەكتە . ۋېيتنامدا
چاشقان ئاپىتى خەلق ئىگىلىكىگە ئېغىر زىيان سالغان ، بۇنىڭ
مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرى ، ئۇ يەردىكى مۈشۈك ۋە يىلانلارنى
شۇ يەردىكى گۇاڭدۇڭلۇق جۇڭگو مۇھاجىرلىرى يەپ كەتكەن
ياكى ئۇلار تۇتۇپ گۇاڭدۇڭغا ئەكېلىپ گۇاڭدۇڭلۇقلارغا يېمەك
قىلىپ ساتقان . گۇاڭدۇڭلۇقلارنىڭ بۇ «مەدەنىيەت» نى
قەيەرلەرگىچە كېڭەيتكەنلىكى پېقىرغا نامەلۇم ، لېكىن يۇرتىمىز
نەنجىڭدا مۈشۈك گۆشى رېستورانلىرى پەيدا بولۇپ قالدى .
نەنجىڭلىقلارمۇ پات ئارىدا گۇاڭدۇڭلۇقلارغا ئوخشاش

كۆنگە قالارمۇ ؟ ئەتىدىن - كەچكىچە چاشقان بىلەن ھەم
بولۇپ ، غەم - قايغۇغا چۆكەرمۇ ؟ ئېھتىيات قىلمىسا ئۇلار
پەرزەنتلىرى شىكەردەك تاتلىق چاشقان دورىسىنى ئاغ
سېلىۋالارمۇ ؟ ئۇنداق كۆنگە قېلىشنى خالىمىسا ، شۇنداق بەد
«يېمەك - ئىچمەك مەدەنىيىتى» نى نېمىشقا قەتئىي توسۇمايد
نېمىشقا ئېچىل - ئىرمەك دوستىمىزنى قىرىپ تاشلايد
مۇشۇك گۆشى رېستورانلىرىنى پاتراق تاقاتقۇزمايدۇ ؟ !



سۈتتەك ئايدىڭ كېچە . چاشقانلار پىرقىرىشىپ يۈرۈپتۇ .
— بۇ يەرنى سىز باشقۇرامسىز ؟ — دەپ سورىدى خوراز بېپەر
كېتىۋاتقان مۈشۈكتىن .
— ياق ، ياق ! — دېدى مۈشۈك .



# ئىششىق ھېچقاچان سېمىزلىكنىڭ بەلگىسى بولالمايدۇ

مەلۇم بىر گېزىتنىڭ خەۋەرىگە قارىغاندا ، ياپونىيىنىڭ
ېۋىزىيە فىلىمى ئىشلەيدىغان بىر ئورگىنى ھەجۋىي تېلېفىلىم
ېلېۋىزىيە فىلىمى ) ئىشلىمەكچى بولۇپ ، شاڭخەي تىياتىر
ىستىتۇتىدىن ئۈچ نەپەر ئوقۇغۇچىنى رول ئېلىش ئۈچۈن
دەم بېرىشكە رۇخسەت قىلىشنى ئۆتۈنگەنىكەن . «تېلېفىلىمغا
لىنىدىغان مەزمۇن جۇڭگولۇقلارنىڭ ئوبرازىغا زىيان
كۈزىدىغانلىقى مەلۇم بولغاندىن كېيىن ، ھېلىقى ئۈچ نەپەر
قۇغۇچى قاتتىق گەپلەر بىلەن رەت قىپتۇ . كۆپلەپ
رىلىدىغان رول ھەققىگىمۇ پىسەنت قىلماي ، شۇنداق
زمۇندىكى تېلېفىلىمنى ئىشلەشكە ئېتىراز بىلدۈرۈپ ،
اڭخەيلىك ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا مۇناسىپ
ەتەنپەرۋەرلىك روھىنى نامايان قىپتۇ .» مەزمۇنى نېمە ئىكەن ؟
ېلفىلىمنىڭ بىر قىسمىدا مۇنداق مەزمۇن بايان قىلىنىدىكەن :
62 ياشلىق بىر باي بوۋاي ئۆزىگە لايىق ئىزدەپ گېزىتكە ئېلان
بېرىدىكەن ، لېكىن ئۇنىڭغا ھېچقانداق جاۋاب سادا
ېقمايدىكەن . كېيىن كومپيۇتېردىن چاتاق چىقىپ ، ئېلاندىكى
62 ياش بىردىنلا 32 ياشقا ئۆزگىرىپ قالىدىكەن . شۇنىڭ بىلەن
ۇ چالغا خەت يازىدىغان ، ئۆيىگە ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلارنىڭ
ايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن ، ھەتتا ئۇلار قاتار تىزىلىپ نۆۋەت كۈتۈپ
ۇرۇشىدىكەن . يەنە بىر قىسمىدا ، كوچا ئاپتوبۇسىدا بىر
انچۇقچى تۇتۇلۇپ قالغانلىقى ، گۇناھىغا تەن بەرمەي ئۆكتەملىك
قىلغانلىقى بايان قىلىنىدىكەن .»

گېزىتتە ئەنە شۇ خەۋەرنىڭ مەزمۇنى ھەققىدە يېزىلغان
پارچە قىسقا تەقرىزدە : «ھازىر شۇنداق بىر خاھىش
بولۇۋاتىدۇكى ، قانچىكى قالاق ، نادان ، جاھالەتلىك ، ر
شەيئىلەر كىنو - تېلېۋىزور فىلىمى ئىشلەشكە ش
يارارمىش . . . ھەق راست ، ھەجۋىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلە
يارايدىغان تىپىك شەيئىلەر بىزنىڭ يېنىمىزدا ھەقىق
ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا . لېكىن
ھەرگىزمۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمە
دېگەن گەپلەر بار ئىكەن . شۇ تەقرىزنىڭ ئاخىرىدا : «ئەگەر
خەلقىمىز شۇنداق مەزمۇندا فىلىم ئىشلەشكە تەكلىپ قىل
ئۇنى ئىشلەشتىن ئوخشاشلا نام چىقارغىلى ، نەپ ئالغىل
بولىدىغان بولسا ، قىزىقچى - ھەجۋىي ئارتىسلىرىمىز ، س
ئۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر ؟» دېگەن سوئالمۇ بار ئىكەن .

مېنىڭ جاۋابىم مۇنداق : ئەگەر «ھەجۋىي ئۇسۇل بىل
تەسۋىرلەشكە يارايدىغان تىپىك شەيئىلەر بىزنىڭ ئۆپچۆرىمىز
ھەقىقەتەن ئەپسۇسلىنارلىق ھالدا مەۋجۇت» بولۇپ تۇرىدىغ
بولسا ، شۇنداق شەيئىلەرنى فىلىمغا ئېلىشىپ بېرىشكە تەكل
قىلىپ كەلگەنلەر مەيلى جۇڭگولۇق بولسۇن ، مەيلى چ
ئەللىك بولسۇن ، مەن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ماقۇل دەيمەن
لېكىن كۆزلەيدىغىنىم «نام چىقىرىش ، نەپ ئېلىش» ئەمەس

مال - دۇنياغا تىقىلىپ كەتكەن قېرى - چاللارنى
قىزلارنى جەلپ قىلالىشى — بۇ راست پاكىت . كو
ئاپتوبۇسلىرىدا يانچۇقچىلارغا يولۇقۇپ قېلىش — بۇمۇ پاكىت
يانچۇقچى تۇتۇلۇپ قالسا ، ئۆزىنىڭ يانچۇقچىلىق قىلغانلىقىن
تەن ئالماسلىقى ھەتتا ئۆكتەملىك قىلىشى — بۇمۇ پاكىت
مېنىڭ بىلىشىمچە ، تۇتۇلۇپ قالغاندىن كېيىن ھەتتا پىچا
كۆتۈرىدىغانلىرىمۇ يوق ئەمەس .

«ھەق راست» ، بۇنداق ئەھۋاللار «ھەرگىزمۇ بىزنىـ



ئىيىتىمىزدىكى ئاساسىي ئېقىم ئەمەس» ، بۇنىڭدىن باشقا
نەرسە دېيىشكە ھەققىمىز يوق . ئاساسىي ئېقىم ئەمەس
سمۇ ، لېكىن قانداقلا بولسۇن تارماق ئېقىمدۇر . مۇشۇنداق
ماق ئېقىمنى ھەجۋىي ئەسەرگە ئايلاندۇرۇپ كىنايە قىلىشاق ،
سخىرە قىلىشاق ، لەنەت - نەپرەت قىلىشاق ، ئۇ ھالدا ھەددىدىن
ئۇرۇۋەتكەن بولمايمىز . ئاساسىي ئېقىم بىلەن تارماق ئېقىمنى
رقلەندۇرمەكچى بولساق ، شۇنداق تارماق ئېقىمغا كىنايە
لىش ، نەپرەت ياغدۇرۇش — مۇشۇنداق قىلىش جامائەت
كرى ئۈچۈن زۆرۈر شەرتتۇر .

بۇ گەپلەر ياپونلارنىڭ جۇڭگولۇقلارنىڭ «قالاق ، نادان ،
ھالەتلىك ، رەزىل شەيئى» لىرىدىن فىلىم ئىشلىمەكچى
لغانلىقىدىن ، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىش «مىللىي ئىززەت -
برۇي» غا چېتىلغانلىقىدىن چىقىۋاتىدۇ . «قىسقا تەقرىز»
كى سۆزلەرنىڭ ئورانىغا قارىغاندا ، ھەممىدىن ياخشىسى ،
نداق مەزمۇندىكى فىلىمنى ياپونلارغىمۇ ئىشلەتمەسلىك
يرەك ، ھەتتا جۇڭگولۇقلارنىڭمۇ ئىشلىمىگىنى تۈزۈكمىش ،
ۇنداق قىلغاندا ئىززەت - ئابرۇينى تېخىمۇ ئوبدان ساقلىغىلى
ولارمىش . بۇ گەپتىن بۇنىڭدىن ئىلگىرى گېزىتتە خەۋەر
لىنغان ، ياپونىيە بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ، يەنە تېخى
ۇڭگو مۇخبىرلىرى يازغان ئىككى ئەھۋال خىيالىمغا كەچتى :
ۇنىڭ بىرىدە ، شاڭخەيدىن ياپونىيىگە كەتكەن قىزلارنىڭ
ولىسى ئوقۇش دەۋرىدە پاھىشە بولۇپ كەتكەنلىكى بايان
لىنغان ؛ يەنە بىرىدە ، تەۋەككۇلچىلىك بىلەن ياپون ئەرلىرىگە
ياتلىق بولۇپ كەتكەن جۇڭگولۇق قىز - چوكانلارنىڭ ئەرلىرى
ھاراقكەش ، قاپىقى يامان زالىم چىقىپ قالغانلىقى بايان
قىلىنغان . دېمەك ، شۇ قىز - چوكانلار جۇڭگولۇق باي -
قېرىلارغا ياكى كوچا ئاپتوبۇسلىرىدا يولۇققان جۇڭگولۇق ئۆكتەم
يانچۇقچىلارغا ياتلىق بولغاندىنمۇ بەكرەك ئىززەت - ئابرۇينى

تۆككەن ! بۇ ئەھۋاللارمۇ تارماق ئىقىمغا مەنسۇپ بولسم
لېكىن قانداقلا بولسۇن «ئەپسۇسلىنارلىــــق ھالدا مەۋجۇ
بولۇپ تۇرماقتا . شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەھۋاللار كەينى ـ كەينىد
فىلىم قىلىپ ئىشلەنگەن . ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ ياپونىيەد
قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە «بەختسىزلىككە ئېچىنىش» تـ
باشقا ، «شىجائەتسىزلىككە غەزەپلىنىش» توغرا كېلىدىغان ب
تۇركۈم ئادەم بار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قويدۇق . مەن شۇند
ئويلايمەنكى ، ئادەم نومۇسنى ، ئىزا تارتىشنى بىلگەندىلا غەيرە
جاسارەت پەيدا قىـــــلالايدۇ ، شۇنداق تۇرتكە بولغاندا ئاند
«ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى» ئويغىنىپ جۇش ئۇرالايدۇ .
لۇشۈن مۇنداق بىر تەمسىلنى كەلتۈرگەن : ئىششـ
كېسەلگە مۇپتىلا بولغان بىر ئادەم كېسەلى توغرىسىدا گەپ
سۆز چىقىپ قېلىشىدىن خۇدۇكسىرەپ ، خەق مېنى سەمر
قاپتۇ دېسىكەن دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن . شۇنداق قىلـــ
كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كېسىلـــــــى ئۇنتۇپ قاپتۇ .
ۋۇجۇدىدىكى «قالاق ، نادان ، جاھىل ، رەزىل نەرسىلەر» د
قۇتۇلماقچى بولغان مىللەت ھېلىقىدەك ئىششىغان ئادەمنى
تۇتقان يولىنىڭ تەتۈرىگە مېڭىشى ، ئۆزىدىكى نۇقسانلارنى ئاۋۋا
ئۆزى ئېتىراپ قىلىشى لازىم ، باشقىلارنىڭ شۇنداق نۇقسانلا
توغرىسىدا گەپ قىلىشىدىنمۇ قورقماسلىقى كېرەك .

(بۇ ئىمزاسىز ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «جۇڭگو ئاياللىرى» گېزىتىنى
1997 ـ يىل 20 ـ نويابىر سانىــــغا بېســــلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانم
ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 8 ـ ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



## چاغلايدىكەن

● ھازىرقى كۈندە يالغانچىلىق ئاقمايدۇ ، ساختىپەزلىك
ـنىڭ بازىرى كاسات دەيمىز ، لېكىن بەزىلەر ساختىپەزلىكنى گەپ
ـلەن پەردازلايدۇ .
● يېشى 60 تىن ئاشقان بولسىمۇ ئۆزىنى ياش چاغلايدۇ .
● ئۈچ ئايلىق كۇرستا ئوقۇپلا ، ئالىي تېخنىكومنـــى
ـۇتتۇردۇم دەيدۇ .
● خىزمەت ئىستاژىنى ئەپلەپ تولدۇرۇپ ، ئۆزىنـــى
ـروفېسسور چاغلايدۇ .
● ئۇنىڭدىن ـ بۇنىڭدىن كۆچۈرۈپ ئىمتىھاندىن ئەلا
ـۆتتۇم دەيدۇ .
● كوچا سۇپۇرۇشكە بىر قېتىم چىقىپ قويۇپلا ، ئۆزىنى
ـي فېك چاغلايدۇ .
● ئارتۇق ئىگىلىۋالغان ئۆيىنـــى قايتۇرۇپلا ئۆزىنـــى
ـيانەتسىز ، پاك ھېسابلايدۇ .
● بىر ـ ئىككى پارچە ماقالە يېزىپلا ، ئۆزىنى يازغۇچى
ـدەۋالىدۇ .
● بىرەر پارچە كىتابى نەشر قىلىنغان بولسا ، كلاسسىك
ـەسىرىم بار دەپ ماختىنىدۇ .
ساختا ، ناچار مەھسۇلاتنى خىل ، ئېسىل مەھسۇلات دەپ
ـۆتكۈزىدۇ .
● ئادەتتىكى مەھسۇلاتنىڭ قاپ ـ قاچىســـــنى
ـەڭگۈشلىۋېتىپلا ، كەم تېپىلىدىغان ئالاھىدە مەھسۇلات دەپ
ـازارغا سالىدۇ .

# ھىمات ئەسقاتامدۇ

*ئىلاۋە : بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «جۇڭگو ئىقتىساد دەۋرى گېزىتى» ن*
*2000 - يىل 9 - ئاپرېل سانىغا بېسىلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلى*
*2000 - يىلى 7 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان ؛ ئەسلى ئاپتورى : لىن مى*
*ئەسلى ماۋزۇسى : «مېنىڭ دادامنىڭ سېنىڭ داداڭنى پۇلغا سېتىۋالغۇچىلىكى*
*جۇمۇ !» قىسقارتىپ تەرجىمە قىلغانلىقىم ئۈچۈن يېڭى ماۋزۇ قويدۇم .*

دۇنيادا ئېغىزغا ئالسىڭىز سەت بولىدىغان ، لېكىن
يۈرەكتىن ياخشى كۆرىدىغان بىر سۆز بار ، ئۇ بولسـ
«قاراملىق قىلىش» .

يېڭى ئىقتىساد دەۋرىدە ئاجايىپ غەلىتە ئىشلار كەينى
كەينىدىن يۈز بەرمەكتە . قاراملىق بىلەن بىر كۈننىڭ ئىچىدى
بېيىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ھېچ گەپ ئەمەس بولۇپ قالدى
مەلۇماتلارغا قارىغاندا ، ئامېرىكىنىڭ سىلىتسىي جىلغىسىدا ھ
كۈنى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يېڭىدىن 60 مىليونېر (ئامېرى
دوللىرى ھېسابىدا ) پەيدا بولۇپ تۇرىدىكەن . جۇڭگونىڭ ئە
شۇ «سىلىتسىي جىلغىسى» غا ئوخشايدىغان «جۇڭگۇەنسۈ
كەنتى» مۇ بوش كەلمەيدىكەن ، ئۇ يەردىكى مەشھۇر بىر شىركە
بىر يىلدا 100 گە يېقىن مىليونېر (خەلق پۇلى ھېسابىدا ) ن
تۇخۇمدىن چۈجە چىقارغاندەك چىقىرىپ تۇرىدىكەن . «ئۇچۇ
ئېراسى» نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە پەيدا بولغان بۇ دۆكار بايلا
دىنوزاۋرلارغا ئوخشاش سەپ تارتىپ ، يۇقىرى سۈرئەتلىـ
يوللاردا گۈسۈلدەپ ماڭىدىغان بولسا ، ئادەمنىڭ يۈرە
پەردىلىرى دىرىلدەپ كېتىدۇ .

قاراملىق بىلەن باي بولۇشنىڭ ئۆزى ، ئادەملەر خۇدد



راكېتاغا چۈشۈپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلگەن چاغدا ئېغىرلىقىنى يوقىتىپ لەيلەپ قالغاندەك بىر ھېسسىياتنى پەيدا قىلسا كېرەك ، راكېتا بىلەن ئاسمانغا «غۇي . . .» قىلىپ ئۆرلىگەندە ، ئەگەر خەۋپسىزلىك تاسمىسىنى باغلىۋالمىسا چىداشلىق بەرگىلى بولمىسا كېرەك . پۇل دېگەن سۆز ئامېرىكىلىق باي دادا ، باي ئانىلارنىڭ نەزىرىدە جۇڭگولۇق ئاتا- ئانىلارغا ئوخشىمىغان ھالدا نەپرەتلىنىدىغان سۆز . ئۇلار بۇ سۆزنى قانداق چۈشەندۈرسە بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي قاقشايدىكەن ، بالىلىرىنىڭ روھىي ھالىتىگە سەلبىي تەسىر بېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەيدىكەن . ھەتتا پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىن پەرزەنتلىرىنى توغرا يولغا باشلاش مەقسىتىدە ، جەمئىيەتكە خالىس خىزمەت قىلىش بىلەن كۆپرەك بەند بولۇشقا تىرىشىكەن . بىزنىڭ بايلىرىمىز بولسا ، بەللى شۇمۇ ئىش بولدىمۇ ؟ ئۇلاردا پۇلدار بايلارغا خاس سالاپەت بولمايدىكەنغۇ ؟ دەيدىكەن . مانا قاراڭلار ، بىزدىكى دوكار بايلارنىڭ نوچىلىقىنى ! ئۇلار 10 مىڭ يۈەن پۇل تاپسا ، 20 مىڭ يۈەنلىك نوچىلىق قىلمىسا كۆڭلى تىنمايدۇ . پەرەڭ ھارىقى ، پەرەڭ تاماكىسى ، پەرەڭ ماشىنىسى ، پەرەڭ چوكانلىرى دېگەنلەردىن قۇرۇق قالمايدۇ . ئۆي - جاي سېتىۋالىدۇ . يەر - زېمىن ئالىدۇ ، پار مۇنچىلىرىدا كەيپ سۈرىدۇ ، دېمەك ، چەللىدە ئات چاپتۇرىدۇ . كېيىن بارا - بارا بايۋەچچە يىگىت ، شاھزادە خېنىملارنىڭ دادىسىغا ئايلانغاندا ، بۇ بالىلىرىم ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بالىلىرى بىلەن بىر يەردە ئوقۇسا قەدىرسىز بولۇپ قالىدۇ ، دەيدۇ . بۇنىڭغا يارىشا مەخسۇس مەكتەپلەرمۇ ئېچىلىدۇ . لېكىن بۇ مەكتەپلەرنى قاراملىق بىلەن بېيىغانلارنىڭ مەكتىپى دېمەي ، ئېسىلزادە ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپى دەپ ئاتىشىدۇ . بالىلار مەكتەپتىن شەنبە ، يەكشەنبىلىك قويۇپ بېرىلىدىغان چاغلاردا قارىسىڭىز ، ئاقسۆڭەكلەر مەكتىپىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تىقىلىشىپ تۇرغان ئېسىل پىكاپلار باشقىچە

بىر كۆرۈنۈشنى پەيدا قىلىدۇ. مەلۇم بىر دوكار بايى ئەتىۋارلىق قىزىنى ئېلىپ كېتىش ئۈچۈن «ئەبگارراق» بىر ماشىنىنى ھەيدەپ كەلگەنىكەن، بۇ ئەتىۋارلىق قىز نوچى دادىسىغا «ماشىناڭنى ھەيدەپ كوچىنىڭ نېرىقى دوقمۇشىدا كۈتۈپ تۇر» دەپ ھومىيىپتۇ. دادىسى تېخى قىزىدىن مەمنۇن بولغان ھالدا شۇ ئەھۋالنى ماڭا: «قىزىمنىڭ ئىززەت ـ نەپسىگە ئازار يەتمىسۇن دېدىم» دەپ سۆزلەپ بەردى.

ئامېرىكىدىكى جەمئىيەتشۇناس ئالىملارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىلگىرىكى چاغلاردا بالىلار سوقۇشۇپ قېلىپ، قايسىمىزنىڭ دادىسى يامان دەپ تالىشىپ قالغاندا: «مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭغا تېتىيالايدۇ!» دەيدىكەن. ھازىر بولسا: «مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭنى پۇلغا سېتىۋالالايدۇ جۇمۇ!» دەيدىغان بوپتۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش ئەھۋال مېنىڭمۇ بېشىمدىن ئۆتكەن: كىچىك ۋاقتىمدا ھەربىي تاۋابىئاتلار قورۇسىدا ئولتۇرغىنىمىزدا بىرقانچە شوخ بالا قاتار بولۇپ ئوينىغاندا، ئۆزلۈكىمىزدىنلا دادىلىرىمىزنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى بويىچە رەتكە تىزىلاتتۇق. بىر كۈنى دىۋىزىيە كوماندىرىنىڭ ئوغلى ئۇرۇشۇشتا مۇشت يېگەندىن كېيىن، دادىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ يىغلاپ: «پولك كوماندىرىنىڭ ئوغلىنى ‹تۈز تۇر!› دېسەم، ماڭا يېنىپ مۇشت ئاتتى!» دەپ دادلاپتۇ. بۇنىڭدىن بىر نەچچە يىل ئىلگىرى، بىر ئىدارىدە بىللە ئىشلەيدىغان، چەت ئەلدە ئۇرۇق ـ تۇغقىنى بار بىر خانىم بىر ئوغۇل تۇغقاندىن كېيىن، ئۆزىگە ناھايىتى تەمەننا قويۇپ، كۆرگەنلا ئادەمگە: «بىز بالىمىزنى پېچەتتى بۇزۇلمىغان ئامېرىكا سۈت تالقىنى بىلەن باقىمىز!» دەپ داملاپ يۈردى. راست، شۇ چاغلاردا ھەممە ئادەم كىچىك بالىلىرىنى بىر خالتىسى ئۈچ موچەنلىك سۈت بىلەن باقاتتى. ھېلىقى خانىمنىڭ گەپلىرىدىن قۇلىقىم ياداپ كەتتى، ئاخىر ئىچىمگە پاتقۇزالماي: «ئامېرىكا سۈت تالقىنىنى چالىدىغان سۈيىڭىز جۇڭگونىڭ-كىدۇ؟!» دەۋەتتىم.

ھەرقانداق ئادەم باشقىلارنىڭ ياشاش ئۇسۇلىغا تەمەخورلۇق



قىلسا ياكى «مېنىڭ دادام سېنىڭ داداڭنى پۇلغا سېتىۋالالاي-دۇ!» دېگەندەك ئارتۇقچە ھىماتقا باغلىنىپ قالسا، كېسىپ ئېيتىش مۇمكىنكى، ھەرگىزمۇ شاد ـ خۇرام ياشىيالمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا ئاسماندىن بىر خالتا پۇل تاشلاپ بەرگەن تەقدىردىمۇ، ھوشىنى تاپالمىسا، ئاخىر خاكسار بولۇپ قالىدۇ. ئىككى ئىشنى قىلماي بولمايدۇ: بىرى، ھاياتتىن مىننەتدار بولۇپ، جامائەتنىڭ مەنپەئىتىگە جان كۆيدۈرۈش لازىم. جاھاندا سەنچىلىكمۇ ياشىيالمايۋاتقان يەنە ئۈچتىن ئىككى ئادەم بارلىقىنى ئېسىڭدىن چىقارماسلىقىڭ كېرەك؛ يەنە بىرى، شۇنى بىلىپ قويۇش لازىمكى، ئادەمنىڭ مۇھىت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى خۇددى بېلىقنىڭ سۇ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. پاراۋان تۇرمۇش زامانىنىڭ تەرەققىياتىغا، ئىجتىمائىي يۈكسەكلىككە مۇناسىۋەتلىك.



بەگزادە ۋە بايۋەچچىلەر

# كىنو - تېلېۋىزور كۆرگەندە

- بەزى كىنو ياكى تېلېۋىزورنى كۆرگەندە ، ياشانغانلا چىرايىنى پۈرۈشتۈرىدۇ .
- ئوتتۇرا ياشتىكىلەرنىڭ يۈزى قىزىرىدۇ .
- ياشلارنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ .
- بالىلار بولسا ھاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالىدۇ .



تېلېۋىزور تەربىيىسى



# راستچىللىق ۋە شەرمەندىلىك

«چۈشچىلىك كەچلىك گېزىتى» نىڭ 11 - فېۋرالدىكى سانىغا
ىسلغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا ، مۇخبىر سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ
بى دېگەن يېرىدە مۇنداق بىر ئەھۋالنى كۆرگەنلىكىنى يازغان :
بىر توپ ئادەم «چېن» فامىلىلىك بىر ئادەمنىڭ
برىسىنى يوقلاپ بېرىپتۇ ، قەبرە ئالدىغا ئاخىرەتلىك قەغەز
ل ، قەغەزدىن ياسالغان رەڭلىك تېلېۋىزور ۋە پىكاپلارنى
زغاندىن باشقا ، يەنە يالىڭاچ دېگۇدەك نېپىز كىيدۈرۈلگەن ،
اش - كۆزلىرىنى شەھۋانىيلىق بىلەن ئويىنىتىپ تۇرغان ،
وڭ- كىچىكلىكى چاي ئىستاكانىدەك كېلىدىغان 10 نەچچە
غەز قىز - چوكانىنىمۇ قاتار تىزىپ قويۇپتۇ . ئوتتۇرا ياشلىق
ر ئەركىشى بۇ قەغەز «قىز - چوكان» لارنى ئوت يېقىپ
ۆيدۈرۈۋېتىپ : «بوۋا ، بىز نەۋرىلىرىڭىز سىزگە ئاتاپ مانا بۇ
ۇللارنى ، قىز - چوكانلارنى كۆيدۈردۇق ، ئۇ دۇنيادا ئوبدان
ھرلىنىڭ !» دەپ دۇئا ئوقۇپتۇ . مۇسەببەتدارلارنىڭ
يىتىشچە ، ئۇلار بۇ «قىز - چوكان» لارنى شۇنىڭدىن بىرنەچچە
ۈن ئىلگىرى بىبى بازىرىدا بۇيرۇتۇپ تەييارلاتقانىكەن .
بۇ خەۋەرنىڭ چىنلىقىدىن ھەرگىز گۇمانلانمايمەن .
ارىسىڭىز ھەتتا ناھايىتى مۆمىن ، سالاپەتلىك ھەم دىيانەتلىك
كۆرۈنىدىغان بەزى چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ ، «ئىنسانلارنىڭ
وھىي ئىنژېنېرى» دەپ ئاتالمىش بەزى «بىلىمدان» لارنىڭ ،
ەلقىنىڭ «باشپاناھى» دەپ ئاتالمىش بەزى ئەمەلدارلارنىڭ
ۇزۇقچىلىق يولىغا كىرىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گەپ -
ۆزلەر پات- پات ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ، بىبىگە

ئوخشاش شەھەرگە يېقىن يېزىلاردىكى بېيىغان دېھقانلارنۇن ؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەركەكلەر قانچىكى كۆپ ئائىلىلارنى
تولىمۇ غەلىتە «ماتەم تۇتۇش» لىرى ئەجەبلىنىپ كەتكۈدەك چۈشۈرسە شۇنچە ياخشى ، لېكىن ئائىلىلار بىر مېنىڭلا
ئىش بولماي قېلىۋاتىدۇ . يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئوتتىمنى تۇتسۇن دەۋاتامدۇ ؟
ياشلىق ئەركىشىنىڭ قەبرە ئالدىدىكى قىلمىشلىرىنى ئۇنىڭ بۇ گەپلەرنى تەگەپ ئولتۇرۇشتىن مەقسەت ، توقلۇقتىن
چاقىلىرى (شۇ قاتاردا ، ئېھتىمال ، خوتۇنىمۇ ، قىزلىرىلۇق چىقىدۇ دېگەندەك ، «قولىغا پۇل كىرسە بېقىنىغا
باردۇر ) ئەيىبلەش ياكى توسۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، بەلكىم ماشىق ئۆلىشىدۇ »غان ياكى «يىگىتلىك قىلىدۇ» غان
كۆرگەن . دېمەك ، شۇ ئوتتۇرا ياشلىق ئەركىشى ۋە ئۇنىڭ بالىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش ئەمەس . گېزىت خەۋەرلىرىگە
چاقىلىرىمۇ ئەركەكلەرنىڭ «قىز - چوكانلار» غا «قاغاندا ، بەزى بىلىملىك مودا ئائىلىلار ئىچىدە بىر - بىرى بىلەن
قېقىشى» نى ئىنساني ھاياتىكى «زۆرۈرىيەت» دەپ قارىغانرىشىپ كۆرۈشكەندە «تاماق يېدىڭىزمۇ ؟» ياكى
شۇنىڭ ئۈچۈن بوۋىسىنىڭ شۇنداق «زۆرۈرىيەت» نىشمۇسىز ؟» دەپ سالاملىشىش ئورنىغا «ئىنتېرنېتقا
قاندۇراللماي ئالەمدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ ، قازاسىتىڭىزمۇ ؟» ياكى «يىگىتتىڭىزنى يەڭگۈشلىدىڭىزمۇ ؟» دەپ
ئۇ ئالەمدە تولدۇرۇۋېلىشىغا «قىز - چوكان» لارنى سەدىلىشىدىغانلارمۇ بار ئىكەن .
قىلىپ بەرگەن . فېئودالىزم جەمئىيىتىدە باي - غوجىبۇ ماقالىنىڭ سەرلەۋھىسىدە يېزىلغىنىدەك ، مېنىڭ بۇ
بىرقانچە خوتۇن ئۇستىگە يەنە بىرقانچە كىچىك خوتۇن — توقە مۇلاھىزە قىلىۋاتقىنىم مۇنداق بىر مەسىلە :
ئالىدىغان ئادەت بار ئىكەن ؛ لېكىن ئۇنداق ئىشلارغا بالىلىرى راستچىللىق دېگەن نېمە ؟ رەسۋاچىلىق ياكى شەرمەندىلىك
نەۋرىلىرى بىۋاستە ئارىلاشماپتىكەن . ھازىرچۇ ؟ ھازىر ھېلىەن نېمە ؟
ئوتتۇرا ياشلىق ئەركەك بوۋىسىغا تۇتقان ماتەمنى تولىراستچىللىق بىلەن شەرمەندىچىلىك — بۇ ئىككى سۆز
ھەددىدىن ئاشۇرۇۋەتكەن . ھېلىمۇ ياخشى ، ئۇنىڭ قىلىقلىرى - بىردىن ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدۇ . بۇ پەرق خۇددى
ئېغىزدا بار ، ئەمەلدە يوق بولۇپ ، پەقەت روھ - ئەرۋاھلارنى كۆڭۈللۈك بىلەن بىزەڭلىك ئوتتۇرىسىدىكى پەرقكە
ئالدايدىغان قىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس . خشاش ، مۇلاھىزە قىلغۇچىلارنىڭ تۇتقان مەيدانىغا باغلىق
ئەگەر مۇشۇنداق قىلىقلارغا «كونا دېھقان» لارچە نادانلىقىدۇ .
قالاقلىق ، ئەخمەقلىق دەپ تەنە قىلساق ، ئۇ ھالدا ھازىرقى بوۋىسىغا «قىز - چوكان» لارنى سەدىقە قىلىپ بەرگەن
كوندىكى ئەڭ مودا بولۇپ تۇرۇۋاتقان كومپيۇتېر «ئىنتېرنېتلىقى ئوتتۇرا ياشلىق ئەركىشى ، گۈزەللەرنى تاللاشقا
مەستانىلىرىنىڭ يەتتە خوتۇنلۇق «بايۋەچچە» گە زوقلىنىشتىياق باغلاپ قالغان ھېلىقى «ئىنتېرنېت» مەستانىلىرى
شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرغانلىقىغا ، خىيالىدىكى ساھىبجاماپادىلىگەن ئەيش - ئىشرەتلىك كۆڭۈللەر ، شەكسىزكى ،
گۈزەللەرنى كومپيۇتېردا تاللاشلىرىغا ، ۋەھاكازالارغا نېستچىللىقنىڭ ئىپادىسى . لېكىن گەپ شۇ يەردىكى ، راست
دېگۈلۈك ؟ ! قاراڭلار ، بۇ مەستخۇشلارنىڭ ئائىلىلار ھەققىدىكىپ قىلىش ( «راستچىللىق» ) ھەرقاچان ، ھەممىلا يەردە
كۆزقاراشلىرىنىڭ «كونا دېھقان» لارنىڭكىدىن نېمە پەرقىشى ئىشمۇ ؟ ھەركىم ئۆزىنىڭ تەبىئىي مىجەزىنى ۋە تۇغما

خاھىشلىرىنى قىپيالىڭاچ، توغرىدىن - توغرا ئىپادىلى... رىياكارلىق بىلەن، يەنى ساختىلىق بىلەن پەردازلىغىنى... ياخشى بولىدۇ دېيىلىدىغان بولسا، بۇنداق گەپكە ماقۇل بول... مۇمكىن ئەمەس. ئۇنداق قىپيالىڭاچ ئىپادىلەشنى ئاد... «راستچىللىق» ئەمەس، بەلكى رەسۋاچىلىق، شەرمەندىلى... دەيمىز.

ئاخىردا شۇنى دېگۈم كەلدىكى، يېقىنقى يىللاردىن بۇيا... ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ساختا نىقابلار، ساختىپەزلىك... كىشىلەرنى ھېچقانچە ئالدىيالمايدىغان بولدى، بۇ ياخش... ئەھۋال. لېكىن ساختىپەزلىكنىڭ ئورنىدا يۈز بېرىۋات... نومۇسسىزلىق، ھاياسىزلىقلاردىن ھوشيار بولمىسا... بولمايدۇ.

(بۇ ئىمزاسىز ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ئازادلىق گېزىتى» نىڭ 2000 - ... 16 - ئاپرېل سانىغا بېسىلغان، كېيىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ناملىق ژۇرنال... 2000 - يىل 6 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان، قىسقارتىپ تەرج... قىلىندى.)





# تەرمىلەر

## پاچاقچى

بىر خادىم ئۆز ئىدارىسىدىكى بەزى ئادەملەرنىڭ خىيانەت ...لەن، بەزى ئادەملەرنىڭ پارە بېرىش - ئېلىش بىلەن ...ىرىكلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئىچى تىت - تىت ...ولۇپ، ئىدارە باشلىقىغا پاش قىلىپ خەت يازغانىكەن، ئىدارە باشلىقى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆھبەتلىشىپ مۇنداق دەپتۇ:

«تىل - يېزىق جەھەتتىكى ساۋاتىڭىز تولىمۇ تۆۋەن ...كەن. بۇ جەھەتتە ئوبدان ئۆگىنىڭ. بۇنداق گەپتە سۆزلىرى باغلاشمىغان، پەش - چېكىتلىرى توغرا جايىغا قويۇلمىغان بىر ...ىملەرنى يېزىپ، رەھبەرلىكنىڭ ۋاقتىنى ھارام قىلماڭ. مانا قاراڭ، مانا بۇ ئۈچ ۋاراق خېتىڭىزدە بەش - ئالتە يەردە گەپ باغلاشماپتۇ، ئىملا توغرا ئەمەس، تىنىش بەلگىلىرىمۇ جايىغا قويۇلمىغان.»

## چىقىشالمايدىكەن

يەلپۈگۈچ توك شامالدۇرغۇچ، ھاۋا تەڭشىگۈچ بىلەن چىقىشالمايدىكەن، چۈنكى بۇ توك سايمانلار ئۇنىڭ ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قېلىشىغا زامىن بوپتۇمىش.

شام ئېلېكتر لامپۇچكىسىنىڭ مېڭىسىنى چۇۋۇۋېتىمەن دەپ قەسەم ئىچىپتۇ، چۈنكى ئېلېكتر لامپۇچكىسى ئۇنىڭ يەۋاتقان ئىشىغا توپا چېچىپتۇ.

هېساب چوتى كومپيۇتېرغا زادىلا قايىل ئەمەس ئىكەنى
توك توختىغاندا ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشماي قويمايمەن دەپ خەپلە
يۈرىدىكەن .

## بۇ تەقدىردىنمۇ؟

بىر سەتەڭ قىزنىڭ يىگىتى :
— دادامنىڭ بىرنەچچە مىليون پۇلى بار . ۋاقتى كېلىپ
ئۆلۈپ كەتسە ، شۇ پۇل ماڭا قالىدۇ ، — دەپ قىزغا سۆزلە
بېرىپتۇ .
— دادىڭىز بۇ يىل نەچچە ياشقا كىرگەندۇ ؟ — دە
سوراپتۇ قىز .
— بۇ يىل 49 ياش ، — دەپتۇ يىگىت .
قىز مىيىقىدا كۈلۈپ كېتىپ قاپتۇ .
شۇ قىز بىر ئاي ئۆتمەيلا ھېلىقى يىگىتكە ئۆگەي ئانا بولۇ
قاپتۇ .

## سەنئەتنى ياخشى كۆرسە . . .

ل ئەپەندى گېزىتنىڭ ئېلان بەتلىرىگە كۆز يۈگۈرتۈ
چىققاندىن كېيىن ، غاچچىدە بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يېنى
ئولتۇرغان سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسىگە :
— سىلەر سەنئەتچىلەرنىڭ نەتىجەڭلار قالتىس ئىكەن
غۇ ! — دەپتۇ .
— يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان دوكلات ئويۇنى
قويىمىز ، ناخشا مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىمىز ، ئۇسسۇل مۇسابىقىسى
ئويۇشتۇرىمىز ، كونسېرت كېچىلىكى ئۆتكۈزىمىز ، يەنە تېخى
گۈزەل سەنئەت كۆرگەزمىسى ئاچىمىز دەپ ھالىمىز قالمى



، — دەپ سۆزلەپ كېتىپتۇ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ
ئىسى كەمتەرلىك بىلەن ھالىنى ئېيتىپتۇ ، — نەتىجىمىز بار
بىگىلى بولماس ، لېكىن جاپا چەكمەي قالمىدۇق .
— ياق ، مەن ماۋۇ گەپنى قىلىۋاتىمەن ، — دەپتۇ
ئەپەندى گېزىتتىكى ئېلانلارنى كۆرسىتىپ ، — مانا قاراڭ ،
گىت قىزلارنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىزدەپ چىقارغان ئېلانلىرىدا
ەممىسى «سەنئەتكە ھەۋەس قىلىدىغان بولسۇن» دېگەن شەرتنى
وتتۇرىغا قويۇپتۇ .

## قەدرىگە يەتمىسە . . .

بەزى ئادەم بىرەر نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈشنى ئارزۇ
قىلسا ، ھەرقانداق چارە - تەدبىرلەر بىلەن تىرىشىدۇ ؛ لېكىن
قولغا كەلتۈرگەندىن كېيىن ئانچە قەدرىلەپ كەتمەيدۇ . ئەگەر
«ئىنقىلابچى» شۇنداق قىلىدىغان بولسا ، پۇقرا دەرد تارتىدۇ .

## بىلسە كاشكى !

قوللىرىنى شىلتىپ ، بولۇپمۇ بىگىز بارمىقىنى تەڭلەپ -
شىلتىپ ، باشقىلارنى ئەيىبلەيدىغان ئادەم قالغان ئۈچ
بارمىقىنىڭ باشقىلارغا ئەمەس ، دەل ئۆزىگە قاراپ تۇرغانلىقىنى
بىلسە كاشكى ! يەنە تېخى ، خۇددى قوللىرىڭنى كۆپ شىلتىما ،
ھەددىڭدىن ئېشىۋەرسەڭ ، يەرگە تىك مۇللاق چۈشىسەن
دېگەندەك قىلىپ ، باش بارمىقىنىڭ يەرنى كۆرسىتىپ
تۇرغانلىقىنى بىلسە ئىدى !

## بالا بولسا شوخ بولسۇن

يولۋاس ئېتىلىپ - ئۆرىدەپ تۇرمىسا كېسەل تەگكەن

مۇشۇككە ئوخشاپ قالىدۇ . ئۆي مۇشۇكى يولۋاسقا ئوخشا
ئېتىلىپ تۇرمىسا ، تۇتقۇر بولمىسا ، كىممۇ ئۇنى ئارزۇلا
باقسۇن ؟ !

## ئۆزۈڭگە ئۆزۈڭ زامىن بولما

ھەرقاچان يېڭىلىپ قالساڭ ، بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈڭدى
كۆر ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ يېڭەلدۇرسەن ، ئۆزۈڭ زامىـ
بولىسەن . باشقىلار سېنى پۈتلىسا ، بوزەك قىلسا ، ئۇنىـ
ئۇستىگە ئۆزۈڭدىن ئۆزۈڭگە تېرىكىپ خاپا بولساڭ ، چېچىلىـ
سەكرىسەڭ ، تاپا - تەنە قىلساڭ ، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سۇندۇرغا
بولامسەن ؟ !

(بۇ ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىسى «خەلق سىياسىي كېڭەشى گېزىتى» نىڭ 999
يىل 6 - ئاي سانلىرىغا بېسىلغان . )

## باشقا كەلگەندە باتۇر

شۇنداق بىر ھەجۋىي رەسىمنى كۆردۇم : رەسىمدە بىـ
كۇچتۇڭگۇر (ئېغىرلىق كۆتۈرگۈچى ) بارلىق كۈچى بىلە
شۇنچە كۈچەپمۇ ئېغىر بالداقنى كۆتۈرەلمەپتۇ ، ئۇنىڭ كالتـ
ئىشتىنى غىر قىلىپ سىيرىلىپ چۈشۈۋېتىپتۇ . دەل شۇ ھالەتـ
ئۇ بالداقنى كۆتۈرۈپ تۇرغان قولىنىڭ بىرىنى بالداقتىـ
بوشىتىپ ، سىيرىلىپ چۈشۈۋاتقان كالتە ئىشتىنىـ
كۆتۈرۈپتۇ . ئەنە شۇ چاغدا كارامەت بىر ئىش بوپتۇ : ئۇنىڭ يە
بىر قولى ھېلىقى ئېغىر بالداقنى بېشىدىن ھالقىتىپ ئېگىـ
كۆتۈرۈپتۇ .
بۇ بىر ھەجۋىي رەسىم . بۇ ئەھۋال ئادەمنىڭ زېھنىنـ



ۇنداق ئاچىدۇكى ، بىزگە ئوخشاش ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ
ەمەلىيەتتە ۋاقتى كەلگەندە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرىدىغان ،
ادەتتىن تاشقىرى بولغان ئىشلارنىمۇ قىلالايدۇ . بىرمۇنچە
ادەمنىڭ لايغەزەل بولۇپ ئۆتۈشىگە ، جامائەت ئالدىدا ئىشتىنى
ىلىنىپ كەتكەندەك ئىشلارغا دۇچ كەلمىگەنلىكى سەۋەب
ولىدۇ .

## بۇت ۋە ئادەم

ياغاچ قونچاق بەدەشقان قۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، تىرىك ئادەم
قونچاققا باش ئۇرۇپ ئولتۇرۇپتۇ ؛
ئولتۇرغىنى باش ئۇرغىنىنىڭ يۈرىكىنى ئېلىۋاپتۇ ؛
باش ئۇرغىنى ئولتۇرغىنىدىن روھ ئاپتۇ .

(بۇ ئەسەرلەرنىڭ خەنزۇچىسى «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 -
يىل 7 - ئايلىق سانىغا بېسىلغان . )



بەزى ئادەم ئۆزىنى ئۆزى رەنجىتىشكە سەۋەب بولىدىغان نەرسىلەرنى —
مەسىلەن ، باشقىلارنىڭ ئۆزى ئۇستىدە نېمىلەرنى دەيدىغانلىقىنى —
مارىلاپ ، تىڭتىڭلاپ ، تەتقىق قىلىپ بىلىۋېلىشقا ئامراق بولىدىكەن .

## ئەركىنلىك

مەنسەپنى ئاساس قىلغان جەمئىيەتتە ، جان پىدالىق بىلە
بىرەر مەنسەپكە ئېرىشەلىسىڭىز ، شۇ چاغدا ئاز - پ
ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيسىز ؛
پۇل ئاساس قىلىنغان جەمئىيەتتە ، جان تىكىپ پۇل - ما
يىغىپ ، ئۇنى خېلى كۆپەيتەلىسىڭىز ، ئەنە شۇ چاغدا ئاز - پ
ئەركىن ياشيالايسىز ؛
قاچانكى ئادەم ئاساس قىلىنغان جەمئىيەتكە قەدەم قويۇپ
ئىنسان سۈپەتتە ياشايدىكەنسىز ، ئەنە شۇ چاغدا ھەقىقىـ
ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيسىز .

## بىلگەن بولسا

خۇدا ئەگەر ئادەم ئادەملەرنىڭ بېشىغا چىقىۋالىدىغا
لىقىنى ، ئادەم ئادەم يەيدىغانلىقىنى بىلگەن بولسا ، ئېھتىما
ئادەمنى ياراتقانلىقىغا پۇشايمان قىلغان بولاتتى .

## ئادالەت چۈشەنچىسى نېمە؟

جۇڭگو ئادەملىرى ئادىل رىقابەت چۈشەنچىسى كەم ، بىر
يەنە بىرىنى بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمىگۈچە كېلىدىن تاماق ئۆتمەيدۇ
كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ ، يەنە بىرى رەقىبىنى قۇچاقلىغان پېتى
ئۆزىنى قۇدۇققا بىللە تاشلاشقا رازىكى ، رەقىبىنىڭ روناق
تېپىشىنى خالىمايدۇ .
غەلىبە قىلىپ قالسا ، رەقىبىنى يوقىتىپ ، مەڭگۈ ئۆز
بەگ - ئۆزخان بولۇشقا ئۇرۇنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن جەنۇبىي سۇل



ۇلالىسىنىڭ پادىشاھىدىن باشلاپ بويسۇندۇرۇلغان
دىشاھلارنىڭ بىرىمۇ ھايات قالغان ئەمەس .

## ئارزۇ

ئادەم ئۆزىنىڭ شېرىن ئارزۇلىرىغا يېتىش مەقسىتىدە
يرەت قىلغاندا ، شۇ ئارزۇسىدىن خىجىل بولۇپ ئۆلتۈرۈشىنىڭ
اجىتى يوق .
ئادەمدە ئارزۇ بولماسلىق — بۇ تولىمۇ ئېچىنىشلىق
ھۋال .

## ئادىمىلىك

«ياق ! » دېيەلىگەنلىكىنىڭ ئۆزى ئادەم سۈپەتتە ياشاشنىڭ
اساسى شەرتىدۇر .
ئادەمزاتنىڭ يەر يۈزىدە دەس تۇرۇشى ئادەمنىڭ تەبىئەت
الدىدا «ياق ! » دېيەلىگەنلىكىنىڭ خاسىيىتىدۇر .
لېكىن ئادەملەرنىڭ جەمئىيەت ئالدىدا «ياق» دېيەلىشى
بخى يېتەرلىك ئەمەس . ھازىرمۇ نۇرغۇن ئادەم يەنىلا تۆت
ۇتلۇق بولۇپ ، خوش - خوش دەپ تۇرماقتا ، دەس تۇرالمايۋاتىـ
ۇ .
«ياق ! » دەيدىغان غەيرەت بولمىغان يەردە تەرەققىياتنىڭ
بولۇشى ناتايىن .

## سۇنى سىڭگەن يەرگە سەپ

گەپنىڭ تولىسىدىن ئېزى ياخشى ؛
گەپنىڭ تۇز - تەمىنى تېتىيالمايدىغان ئادەمگە ، گەپ

قىلىپ ئاۋارە بولمىغان ياخشى .

(يۇقىرىقى ئالتە پارچە ئەقلىيە سۆزلىرىنىڭ ئەسلى لى گوۋىن ئىمزاسى بىـ
«قېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 7 - ئايلىق سانىدا ئېـ
قىلىنغان . )

## زوقلاندۇرىدىغان گەپ

ئۆيگە مېھمان كەلمەكچىكەن . ئانىسى ئوماق قىزىغا :

— بالام ، ھېلى بىر دەمدىن كېيىن مېھمان ئاكىلىرىڭىز مېھمان ھەدىلىرىڭىز كەلسە ، ئۇلارغا زوقلاندۇرىدىغان چىرايلىـ گەپلەرنى قىلىڭ ، جۇمۇ ! ئۇنتۇماڭ ، ئۇلار ئوما سۆزلىرىڭىزنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ قالسۇن ، — دەپ جېكىلەپتۇ.

قىز ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ، ئوماقىنە كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپتۇ .

مېھمانلار بوسۇغىدىن ئاتلاپ كىرە - كىرمەي تۇرغاندا قىز ئويناقلاپ ئالدىغا بېرىپ ئەركىلەپتۇ :

— دەرستىن قايتىڭلار ، بۈگۈن ئۆي تاپشۇرۇق بېرىلمەيدۇ ، ئەتە باغچىغا بارىسىلەر !

## نادامەت

ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىڭىزدە ئىلىم - بىلىمنىڭ مەلۇم بو
ساھەسىگە ھەۋەسلەندۈرىدىغان بىرەر ئوقۇتقۇچىنىڭ قەدرىگە
يەتمىسىڭىز ياكى شۇنداق بىرەر ئوقۇتقۇچىنى تاپالماي ئۆتۈ
كەتسىڭىز ، بىلىپ قېلىڭكى ، پۈتۈن ئۆمرىڭىزدە ئورنى
كەلمەيدىغان مەلۇم بىر ھەسرەت - نادامەتتىن قۇتۇلالمايسىز



## پۇرسەت غەنىيمەتتۇر

نادان ئادەم پۇرسەتنى كەتتۇرۇپ قويىدۇ .
قابىل ئادەم كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتىدۇ .
ئەقىللىق ئادەم كەلگەن پۇرسەتنى چىڭ تۇتقاندىن تاشقىرى
ـرسەت يارىتىدۇ .

## كەمتەرلىك ۋە مەغرۇرلۇق

كەمتەرلىكمۇ ئادەمنىڭ كەينىگە كېتىشىگە زامىن بولىدۇ ، ـگەر شۇ ئادەم كەمتەرلىك قىلىشقا ئەرزىگۈدەك بىرنەرسىسى ـق ئەھۋالدىمۇ كەمتەرلىك قىلىۋەرسە .

مەغرۇرلۇقمۇ ئادەمنىڭ روناق تېپىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ ، ـگەر شۇ ئادەمنىڭ مەغرۇرلىنىشقا ئەرزىيدىغان يەنە باشقا ـرمۇنچە بىرنېمىلىرى بار بولسا .

## ئىززەت - ئابرۇي

قەددى - قامەتنىڭ ياخشىلىقى ، پەم - پاراسەتنىڭ
ـستۈنلۈكى ، ئىلىم - بىلىمنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، ھۈنەر -
ـھارەتتىكى ئۈستىلىق ۋەھاكازالار ھەرقانداق ئادەمنى
ـوقلاندۇرىدىغان ياخشى نەرسە ، لېكىن ئۇ نەرسىلەر ئىززەت -
ـابرۇي ئالدىدا پارچە كېسەكتۇر ، ھەرگىز لىم ياكى تۈۋرۈك
ـولالمايدۇ .

## ھەممىدىن ياخشى جاۋاب

△ خېرىدارنى ھەممىدىن بەك جەلپ قىلىدىغان تىجار
نېمە؟

جاۋاب: «پەۋقۇلئاددە مۇلازىمەت».

△ نەغمە - ناۋانىڭ ھەممىدىن ياخشىسى قايسى؟

جاۋاب: مۇڭلۇق، يېنىك، پەس ئاۋازلىقى.

△ پۇلنىڭ ئەڭ ياخشى تەبىرى نېمە؟

جاۋاب: پۇل كىشىلەرنى ئۆزىگە ھەممىدىن بەك جە
قىلىدىغان نەرسە.



ئاقىبەت - خارابەت



## بۇنى ئادىللىق دېگىلى بولارمۇ

تېلېۋىزىيە خەۋەرلىرىدە مۇنداق كۆرۈنۈشلەر پات - پات ۆرۈنۈپ قالىدىغان بولدى: جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى وم تاماشىخانىلاردا ياكى باشقا كۆڭۈل ئېچىش ئورۇنلىرىدا ۇۋاتقان ئىشرەتۋازلىقلارنى تۇتىۋالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئادەتتە ەيش - ئىشرەت خانىملىرى» دەپ ئاتىلىۋاتقان بىرقانچە ز - چوكان ئوتتۇرىغا چىقىپ قالىدۇ. ئۇلارنى بەزىدە رىسىغا ياكى ئۆزىنىسىغا قاتار تىزىلغان ھالدا قەيەرگىدۇر بىر گە ھەيدەپ ماڭىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ قىز - چوكانلارنىڭ تولىسى ىنى تۆۋەن قىلىپ يەرگە قارىۋالغان، بەزىسى باشقىلار ۇۋالمىسۇن دەپ يۈزىنى قولى بىلەن توسىۋالغان.

بۇنداق كۆرۈنۈشلەرنى تولا كۆرگەنلىكتىن بەزى سوئاللار لىپ چىقىدىكەن، سوئاللارنىڭ بىرىنچىسى — ئەيش - شرەت ھەرقاچان ئىككى جىنسنىڭ بىرلىشىشى بىلەن يۈز رىدۇ. شۇنداق ئىكەن، تېلېۋىزوردا نېمە ئۈچۈن باشقىلارغا خىزمەت» قىلغان ئاياللارلا كۆرسىتىلىپ، ئۇلارنى خىزمەت» قىلدۇرغان ئەركەكلەر كۆرۈنمەيدۇ؟ بەزى ەۋەرلەردە «نەق مەيداندا قولغا چۈشۈرۈلدى» دەپ ئېنىق ېتىلغانلىقى ھەممىگە مەلۇم. ئىككىنچىسى — شۇنداق كەيپ- اپا، ئەيش - ئىشرەت ئورۇنلىرىنىڭ ئىگىلىرى ياكى وجايىنلىرى يوق ئەمەستۇ، قولغا چۈشۈرۈلگەنلەر ئىچىدە ۇنداق ئادەملەرنىڭ قارىسى نېمىشقا ئاز كۆرۈنىدۇ؟ ھەق گەپنى لساق، «خىزمەت» قىلدۇرغان ئەركەكلەرنىڭ، شۇنداق ورۇن ئىگىلىرىنىڭ، خوجايىنلىرىنىڭ جامائەت ئالدىدىكى

جاۋابكارلىقى شۇ قىز ـ چوكانلارنىڭكىدىن ئاز بولمىسا كېرە
ئۇلار نېمىشقا پاناھ ئاستىغا ئېلىنىدۇ ؟

مەسىلىنىڭ تېگى ـ تەكتى بىزگە ئايان بولمىغا
كېسىپ بىرنەرسە دېمىكىمىز تەس . لېكىن پەرەز بى
قارىساق ، بۇنىڭدا مۇنداق ئىككى سەۋەب بولسا كېرەك :
بولسا ، يەنىلا خوتۇن خەق «سۈيۈق» بولىدۇ ، ئۇلارنى
تۇتقانلىقنىڭ ۋە قاتتىق جازالىغانلىقنىڭ بەلگىسى بولسۇن
ئوچۇق ئاشكارىلاش كېرەك ، دەيدىغان قاراش مەۋجۇت ؛
بولسا ، قىز ـ چوكانلارنى «خىزمەت» كە سالغان ھوقۇقلۇ
پۇلدار ، ئابرۇيلۇق ئەركەكلەرگە ۋە ئەيش ـ ئىش
ئورۇنلىرىنىڭ ئىگىلىرىگە قارىغاندا ، ھېلىقى قىز ـ چوكا
بوزەك كېلىدۇ دەيدىغان قاراش مەۋجۇت بولسا كېرەك . ب
ئادەملەرنىڭ مېڭىسىدە شۇ قاراشلارنىڭ ھەر ئىككىسى مەۋج
بولۇشى مۇمكىن .

شۇنداق ئوچۇق ئاشكارىلاشقا قانۇن ، ئىجتىمائىي رو
ھالەت ئىلمى ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك نۇقتىسىدىن قانداق
بېرىلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن . مېنىڭ ئېنىق بىلىدىغىنىم
قىز- چوكانلارنىلا ئوچۇق ئاشكارىلاپ ، باشقا ئىككى خى
ئادەمنى دالدىغا ئېلىپ قويۇشنىڭ ئۆزى بىر خى
ئادالەتسىزلىكتۇر .

(شېئىي يۈن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «بۈگۈن ئاخشام گېزى
نىڭ 2000 ـ يىل 14 ـ ئاپرېل سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تالل
ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 6 ـ ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



## كۆز كېسىلى

بەزى كۆزلەر مەسىلە دۈچ كەلگەندە يۇمۇلۇپ قالىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر قىينچىلىق توغرا كەلگەندە ئالىيىپ
لىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر پۇل ـ دوللارنى كۆرگەندە قىزىرىپ كېتىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر سوۋغا ـ سالامنى كۆرگەندە ئويناپ كېتىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر باشلىقنى كۆرگەندە يېلىنىپ ، ياشلىنىپ
لىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر ئاممىنى كۆرگەندە پاختىسىنى چىقىرىپ
لىيدۇ ؛
بەزى كۆزلەر ۋاقتى كەلگەندە ياش تۆكىدۇ ؛
بەزى كۆزلەر ۋاقتى كەلگەندە چەكچىيىدۇ .

## ئامراق

ئىش ئۈستىدە تۇرغاندا تېلېفوندا سۆزلىشىشكە ئامراق ؛
ئۆگىنىش ۋاقتىدا مۈگدەشكە ئامراق ؛
سۆھبەتلەشكەندە دىمىقىدا گەپ قىلىشقا ئامراق ؛
ھۆججەت ـ ماتېرىيال كۆرگەندە قۇرلارنىڭ ئاستىغا
سىزىشقا ئامراق ؛
ئىمتىھان بەرگەندە بېشىنى قاشلاشقا ياكى چالا تاشلاشقا
ئامراق ؛
دەرىجە ئۈستۈرىدىغان چاغدا خىزمەت نەتىجىسىنى

هېسابلاشقا ئامراق ؛
خىزمەتتىن ھېساب بېرىشتە ئۇستاتلىق قىلىشقا ئامراق
زىياپەتتە ئولتۇرغاندا تويۇندۇم دېگەندەك كېكىــــرىش
ئامراق ؛
بىكار بولغان چاغلىرىدا قاتار ياكى قارتا ئويناشقا ئامراق
ئۆيدە بولغان چاغلىرىدا بالا ئۇرۇشقا ئامراق .



سۇخەنچى



## چېچەن بولماق تەس

مەن ئۆزۈم چېچەن ئادەم ئەمەس ، بىراق قارىماققا ناھايىتى
چەن كۆرۈنىدىغان چىرايىم جىنىمغا جازا بولۇۋاتىــــدۇ ،
قىلار ئۆزئارا مۇناسىۋەتتە مېنى چېچەنلىك قىلىدىغان ئادەم
پ ، مەندىن قاچىدۇ . «ئېھتىيات» قىلىپ نېرى قاچىسىمۇ
لى ، ھېچكىمگە زىيىنىم تەگمەيدۇ ، لېكىن «ئېھتىــيات»
سىپ تۇرۇپ «ئەدەپ» لەشلىرى ماڭا ئەلەم قىلىدۇ . چۈنكى
ەت چىرايىملا چېچەندەك كۆرۈنگىنى بىلەن ياكى بىراۋلارغا
جۇم قىــــلالمايمەن ، ياكـــى ھۇجۇم قىــــلغانلارغا تەڭ
ەلمەيمەن . شۇنداق بولسىمۇ باشقىــلار ماڭا پەشۋا بېرىش
ەن كۆڭلىنى خوش قىلىدىكەن ، بۇنىڭ سەۋەبى ، مېنىــڭ
چەن ئادەم بولۇپ قالغانلىقىم ئىكەن . چۈنكى كىممۇ دۆت -
لۋا ئادەم بىلەن ئېلىشىپ ئاۋارە بولاتتى ؟ ! شۇنىڭ ئۈچۈن
ىم ھەسرەت چېكمەمەن .
— ھەسرەت چەككەندىن نېمە پايدا چىقىدۇ ؟ — دەيدۇ
ۇتۇنۇم ، — چېچەنلىكنى ئۆگىنىڭ !
توغرا ، چېچەنلىكنى ئۆگەنسەم بولىدىكەن .
پەند - نەسىھەتكە دەۋەت قىلىدىغان كونا كىتابلارنــــى
قۇپ ، ئۆزۈمگە سىڭدۈرۈپ قارىسام ، ھەممىدىن ئاۋۋال گەپ
لماي بىخۇد بولۇۋېلىشنى ئۆگىنىشىم كېرەك ئىكەن . «ئېغىز
گۇرۇكى باشقا ، پۇت يوگۇرۇكى ئاشقا» دېگەن گەپ بار ، گەپ
لماي بىخۇد بولۇۋېلىشنىڭ ئۆزى ئالتۇنغا تەڭ بولىدىكەن .
دارىمىزدىكى مەلۇم بىر خىزمەتچى ئىدارە باشلىقىنى مەلۇم بىر

غەرەز بىلەن چايغا چاقىرغانىدى . بۇ ئەھۋالنى ھەممىمىزدۇم .
كۆزىمىز بىلەن كۆرگەنىدۇق . لېكىن بىر كۈن ئۆتكە
كېيىن باشلىقلار :

— ئاڭلىشىمىزچە ، پالانى رەھبەر پوكۇلىنىڭ ئۆ
مېھمان بولۇپ يەپ - ئىچىپتۇ ، — دېيىشتى .

— ئاڭلىشىمىزچە ، دېگىنىڭ نېمىسى؟ سەن كۆ
بىلەن كۆردۇڭغۇ ! — دېدىم ۋە ، — سىزمۇ كۆردىڭىزغۇ
دېدىم يەنە بىرەيلەننى كۆرسىتىپ تۇرۇپ .

ئەتراپىمىزدا تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى قاقاقلاپ كۈلۈشىيمەت
نەتىجىدە ، ھېلىقى رەھبەر ئەتىسى مېنى سۆھ
چاقىرىپ : بىرەر قېتىم داستىخاندا چايدا ئولتۇرۇش يولداجىتى
ئارا نورمال مۇناسىۋەت . بىرەر چىرىكلىكنى كۆردىڭىزمۇ
دەپ دەشنام بەردى . بىخۇد بولۇۋالمىغانلىقىمغا ناھايىتى
پۇشايمان قىلدىم .

ئىدارىمىزدە ئۆي تەقسىم قىلىنىدىغان چاغدا بىرىم
ئادەم ئەھۋالنى بىلىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن بىرنەچچە
بۇرۇنلا رەھبەرلەرنىڭ ئالدىغا بېرىپ ، ئۆيدە قىستىلىپ
تارتىۋاتقانلىقىنى داد ئېيتىشقا باشلاپتۇ . مەن بولسام ، ئى
بويىچە مېنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيۈم ھەممىدىن ناچار ، ھەمم
بەك تارچىلىق ، بۇ ئەھۋالنى دەپ يۈرمىسەممۇ ھەممە
ئوبدان بىلىدۇ دەپ ئويلاپ ، بىخۇدلۇق بىلەن يۈردۈم . تەقسى
نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندا قارىسام ماڭا يوق ! شۇڭا رەھب
ئىزدىدىم .

— ھېچقانداق ئۆي تەلەپ قىلمىغان ئىدىڭىزغۇ ؟ ! ھ
ھەممە ئادەم ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچلىرىنى قولىغا ئېلىپ بول
ئەمدى بىزگە نېمە ئامال بار ؟ قانداق ئۆزگەرتىمىز ؟ يەنە بىر
ۋاقىت سەۋرى قىلىڭ ، — دېدى باشلىق .

دەردىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ ، بىخۇد بولۇۋېلىشقا مەج



ئىدارىمىز دوختۇر ، تېخنىك ۋە ھەمشىرە دېگەندەك بىر
كۆم تېببىي خادىمنى ئاجرىتىپ شەھەر ئىچىدە كېسەل
يدىغان ئامبۇلاتورىيە ئاچماقچى بولۇپ قالدى . بۇ يېزىدىن
ۇلۇپ شەھەرگە كېتىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى ئىدى .

— يول ماڭغاندا بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ماڭ ، كۆۋرۈكتىن
ۇشتە يەرگە قاراپ ماڭ ، دېگەن گەپ بار ، — دېدى خوتۇ-
، — سىزمۇ سوۋغات - پوۋغات سۇڭگۇتۇپ بېقىڭ ، بۇ
پۇرسەتنىمۇ قولدىن كەتكۈزۈپ قويمايلى .

مەن ئۆز خىيالىمدا : بۇنىڭغا سوۋغات سۇڭگۇتۇشنىڭ نېمە
بار ، دوختۇرخانا ئېچىشقا ھەممە جەھەتتىن بولسۇن ،
يەتكۈزگەن تۆھپە جەھەتتىن بولسۇن ، ئەلۋەتتە مەن
تېگىشلىك ، دەپ ئويلىدىم .

— تېگىشلىك بولۇشىڭىز ناتايىن ، — دېدى خوتۇ-
— شۇنچە يىل بۆلۈم مەسئۇلى بولۇپ ئىشلىۋىدىڭىز ،
نائۇستا مۇغەمبەر ئۇنداق - مۇنداق قىلىپلا ئورنىڭىزنى
تىۋالمىدىمۇ ؟ ! بۇ ئاي - بۇ كۈنلەردە كىملەر نېمە ئىشلارنى
ئىلمايدۇ ، دەيسىز ؟ !

خوتۇنۇمنىڭ گەپلىرى سەل ئېشىپ كەتكەن بولسىمۇ ،
كىن ئورۇنسىزمۇ ئەمەس ئىدى . لېكىن سوۋغاتنى قانداق
ڭگۈتۈش كېرەك ؟ سوۋغاتنى كۆتۈرۈپ ، كەچقۇرۇندا
ھبەرنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا تەمتىرەپ يۈردۈم ، دەرۋازىنى
اي دېسەم تېخى ، باشلىقلار كۆرۈپ قالمىغىدى دەپ ئەندىشە
ۋاتقان . بۇ چىدىغۇسىز ئازاب ئەمەسمۇ ؟ . . . مۇشۇنداق
يلارنى ئويلاپ ، بىرىنچى قېتىم شۇنى چۈشەندىمكى ، سوۋغات
ۇڭگۇتكەن ، سۇڭگۇتىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ
لامچى ، تەخسىچى ، خۇشامەتگۈي بولۇشى ناتايىن ئىكەن .
لار ھەقىقەتەن تۇرمۇش ، جاھاندارچىلىق دەردىدە نائىلاجلىقتا

چۈشۈپ قالغان. كۆڭلۈمدىكى بۇ دەردىمنى خوتۇنۇمغا سۆزل
بەردىم.

— بولدى، — دېدى خوتۇنۇم دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، سۆڭگۈتسىڭىزمۇ باشقىلارغا ئوخشاش قاملاشتۇرالماي چاندۇر قويىسىز، «چاپىنىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىپتۇ» دېگەنده ئىشنى بۇزىسىز

— مەن شۇنچە دۆتمۇ؟ — دەپ سورىدىم خوتۇنۇمن كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— دۆت!

— مەن تۇرمۇشتا شۇنداق بوشاڭمۇ؟

— ياق! — دېدى خوتۇنۇم قولۇمنى مېھرى بىلەن سىق تۇرۇپ، — گەپ پەقەت چىچەنلىكنى ئۆگىنەلمەي قانلىقىڭىزدا!

(جىڭ يى ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «فىلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 00 - يىل 8 - ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)



يانچۇقتىن تۆكۈلۈۋاتقىنى ئامىنىڭ پىكىر - تەلەپلىرى



# گۇمان

شەھەر باشلىقى ۋاڭ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ يۇپ گېزىت ئوقۇپ ئولتۇراتتى، خوتۇنى بىلەن قىزى بولسا زان بېشىدا ئالدىراپ يۈرەتتى. ئەتراپنى گۆگۈم پەردىسى رىغاندا، تاماقخانىدىن ئورۇندۇقلارنى نېرى - بېرى يۆتكىگەن ۋازلار چىقتى. دېمەك، تاماق ۋاقتى بولۇپ قالغانىدى. شەھەر شلىقى ۋاڭنى ھېچكىم تاماققا چاقىرمىدى، ۋاڭ ئۆزى ھمانخانىدىن چىقتى.

— ھە، مېھمانخانىدا بارمىدىڭىز؟ — سورىدى خوتۇنى چەبلىنىپ.

— ھەئە، بار ئىدىم، — دېدى شەھەر باشلىقى ۋاڭ.

باشقىلار قاچىلىرىغا گاڭپەن ئۇسۇشتى. شەھەر باشلىقى ڭمۇ قاچىسىغا گاڭپەن ئۇسماقچى بولۇپ تەمشىلىۋىدى، ئوغلى وراپ قالدى:

— دادا، سىزمۇ ئۆيدە تاماق يەيدىكەنسىز - ھە؟

— ئەلۋەتتە، يېمىسەم بولامتى؟ — دېدى دادىسى مىيىقىدا ۈلۈپ قويۇپ.

ھەممەيلەن جىم. چوكىلار قورۇمىلارنى قىسىپ ئېلىپ اچىلارغا سالاتتى ۋە ئارقىدىنلا ئېغىزلارغا ئىتتىرەتتى. اماقتىن كېيىن ئۇلار يۇيۇنۇشقا تەرەددۇت قىلىشتى. شەھەر اشلىقى ۋاڭمۇ يۇيۇنماقچى بولۇپ لۆڭگىنى قولىغا ئالدى.

— دادا، — دېدى قىزى، — سىزمۇ يۇيۇنامسىز؟

— ھەئە، يۇيۇنۇۋالاي.

ھەممەيلەن يۈيۈنۈپ بولغاندىن كېيىن ، مېھمانخان
تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشتى . شەھەر باشلىقى ۋ
تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن ساپاغا كېلىپ ئولتۇرۇشىغا ، ئ
سوراپ قالدى :

— دادا ، بۈگۈن كەچتە سىرتقا چىقمامسىز ؟

— چىقمايمەن ، — دېدى شەھەر باشلىقى .

— دادا ، — قىزى يەنە سورىدى ، — نېمە
چىقمايدىغان بولۇپ قالدىڭىز ؟

— چىققۇم يوق ، — دېدى شەھەر باشلىقى ، — س
بىلەن بىللە ئولتۇرسام ياخشى ئەمەسمۇ ؟

— ياخشى ، — دېدى قىزى ، — سىزنىڭ بىرەر ئا
بىز بىلەن ئولتۇرۇپ باقمىغىنىڭىزغا خېلى كۈنلەر بولغان

ئادەتتە ئۇلار جەم بولۇپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇر
كۈلكە - پاراڭ بولۇپ تۇراتتى ، بۈگۈن كەچ ئۇنداق بولم
ھەممەيلەننىڭ كۆزى تېلېۋىزوردا بولغىنى بىلەن ، خىيالى
يەردە پالاس قېقىپ يۈرەتتى . خوتۇنى ئېرىگە كۆزىن
قۇيرۇقىدا قاراپ قويدى . ئوغلى بىلەن قىزىمۇ دادىسىغا پا
پات قاراپ قوياتتى . ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن قانداقتۇر ب
بالايىئاپەت يۈز بېرىدىغاندەك غەلىتە بىر خىل ئالامەت چ
تۇراتتى .

— نېمە بولدۇڭلار ؟ — سورىدى شەھەر باشل
خۇدۇكسىرەپ ، — ھەممەيلەننىڭ روھىي ھالىتى باش
تۇرىدىغۇ ؟

— دادا ، — دېدى ئوغلى ، — سىزنىڭمۇ روھ
ھالىتىڭىز باشقىچە تۇرىدۇغۇ ؟ !

— ئۆزۈڭلارنىڭ روھىي ھالىتىڭلار باشقىچە تۇر
مېنى روھىي ھالىتىڭىز باشقىچە تۇرىدۇ ، دېگىنىڭلار نېمە

— دادا ، — دېدى قىزى ، — سىز شەھەر باش



غاندىن بۇيان ھەر كۈنى كەچتە تاماقنى سىرتتا يەپ ، ئۆيگە
يم كېچىدە قايتىپ كېلەتتىڭىز . بۈگۈن كەچتە تاماقنى ئۆيدە
ڭىز ، تاماقتىن كېيىن سىرتقىمۇ چىقمىدىڭىز ، شۇڭا . . .

— بىرەر چاتاق چىقىپ قالمىغاندۇ - ھە ؟ — دېدى
تۇنى ئەنسىرىگەن تەلەپپۇزدا ، — دادىسى ، بىرەر چاتاق
قان بولسا ، بىزدىن يوشۇرۇپ يۈرمەڭ جۇمۇ .

— مەندىن نېمە چاتاق چىقار ، ئەمدى ؟ — دېدى شەھەر
لىقى پەرۋاسىزلا .

— بىز سىزنى ئەمەلدىن قالدىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ
الدۇق ، — دېدى ئوغلى پوسۇققىدە .

(خۇاكەي ئىمزاسىدىكى بۇ ھېكايە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-
5 - ئاۋغۇستتىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



ئادەمنىڭ ئەپلەپ - سەپلەپ باي بولۇشى ھەر ھالدا ئاسان ؛
ئەقىل تېپىپ ئادەم بولۇشى تولىمۇ تەس .

# ھەيران بولماق

△ مەلۇم كاتتا ئەمەلدارنىڭ مېھمانخانىدا تاماق يېگ
كېيىن ئۆز يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ، تاماق پۇلـ
تۆلىگەنلىكىگە ھەيران بولدۇم.

△ خالىي كوچىدىكى يېڭى ئېچىلغان «ھۆسن
ساتىراشخانىسى» دا ھەقىقەتەن ساتىراشلىق سايمانلى
بارلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

△ باج ئىدارىسى باشلىقىنىڭ جىيەنى «باج ئوغرىل
لىقى ئۈچۈن جازالانغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ ئۆي - جاي شىركىتىنىڭ ئېلانىدا «قۇرۇلۇشى
ئۇلتۇراق بىنايىمىزنىڭ شەھەر مەركىزى بىلەن ئارىلىقى
ئۈچ كىلومېتىر كېلىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ ھەقىقەتەن
چىققانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ شۇنچە كاتتا ئەمەلدارنىڭ 10 مىڭ كويغىمۇ يەتمە
خىيانىتى ئۈچۈن قانۇن جازاسىغا تارتىلغانلىقىغا
بولدۇم.

△ ھەقدارنىڭ دەۋادا سوتچىنى «يوقلىماي» تۇرۇپمۇ
ئۇتۇپ چىققانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ قىزىنىڭ
سۇپۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولدۇم.

△ پالانچى - پوكۇنچىلارنىڭ دىپلوملىرىنىڭ راست
چىققانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ مەلۇم ئوقۇغۇچىنىڭ سىنىپ مۇدىرىغا س
سوڭگۇتمەي تۇرۇپمۇ «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى»
باھالانغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.



△ قاتناش ساقچىسى ئالدىدا توسۇلۇپ قالغان شوپۇرنىڭ
يمانىدىن ئامان قالغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ ھەمىشە ۋېلىسىپىت بىلەن ئىشقا بارىدىغان ھېلىقى
ينىڭ ئىدارە باشلىقى ئىكەنلىكىنى بىلىپ ھەيران بولدۇم.

△ سودا - سانائەت ئىدارىسىنىڭ بۇ قېتىم يەككە
رەتچىلەردىن «مەبلەغ توپلىشى» ھەقىقەتەن يەككە
رەتچىلەرنىڭ ئۆز ئىختىيارى بويىچە بولغانلىقىدىن ھەيران
ۇم.

△ جخ ئىدارىسىنى باشپاناھ قىلغان «ھىجران» ناملىق
انخانىدا «ئۈچ خىل كۆتكۈچى قىز» يوقلۇقىدىن ھەيران
ۇم.

△ جۇڭگو پۇتبولچىلىرى مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويغاندىن
ن، ئەيىبنى مەيداندا، ھاۋادا، رېپېردا ياكى توپ
انلىرىدا قويمىغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ ئۇزۇن يوللۇق پويىزدا ھەقىقەتەن قايناق سۇ تەييار
نلىكىگە ھەيران بولدۇم.

△ پالانى چولپاننىڭ كىتابى ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ئۆز قەلىمى
ن يېزىلغانلىقىغا ھەيران بولدۇم.

△ پوچتا - تېلېگراف ئىدارىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىدىكى
ملارنىڭمۇ خېرىدارلارغا چىراي ئېچىپ مۇئامىلە قىلىشىغا
ران بولدۇم.

△ تەكشۈرۈلىدىغان ئىدارە تەكشۈرۈش ئۆمىكى يېتىپ
شتىن ئىلگىرى ئۇقتۇرۇش تاپشۇرۇۋالماپتۇ، بۇنىڭغا ھەيران
ۇم.

△ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 3 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان
غۇچى ئۆي تاپشۇرۇقلىرىنى كەچ سائەت توققۇزدىن بۇرۇن
لەپ بولالايدىكەن، بۇنىڭغا ھەيران بولدۇم.

# سۆيگىن ۋە برېژنېف

سۆيگىن ـــ جۇڭگو تارىخىدا تاڭ سۇلالىسىنىڭ گۈللە
دەۋرىدە بىر مەزگىــــل ئالتۇن تەختتە ئولتۇرغان پادش
برېژنېف بولسا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى كوممۇنىستــ
پارتىيىسىنىڭ باش سېكرېتارى . ياشىغان دەۋرلىرىنىڭ ئ
ـرى ـ كېيىنلىكى 12 ئەسىر پەرق قىلىدىغان بۇ ئىككى تار
شەخسنى بۇگۇنكى كۈندە بىر يەردە قويۇپ تىلغا ئېلىش
ماھىيىتى نېمە؟ ماقالىنىــــڭ ماۋزۇسـىغا كۆزى چۈش
ھەرقانداق ئوقۇرمەن بۇنىڭدىن نېمە مەنە چىقىدىغانلىق
قىزىقماي قالمىسا كېرەك .

گەپنى ئاۋۋال سۆيگىندىن باشلاي : 1950 ـ يىللار
ئوتتۇرىلىرى بولسا كېرەك ، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىيات
ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىمنىڭ بىرىدە ، جۇڭگو تارىخىغا ئ
بىر ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى تەھرىرلەش مۇناسىۋىتى ب
«شى سىمىڭ ، نىڭجۇلۇق تۈرك ـ ئۇيغۇر» دېگەن تار
ئىسىملارنى شەرھلەشكە توغرا كەلدى . بولۇپمۇ «شى سىم
دېگەن ئىسىم فامىلىنى تېگى ـ تەكتىدىن ئايدىڭلاشتۇر
ئۈچۈن ، ئۇدا بىرنەچچە كۈن قىرائەتخانا ، كۇتۇپخانىلا
ئارىلاپ ، مۇناسىۋەتلىك تارىخشۇناس تەتقىقاتچىلاردىن يا
ئېلىپ ، بۇ يولدا چەككەن جاپايىم ۋە شۇ جاپانىڭ ئەجرى ب
ھاسىل قىلغان ئازغىنە ـ ئۇزغىنە تارىخىي ساۋات ھاز
خۇددى تۇنۇگۇنكىدەكلا خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ . بۇ خاتىرە مۇن

سۆيگىن ، تۈرك ـ ئۇيغۇر نەسەبىدىن ، تاڭ دەۋرى



ـڭجۇ (ھازىرقى گەنسۇ) تەۋەسىدە ياشىغان . ئۇرۇش ـ
ـكىلەردە خىزمەت كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن تاڭ سۇلالىسىنىڭ
ـدىشاھى شۇەنزۇڭ ئۇنىڭغا «شى سىمىڭ» (史思明) دەپ
ـۋرمەتلىك نام ئىنئام قىلغان . خەنزۇ خەلقىنىڭ
ـتنوگرافىيلىك ئادىتى ۋە مەدەنىيەت ئەنئەنىسى بويىچە ئادەم
ـسمىنىڭ باش ھەرپى شۇ ئادەمنىڭ نەسىل ـ نەسەبىنى ھەتتا
ـللىتىنى بىلدۈرىدىغان «فامىلە» نى ئىپادىلىسە ، قالغان
ـرپلىرى ئارزۇ ـ ئۈمىد ، مىجەز ـ خاراكتېر ، بەلگە ـ ئىشارەت
ـباشقىلارنى ئىپادىلەيدۇ . تاڭ پادىشاھى تەرىپىدىن سۆيگىنگە
ـنئام قىلىنغان شەۋكەتلىك ئىسمىنىڭ باش ھەربى 史 ،
ـيگىنىنىڭ ئەجدادى تۈرك ـ ئۇيغۇر ئىكەنلىكىنىڭ بەلگىسى
ـكەنلىكىدە شەك بولمىسا كېرەك . خەنزۇ تىلىنىڭ «سىخەي»
ـلىق «سۆز دېڭىزى» دە قەيت قىلىنىشىچە ، قەدىمكى زاماندا
史国 يەنى شى دۆلىتىدىن جۇڭگوغا كېلىپ تۇرۇپ قالغان
ـدەملەرنىڭ بەزىسى ئۆزىگە 史 ھەرپىنى فامىلە قىلىۋالغان»
ـكەن خاتىرىلەر بار . «شى دۆلىتى ھازىرقى ئۆزبېكىستان
ـۇرىيىتىگە قاراشلىق سەمەرقەنت ۋىلايىتىنىڭ جەنۇبىدا
ـجۇت بولۇپ ئۆتكەن قەدىمكى دۆلەتتۇر» (خەنزۇچە
ـسىخەي» ناملىق ئىزاھلىق قامۇسنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئاتالغۇ
ـاھاتلىرىغا قاراڭ) . يەنە « 石国 شى دۆلىتى غەربىي دىيار
ـلىتى . جۇڭگو بىلەن بارىدى ـ كەلدى مۇناسىۋىتى بار
. . . ھازىرقى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاشكەنت شۇ دۆلەتنىڭ
ـۇنقى ئىزىدۇر» (خەنزۇچە «سىيۈەن» ـ «سۆز ـ
ـلغۇلارنىڭ تارىخىي مەنبەسى» گە قاراڭ) . خەنزۇ يېزىقىدا
ھەرپى بىلەن 石 ھەرپى شەكلى جەھەتتىن ئوخشاش
ـسىمۇ ، ئوقۇلۇشى جەھەتتىن بىر ئاھاڭدا بولغانلىقى ،
ـلىك ئۈستىگە شۇ ھەرپلەردە كۆزدە تۇتۇلغان يەرنىڭ ئوخشاشلا
ئىكەنلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ ، خەنزۇچە تارىخىي

كىتابلاردا ، تارىخقا دائىر خاتىرىلەردە «شى سىمىڭ »
ئاتالغان ، خاتىرىلەنگەن تارىخىي شەخسنىڭ ئەسلى غەرب
يۇرتلۇق بولۇپ ، نىڭجۇ تەۋەسىگە يەرلىشىپ قالغان 思明
ئەسلىدە پىكرى ئۆتكۈر ، ئۆزى چىچەن ، زېھنى ئۇچۇق سۆي
ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالىشىمىز تولۇق ئاساسقا ئىگە ب
كېرەك . سۆيگىن ئېھتىمال ئەسلى نەسەبى ، يارىتىلىش
جەھەتتىن ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەتكە ئىگە ئادەم بولغانل
پادىشاھ ھۇزۇرىدا ئالىي ئىنئاملارغا مۇناسىپ خىز
كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن بولسا كېرەك ، فەنياڭ (ھازىرق
بېيجىڭ شەھىرى ۋە سەھرالىرىنى مەركەز قىلغان شىم
رايون ) ھېراۋۇلى بولۇپ تەيىنلىنىپ ، خۇاڭخې دەرياس
شىمالىي قىسمىدىكى 13 ۋىلايەتنىڭ ھەربىي ، مۇلكىي ۋە ما
ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلغان ؛ تاڭ خاندانلىقى ئۇنىڭ ئىس
كۆتۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇنى يوقىتىش كويىغا چۈشك
ئىسيان كۆتۈرۈپ ، ۋېجۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسىنىڭ دا
دېگەن يېرى ) دە ئۆزىنى «ئۇلۇغ يەن دىيارىنىڭ شاھى »
ئېلان قىلغان ، كېيىن يەنە فەنياڭغا قايتىپ بېرىپ ، ئۆز
«ئۇلۇغ يەن دىيارىنىڭ پادىشاھى » دەپ ئېلان قىلغان .
دىيارى ھازىرقى بېيجىڭ شەھىرىنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى يەن
دېگەن يەرنى مەركەز قىلغان شىمالىي رايونلارغا قارىتىلغ
چىڭگىزخان دەۋرىدە قۇبلايخانمۇ يەنجىڭنى مەركەز قىلغ
سۆيگىن ئۆزىنى پادىشاھ دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن
لەشكەر تارتىپ خۇاڭخې دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى مەرك
شەھەر لوياڭنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ۋىلايەت ، ناھىيىل
ئىشغال قىلغان . ئاخىر مىلادىيە 761- يىلى تەخت تالىش
مۇجادىلىسى بىلەن ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلىنىڭ قولىدا ئۆلگ
بۇلار سۆيگىننىڭ قىسقىچە نامى ـ ئەمالى . بۇ قىس
تەزكىرە ، ئومۇمەن ئالغاندا ، تەرجىمە ـ تەھرىرلىك خىزمى



ن ئىسىملارنى ئېنىق بىلىش ئارزۇسىنىڭ ۋە تەرجىمە
متىدە ئالدى بىلەن تولۇق ۋە توغرا چۈشىنىپ ئاندىن
ادىلەشنى ئالدىنقى شەرت قىلغان تەرجىمە قائىدىسىنىڭ
تكىسى بىلەنلا خاتىرەمگە ئورناپ كەتكەنىكەن . مىلادىيە 750-
لارنىڭ ئالدى ـ كەينىدە ياشىغان سۆيگىننىڭ بۇنىڭدىن 40
چە يىل ئىلگىرى خاتىرەمگە ئورناپ كەتكەن بۇ قىسقىغىنە
جىمھالى يېقىندا ـــ بۇ يىل 1 ـ فېۋرالدا چىققان خەنزۇچە
اۋېنباۋ » (فېلىيەتون گېزىتى ) نى كۆرۈش بىلەن يەنە كۆز
دىمدا نامايان بولدى . لى پىڭ ئىمزاسىدىكى «سۆيگىننىڭ
ىت توقۇشى ۋە «برېژنېفنىڭ كىتاب يېزىشى » سەرلەۋھىلىك
فېلىيەتون ئەسلىدە خېبېي خەلق نەشرىياتىدىن چىقىرىلغان
ەمسەپەرلەر » ناملىق خەنزۇچە ژۇرنالنىڭ 1999 ـ يىل
ابىر سانىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان .
ئوقۇرمەنلىرىمنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىنى بېيىتىشقا ئاز ـ
يارىدىمى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس ، دېگەن ئىشەنچ بىلەن
ماقالىنى قىسقىچە تەرجىمە قىلدىم .
«گەپنى ئاۋۋال سۆيگىندىن باشلايمەن ، ـــ دەپ يازىدۇ
تور ، ـــ سۆيگىن ئەسلىدە تۈرك ـ ئۇيغۇر ئەۋلادى . ئۇ ،
ىپىنىڭ سۇنۇقىنى بىلمەيدىغان ساۋاتسىز ـ قاراتۈرۈك ئىكەن .
زىنى ‹ئۇلۇغ شاھ › دەپ ئېلان قىلىپ ، پادىشاھ بولۇش ئار-
ـ ئارمىنىغا يەتكەن چاغدا ئىلھامى قوزغىلىپ ، بېيىت
ۇشقا ھەۋەس باغلاپتۇ . قاچانكى بىر بېيىت توقۇسا ، توقۇغان
ىڭى بېيىتلىرىم ، دىن خەلقئالەم ۋاقىپ بولماي قالمىسۇن ،
پ تەرەپ ـ تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ، دوقمۇش ـ دوقمۇشقا
ىلاتقۇزىدىكەن .
كۇنلەرنىڭ بىرىدە ، جىجۇ (ھازىرقى خېبېي ئۆلكىسى )
ڭ ‹شەپقەتلىك بېگى › ، ئۆزىنىڭ چوڭ ئوغلى شى چاۋيى
ەن ئۆزىنىڭ قول ئاستىدىكى لەشكەر بېشى جۇ جىغا بىر

سېۋەت گىلاسنى ئەجىر ئەزىم (مۇكاپات) قىلىپ ئەۋەتـ بەرمەكچى بولۇپ، مەخسۇس بېيىت پۈتۈشكە ئاتاپ تەييارلا چىرايلىق قەغەزنى مىرزىسـغا تۇتقۇزۇپ، توقۇغان مۇ بېيىتنى يازغۇزۇپتۇ:

ئىبەردىم بىر سېۋەت گىلاس،
يېرىمى قىزارغان، يېرىمى ئالا؛
يېرىمى شەپقەتلىك بەگكە تەئەللۇق،
يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا.

مىرزا سۆيگىنىنىڭ ئاغزاكى توقۇپ بەرگەن بۇ بېيىتلىر پۈتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەكلىپ بېرىپ: ‹يېرىمى شەپقەتلى بەگكە تەئەللۇق، يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا› دېگەن ئىك مىسرانى ‹يېرىمىنى ئاتىدىم جۇجىغا، يېرىمى شەپقەتلىك بە تەئەللۇق› دەپ ئۆزگەرتسەك قاپىيە جايىغا چۈشىدىكەن» دە سۆيگىن بۇ تەكلىپكە «قاپىيە - پاپىيە دېگەن نېمە ئۇ؟ ئوغلۇ جۇجىنىڭ ئاستىغا چۈشۈرۈپ قويسام قانداق بولغىنى!» جاۋاب بېرىپتۇ. شۇنداق قىلىپ «ئۇلۇغ يەن دىيارى پادىشا نىڭ يېڭى بېيىتى ئەينەن كۆچۈرۈلۈپ، پۈتكۈل بەگلىك دۆلەتنىڭ ھەممە يېرىگە، ھۆكۈمەت يامۇللىرىدىن تارتـ ئۆتەڭلەرگىچە كەڭ تارقىتىلىپتۇ.

قاپىيىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان قارا تۇ ئادەمنىڭ بېيىت - شېئىر توقۇشقا خۇشتار بولۇشى، يەنە كې توقۇغان بېيىتلىرىنى ھەممە يەرگە يېيىشى خۇددى قاغى تۇزنى دوراپ قۇيرۇقىنى يايغىنىغا ئوخشايدۇ.

ئەمدى گەپنى برېژنېفقا يۆتكەيلى. برېژنېفنىڭ تېگ پېيىنى بىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ئاشكارىلىشىچە، برېژ «ھېچقانداق ئوقۇمىغان، مەلۇماتى ناھايىتى تۆۋەن ھـ



چقانچە بىلىمى يوق» ئادەم ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە كىتاب قۇمايدىغان، قولىغا قەلەم ئالمايدىغان ئادەم ئىكەن. ھۆكۈمەت رۇنلىرىدا كۆز بوياپ يۈرگەن شۇنداق بىر ئادەم «بىرىنچى كرىتار» بولغاندىن كېيىنكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە كەينى - يىندىن «كىچىك زېمىن»، «بوز يەر ئېچىش»، قايتا للىنىش» دېگەن سەرلەۋھىلەردە ئۈچ توم پوۋېست، رومان غان. ژۇرناللاردا داۋاملىق بېسىلغان، ئايرىم كىتاب خسىدا نەشر قىلدۇرغان بۇ كىتابلار پارتىيە ئەزالىرى ۋە رلار ئۈچۈن زۆرۈر ئوقۇشلۇق قىلىپ بېكىتىلگەن. بۇ تابلار كارامەت چىرايلىق سۆزلەر بىلەن تەرىپلىنىپ الانغاندىن تاشقىرى، سوۋېت ئەدەبىياتى بويىچە ھەممىدىن مۇكاپات «لېنىن مۇكاپاتى» بېرىلگەن. شۇنداق قىلىپ ژنېف بىر ئېغىناپلا پۈتكۈل سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە مىنىڭ ئالدىدا تۇرىدىغان «رومانىست» (رومان يازغۇچى) ۇپ قالغان.

سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغاندىن كېيىن برېژنېفنىڭ ومانىست» لىقىنىڭمۇ مېزى چۇۋۇلدى. مەشھۇر ئالىم اتوپنىڭ بايان قىلىشىچە، برېژنېفنىڭ ھالى چاغلىق ئىكەن: ۋال برېژنېف ئۆزىنىڭ بېشىدىن كەچۈرگەنلىرىنى تاغدىن - دىن سۆزلەپ بېرىدىكەن، ستېنوگرافىست (سۆزنى مەخسۇس گىلەر بويىچە تېز يېزىۋالغۇچى) خانىم يېزىۋالغان خاتىرىنى نەچچە «قەلەمكەش» كە تاپشۇرۇپ بېرىدىكەن، ئۇلار ئەپ- - سەپلەپ، برېژنېفنىڭ لاپ ئۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەنلىرىدىن امەت ھېكايە توقۇيدىكەن. شۇ ئۈچ «ئەدەبىي ئىجادىيەت» ئەدناسى بىر ۋارىقىنىڭمۇ برېژنېفنىڭ ئۆز قولى، ئۆز مى بىلەن يېزىلمىغانلىقىنى ھەتتا ئەڭ دۆت، ئەڭ كالۋا مۇ ئۆز كۆڭلىدە بىلىدىكەن. شۇنىسى كىشىنى ھەيران دۆكى، يوچۇقلارغا يەملەنگەن شۇ قەغەزلەرنى تېشىپ

تاشلاشنى ، يەنى شۇ سىرلارنى ئاشكارىلاشنى ھېچكىم خالىمـ
ياكى ئاشكارىلاشقا پېتىنالمىغانىكەن .

جاھاندا غەلىتە ـ غەلىتە ئىشلار بولۇپ تۇرىدىكەن ، لـ
برېژنېفقا ئوخشاش بىرەر ھەرپىنمۇ ئۆز قولى ، ئۆز قە
بىلەن يازمىغان «قەدىرلىك رومانىست» كۆرۈلۈپ باقماپتىكەن
لېكىن ئۇنىڭ بىمەنىلىكى سۆيگىنىنىڭ بىيىت توقۇشـ
ئوخشىشىپ كېتىدىكەن .

شۇنداقمۇ غەلىتە ھادىسىلەر بولىدىكەن ، بەزى ئادە
مەرتىۋىسىنىڭ ئۆسۈشى ، ھوقۇقىنىڭ چوڭىيىشى بىلەن ئە
زاكاۋىتىمۇ راكېتا بىلەن پەلەككە چىقىدىكەن ، شۇنىڭ بى
ئاجايىپ دانا ، ھەممىگە قادىر ھەتتا ھەممە ئىش قولىـ
كېلىدىغان تەڭداشسىز تالانت ئىگىسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن
قانداق گەپ ؟ بۇ سوئالغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ «بىر
سېكرېتارى» خرۇششېفتىن جاۋاب تاپتىم . خرۇششېف
كۈنى ئابستراكتچى رەسساملارنىڭ ئابستراكت رەسـ
كۆرگەزمىسىنى كۆرۈشكە بېرىپتۇ ، رەسىملەرنى كۆرۈۋ
بىردىنلا ئاغزىنى بۇزۇپتۇ : «قانداق رەسىم بۇ ؟ ئېشەكنى ق
بەرسەڭ ئۇنىڭ قۇيرۇقىمۇ ئۇنىڭدىن ئوبدان سىزىشى
كىن !» ئۇ ، كۆرگەزمىگە مەسئۇل بولۇپ تۇرغان ئىنـ
ئالدىغا چاقىرتىپ كېلىپ بىرمۇنچە سېسىق گەپ قىپتۇ . لـ
ئىنىستىمۇ بوش كەلمەپتۇ . ئۇ : «سىز تەسۋىري سـ
تەنقىدچىسى ئەمەس ، گۈزەللىك ئىلمىنىمۇ ئوقۇماپتىكەنسىز
شۇڭا تەسۋىري سەنئەتنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيدىكەنسـ
دەپ گەپ ياندۇرۇپتۇ . خرۇششېفنىڭ بۇ گەپلەرنى پىسە
ئالماسلىقى تۇرغان گەپ . ئۇ ، ئەكسىچە مۇنداق بىر راست گ
قىپتۇ :

«مەن كان ئىشچىسى بولغان چاغلىرىمدا بىلمەيتتـ
پارتىيىنىڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ئەمەلدارى بولۇپ تۇر



رىمدا بىلمەيتتىم ؛ يۇقىرى ئۆرلەپ چىقىۋاتقان شوتىنىڭ
ىلىرىدا تۇرغان چاغلىرىمدىمۇ بىلمەيتتىم . لېكىن مەن
لىكى كۈندە پرېمىر مىنىستىر (باش مىنىستىر) مەن ،
قەيسىنىڭ داھىيسىمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمدى ئەلۋەتتە
مەن ، شۇنداق ئەمەسمۇ ؟»

مانا بۇ راست گەپ ! خرۇششېفقا بارىكاللا ! بۇ ئۆزىنىڭ
دە نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلمەيدىغانلىقىنى دادىل ئېتىراپ
ئادەش بىلەنلا قالماستىن ، بەلكى داھىي بولۇش بىلەنلا ھەممىنى
ئەدىغان بولۇپ قالدىم ، دەپ لاپ ئۇرۇشقىمۇ پېتىنغان .
بىن ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس . ئادەمنىڭ قابىلىيىتى
لىيەت داۋامىدا كامالەت تاپىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلماسلىق
لىكتۇر ، لېكىن ھەممىگە قادىر «نىجادچى»
ايدىغانلىقىنىمۇ ئېتىراپ قىلىش كېرەك . شەخسنى ئېلىپ
ساق ، شەخسنىڭ كۈچ ـ قۇۋۋىتى ، ئەقىل ـ پاراستى ،
يىتى ھامان چەكلىك بولىدۇ . ئىنسان يارالغاندىن بۇيان ،
يادىكى ئىلىم ـ بىلىملەرنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ بولغان ئادەم
قان ئەمەس ، ھاياتلىقتىكى ھۈنەر ـ كەسىپلەرنىڭ
مىسىنى كامالەتكە يەتكۈزگەن ئادەم بولغان ئەمەس . دانا
اسيونلارنىڭ دۆلەتنى باشقۇرۇش ، ئەلنى ئامان قىلىشقىلا
لىر بولۇپ ، باشقا ئىشلارغا ئانچە ئۇرۇنماسلىقى ئادەتتىكى بىر
سۇال . سۆيگىن ، خرۇششېف ، برېژنېف ئۇنداق بولمىغان ،
تەختكە چىقىش بىلەنلا خورىكى ئۆسۈپ ، جاھاندىكى
قانداق ئىشتا بىلەرمەن بولۇۋالغان . ئۇلار ئۆز خىيالىدا
يە ، ھۆكۈمەت ، ھەربىي ، مۇلكىي ، مەدەنىيەت ، تارىخ ،
گەپە ، ئىلىم ـ پەن ھەتتا رەسساملىق ، خەتتاتلىق ، مۇزىكا ،
ۇچىلىق ، شائىرلىق دېگەندەك ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە
مىش ، ھەممىسىگە «يولىيورۇق» بېرەلەرمىش . دېمەك ،
«ھاكىملار دانا بولىدۇ ، مەھكۇملار نادان بولىدۇ»

دەيدىغان ئىدىيىۋى پاتقاققا پېتىپ قالغان . ئۇلارنىڭ مېڭ
ئادەمنىڭ مەنسىپى ، ھوقۇقى قانچە چوڭ بولسا ، ئۇنىڭ ئە
شۇنچە ئۇستۇن ، قابىلىيىتى شۇنچە زور بولىدۇ ، دەي
ساختا ھەقىقەت بىلەن چىرمىلىپ قالغان . بۇنداق ھەۋەسنى
بولىمەن ، دەپ تۇمشۇقىغا يىلىك قىستۇرۇۋالغان مۇشۈك
ئوبرازى بىلەن شەرھلىسەك مۇبالىغە بولماس .
سۆيگىنىنىڭ بېيىت توقۇغىنىغا ، برېژنېفنىڭ كى
يازغانلىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ئەھۋاللار ھازىرقى كۈند
مۇ - يوق ؟ جاھاندىكى ھەممە شەيئىلەرنى خۇرۇشىپقا ئو
«ئەلۋەتتە بىلىمەن» دەيدىغان مەنتىقىلەر ھازىرمۇ بارمۇ -
ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ .



ئادەمدە ئەسلىدە قۇيرۇق بولمايدۇ ، لېكىن خۇشامەت قىل
چاغدا ئىتتىنمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ .



# قىسقا پاراڭدىن چىققان ئەھمىيەتلىك گەپ

## ـــ گېزىت ئوقۇش تەسىراتىمدىن تەرجىمە خاتىرە

*...ىنىمۇ ئەپەندىنىڭ خەنزۇچە «زاۋېنباۋ» (فېلىيەتون گېزىتى) نىڭ 2000 - يىل*
*- مارت سانىغا بېسىلغان «خۇاڭدى مازىرى ، چىن سىخۇاڭ مازىرى ، سەددىچىن*
*...لى» سەرلەۋھىلىك فېلىيەتونىنى ئوقۇپ چوڭقۇر تەسىرلەندىم . ئېلىمىزنىڭ*
*...ىيەت تارىخىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ مەنتۇى ئوزۇقىغا بولغان*
*...نى قاندۇرۇشىغا ياردىمى بولار ، دېگەن ئۈمىد بىلەن قىسقىچە تەرجىمە قىلىپ*
*...ۇم . ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى مۇنداق :*

2000 - يىلىنىڭ باھار پەسلى يېتىپ كېلىشى بىلەن ما-
- قەبرىستانلارغا تاۋاب قىلىدىغان كۈنمۇ يېقىنلاپ كەلدى .
مۇناسىۋەت بىلەن خۇاڭدى مازىرىنى تاۋاپ قىلىش توغرىسىدا
ادەرلىرىم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدۇق ، شۇنىڭ بىلەن بىللە
ن سىخۇاڭ مازىرى ، ئەسكەر ۋە ئات دەپنىلىرى ، سەددىچىن
ىلى توغرىسىدىمۇ پاراڭلاشتۇق .
جۇڭگو قەدىمىي مەدەنىيەتلىك دۆلەت ، ئاسارئەتىقىلىرى
ىتى كۆپ . خۇاڭدى مازىرى ، چىن سىخۇاڭ مازىرى ۋە
ىدىكى ئەسكەر ، ئاتلىق ئەسكەرلەر ھەيكىلى ، سەددىچىن
ىلى دۆلەت ئىچىدىمۇ ، چەت ئەللەردىمۇ ناھايىتى ئەتىۋارلىق
ىلىدىغان ئۈچ مەشھۇر ئاسارئەتىقە بولسا كېرەك .
ئاسارئەتىقىنىڭ ئىككى تۈرلۈك قىممىتى بار : بىرى ،
خىي جەھەتتىكى قىممىتى ۋە مەدەنىيەت جەھەتتىكى
مىتى ؛ يەنە بىرى ، سەيلە - ساياھەت ۋە كۆرۈپ تاماشا قىلىش

جەھەتتىكى قىممىتى .

سەيلە قىلىش ۋە كۆرۈش جەھەتتىن ئېيتساق ، دۆل
دەرىجىسىدە ۋە ئۆلكە دەرىجىسىدە مۇھاپىزەت قىلىنىــــدىغ
ھەرقانداق ئاسارئەتىقە ئورۇنلىرى سەيلە - ساياھەت قىلىش
كۆرۈپ تاماشا قىلىش قىممىتىگە ئىگە ، ئۇنداق يەرلەرنى تول
گۈللەندۈرۈش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىش كېرەك .

تارىخ ۋە مەدەنىي قىممىتى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئاس
ئەتىقىلەرنى قەدىرلىگەندە ۋە تەشۋىق قىلغاندا راستچىل بول
كېرەك ، ئىجابىي قىممىتى بىلەن سەلبىي قىممىتىنى ، كا
ياراش دائىرىسىنى ئېنىق ئايرىش لازىم ، تارىخىي قىممىت
مۇبالىغە قىلىش يارىمايدۇ ، تارىخىي ھەق - ناھەقلىقىنــ
مۇبالىغە قىلىش تېخىمۇ يارىمايدۇ .

خۇاڭدى ، مەيلى ئۇ بىر شەخس بولسۇن ياكى بىر مىلل
بولسۇن ، تارىخىي رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، كىيىم - كېچ
تىكىپ كىيىشنى ، پىلە بېقىپ يىپ چىقىرىشنى ، ئۆي - جا
كېمە - قېيىق ۋە هارۋىنى ئاپىرىدە قىلىپ ئۆز دەۋرلىرىدىك
يەندى - خۇاڭدى ئەۋلادىغا ، كېيىنكى خەنزۇ خەلقىگە ك
ياخشىلىقلارنى قىلغانىكەن ، ھەرقانداق خەنزۇ ئەۋلادى ئۇن
ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىشى ۋە ئۇنىڭغا نەزرە - نۇزرەت بىل
تاۋاپ قىلىشى پەرز .

لېكىن خۇاڭدى پەقەت جۇڭگودىكى 56 مىللەت ئىچ
نوپۇسى ھەممىدىن كۆپ بولغان خەنزۇ مىللىتىنىڭلا ئاتىس
ئۇ پۈتكۈل جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئاتىسى ئەمەس . جۇڭگون
غەربىي جەنۇبىدىكى مياۋ ، يى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت
چيۇ قەبىلىسىنىڭ ئەۋلادى بولسا كېرەك . (خەنزۇ تىلىن
قامۇسى «سىخەي» دە شەرھلىنىشىچە ، چيۇ ئەسلى شەرقتى
بىر قەبىلىنىڭ باشلىقى بولۇپ ، ئاكا - ئۇكا 81 قېرىندىشى
ئىكەن ، ئۇلار مېتالدىن قورال - ياراغ ياساپ ، سېھىرگەرل



ئۇسۇللىرىنى ئىشلىتىپ ، خۇاڭدى بىلەن جولۇدا ، يەنى ھازىرقى
ېبېي ئۆلكىسىنىڭ شەرقىي جەنۇبىـــــدا سوقۇشۇپ مەغلۇپ
ولغانىكەن . ) ئۇ خۇاڭدى قەبىلىسى بىلەن يەندى قەبىلىسىنىڭ
رلەشمە لەشكەرلىرى تەرىپىدىن غەربىي جەنۇبتىكى تاغ ئىچىگە
وغلانغانىكەن . دېمەك ، يەندىمۇ ، خۇاڭدىمۇ غەربىي جەنۇبتىكى
ياۋ ، يى قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئاتىسى ئەمەس ،
ۇلاردا يەندىگىمۇ ، خۇاڭدىغىمۇ مىللىــــي مۇھەببەت يوق .
واڭدۇڭ ، گۇاڭشى ۋە يۈننەندىكى بەييۆ قەبىلىسى (تارىختا
ن ، خەن دەۋرلىرىدىن بۇرۇن چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا
ە ئاياغ ۋادىلىرىدا ياشىغان ، كېيىنكى زامانلاردا قىسمەن
ەنزۇلارغا قوشۇلۇپ كەتكەن ، قىسمەن ھازىرقى جۇاڭ ، لى ،
ەي مىللەتلىرى بىلەن نەسىلداشلىق مۇناسىۋىتــى بولغان
ەلق) ، شىمالدىكى موڭغۇل مىللىتى ، تىبەت ، تۇڭگان ،
انجۇ ، ئۇيغۇر ، قازاق قاتارلىق مىللەتلەر ئۇ زامانلاردا تېخى
ەكىللەنمىگەن ؛ شۇنىڭ ئۇچۇن يەندىمۇ ، خۇاڭدىمۇ ئۇلارنىڭ
اتىسى ئەمەس ، ئۇلاردا يەندىگىمۇ ، خۇاڭدىغىمۇ مىللىــــي
ۇھەببەت بولمايدۇ . شۇ سەۋەبتىن ، بىز خۇاڭدىنى پۈتكۈل
ۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق ئاتىسى ، دەپ قارىيالمايمىز ،
يەندى ، خۇاڭدى ئەۋلادى» دېگەن سۆزنى جۇڭخۇا پەرزەنتلىرى-
ىڭ ئورتاق نامى قىلىۋېلىــــش يارىمايدۇ ، يەندى ، خۇاڭدى
ەدەنىيىتىنىمۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئورتاق مەدەنىيىتى دەپ
اراش يارىمايدۇ . ئۇنداق بولمايدىكەن ، مەنمەنچىلىك تەرغىب
ىلىنغان بولىدۇ - دە ، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ كۆڭلى ئازار
ەيدۇ .

ئەمدى چىن سىخۇاڭ مازىرىغا ۋە ئۇ يەردىكى لەشكەر ، ئات
ەيىنىسىگە كېلەيلى .

چىن سىخۇاڭنى خۇاڭدىغا زادىلا ئوخشاتقىلى بولمايدۇ . چىن
سىخۇاڭ جۇڭگودا قەدىمكى ئەڭ زالىم پادىشاھ بولۇپ ، 20

مىليون ئادەمنى قۇل قىلىپ ئىشلەتكەن، مىليونلىغان ئادەمنى قىرىپ تاشلىغان، نۇرغۇن قەدىمىي مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنى نابۇت قىلغان؛ چوڭ بىر پۈتۈنلۈككە رىئايە قىلىش، بىر ئوققا چېتىش، ھوقۇقنى يۇقىرى دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈش، پادىشاھ ئىستىبداتچىلىقىنى يولغا قويۇش تۈزۈملىرىنىڭ ئىككى مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىت دەۋر سۈرۈشىگە ئاساسچى بولۇپ، جۇڭگونىڭ ئىلگىرى بېسىشىغا توسقۇن بولغان. ئۇ، جۇڭگونىڭ يەنە بىر قېتىم (بىرىنچى قېتىم ئەمەس) بىرلىككە كېلىشىدە يارامىلىق خىزمەت كۆرسەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى چوڭ-چوڭ جىنايەتلىرىنى ياپالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بىز چىن سىخۇاڭ مازىرى، لەشكەر ۋە ئات دەپىنىلىرى دېگەندەك ساياھەت-تاماشا بايلىقلىرىمىزدىن تولۇق پايدىلىنىشتا چىن سىخۇاڭنىڭ زالىملىقىغىمۇ تىل تەگكۈزۈشمىز، ئۇنى تولىمۇ ئاشۇرۇپ پەردازلىماسلىقىمىز، جۇڭگو ۋە چەت ئەل ساياھەتچىلىرىنى، بولۇپمۇ ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنى چىن سىخۇاڭنىڭ ھەددىدىن ئاشقان زالىملىقىغا ۋە چېكىدىن ئاشقان نەپسانىيەتچىلىكىگە زوقلىنىدىغان قىلىپ قويماسلىقىمىز لازىم.

سەددىچىن سېپىلى تارىخىي مەدەنىيەتلىك قىممىتى جەھەتتىن ئىككى يۈزلۈك خۇسۇسىيەتكە ئىگە. قەدىمكى ئادەملەر سەددىچىن سېپىلىنىڭ باشلىنىدىغان ئاغزى بولغان شەنخەيگۇەن تۇمشۇقىدا بىر تەرەپتىن، ھەملە قىلىپ تۇرغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزدەك ھەيۋەت ئۆتكەل قۇرغان بولسا، شۇنىڭ بىلەن تەڭ پەلەكتىن ئاشقان ئاھ-زارى بىلەن سەددىچىننى ئۆرۈپ تاشلىغان مېڭ جياڭنۇ خانىمغا مازار سالغان (خەنزۇ تىلىنىڭ قامۇسى «سىخەي» دىكى شەرھكە قارىغاندا، مېڭ جياڭنۇ خانىم چىن سىخۇاڭ دەۋرىدە ياشىغان ئايال. ئۇ، ئېرى سېپىل سوقۇش ئالۋىنىغا تۇتۇلۇپ كەتكەندىن كېيىن، قىشلىق يېپىنچا



ئاپىرىپ بېرىش ئۈچۈن ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ، ئېرىنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، يول ئۈستىدە پىغان بىلەن ئاھ ئۇرۇپ زار يىغلىغان. سېپىل ئاھ-زارغا بەۋا كېلەلمەي ئۆرۈلۈپ چۈشكەن، شۇنىڭ بىلەن ئېرىنىڭ جەسىتى سېپىلنىڭ تېگىدىن ئاشكارىلىنىپ چىققان. مېڭ جياڭنۇ خانىم ئېرىنىڭ ئىشقىدا، پادىشاھنىڭ زۇلمى دەستىدە ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەن). بۇ ئەھۋال جۇڭگو خەلقىنىڭ سەددىچىن سېپىلىگە مۇھەببىتىمۇ، لەنەت-نەپرىتىمۇ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. يەنى سېپىلنىڭ ھەشەمەتلىك، ھەيۋەتلىك كۆرۈنۈشىگە، ئۇنىڭ دۇنيا بويىچە تەڭدىشى يوق قۇرۇلۇش ئىكەنلىكىگە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ شۇ سېپىل بىلەن نامايان بولغان ۋەتەننى قوغداش، تاشقى تاجاۋۇزغا قارشى تۇرۇش روھىغا ۋە جاسارىتىگە مۇھەببەت باغلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ چىن دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن نەچچە يۈزمىڭ ھەتتا مىليونلىغان جۇڭخۇا پەرزەنتلىرىنىڭ بېشىغا چىقىپ، بالىسىدىن، ئېرىدىن، ئاتىسىدىن ئايرىلىپ قېلىش دەردىنى تارتقان بىچارە بوۋاي، موماي، تۇل خوتۇن ۋە يېتىم ئوغۇللارنىڭ كۆپىيىشىگە زامىن بولغانلىقىغا نەپرىتىمۇ بار. ھالبۇكى، جۇڭگو خەلقى شۇنداق نۇرغۇن بەدەل تۆلەش ھېسابىغا سېلىنغان سەددىچىن سېپىلى ھونلارنىڭ چىن خەلقىگە، خەنزۇ خەلقىگە كەينى-كەينىدىن قىلغان ھۇجۇملىرىنى توسۇيالمىغان؛ شەرقىي جىن سۇلالىسىدىن كېيىن «بەش يات خەلقنىڭ خەنزۇلار دىيارىغا سالغان پاراكەندىچىلىكى» نىمۇ توسۇيالمىغان؛ لياۋ، جىن خەلقىنىڭ، چىڭگىزخان ئەۋلادىنىڭ جۇڭگوغا ھۆكۈمرانلىق قىلىشىنى توسۇيالمىغان؛ ياپون فاشىستلىرى مىلىتارىستلىرىنىڭ جۇڭگوغا باستۇرۇپ كىرىپ 30 نەچچە مىليون خەلقنى قىرىپ تاشلىشىنىمۇ توسۇيالمىغان. شەنخەيگۇەن ئۆتكىلىدىكى مېڭ جياڭنۇ خانىم مازىرىدا كاڭشى پادىشاھ يازغان لەۋھەدە

«سەددىچىن سېپىلى ئاھ ـ زاردىن بىنا بولغان» دېگەن ئىبا
بار . «ئاھ ـ زاردىن بىنا بولغان» دېگەن سۆز تولىمۇ چوڭقۇر
تولىمۇ جايىدا ئېيتىلغان ! ھازىرقى ۋاقىتتا سەددىچى
سېپىلىنىڭ ئەجايىپ قىممىتىنىلا كۆككە كۆتۈرۈۋاتقان
خۇاڭدىغا ، چىن سىخۇاڭغا ، سەددىچىن سېپىلىغا توغرىلىغان ب
تەرەپلىمە باھالىرىنى تارىخقا ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇ
مەكتەپ دەرسلىكلىرىگە كىرگۈزۈۋاتقان ئىلىم ـ بىلى
ئەھلىلىرىنىڭ تارىخشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملىرى بۇنىڭد
300 نەچچە يىل ئىلگىرىكى كاڭشى پادىشاھقىمۇ يەتمەيۋاتسا
بۇنىڭغا قانداقمۇ ھەسرەتلەنمەي تۇرغۇلۇق ؟ !



قانائەتسىز ئادەمنىڭ قوڭى ئارام تاپقىنى بىلەن
مېڭىسى ئارام تاپالمايدۇ .



# جۇڭگو خەلقى ئەجدىھاغا «ئاشىق»مۇ

*بەزى ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇرىدا ، شۇ قاتاردا كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ تەسەۋۋۇرىدىمۇ ئەجدىھا دەپ ئاتىلىدىغان بىر مەخلۇق مەۋجۇت . لېكىن بۇ تەبىئەت دۇنياسىدا مەۋجۇتمۇ ياكى ئادەمزات دۇنياسىدا مەۋجۇتمۇ ، بۇنىڭ جاۋابى مەجھۇل . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ئۇنىڭ بويى ئۇزۇنمىش ، تېنىدە يالتىراپ تۇرىدىغان قاسراقلىرى ، بېشىدا مۈڭگۈزى ، بېقىنىدا پۇتلىرى بارمىش ؛ ئۇ ھەم يەردە ماڭالايدىغان ، سۇدا ئۈزەلەيدىغان ، ئاسماندا ئۇچالايدىغان ، ئۇچىرىغاننى ھام قىلىپ يۇتۇۋېتەلەيدىغان ، ۋاقتى كەلسە بۇلۇت پەيدا قىلىپ يامغۇر ياغدۇرالايدىغان ، جۇدۇن ـ چاپقۇن پەيدا قىلالايدىغان ئاجايىپ سۈرلۈك ھەم سىرلىق مەخلۇقمىش . بۇ كارامەت مەخلۇق توغرىسىدا ھەر مىللەت ، ھەر ئادەمنىڭ چۈشەنچىسى ئوخشاش ئەمەس . خەنزۇ خەلقىنىڭ قارىشىچە ، ئەجدىھا فېئودالىزم دەۋرىدە خان ـ پادىشاھلارنىڭ سىمۋولى ئىكەن ، ئۇنى ئەزىزلەش يۈزىسىدىن خان ـ پادىشاھلارنىڭ لازىمەتلىكلىرىگە ، مەسىلەن ، شاھانە تونلىرىغىمۇ ، كارىۋات ، تۆشەكلىرىگىمۇ كەشتە ـ نەقىش بىلەن قوندۇرۇپ قويىدىكەن ، يەنى خەنزۇچە «ئەجدىھا» دېگەن سۆزنى چاپلاپ قويىدىكەن ؛ بەزىلەر خەنزۇچە «ئەجدىھا» دېگەن سۆزنى فامىلە قىلىپ قوللىنىدىكەن ( «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» گە قاراڭ ) . بىز ئۇيغۇر خەلقى ئەجدىھانى ئەپسانىۋى چوڭ يىلان ، دەپ چۈشىنىمىز . بۇ چۈشەنچە بويىچە ئەجدىھا ئەپسانىلەردىكى ھەر خىل قىياپەتكە ئۆزگىرەلەيدىغان ، باشقىلارنى سېھىرىي كۈچى بىلەن ھەر خىل قىياپەتكە كەلتۈرەلەيدىغان ھەمدە ئالدىغا كەلگەن نەرسىنى يالماپ يەپ تۈگىتىدىغان قانخور ، ياۋۇز ، زالىم مەخلۇقتۇر . ئەجدىھا يەتتە باشلىق يالماۋۇز ، دەپمۇ ئاتىلىدۇ ( «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» I توم 237 ـ بەتكە ، VI توم 490 ـ بەتكە قاراڭ ) . خەنزۇچە «خېبېي گېزىتى» ئىگىدارچىلىقىدا چىقىدىغان «زاۋېينباۋ» ( «فېلىيەتون گېزىتى» ) نىڭ 2000 ـ يىل 23 ـ ماي سانىدا ۋېن لياڭچىن ئىمزاسى بىلەن ئېلان قىلىنغان «جۇڭگو خەلقى ئەجدىھاغا ئاشىقمۇ؟» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ماقالىنى تۆۋەندىكىچە تەرجىمە قىلىپ ، ئوقۇرمەنلىرىمىزنىڭ بەھرىگە سۇندۇم ، ئوقۇپ بېقىشىڭلارغا ئەرزىيدۇ قالار .*

ماقالىدە مۇنداق يېزىلغان :
ۋاقىت تولىمۇ يۇگۈرۈك ئىكەن ، ئەجدىھا يىلى كىرگەندىن

كېيىن كۆزنى يۇمۇپ ، ئاچقۇچە بىرنەچچە ئاي ئۆتۈپ كەتتىپىنكى زامانلاردا ئەجدىھانىڭ پۇشتى ئىنچىل نەسىل سۇرۇپ
ئەمدى پاراڭ قىلىپ بەرسەم ، «مودا قوغلىشىپتۇ» دەيدىغىلدى ، ھەتتا ھازىرقى كۈندىمۇ ئەجدىھانىڭ جىسمى ،
گەپ ـ سۆزگە قالمايدىغاندەك تۇرىمەن . ۆلەڭگىسى كۆز ئالدىمىزدا ئۇچراپ ، نامايان بولۇپ تۇرماقتا .
ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، يېڭى ئەجدىھا يىلى ئەمدىلا باشلانىۆڭا ئىدىيە جەھەتتە پىكرى خېلىلا ئوچۇق ھەم يېڭى بولۇپ
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، ئوقۇرمەنلەر ھەپتىلىك مەجمۇئەلىرىدىنۇلغان شۇ ئوقۇرمەنلەر مەجمۇئەسىدىكى «مۇھەررىرنىڭ
بىرى قاتاردىن قالماي ، بىر پارچە ئەجدىھا رەسىمىنى ئوتتۇرۆزى» دىمۇ : «ئەجدىھا — جۇڭگو خەلقى تولىمۇ ياخشى
چىقىرىپتۇ ، شۇ رەسىمنىڭ يېنىغا «ئەجدىھا يىلى خەيرلۆرىدىغان بۇ مەخلۇق بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا سىڭىپ كەتكەن» .
بولسۇن» دېگەن سۆزلەرمۇ بېسىلىپتۇ . بۇ ، ئەلۋەتتە ، ئارزۇ «ئەجدىھانىڭ پۇشتى ›» دېگەن ناخشىدا قەدىمىي تارىخقا ئىگە
ئۇمىدنى بىلدۈرىدىغان سۆز . بىراق ، ئەپسۇسكى ، ئەجدىھا يۇتىنىمىزنىڭ ئەجدىھا بىلەن دەرد ـ ئەلەمنى تەڭ تارتىدىغان ،
بايرىمى ئەمدىلا ئاياغلاشقاندى ، خەيرلىك بولمىغان شاھەت ـ پاراغەتنى تەڭ كۆرىدىغان ئايرىلماس مۇناسىۋىتى
خەۋەرلەر كەينى ـ كەينىدىن كەلگىلى تۇردى : جياۋزۇ شەھىرلىقى بايان قىلىنىدۇ» دەپ يېزىلغانلىقىدىن ئەجەبلىنىش
70 نەچچە تىرىك جان ئوتتا كۆيۈپ ئۆلۈپتۇ ؛ ئۈچ نەپەر ئۆسماجەتسىز بولسا كېرەك .
بالا ئىككى يېرىم كوي پۇلنىڭ كاساپىتى بىلەن جېنىد ئۇنداق گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ ئادەمنى گالۋاڭلاشتۇرغاد.
ئايرىلىپتۇ . دېمەك ، ئەجدىھا يىلى ئۇ قەدەر خەيرلىن كۆرە قىلمىغان تۈزۈك .
ئەمەسكەن . بۇ يەردە ئۇنداق خەيرلىك بولمىغان پاراڭلارنى شۇ ئەپسانىۋى مەخلۇققا زادى قانچىلىك «جۇڭگو خەلقى»
قويۇپ تۇرايلى ، بەزى ئادەملەرنىڭ زىتىغا تېگىپ كەتمىگەيېرىس ـ ئاشىق؟ بۇنى بىلمەيمەن . چۈنكى ئۇنىڭ راست
پاراڭنى باشقا ياقتىن باشلايلى . ھېلىقى مەجمۇئەدىكەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن ئەمەس ، يوق
ئەجدىھانىڭ رەسمى يېنىدىكى ئىزاھتىن قارىغاندا ، جۇڭئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشمۇ مۇمكىن ئەمەس . قانداق بولسا
ئادەملىرى ئەجدىھادىن ئايرىلالمايدىكەن . بۇنىڭدىن 6000 يىبولسۇن ، «جۇڭگو خەلقى» جۇملىسىدىن بولغان پېقىر (ئاپتور
ئىلگىرىكى «ياڭشاۋ مەدەنىيىتى» (خۇاڭخې ۋادىسىدىكى يېۋىن لىياڭچىن — تەرجىمان ئىزاھى ) ئۇنداق ياۋۇز، زالىم بىر
تاش دەۋرىدە ۋۇجۇدقا كەلگەن ، گۈللۈك ساپال قاچىلار بىلەرسىنى ياخشى كۆرمەيمەن ، پالانى ـ پوكۇنىلار ئەجدىھاغا
مەشھۇر بولغان ، گۈللۈك ساپال مەدەنىيىتى دەپمۇ ئاتىلىدىغېرىس ، ئاشىق ئىكەن ، دەپ ئاڭلىغىنىممۇ يوق . بۇنىڭدىن
مەدەنىيەت — تەرجىمان ئىزاھى ) نىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىكى يىل ئىلگىرى «دېھقانلارغا كىم ۋەكىللىك قىلالايدۇ ؟»
قالغان خارابىلىرىدىن قۇلۇلە قاپلىرى بىلەن تىزىپ ياسالغسەرلەۋھىلىك ماقالەمدە : «بىزدە شۇنداق ‹ئالاھىدە
ئەجدىھا شەكلىدىكى نەرسىلەر تېپىلغان ؛ ئەنە شۇ نەرسىلخۇسۇسىيەت › لىك ، ئۆزىمىزگە ‹خاس › ھادىسە باركى ، بەزىلەر
ھازىرغا قەدەر ھەممىدىن بۇرۇن تېپىلغان ئەجدىھا ئىسكىلىتئاغزى ئېچىلسىلا ئانچە مىڭ ، مانچە تۈمەن خەلققە ھەتتا پۈتكۈل
ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ «تۇنجى جۇڭخۇا ئەجدىھاسى» دەجۇڭگو خەلقىگە ‹ۋاكالىتەن › ۋەھاكازا دەيدۇ ، ئەمەلىيەتتە ئۇنى
تەرىپلىنىپ كېلىۋېتىپتۇ . ياڭشاۋ مەدەنىيىتى دەۋرىدىكىم ‹ۋەكىل › قىپتۇ ؟» دەپ تەنقىد قىلغانىدىم . ھازىر ئىككى

يىل ئۆتتى ، خەلقنىڭ ئىرادىسىگە زورلۇق قىلىدىغان ھادىسى
يەنىلا ئىلگىرىكىدەك مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇپتۇ ، بۇنىڭغا
دېگۈلۈك ؟ !

ئەجدىھا زادى قانداق نەرسە ؟ «مۇھەررىرنىڭ سۆزى»
قارىغاندا ، «بۇ مەسىلىنى بۇرۇندىن تارتىپ تاكى ھازىرغىچە
سان- ساناقسىز مەلۇماتلىق ئادەملەر ، ئالىملار تەتقىق قىلىپ
تەھقىقلەپ ، ئاخىر خېلىلا بىرلىككە كەلگەن مۇنداق بىر
خۇلاسىنى چىقارغان : سېھىري كۈچى بىلەن ئالەمنى
قىلالايدىغان شۇنداق كارامەت سىرلىق ئوبراز ئىپتىدائىي
ئۇرۇقداشلىق جەمئىيىتىدە توتېمىزمدىن پەيدا بولغان ؛
تۈرلۈك ھايۋاناتقا بولغان توتېم (چوقۇنۇشتىن شەكىللەنگەن
مەبۇد ) لارنىڭ يۇغۇرۇلۇشى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان
خىيالىي مەخلۇقتۇر» . دېمەك ، دۇنيادا ئەجدىھا دېگەن نەرسە
مەۋجۇت ئەمەس ، بىزنىڭ قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە چوقۇنۇپ
كېلىۋاتقىنىمىز يوق نەرسىدۇر .

يوق نەرسە ئىكەن ، «جۇڭگو خەلقى» شۇ نەرسىنى
ھەقىقەتەن ھېرىس ئىكەن ، خەير ، بۇنىڭغىمۇ مەيلى . گەپ
يەردىكى ، مېنىڭ بىلىشىمچە ، ئەجدىھا دېگەن بۇ ئويدۇرما
نەرسىگە بۇرۇندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئاشىق بولۇپ كەلگەن
ۋە كېلىۋاتقانلار «جۇڭگو خەلقى» ئەمەس ، بەلكى «جۇڭگو
خەلقى» نىڭ خان - پادىشاھلىرىدۇر . ئەجدىھانى «جۇڭگو
مىللەتلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بۇيانقى ئەنئەنىۋى بەلگىسى» دېگەن
كۆرە ، جۇڭگونىڭ بىرنەچچە مىڭ يىللىق فېئوداللىق
ئىستىبداتچىلىقىنىڭ بەلگىسى ، جۇڭگودا ئۆتكەن خان
پادىشاھلارنىڭ بەلگىسى ، دېگەن تۈزۈك ؛ ئۇنى بىر خىل
سۈرلۈكلۈك ، زالىملىقنىڭ بەلگىسى ، رەھىمسىزلىك
ياۋۇزلۇقنىڭ سىمۋولى ، دېگەن تۈزۈك . «ئەجدىھا سۈپەت
پادىشاھنىڭ قەھر - غەزىپى ئۆرلەپ» كەتسە ،



تۇرۇشىدە ، ئادەم ئۆلتۈرگەندىن كېيىن «سۆرەپ چىقىپ
نىقا تاشلاپ بېرىلسۇن» دەپ پەرمان بېرىشىدە شەك يوق . بۇنى
نداقمۇ «ياخشى ، ئارزۇلۇق ئوبراز» دېگىلى بولسۇن ؟ !
ۇھەررىرنىڭ سۆزى» دە : ئەجدىھا «فېئودالىزم جەمئىيىتىدە
- پادىشاھلارنىڭ دەخلى يەتكۈزگىلى بولمايدىغان مۇقەددەس
رازىدۇر» دەپ ئېتىراپ قىلىنغان . بۇ گەپچە ، ئەجدىھا دې-
ك ــ خان - پادىشاھ دېمەكتۇر ، خان - پادىشاھ دېمەك ــ
جدىھا دېمەكتۇر ياكى ئەجدىھا سۈپەتلىك پادىشاھ دېمەكتۇر .
نداق ئىكەن ، «جۇڭگو خەلقى» ئۇنى قانداقمۇ ياخشى
رسۇن؟ ئۇلار ئەجدىھاغا ھېرىس بولسا ، خان - پادىشاھقا
رس بولغان بولىدۇ . لېكىن بىزدە تارىختا پادىشاھ بارلىقتا
لگەندىن بۇيان ، «جۇڭگو خەلقى» نىڭ پادىشاھنى ياخشى
رمەيدىغانلىقى ، پەقەت پادىشاھتىن ھېيىقىپلا يۈرىدىغانلىقى ،
لقىنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى پەقەت پادىشاھنىڭ تەختى - تاجىسى
كەنلىكى ئىسپاتلىنىپ كەلدى ، خالاس . بەزى دېھقانلار
زغىلاڭلىرى داھىيلىرىنىڭ ھەتتا بەزى تۆرە - خوجىلارنىڭ
قىستىمۇ بىر قېتىم پادىشاھ بولۇپ باقسام ئىكەن ، دېگەن
زۇ - ئارماندىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك ؛ بەزى
ملەرنىڭ يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ ، «پادىشاھلىقنىڭ نۆۋىتى
، كېلەر يىلى نۆۋەت پېقىرغا كېلىدۇ» دەپ «كەچۈرگۈسىز
ناھ» لىق گەپلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلىشىدىكى مۇددىئامۇ
نگدىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك . ئۇنداق ئەھۋاللار شۇ
ملەرنىڭ «ئەجدىھا سۈپەت پادىشاھ» قا ئامراق ئىكەنلىكىنى
لدۇرمەيدۇ . بۇنى شىنخەي ئىنقىلابىدا پادىشاھلىق تۈزۈم بىكار
لىنغاندىن كېيىن ، يۈەن شىكەي پادىشاھلىق تۈزۈمنى ئەسلىگە
لتۇرۇشكە ئۇرۇنغىنىدا پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ يەتتە
تىن 70 ياشقىچە ھەممىسىنىڭ لەنەت - نەپرەت ياغدۇرغانلىقى
ئايىتى ئوبدان چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . خۇددى بەزىلەرنىڭ

دېگىنىدەك : «شىنخەي ئىنقىلابى مانجۇ پادىشاھلارىنىلا قوغلاپ قالماستىن ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ھەرقانداق يول بىلەن پادىشاھلىق قىلىشىغىمۇ قارشى تۇردى» . دېمەك ، «جۇڭگو خەلقى» ئەجدىھاغا ــ ئەسلىدە بىرنېمە دەپ، ئېغىزغا ئالغۇچىلىكىمۇ يوق بىرنېمىگە ــ خۇشتار ئەمەس .

«جۇڭگو خەلقى» ئەجدىھاغا ئامراق ، ئەجدىھادىمۇ «زامانىۋى نەپەس يوق ئەمەس» دەيدىغان كاجلىقلارغا كەلسەك، ئۇنداق كاجلىقلار شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزلىرىدە «ئەجدىھا ئىشقى» بارلىقىنى بىلدۈرگەندىن باشقا ، خۇددى «جۇڭگو خەلقى» باشقىلارنىڭ زۇلۇم قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ ، دېگەنگە ئوخشاش تەلۋىلىك ئەمەسمۇ ؟ !

بەزىلەرنىڭ ئۆزلىرىنى ئەخمەق قىلغاندىن تاشقىرى باشقىلارنىمۇ ئەخمەق قىلىشىدىن ھەزەر ئەيلەيلى .



دەرسخانىدىكى غەم



# ھەممە ئادەمدىن تارىخ قالىدۇ

ئۆتۈپ كەتكەن ئاشۇ بىر چاغنىڭ تارىخى «سىرلىق ئوردا» لىقتىن ئاللىقاچان قالغان بولسىمۇ ، بىرمۇنچە ئادەم ئۇ يەرنى يەنىلا سىرلىق قىلىپ تۇرماقتا . مەن ھەرقاچان شۇ «سىرلىق ئوردا»ئالدىدىن تاسادىپىي ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ، گۈڭگا كۆرۈنۈپ تۇرغان دېرىزىسىدىن ئىچىگە قاراپ ، نۇرسىز ، زەي پۇراپ تۇرغان ھالىتىگە كۆزۈم چۈشكەندە ، ئۇزاققىچە ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالماي قالىمەن ، ئىچىم سىقىلىپ ، يۈرەكلىرىم لەختە بولغاندەك بولىمەن . نەن يەنىنىڭ «ئەۋلادلىرىمىزنىڭ ئاھ ـ زارى» سەرلەۋھىلىك ئەسلىمىسىنى ئوقۇغىنىمدا ، ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاھ ـ زارى بۇياقتا قېلىپ ، ئۆزىمىز ئۈچۈن ئاھ ئۇرۇپ قالدىم ، ئىنسانىيلىق دەردلىرى ئۈچۈن پىغان چەكتىم !

1958 ـ يىلى ئارمىيە ئىچىدە «دوگماتىزمغا قارشى كۆرەش» قوزغىلىپ ، مۇداپىئە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى ھەم قوشۇمچە تەلىم ـ تەربىيە تەپتىشلىك بۆلۈمىنىڭ باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك شياكېنى باش قوماندان قىلغان ، تەلىم ـ تەربىيە تەپتىشلىك بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى گېنېرال پولكوۋنىك لى دانى مۇئاۋىن قوماندان قىلغان ئاتالمىش «پارتىيىگە قارشى مەزھەپچىلىك گۇرۇھى» تارتىپ چىقىرىلدى . بىر تۈركۈم ئالىي دەرىجىلىك گېنېراللار ۋە يۇقىرى ، ئوتتۇرا دەرىجىلىك كادىرلارنى «پارتىيىگە قارشى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇشتى . شۇ كۈرەشتە مارشال ليۇ بوچېڭغىمۇ «ئوق تەگدى» ، پەشۋا بېرىلدى . شۇ كۈرەشكە كونكرېت

قوماندانلىق قىلغان ئادەم ئۆز ۋاقتىدا ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ خىزمىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ تۇرغان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى، مارشال پېڭ دېخۇەي ئىدى. شىياۋكېنىڭ ئوخشاشمىغان پىكىرلىرىمىزنى ئالماشتۇرۇپ باقايلى دەپ يېزىپ ئۇنىڭغا بەرگەن خېتى مارشال پېڭ دېخۇەيگە «ھۇجۇم قىلغان» لىقىنىڭ جىنايى دەلىلى بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا ئۇنى «دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىدىن قۇسۇر ئىزدەپتۇ» دېيىشتى. ياندۇرقى يىلى يەنى 1959 ـ يىلىدىكى مەشھۇر لۇشەن يىغىنىدا پېڭ دېخۇەينىڭ بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشتى، ئۇنىڭ ماۋ زېدۇڭغا سۇنغان «10 مىڭ سۆزلۈك خەت» ىمۇ ماۋ جۇشىغا «ھۇجۇم قىلغان» لىقىنىڭ جىنايى دەلىلى بولۇپ قالدى.

شۇ كۈنلەردە جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىرى بولۇپ تۇرغان، ئۆزىنى «ماۋ زېدۇڭنىڭ باش مۇھاپىزەتچىسى» دەپ يۈرىدىغان لو رۇيچىڭ «ئىنقىلابىي ھوشيارلىقى ئۈستۈن»، «كۈرەشتە قەتئىي» بولغانلىقىنىڭ مۇكاپاتى ئۈچۈن، «پارتىيىگە قارشى پېڭ دېخۇەي، خۇاڭ كېچىڭ، جاڭ ۋېنتيەن، جۇ شياۋجۇلار گۇرۇھىنىڭ 2 ـ كاتتىۋېشى خۇاڭ كېچىڭنىڭ ئورنىغا ج ك پ مەركىزىي ھەربىي كومىتېتىنىڭ باش كاتىبلىق، باش شتاب باشلىقى (زۇڭسەنمۇجاڭ) لىق ۋەزىپىسىگە ئېرىشتى ھەمدە گوۋۇيۈەنگە مۇئاۋىن زۇڭلى، دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا مۇئاۋىن مىنىستىر قىلىپ تەيىنلەندى. ئۇنىڭ تەختتىكى ئورنى تېخى ئەمدىلا ئىسسىۋاتقاندا، يۇقىرىدىكىلەرنىڭكىگە ئوخشاش تەقدىر ئۇنىڭمۇ بېشىغا كەلدى: لىن بياۋ، يې چۈن تەرىپىدىن «سىياسەتنى گەۋدىلەندۇرۇشكە قارشى چىققان»، «ئارمىيىنى چاڭگىلىغا كىرگۈزىۋېلىپ پارتىيىگە قارشى تۇرغان» قارا نىيەت دەپ قارىلىنىپ، جىسمانىي ئەركىنلىكىدىن مەھرۇم بولدى. ئاخىر ئۇ يۇقىرى قەۋەتلىك بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلمەي،



پۇتىنى سۇندۇرۇۋالدى؛ يەنە تېخى «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» جەريانىدا «پارتىيىگە قارشى پېڭ دېخۇەي، لو رۇيچىڭ، لو دىڭيى، ياڭ شاڭكۇن گۇرۇھى» نىڭ ئەزاسى، ھەم 2 ـ كاتتىۋېشى، «ئالتوپىلاڭچى» دەپ قارىلاندى. تارىخ گويا ئەنە شۇنداق بىر قېلىپ ئىكەن!

1964 ـ يىلى خې لۇڭ ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىغا «ۋۇزىلىنىڭ پارتىيىگە قارشى مەسىلىلىرى توغرىسىدا دوكلات» سۇنغانىدى، نەتىجىدە، گۇاڭجۇ ھەربىي رايونىنىڭ مۇئاۋىن قوماندانى بولغان ۋۇزىلى ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىپ سوراققا تاپشۇرۇلدى. شۇنىڭدىن ئىككى يىل ئۆتكەندىن كېيىن، خې لۇڭنىڭ ئۆزىمۇ «فېۋرال ھەربىي ئۆزگىرىش» نى قوزغاشقا قۇترىتىش قەستىگە كىرىشكەن «ئۈچكە قارشى ئۇنسۇر» دەپ قارىلىنىپ نەزەربەند قىلىنىپ، سوراققا تارتىلدى، ئاخىر تەقىب ئاستىدا ئۆلدى.

1962 ـ يىلى يۈننەن ئۆلكىلىك پارتكومىنىڭ سېكرېتارى يەن خۇڭيەن «ليۇجىدەن» ناملىق ھېكايىدە «ئېغىر سىياسىي مەسىلە» بار ئىكەن دەپ پاش قىلغاندا، ماۋ زېدۇڭ: «ھېكايىدىن پايدىلىنىپ پارتىيىگە قارشى تۇرۇش بىر چوڭ كەشپىيات ئىكەن» دەپ تەستىق يازغان. يەن خۇڭيەن شۇ پاش قىلىشىدا ھەتتا گوۋۇيۈەننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى شى جۇڭشۈننىمۇ چېتىۋالغان. شۇنىڭدىن تۆت يىل ئۆتۈپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندا، كالتەك ھەممىدىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ بېشىغا تەگدى: تارتىپ چىقىرىلىپ، كۈرەشكە تارتىلدى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەركىزىي گۇرۇپپىسى» نىڭ باشلىقى چېن بودانىڭ قىيىن ـ قىستاقلىرى ئاستىدا ئۆلۈپ تۈگەشتى. ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايدۇ. مەسىلەن: فېڭ شۆفېڭنى «ئوڭچى ئۇنسۇر» قىلىپ قويۇشتا جۇياڭنىڭ باش رول ئوينىغانلىقىدا

شەك يوق ، شىيايەنمۇ بۇ جەھەتتە رەسۋالارچە رول ئوينىغان «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلانغاندىن كېيىن جۇياڭ شىيايەنلەرنىڭ كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرىمۇ فېڭ شۆفېڭنىڭكىدىن قېلىشمىدى . . .

بۇ شۇنداق تولىمۇ ۋەھىمىلىك غەلىتە بىر چاقپەلەككى گويا ھەربىر ئادەم قولىغا ئۆتكۈر خەنجەرنى ئېلىپ ، ئۇنىڭ ئۇچىنى باشقا ئادەمنىڭ بېقىنىغا تەڭلىگەن ؛ ئۆزىنىڭ بېقىنى بولسا باشقىلارنىڭ خەنجىرى تەڭلىنىپ تۇرغان ؛ ھېچقايسىس قولىدىكى جاللاتلىق خەنجىرىنى تاشلاپ قويۇشنى ماقۇل كۆرمىگەن . كىم قولىدىكى خەنجەرنى چۆرۈپ تاشلىسا ش تەقۋادار مۆمىن بولۇپ قېلىشى مۇمكىن بولىسىمۇ ، شۇنداق مۆمىن بوپقالغان تەقدىردىمۇ يەنە تەتۈر پېشانىلىكتىن خالى بولالىشى ناتايىن بولىسىمۇ ، لېكىن شۇنداق باھانە ـ سەۋەبلە ئارقىسىدا بەزى ئادەملەر پېشكەللىكلەردىن قۇتۇلۇپ قېلىش مۇمكىن . قولىدىكى خەنجەرنى ھېچكىم تاشلاشقا ئۇنىمىسا ئۇنىڭ ئاقىۋىتى پەقەتلا شۇنداق بولىدۇ . ھېچقايسىسى ئامان قالمايدۇ !

لى رۇي «لۇشەن يىغىنىدىن ئەمەلىي خاتىرە» دېگەن ئەسىرىدە زەردە بىلەن مۇنداق يېغان چېكىدۇ : «گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام ، شۇ ئون نەچچە كۈنلۈك يىغىندا روھي ھالىتىم ناھايىتى مۇرەككەپ بولدى ، تولىمۇ پەرىشان بولدۇم بۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ يىغىنى تۇرسا ، پارتىيىمىزنىڭ ئالىي رەھبەرلىك قاتلىمىنىڭ يىغىنى تۇرسا ، ئەجەبا ، بىرەر ئېغىز لىللا گەپ قىلىدىغان بىرەر ئادەممۇ چىقمىدى يا ؟ ! دەپ ئويلاپ قالدىم . . .» تەنقىدلەنگەنلەرنىڭ ھەتتا ئۆزىنى ئاقلاش ھوقۇقىمۇ مۇستەبىتلىك بىلەن تارتىۋېلىندى . ياندىكى ئادەملەرغۇ لىللا گەپ قىلالمىسۇن ، ۋىجدانى كۆتۈرمىسىمۇ ھەدەپ پوزىتسىيە بىلدۈرىدىغان گەپلەرنى سۆزلىمەيلا قويسا



بولماسمىدى ؟ ! سۈكۈتنىڭ ئۆزى رازى بولغانلىق ئەمەس ، لېكىن شۇنداق چاغلاردا سۈكۈت قىلىشنىڭ ئۆزى ئەڭ ئاخىرقى ياخشى نىيەتتۇر ۋە ئىنساپتۇر . بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئادەمگە ۋاپا قىلالمىساڭ ، ئۇنىڭغا خەيرىيەت ؛ ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمىسەڭ بولمامدىكەن ؟

مۇنداق بىر مەسىلىگە ئەجەبلىنىپلا ، ئىچىم پۇشۇپلا يۈردۈم : نېمىشقا داھىي بولغان ئادەم بىر بارمىقىنى شىلتىپ قويسىلا ئۇنىڭ ئەتراپىدا قۇيۇن كۆتۈرۈلىدۇ ؟ بوران مەنبەسى (يەنى قۇيۇننىڭ مەركىزى ) بولغان يەرنىڭ ئامان تۇرغانلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، شامال تەگمىگەن يەر ، ئۇچۇق تەگمىگەن ئادەم قالمىدى . ھەممە ئادەم گۇپپاڭچىلىق قىلدى ، ھەممە ئادەم بالايىئاپەت پەيدا قىلغۇچى بولدى ، ھەممە ئادەم يەنە شۇ بالايىئەپەتنىڭ دەردىنىمۇ تارتتى . ئەسلىدە باشقىچە خىيالدا بولۇپ ، نىشانىمۇ ئوخشاشمايدىغان ئادەملەرمۇ زوردىن ـ زورغا بىر نىشانغا تارتىلدى ، شۇنداق قىلىپ تارىخ بىپايان قاينام ھاسىل قىلىپ ، ھەممىنى ئۆزىنىڭ گىردابىغا كىرگۈزدى ، ھەممىنى يالماپ يۇتتى ، ھەممىنى ھالاك قىلدى . بوران چىققاندا بىرەر توپ دەرەخ ئۇنىڭ سۇرىگە بەرھەم بەرمىسە ، شۇ بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ ، بارغانسېرى شىددەتلىك سوقۇپ ، ھەممىنى قاپلاپ ۋەيران قىلىشى مۇمكىن . گەرچە ئاخىرىدا باش بالاخور ، تەبىئىيكى ، مالىمانچىلىقنى قوزغىغۇچىلارنىڭ ئۆزى ۋە بىۋاسىتە پەيدا قىلغۇچىلار بولۇپ چىقسىمۇ ، لېكىن شۇنىڭغا قاتناشقان شىپەتچىلىكى بار ئادەملەر ئۆزلىرىگە لايىق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم ئەمەسمىكەن ؟ قاتناشقانلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭمۇ باشقا بىر مالىمانچىلىقتا پەشۋا يەپ قالغانلىقى سەۋەبى بىلەن سەۋەنلىكىنى سەل چاغلاشقا بولمايدۇ ، جاۋابكارلىققا تارتماسلىققا تېخىمۇ بولمايدۇ .

ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان شۇنى چۈشىنەلمەي كېلىۋاتىمەن :

ئادەملەر نېمە ئۈچۈن مەلۇم شەخسكە تەلۋىلەرچە ئىخلاس قىلىدۇ (يەنى سادىق بولىدۇ)؟ ئەجەبا، ئۇنىڭ ھەققانىيەت، ئادالەت، ئۇلۇغلۇق ۋە غايىنىڭ سىمۋولى بولۇپ تۇرۇۋاتقانلىقى ياكى ئىلگىرى شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ئىخلاس قىلامەدۇ؟ شۇنداق بولسا، نېمىشقا ھەققانىيەت، ئادالەت، ئۇلۇغلۇق ۋە غايىنىڭ ئۆزىگە بىۋاستە ئىخلاس قىلمايدۇ؟ ئۇ، تەڭداشسىز يۇقىرى ھوقۇقنىڭ سىمۋولى بوپقالغاچقا شۇنداقمۇ؟ لېكىن ھېچبولمىغاندا ئادەملەرنىڭ يېرىمى نادان مۇخلىس بولۇپ يۈرمىگەن بولسا، ئۇ ھالدا ئەھۋال باشقىچە بولغان بولاتتى، ئەپسۇسكى ئۇنداق بولمىدى. يىراق ئۆتمۈشنى ئەسلىسەم، قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى كوندىمۇ بۇرۇتى خەت تارتقان تالاي يىگىتلەرنى داغدا قالدۇرغان، قالدۇرۇۋاتقان نازىنىن پادىشاھ ۋۇزېتيەن شۇنچە قۇدرەت تاپقان قەھرلىك مۇستەبىت بولۇپ تۇرۇپمۇ خالىغىنىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالىغان ئەمەس. ھەتتا ئىلگىرى ئۆتكەن پادىشاھلارنىڭ نەزىرىدە ھەممىدىن مۇھىم ۋە چوڭ ئىش دەپ قارالغان، پادىشاھقا تەخت ۋارىسى تەيىن قىلىدىغان ئىش توغرا كەلگەندە ئۆزىنىڭ ئەۋلادىنى تەيىنلەشكە پېتىنالمىغان. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇنىڭغا ئوردىدىكى ئاكابىر - ئەشرەپلەرنىڭ ئۇنىڭ پېشىنى قاتتىق تارتقانلىقى سەۋەبچى بولغان! ماۋ زېدۇڭ تاكى قېرىلىق يېتىپ، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دەك جىددىي خاتالىقلارنى سادىر قىلغۇچە ئەس - ھوشى جايىدا ئىدى. نېمىشقا بىر ئادەم شۇنچە ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن قاپ يۈرەكلىك قىلسا، باشقىلار: خوش تەقسىر، دەپ قول باغلاپ تۇرىدۇ؟ نېمىشقا يالغۇز بىر ئادەملا ھوشيار تۇرىدۇ، قالغان ئادەملەرنى، بولۇپمۇ يۇقىرى قاتلامدىكى ئادەملەرنى غەپلەت باسىدۇ؟ «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» نىڭ پۇتكۇل جۇڭگو ۋە چەت ئەللەر تارىخىدا «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن»، شۇنىڭ بىلەن «مەڭگۈ تەكرارلانماس» بولۇپ



قالغان چوڭ بالايىئاپەتكە ئايلىنىپ كېتىشىگە زامىن بولغان ئىشتىراكچىلارنىڭ ھېچقايسىسى جاۋابكارلىقىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. بىر ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يوغان باشلىق قىلىشى كۆپچىلىكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ قېلىشقا سەۋەبچى بولامدۇ؟ ياكى كۆپچىلىكنىڭ تىلى تۇتۇلۇپ، ئاغزىنى ئۇمەللەپ، گەپ قىلالماي تۇرۇشى بىر ئادەمنىڭ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يوغان باشلىق قىلىشىغا سەۋەبچى بولامدۇ؟ ناھايىتى روشەنكى، ئەھۋالنىڭ كېيىنكىسىدەك بولۇش ئېھتىماللىقى ناھايىتى چوڭ. بۇ يەردە تېخىمۇ مۇھىم مەسىلە شۇكى، بىر ئادەم تەنھا يوغان باشلىق قىلغانىكەن، ئۇنىڭ ئارقىسىدا ماڭىمۇ نەپ تېگىدىكەن دەپ ئويلايدىغان قولچوماقلار ياكى گۆپپاڭچىلار يوق ئەمەس، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق توغرا كېلىپ قالغاچقا ۋاقىتلىق لازىم بولۇپ قالغانلىقىنى، ئىشى تۈگىگەندە خۇددى جۇلىقى چىقىپ كەتكەن ئەسكى كەشىنى تاشلىۋەتكەندەك مۇستەسناسىز تاشلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلسە كاشكى! ئۆتمۈشتىكى بولمىش - قىلمىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەپۇ قىلىش مۇمكىن، لېكىن تارىخنى ئۇنتۇش يارىمايدۇ. ئۇنى ئەينەن، راستچىللىق بىلەن ئەسلەپ، كۆرمىڭ دەرد - ئەلەم بەدىلىگە كەلگەن ساۋاقنى ئەۋلادىمىزغا قالدۇرۇشىمىز لازىم.

تارىخنى زادى كىم يازىدۇ؟ 1959 - يىلى لۇشەندە يىغىن ئۆتكۈزۈلگەندە ماۋ زېدۇڭ جياڭ جيېشى بىلەن سۇڭ مېيلىڭ بىرقانچە قېتىم قونغان «گۈزەل لۇشەن» نامىلىق باغ ھويلا (داچا)دا تۇردى. ماۋ زېدۇڭ بۇ يەرگە بوسۇغا ئاتلاپ كىرگىنىدە ھەممىدىن ئاۋۋال: «جياڭ ۋېيىيۇەنجاڭ، مەن كەلدىم!» دەپتىكەن. مەلۇم بولۇشىچە، ماۋ زېدۇڭ يېنىدىكى خادىملارغا: «تارىخنى غالىبلار يازىدۇ» دېگەنىكەن. دېمەك، بۇ گەپتىن غالىبلارچە غۇرۇر ۋە تەمەننا چىقىپ تۇرۇپتۇ. دۆلەت رەئىسى ليۇ شاۋچى فاشىستلارچە زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرغان

كۆنلىرىدە تولىمۇ ھەسرەت بىلەن : «ھېلىمۇ ياخشى ، تارىخنى
خەلق يازىدۇ . . .» دېگەن سۆزنى قىلغانىكەن . ئاقىۋىتىنى
ئېلىپ ئېيتساق ، پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلەپ تۇرىدۇ ، سۇرگەن
دەۋرانلار بوران ـ چاپقۇنلاردا توزۇپ كېتىدۇ ، بۈگۈنكى غالىب
كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئەتە مەغلۇپقا ئايلىنىشى مۇمكىن
مەيلى مەرد ـ مەردانە بولايلى ، مەيلى كەمتەرىن ئادەم بولايلى
تارىخنى ئاخىر ئۆزىمىز يازىمىز . بىز ھەممىمىز ئۆتۈپ
كېتىۋاتقان ئامانەت ۋاقىتتىكى يولۇچى بىز ؛ ھەممىمىز
ئۆزىمىزنىڭ تارىخنى قالدۇرۇۋاتىمىز ؛ ھەربىرىمىزنىڭ
ئۆزىمىزگە خاس يېگانە ، شەخسىي تارىخلىرىمىز توپلىنىپ ، بىر
پۈتۈن ئىنسانىيەت تارىخنى ھاسىل قىلىدۇ .

بىز ھەربىرىمىز ھەم تارىخنىڭ يارالغۇچىسى ، ھەم
تارىخنىڭ يارانقۇچىسى . مېنىڭ ئەقىدەم ھەرقاچان شۇنداقكى
قائىدە ـ تۈزۈم مۇھىتىنى ساغلاملاشتۇرۇش ھەرقاچان ئەخلاق
ۋىجدان مۇھىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشتىن مۇھىم . دېموكراتىيە
ۋە قانۇن ـ تۈزۈم تەدبىرلىرى نۆۋەتتىكى زۆرۈر ئىشلارنىڭ
زۆرۈرى ، ئەلۋەتتە . شۇنداق بولسىمۇ مەن يەنىلا ئېلىيا ئېرېن
بورگنىڭ : «ئادەملەر مەنىۋى جەھەتتىن ساغلام بولمىسا ، كامال
تاپالمىسا ، ھەرقانداق ئىجتىمائىي ئىسلاھات ، ئىلمىي كەشپىيات
ئىنسانىيەتكە ھەقىقىي تۆھپە يەتكۈزەلمەيدۇ» دېگەن سۆزنى
ئىشىنىمەن . قالۇن كېرەكسىز قىلىنغان يەردە قازان ـ قومۇچ
«سازى جاراڭلاپ باشقىلارنى مەپتۇن قىلىۋالىدۇ جۇمۇ !» (يەنى
ئۆيدە ئەركىشى بولمىسا ئۆچكىنىڭ ئېتى ئابدۇراخمان دېگەن
مەنىدە ـــ مۇھەررىردىن ) قەدىمكى ئۆلىما جۇاڭزى :
«دەرد ـ ئەلەم بولار ، روھىي جەھەتتە ئۆلگەندىن ئارتۇق دەرد
بولماس !» دەپتىكەن . زاماندىن ئاغرىنىش ، جەمئىيەتتىن
رەنجىش ، تۈزۈم ياكى مۇھىتتىن كايىش ـــ بۇنداق قىلىش
مېنىڭچە كۇپايە قىلمايدۇ . جەمئىيەت ھەربىر كونكرېت ئادەمدىن



تەركىب تاپىدۇ ، ناچار تۈزۈملەرنى كۆپچىلىكنىڭ كۈچى بىلەن
ئۆزگەرتىش مۇمكىن . ھەرقانچە ياخشى تۈزۈممۇ ئادەمنىڭ
ئۇبدان ئىجرا قىلىشىغا موھتاج . شۇنداق ئىكەن ، جاۋابكارلىقنى
قانداقمۇ جەمئىيەتكە ، زامانغا ، تۈزۈمگە دۆڭگىگىلى بولسۇن ؟
بۇنداق قىلىشنىڭ ئۆزى ئۆزىگە ، جەمئىيەتكە ئىگە بولماسلىقنىڭ
ئىپادىسى . ئاھ ، ئۆلىسەن ، تۈگەيسەن ، روھىڭ قالىدۇ .
ۋاللاھۇ ئەئلەم بىسساۋاب !

(تۆڭ داخۇەن ئىمزالىقىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل
2 ـ ئاپرېل سانىغا بېسىلغان . )



شاھ بىلەن ناكەسلەر

# پۇتكۇل ئەل كېسەلمۇ .

دورا ئېلانلىرى جاھاننى قاپلىماقتا .
گېزىت ـ ژۇرنال ، رادىئو ـ تېلېۋىزىيىمۇ دور
ئېلانلىرىدىن قۇرۇق قالمىدى ، دورا ئېلانلىرى ھەر يەر
تارقالماقتا ، ياڭرىماقتا .
ئەرلەرمۇ ، ئاياللارمۇ ، قېرىلارمۇ ، ياشلارمۇ دور
يېمەيدىغىنى يوقتەك ، پۇتكۇل ئەلنىڭ ھەممە يېرى دور
دۇكىنىدىن ، ئاپتېكىدىن خالىي ئەمەس ئىكەن .

دورا سۇ ، دورا چاي ، دورا ئۇسسۇلۇق ،
دورا كۆرپە ، دورا يوتقان ، دورا ياستۇق ؛
دورا تاماكا ، دورا ھاراق ، دورا ئوزۇقلۇق ،
يەنە تېخى دورا ئاياغ ، دورا پايپاق بار تولۇق .

چوڭ رەستە ، تار كوچىلارنى ئارىلىسىڭىز ، قاتار كەتكە
دورا دۇكانلىرى ، دورا بوتكىلىرى ؛
كۆرىسىز دائىم ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىپ ـ چىقىپ
تۇرغانلارنى ، ئۇلار شەكسىز شۇ دورا دۇكانلىرىنىڭ خېرىدارى
دورىنىڭ ئېلان قەغەزلىرى ، تەشۋىق ۋەرەقىلىرى ئۇچۇپ
يۈرىدۇ ، كوچىلاردا ، دوقمۇش ـ دوقمۇشتا ، يوللاردا .
ھەتتا شۇنداق ئېلان ، ۋەرەقىلىرى ،
قىستۇرۇقلۇق ئىشىك ، بوسۇغا ئاراشلىرىغا .
ساقايتارمىش گاسنى ، ساقايتارمىش گاچىنى ،
ساقايتارمىش قارىغۇنى ، تاز ھەم چوقۇرنى .



تۇغدۇرارمىش تۇغماسنى ،
ساقايتارمىش پەرزەنت كۆرەلمەس ئەركەكنى .
دورا ئىسسىق ـ سوغۇق مىجەزنى تەڭشەرمىش ،
ئەڭگىزنى ياخشىلاپ قېرىلىقنىڭ ئالدىنى ئالارمىش .
تال ، جىگەر ۋە بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىپ ،
دەردكە داۋا ، رەنجىگە شىپا بولارمىش .
بوۋاق ـ كىچىك باللارغا كالتىسي دورا ئىكەن ،
ئۆسمۈرلەرنى ئۆستۈرىدىغان دورا كوبالت ئىكەن .
ياشلارغا ئىمتىھان ئالدىدا قۇمۇلاق دورا زۆرۈر ئىكەن ،
مېڭىسىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ ، ئېسىنى ياخشىلايدىكەن .
ياشانغانلار دورا بىلەن ياشلىقىغا قايتارمىش ،
قورۇقلىرى تۆكەپ ، چىشلىرى چىقارمىش .
ئاقارغان چاچلىرى قۇندۇزدەك قارىداپ ،
پۇت ـ قولىغا باشقىدىن ماغدۇر كىرەرمىش .
پاپا ئادەم پۇتىغا كىيسە دورىلانغان ئاياغنى ،
ئۆستۈرەرمىش دارازا قىپ بوي ـ بەستىنى .
سەمرىتەرمىش دورا ھەرقانداق جىن ـ ئاۋاقنى ،
ئورۇقلىتارمىش دورا تۇلۇمدەك سېمىز ئادەمنى .
ھەيرانمەن ، پۇتكۇل ئەل كېسەلمىدۇر ؟ !
دورا يېمىسە بولمايدىغان ئاغرىقمىدۇر !

(خې ۋنيۇ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «ھەجۋىي ۋە يۇمۇر» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل 5 ـ ئىيۇن سانىدا ئېلان قىلىنغان .)

# ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ

ئەگەر بىرەرسى سىزگە «چايخانىدا» دېگەن تىياتىرنى 20 قېتىم، «لياڭشەنبو بىلەن جۇيىڭتەي» دېگەن تىياتىرنى 30 قېتىم كۆرۈپ بېقىڭ، دەپ دەۋەت قىلسا ياكى بىر ئاي ئىچىدە ھەر قېتىملىق تاماقتا پەقەت ئۆردەك كاۋىپى بىلەنلا مېھمان قىلسا، دېمەك؛ بىر خىل ئىشنى قايتا - قايتا تەكرارلاتتۇرۇۋەرسە، چىشىڭىزنى چىشلەپ زورمۇزور بەرداشلىق بەرسىڭىز، لېكىن ئاخىرىدا ھەپسىلىڭىز «پۇر» بولماي قالمايدۇ.

چۈنكى، ھەرقانچە مۇڭلۇق ساز بولسىمۇ ئۇنى تەكرار - تەكرار چېلىۋەرسىڭىز، ئۇ ساز خۇددى ياغىسراپ قالغان ھارۋا چاقىنىڭ غىچىرلىشىغا ئوخشاش قۇلاققا ياقماسلىقى مۇمكىن.

لېكىن، ئادەملەر ئۆز تۇرمۇشىدا ئايىغى چىقماس تەكرارلىقلارغا، مەسىلەن، «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرگە بەرداشلىق كېلىدىكەن. «تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن زامانلار» دىكى «بايىقى» ئەھۋاللارنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملەر ھەرقاچان ئېچىلغان يىغىنلاردىكى كۆلكىلىك ئەھۋاللارنى ئۇنتۇمىغان بولسا كېرەك: مۇنبەرگە چىقىپ سۆزلىگۈچىلەر سۆزىنىڭ بېشىدىلا: «ياشىسۇن! تۇمەن مىڭ يىل ياشى- سۇن!»، «مەڭگۈ سالامەتلىك تىلەيمىز!» دەپ تىلەك - ئارزۇسىنى بىلدۈرەتتى؛ ئاندىن كېيىن: «باغۇبوستان گۈللىمەكتە باھار شامىلىدا، ئالتە يى خەلق (جۇڭگونىڭ شۇ چاغلاردىكى نوپۇسى — مۇھەررىردىن) ياشىماقتا مۇقەددەس



ئەلدە - جەننەتتە»، «ھازىر ئېلىمىزنىڭ ۋەزىيىتى چوڭ ياخشى، كىچىك بولمىغان دەرىجىدە ياخشى...» دەپ ئۇندەپ توۋلايتتى. نەچچە «يى»، يەنى نەچچە يۈز مىليون ئادەمنىڭ ئاۋاز چىقىرىدىغان كانىيى گويا پەقەت بىر بولسا، ئۇلارنىڭ پىكىر - خىيالى ۋە تىل - زۇۋانى گويا مەتبۇئاتتىن چىققاندەك بىر تەكشى بولسا، كاشكى!

شۇ زاماندىن تارتىپ جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ بايان قىلىش ئۇسۇلىغا كېسەل چاپلاشقاندى، شۇ كېسەل بىرقانچە يىل ھەرەج قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنىڭ زامانىۋى نۇسخىلىرىمۇ پەيدا بولماقتا. خۇددى ئېغىزغا ئالمىسا خەلقنىڭ تاپا - تەنىسىدىن قۇتۇلالمايدىغاندەك، ھە دېسىلا ۋەزىيەتنى، ھۇ دېسىلا ئەھمىيىتىنى سۆزلەپ كېتىشىدۇ. بىر ئەمەلداردىن نېمىشقا «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنى چاقپەلەكنىڭ چۆرگىلىشىگە ئوخشاش تەكرارلاپ سۆزلەشنى ياخشى كۆرۈسلەر؟ دەپ سورىسام، ئۇ: شۇنداق سۆز بىخەتەر بولىدۇ. ئويلاپ كۆرۈڭ، يوغان گەپ قىلسىڭىز، ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىدىغان ئادەم چىقمايدۇ؛ يوقىلاڭ گەپلەرنى قىلسىڭىز، ئۇنى ھەققەتلەيدىغان ئادەم يوق؛ يىلك باسمايدىغان قۇرۇق گەپلەرنى قىلسىڭىز، ھېچبولمىغاندا ئاڭلاپ ئولتۇرغانلارنى مۇگدەك باستۇرىدۇ. ھەممىدىن ياخشىسى ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ. ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا باش قاتۇرۇپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە «خىزمەت» نى ئادا قىلغان بولىسىز، دەپ جاۋاب بەردى. تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، بۇ جاۋابتا تىل - يېزىقتىن كېلىدىغان بالا - قازادىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشنىڭ، ھۆرۈنلۈقنىڭ ئالامەتلىرى يوق ئەمەس. لېكىن جۇڭگو جەمئىيىتى كۈندىن - كۈنگە مەرىپەتكە، دېموكراتىيىگە قاراپ ماڭماقتا، 21 - ئەسىرنىڭ پارلاق نۇرىدا

ياشاۋاتقانلىكەنسىز ، نېمىگە گۇدرەت قىلىسىز ؟ ! مۇنبەردىكى بىرەر نۇتقىڭىزدا نۆۋەتتىكى ۋەزىيەتنى تىلغا ئالماي قويسىڭىز ، رەھبەرلىك سىزنى ئېغىر تۆۋەن ، ساپاسى ناچار ئىكەن دەپ تەنقىد قىلارمۇ ؟ دوكلاتىڭىزدا ئىسلاھاتنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا بىرئاز گەپ يورغىلاتمىسىڭىز ، دوكلاتىڭىزنى ئاڭلىغۇچىلار مەنچىلىك خاندانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدە ياشاۋاتامدۇق ، نېمە ؟ دېگەن ھېسسىياتقا كېلىپ قالارمۇ ؟

ئەتراپىمىز يوغان گەپلەر ، پۇچەك گەپلەر ، بايىقى گەپلەر بىلەن تولۇپ تۇرۇپتۇ ، سۆزلىگىنى بىكار بولۇپ چىقىدىغان ، سۆزلىگەن بولسىمۇ سۆزلىمىگەنگە ئوخشاش بولىدىغان سۆزلەر تىقىلىپ تۇرۇپتۇ . شۇنداق سۆزلەر يۇقىرى سۇرئەتلىك ئۇچۇر يوللىرىنىڭ دوقمۇشلىرىغا كەپلىشىۋالسا ، ئادەمنىڭ ئىلھام مەنبەلىرىنى توسۇۋالىدۇ ، ئۇچقاندەك تېز ئىلگىرىلەش قەدەملىرىنى چۇشەپ قويىدۇ . ئەپسۇسكى ، «ئاتام ئېيتقان بايىقى گەپ» لەرنى تەكرارلاۋېرىدىغان يامان ئادەت ھاكىمىيەت دائىرىسىدىن ئاخبارات ، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىگىمۇ ۋە ئاۋام ـ پۇقرانىڭ تۇرمۇشىغىمۇ يامراپ بارماقتا . خەۋەر ـ ئاخباراتنى ھۆكۈمەتنىڭ دوكلاتىغا ئايلاندۇرۇپ يېزىش مۇخبىرلارغا ھۈنەر بوپقالماقتا . ھۆكۈمەت دوكلاتىنى ئىلمان قىلىپ يازمىسا ، كىمدۇر بىراۋلار ئالدىدا يەرگە قاراپ قالارمىش . ئەمدىلا دەم ئېلىشقا چىققان بىر پېشقەدەم كادىر بازارغا چىقىپ كۆكتات غالتىكى ئالدىغا بارغىنىدا ، قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادىتى بويىچە بارماقلىرىنى پۈكۈپ ساناپ : «بىزدەك ياشانغانلارنىڭ بازارغا چىقمىقىمىز ئاسان ئەمەس ، بۇ بىر ؛ سېنىڭ كۆكتاتلىرىڭ ئانچە يېڭى ئەمەس ئىكەن ، بۇ ئىككى ؛ سەنچۇ ، سېنىڭ پۇل تاپمىقىڭمۇ ئاسان ئەمەس ، بۇ ئۈچ . . .» دەپتۇ . غالتەكچىنىڭ بۇ ئەزمىلىككە تاقىتى تاق



بولۇپ : «بوۋا ، سىز زادى نېمە ئالماقچى ؟ !» دەپتۇ . شۇ پېشقەدەم يولداش ھېلىقى كۆكتاتچىدىن «تەربىيە» ئالغاندىن كېيىن ، يەنە ھەرقاچان بازارغا كۆكتات ئالغىلى چىقسا ، كۆكتات سالىدىغان سېۋىتىنى ئالدىغا ئېگىز كۆتۈرۈپ ، نەق گەپنىلا قىلىپ : «ئوتياش ، يېڭىسىدىن !» دەيدىغان بوپتۇ .

ئامېرىكىلىقلار بىزگە قارىغاندا چاقچاقچى ئەمەس ، لېكىن شەيتانىراق . ئۇلارنىڭ تولىسى يىغىنلاردا نۇتۇق سۆزلەشنى ئۆزىنىڭ ماھارەت ۋە قابىلىيىتىنى نامايىش قىلىشنىڭ ياخشى پۇرسىتى دەپ قاراپ ، كۈلكىلىك چاقچاقلارنى قىستۇرىدۇ . نۇتۇقنىڭ يازما ئورىگىنالىدا بەزىدە «نۇتۇقنى ئاڭلىغۇچىلارنىڭ كۈلۈۋېلىشىغا يېتەرلىك ئورۇن قالدۇرۇلدى» دەپ ئىسكوپكا بىلەن ئىزاھاتمۇ بېرىدۇ . ئۇلار ھېچبولمىغاندا قايىنىغان داغ سۇغا كوكاكولا ئارىلاشتۇرۇشنى بىلىدۇ . سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قاتناش ھادىسىسى يۈز بېرىپتۇ . ئۇقتىسىنى ئۈزۈپ قاچقان توسۇن ئات بازارغا چاپچىپ كىرىپ ، پاتىپاراقچىلىقتا بىر ئىتنى دەسسەپ ئۆلتۈرۈپ قويۇپتۇ . شۇ چاغدا ئەدىبلەر بۇ ۋەقە توغرىسىدا نەزمە ـ بېيىت توقۇشۇپتۇ ، يەنە تېخى بۇ ھەقتە بىرنەچچە پارچە ئەسەر يازساق قانداق ؟ دەپ مەسلىھەتمۇ قىلىشىپتۇ . لېكىن ئوۋ ياڭشيۇ (سۇڭ دەۋرىدە ياشىغان مەشھۇر ئەدىب ـــ تەرجىمان ئىزاھى ) موي قەلىمىنى بىر تەۋرىتىپ ، شۇ داۋراڭنى پەقەت «سالتاڭ ئات كوچىدا ئىتنى ئۆلتۈرۈپ قويدى» دېگەن قىسقىغىنە سۆز بىلەنلا چۈشەندۈرگەن . ئۇ ، گەپتە سۆزنى قىسقارتىشنىڭ مۇناسىپ ئۇستازىدۇر .

«راۋىلەر رىۋايەت قىلىدۇرلەركى» دېگەندەك گەپلەر بۇگۈنكى كۈندە يوق بولسىمۇ ، لېكىن كىممۇ يۇقىرى سۈرئەتلىك يولدا ئۇچۇر «ئەخلەت ھارۋىلىرى» تىقىلىشىپ قالمايدۇ دەپ ۋەدە قىلالىسۇن . مەيلى ئالغۇ ـ بەرگۈ قىلىشتا

ياكى هۆكۈمەت خىزمىتىدە بولسۇن ، مەقسەتنى ئېنىق ئېيتىسىڭىز ، باشقىلار سۆزىڭىزنى چۈشەنسە ، شۇنىڭ بىلەن ئىش پۈتسە كۇپايە قىلاتتى . ئەدناسى ، تاشقىرىغا ئاچچىقسۇ سېتىۋېلىش ئۈچۈن چىقىدىغان چاغلىق بىر ئىشتىمۇ گەپكە ئۇسما قويۇپ ، پوسما كىيدۈرۈپ ، يۇيۇپ - تاراپ ، سۈرلۈك قىلىپ ياساپ ئاۋارە بولۇشنىڭ نېمە ھاجىتى ؟

(لىن مىڭبو ئىمزاسىدىكى بۇ مۇھاكىمە ئەسلى «جۇڭگو سۈپەت گېزىتى» (خەنزۇچە ) نىڭ 2000 - يىل 30 - مارت سانىغا بېسىلغان . )



«قېرىنداشلار ، مەن سىلەرگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بەرگىلى كەلدىم . . .»



# «تەرەتكە چىقىش ھوقۇقى» توغرىسىدا پاراڭ

مەلۇم بىر ئەپەندى بىر پارچە ماقالىسىدە مۇنداق ھەسرەتلىنىپتۇ : ئۇنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 2 - يىللىقىدا ئوقۇيدىغان ئوغلى ئەتىگەنلىك تاماقنىغا پەقەت «قۇرۇق تائام» لا يەيدىكەن ، دوختۇرلار «سۇيۇق تائام» دەيدىغان چاي ، شۇۋىگۈرۈچ ، سۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى زادىلا ئىچمەيدىكەن . ئۇنىڭ شۇنداق «قاتتىقنى كۆزگە ئىلماي ، يۇمشاقتىن قورقىدۇ » غانلىقىنىڭ سەۋەبى — ئۇ سىنىپتا دەرس ئوقۇۋاتقاندا تەرىتى قىستاپ قالسا تەرەتخانىغا چىقىشتىن قورقىدىكەن .

تەرەتخانىغا چىقىش ئوتقا دەسسەشكە ، سۇغا كىرىشكە ئوخشىمايدۇ ، ئۇنىڭ نېمە قورققۇچىلىكى بار ؟

جانابلار ، بىخۇدلۇق قىلماڭلار ، ئەگەر راستتىنلا لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا دەسسەيدىغان ، شاۋقۇنلۇق دېڭىزغا سەكرەيدىغان ئەھۋال توغرا كەلسە ، 10 ياشلىق گۆدەك ، تەنتەك باللار قارىماي بىلەن ئۆزىنى ئاتىدۇ ، ئۇلار قورقمىسا كېرەك . لېكىن دەرسخانىدا تەرەتخانىغا چىقىمەن دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ ئىلتىماس قىلغاندا ، مۇئەللىمنىڭ ئىككى كۆزىنى مىختەك تىكىپ قارىشى ، گويا ئۆتكۈر خەنجەردەك قادىلىپ تۇرۇشى كىچىك بالىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق ئىززەت - ئابرۇيىنى پۈتۈنلەي تۆكۈۋېتىشى ، غۇرۇرىنى يەرگە ئۇرۇشى مۇمكىن .

شۇ ئەپەندىنىڭ گەپلىرىگە قارىغاندا ، بىر كۈنى ئۇنىڭ ئوغلىنىڭ تەرىتى قىستاپ قالغانىكەن ، قولىنى كۆتۈرگۈسى كەلمەپتۇ ، ئېھتىمال قولۇمنى كۆتۈرۈپ رۇخسەت سورىساممۇ

تەلىپىمنى رەت قىلىشى مۇمكىن ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك . ئۇنداق ئويلاپ ، بۇنداق ئويلاپ ، ئاخىر قولىنى كۆتۈرمەپتۇ - دە ، دەرسخانىدىلا «كىچىك تەرەتنى تۇتالماي» قاپتۇ ، ساۋاقداشلىرىنىڭ مازاق قىلىشىغا چىدىماي ، پەرىشانلىقتا پالاقلاپ يۈگۈرۈپ ئۆيىگە بېرىپ ئىشتىنىنى يەڭگۈشلىۋاپتۇ . دېمەك ، شۇنداق كۈلكىلىك ئەھۋاللار يۈز بەرگەنىكەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن بالىنىڭ ئاتىسى تەرەتخانىغا چىقىش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئۆز بالىسىنىڭ ۋە باشقا بالىلارنىڭ نامىدىن بىر پارچە تەلەپنامە يېزىش نىيىتىگە كەپتۇ . ئالدىغا قەغەزنى قويۇپ ، قەلەمنى قولغا ئالغاندىن كېيىن خىيال سۈرۈپ قاپتۇ . تەلەپنامىنىڭ بېشىنى قانداق يازسام بولار؟ «ھۆرمەتلىك مۇئەللىمگە» دەيمۇ ؟ ياق ، بولمايدىغاندەك قىلىدۇ . مۇئەللىم نېمىشقا بالىلارنىڭ تەرەتخانىغا چىقىش ھوقۇقىنى تارتىۋالىدىغاندۇ ؟ ئېھتىمال ، مۇئەللىملەر ، ئوقۇغۇچىلار تەرەتكە چىقىمەن دەپ ، ئىمتىھان نومۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك مۇھىم گەپلەرنى ئاڭلىماي قالسا ، شۇنىڭ بىلەن ئىمتىھان ۋاقتىدا ئىمتىھان بېرەلمىسە قانداق بولىدۇ ، دەپ ئەندىشە قىلىدىغاندۇ . ئوقۇغۇچىلار ئىمتىھان بېرەلمىسە ، شۇنىڭ بىلەن مۇئەللىمنىڭ مۇكاپات ئېلىشىغا ، دەرىجىسىنىڭ ئۆستۈرۈلۈشىگە ، نام - ئابرۇيىغا دەخلى يەتمەمدۇ ؟ مۇئەللىملەر بۇنىڭغا پەرۋا قىلمايدۇ ، لېكىن بالىلارنىڭ ئىستىقبالىغا زامىن بولۇپ قالسا ، بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقماق ئاسانمۇ؟ ئۇنداق بولسا ، «ئىززەتلىك مەكتەپ مۇدىرىغا» دەپ يازاي ، دەپ ئويلىدى بالىنىڭ دادىسى . ياق ، بۇنداق يازسام تېخىمۇ بولمايدىكەن . مەكتەپ مۇدىرى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ۋاقتىدا تەرەتخانىغا خۇددى باپكىنىڭ موكىسىدەك كىرىپ - چىقىپ ، مەكتەپ ئىنتىزامىغا ، مەكتەپ تەرتىپىگە ، مەكتەپنىڭ قىياپىتىگە تەسىر يەتكۈزۈشىنى ياخشى كۆرمەيدىكەن . لېكىن ئۇ ، ئىشتىنىڭلارغا چىقىرىۋەتسەڭلارمۇ



چىقىرىۋېتىڭلار ، دەرستىن قالماڭلار ، تاپشۇرۇقلارنى ئۆگىنىڭلار دەپتىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن توپتوغرا «ھاكىمغا» ياكى «ئۆلكە باشلىقىغا» يازسام قانداق بولار ؟ بىراق خەلقنىڭ ھاياتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان شۇنچە چوڭ ئىشلار شۇنچە كۆپ تۇرسا ، ئۇلارنىڭ بىر قولىنى ئۇن قىلالايدىغان قابىلىيىتى بولسىمۇ چولىسى تەگمەيدۇ . «خوجايىن» بولۇپ قالغان پۇقرانىڭ كىچىك بالىلارنىڭ سۈيدۈكى چاغلىق ئۇششاق - چۈششەك ئىشلارغا شۇنچە ئالدىراش «خەلق چاكىرى» لارنى ئاۋارە قىلىشقا قانداقمۇ كۆڭلى ئۇنايدۇ ؟

تەلەپنامىنىڭ بېشىنى يازالماسلىق بۇياقتا تۇرسۇن ، تېخىمۇ چاتاق يېرى تېخى ئالدىمىزدا تۇرۇپتۇ . ئويلاپ بېقىڭلار ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەرەتكە چىقىش ئەركىنلىكىنى تەلەپنامە سۇنۇش يولى بىلەن قولغا كەلتۈرۈشكە توغرا كەلسە ، ئۇ چاغدا دەرس ۋاقتىدا شۈك ئولتۇرسا ، دەرستىن چىققاندىن كېيىن ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلسا ، مۇئەللىملەر كاچىتىغا ئۇرمىسىكەن ، قۇلىقىنى سوزمىسىكەن دەپ ئىلتىماس يېزىش كېرەكمىكەن ؟ ئەگەر ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان نادان ئاتا - ئانىلار ھەددىدىن ئېشىپ ، مۇئەللىمنى ئۆزىمىزنىڭ تاللىۋېلىشىمىزغا رۇخسەت قىلىڭلار ، «ئۆز ئىختىيارىڭلار بىلەن ياردەم بېرىڭلار» دەپ تۇرۇۋالىدىغان ئۇنداق - مۇنداق سېلىقنى كۆتۈرۈۋېتىڭلار . . . دەپ تەلەپ قىلسا ، «خەلقنىڭ . . . نى خەلق باشقۇرىدۇ» دەيدىغان چوڭ ئىشلارغا چاتاق بولمامدۇ ؟ !

ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپتە ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشى چاغلىق ئىش . مۇبادا شۇنداق يامان ئادەت جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتسە ئىش چاتاق : دېھقانلار تاماكا تېرىمايمىز ، قوناق تېرىشقا ئەركىنلىك بېرىلسىكەن دەپ دوكلات يازسا ، تەلىپى ئىجابەت بولمىغاندا ، مەلۇم بىر جايدىكى بىر دېھقان ئايالغا ئوخشاش كەنت سېكرېتارىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ زەھەرلىك دورا ئىچىۋالسا ؛

شۇنداق بولۇۋەرسە، ئۇ هالدا «قول شىلتىش» نى ئادەن
قىلىنىۋالغان تۈرلەر «خەلقنى زورلۇق بىلەن بېسىتىش
قۇرۇلۇشى» نى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرالايدۇ؟

ئويلىمىسىڭىز، سۆزلىمىسىڭىز بىلگىلى بولمايدىكەن،
ئويلاپ قارىسىڭىز، ئېغىزغا ئالسىڭىز چۆچۈگۈدەك ئەھۋاللار بار
ئىكەن.

(يۇخۇا ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «دېموكراتىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈم» رەسىملىك گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 3 ـ ئۆكتەبىردىكى سانىغا بېسىلغان.)



بالىغا كۆيۈنۈش



# زامان تەقەززا بولۇپ تۇرغان پىكىر

ماكسىم گوركىي: «زامانغا ماس كەلمىگەن پىكىرلەر» دەپ ئومۇمىي سەرلەۋھە بەرگەن نەچچە ئون پارچە سىياسىي مۇلاھىزىسىدە سوۋېت روسىيە جەمئىيىتىدە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە يۈز بەرگەن تولىمۇ جىددىي مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل تىلغا ئېلىپ، بولشېۋىكلار هۆكۈمىتىنىڭ سىياسەت ۋە خىزمەت جەھەتتىكى نۇقسانلىرىنى، سەۋەنلىكلىرىنى تاكى تەقدىرگىچە مۇناسىۋەتلىك بوپقالغان چوڭ ـ چوڭ خاتالىقلىرىنى توغرىدىن ـ توغرا تەنقىد قىلغان هەتتا سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئاخىر سۆكۈلۈپ ـ پارچىلىنىپ كېتىدىغانلىقىغا كۆز يەتكۈزگەن.

بىز «مەدەنىيەت قىزىتمىسى» نى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەن بولغاچقا، گوركىينىڭ مەدەنىيەت قارىشى دىققەت ـ ئېتىبارىمىزغا تولىمۇ ئەرزىيدۇ. گوركىينىڭ قارىشىچە، مەدەنىيەتنىڭ هەقىقىي مەنىسى ئادەمنى «تېخىمۇ ئادىمىيلىككە ئىگە قىلىش» تۇر. «مەدەنىيەتنىڭ هەقىقىي نېگىزى ۋە ماهىيىتى شۇ يەردىكى، مەدەنىيەت بارلىق ئېپلاس، پەس، ساختا نەرسىلەردىن، قوپاللىقتىن يىرگىنىدۇ، ئادەمنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى چۈشۈرىدىغان ۋە ئادەمگە دەرد كەلتۈرىدىغان نەرسىلەردىن نەپرەتلىنىدۇ!». گوركىي مانا مۇشۇ پىكىر ـ ئىدىيىنى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزى سۈپىتىدە تەرىپلەپ، شۇ مەركەزدىن چەتنەپ كېتىدىغان پۇچەك مەدەنىيەت هادىسىلىرىنى ئۆتكۈر تەنقىدلىگەن: «ئەتراپىمىزدا بىرمۇنچە ئاتالمىش

‹مەدەنىيەت ئەربابى› لىرى بار. ئۇلار سىياسىي جەھەتتە تولىمۇ پىشىپ كەتكەن، ئۇلارنىڭ ھەر خىل، ھەر قىسما بىلىملىرى ناھايىتى مول. لېكىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرى، ئىلىم-بىلىملىرى يەھۇدىيلارغا، دېموكراتىزمغا قارشى ھەرىكەت قىلىشقا ھەتتا خەلق ئاممىسىغا زۇلۇم، ئىنسانىي ئەركىنلىككە جەبىر سالىدىغان دۆلەت تۈزۈملىرىنىڭ ھامىيسى بولۇپ ھەرىكەت قىلىشقا دەخلى قىلمايدۇ. ئۇلار . . . ئىجتىمائىي پائالىيەتلەردە ناتوغرا ئۇسۇللارنى تەپتارتماستىن، دىلىغۇل بولۇپمۇ تۇرماستىن قوللىنىۋېرىدۇ . . . ھەتتا قاقشاتقۇچ چارىلەرنىمۇ قوللىنىۋېرىدۇ . . . بۇ قىلمىشلىرى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى بىز ‹مەدەنىيەت› ئەربابى دەپ قارىشىغىمۇ دەخلى يەتكۈزەلمەيدۇ». گوركىي: «مەدەنىيەت خەۋپ ئىچىدە قېلىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ، خەۋپ ھەقىقىي مەدەنىيەتنىڭ كەم بولۇۋاتقانلىقىدىلا ئەمەس، ساختا مەدەنىيەت ئەربابلىرىنىڭ يالغان مەدەنىيەتلەرنى بازارغا سېلىۋاتقانلىقىدا نامايان بولماقتا، دەپ ئاھ ئۇرغان.

گوركىي مەدەنىيەتنى قايتا بەرپا قىلىشتىكى مەقسەتنى، يەنى ئىنسانىي ئاڭ، ئىنسان قەدىر-قىممىتى ۋە تەپەككۇر قىلىشتا ئويغىنىش، مەنىۋى يېڭىلىق يارىتىش يولىدا تىرىشىش زۆرۈرلۈكىنى مېڭىدە ئايدىڭلاشتۇرۇش شەرت، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىگەن. ئۇ، مەدەنىيەتنى ئادەمنى پاك ۋە ساپ قىلىپ تاۋلايدىغان «ئوچاقنىڭ ئوتى»غا ئوخشاتقان. ئۇنىڭ قارىشىچە، ئادەمدىكى ئۇزۇندىن بۇيان پەيدا بولۇپ كېلىۋاتقان «قۇل» لۇق مىجەزنى مەدەنىيەتنىڭ ئوتىدا ئاستا-ئاستا تاۋلىغاندىلا بىر-بىرلەپ يوقاتقىلى، جاھالەتتىن مەدەنىيەتكە كۆچكىلى، غەپلەتتىن ئويغانغىلى، رەھىمسىزلىكنى تۈگىتىپ، مېھىر-شەپقەت يولىدا ماڭغىلى بولىدۇ. «ئىنقىلابنىڭ ئۆزىدە، — دەپ يازىدۇ ماكسىم گوركىي، — ئادەمنى روھلاندۇرىدىغان بىرەر



ئالامەتنىڭ يوقلۇقى، ئادەمنى تېخىمۇ سەمىمىي، راستچىل قىلالمىغانلىقى»، «پارا ئېلىشتا ئىلگىرىكى ئەمەلدارلاردىن قېلىشمايدىغانلىقى، يەنە تېخى ئادەملەرنى تۇرمىلەرگە خۇددى ھايۋانلارنى قوغلىغاندەك قوغلاۋاتقانلىقى مېنى ھەممىدىن بەك چۆچۈتمەكتە، ھەممىدىن بەك ۋەھىمىگە سالماقتا». بۇ شۇنداق بىر شۇملۇقنىڭ بېشارىتىكى، بۇ بېشارەت رۇسىيىدە پەقەت ماددىي كۈچ - قۇۋۋەت جەھەتتىلا بۇرۇلۇش ۋۇجۇدقا چىققانلىقىنى، لېكىن بۇنداق بۇرۇلۇش مەنىۋى كۈچ - قۇدرەتنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتەلمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. گوركىينىڭ قارىشىچە، ئىنساپى بار زىيالىيلار ئىدىيە جەھەتتە ئويغىنىش ۋە مەنىۋى جەھەتتە يېڭىلىق يارىتىش ۋەزىپىسىنى زىممىسىگە ئېلىشى ۋە بۇ يولدا ئۆزىنىڭ ئەركىنلىكىنى، جېنىنى ئايىماسلىقى لازىم. «رۇسىيە زېمىنىنى ئەڭ پاك ئىسسىق قېنىمىز، ئەڭ ياخشى نېرۋا سۇيۇقلۇقىمىز بىلەن سۇغىرىپ تۇرۇقلۇق ئۇندۇرگىنىمىز ئانچە راۋاج تاپالمىغان، يىگىلەپ قالغان كۆچەت - نوتا بولغان» تەقدىرىدىمۇ «يەنىلا تىرىشىشىمىز كېرەك»، «بۇ، زىيالىيلارنىڭ قىلىدىغان ئىشى»، چۈنكى «بىزدە ئۇلاردىن باشقا ئەقلىي كۈچ يوق».

زىيالىيلارنىڭ يەنە بىر بۇرچى، گوركىينىڭ قارىشىچە، تەنقىدلەش. ئۇ شۇنداق ئاشكارا جاكارلىغانكى: «مەيلى ھاكىمىيەت كىمنىڭ قولىدا بولسا بولۇۋەرسۇن، ئۇنىڭ ئادەمگە تۇتقان پوزىتسىيىسىگە تەنقىدىي مۇئامىلە قىلىش ھوقۇقىمىدىن ۋاز كەچمەيمەن». «تەنقىدىي رېئالىزم» دېگەن تېرمىن - سۆزنى گوركىينىڭ ئىجاد قىلغانلىقى كىشىلەرنىڭ ئېسىدە بولسا كېرەك. ئۇ شۇنداق تەشەببۇس قىلغان: «زىيالىيلار سىياسىيدىن ئۈستۈن تۇرۇشى كېرەك، ئۆزىنىڭ سىياسىي ھېس - تۇيغۇسىنى چەكلەشنى بىلىۋېلىشى ۋە چەكلەشكە ماھىر بولۇشى لازىم»، چۈنكى «سىياسىي — مەيلى كىمنىڭ

سىياسىيسى بولسا بولسۇن — ھەرقاچان، ھەر زامان ئادەمنى بىزار قىلىدۇ، چۈنكى ئۇ يالغانچىلىقتىن، تۆھمەت - بوھتاندىن ۋە زوراۋانلىقتىن خالىي بولالمايدۇ، ئۇ مۇقەررەر». لېكىن سىياسىيدىن خالىي بولۇپ تۇرغانلىق سىياسىيدىن ئۆزىنى چەتكە تارتىپ، سىدام ئىلىم ياكى سىدام سەنئەت خالتا كوچىسىغا كىرىپ كەتكەنلىك بولمايدۇ، بەلكى سىياسىي قايىنامنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى قۇسۇرلار ۋە خۇنۇكلۇكلەرنى غەيرەت بىلەن پاش قىلىشقا، تەنقىدلەشكە توغرا كېلىدۇ.

گوركىي مۇشۇنداق تەنقىد زىيالىيلار بىلەن ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرغان پارتىيە رەھبەرلىرى ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا تۇرتكە بولىدىغان ياخشى مۇناسىۋەت بەرپا قىلىپ بېرەر، دەپ چىن كۆڭلىدىن ئۈمىد كۈتكەن. ئۇ بىر تەرەپتىن، ئۆزىنىڭ مۇستەقىل پىكىر - ئىدىيىلىرىگە سادىق بولۇپ، زىيالىيلارغا خاس تەنقىدلەش ھوقۇقىنى قولدىن بەرمىگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، سمولنىي سارىيىدىكى داھىي مۇشۇ چىن يۈرىكىنى چۈشەنسىكەن، سەمىمىي ۋە ئۆتكۈر تەنقىدلىرىمگە كەڭ قورساقلىق قىلىسىكەن، زامانغا باب كەلمەيدۇ دېيىشىۋاتقان ئىدىيە ۋە پىكىرلىرىمنى نەزەر - ئېتىبارىغا ئالسىكەن، قىلىۋاتقان - ئېيتىۋاتقانلىرىمنىڭ ھەممىسىدە كولاش ئەمەس، يۆلەش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، كولاپ ئاغدۇرۇش ئەمەس، يۆلەپ تۇرغۇزۇش، گۈللەندۈرۈش مەقسەت قىلىنغانلىقىنى، شەخسىي مەنپەئەت ئەمەس، دۆلەت ۋە مىللەت نەزەردە تۇتۇلغانلىقىنى چۈشەنسىكەن، دەپ ئىنتىزار بولغان. ئېھتىمال شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، لېنىن گوركىينىڭ ئاتاپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان تەنقىدلىرىگە 14 يېرىم ئاي سەۋر قىلغان؛ «يېڭى ھايات» گېزىتىنى پېچەتلەش توغرىسىدا چۈشۈرگەن بۇيرۇقىدىمۇ «گوركىي ئۆز ئادىمىمىز» دەپ كېسىپ ئېيتقان.



گوركىينىڭ پىكىر - ئىدىيىلىرى سوۋېتلەر ئىتتىپاقىنىڭ يىمىرىلىش - سىياسىي تەدبىرلىرىگە ئايلانمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ رۇسىيە كالېندارى بويىچە 1917 - يىلى 19 - دېكابىردا قىلغان ئاگاھلاندۇرۇش خاراكتېرلىك بېشارەت سۆزى ھەقىقىي رېئاللىققا ئايلاندى!

گوركىينىڭ يىراقنى كۆرەرمەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇيمىز، ئۇنىڭ يۈكسەك نەزىرىنى تېخىمۇ قەدىرلەيمىز.

(بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى ۋاڭ نو تەخەللۇسى بىلەن «كىتاب ئوقۇش» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان.)



— بۇ كىتابنى ئوقۇسىڭىز، ئاسمانغا چىقىپ كەڭ ئالەمنى كۆرگەندەك بولىسىز.

## هالقا

كۆزەينەك تاقىۋالغان بىر زات بىر كۈنى ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇۋېلا ، دېرىزىدىن تاشقىرىغا قارىغىلى تۇرۇپتۇ . بېلەت ساتقۇچى چوكان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ :

— ھەي كۆزەينەك ، بېلەت ئېلىڭ ، — دەپتۇ .

ھېلىقى زات تاشقىرىغا قاراش بىلەن بەند بولۇپ قالغاچقا ، بېلەتچىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماپتۇ . بېلەتچى تېرىكىپ :

— كۆزەينەك ، قۇلىقىڭىز پاڭمۇ ؟ بېلەت ئېلىڭ ! — دەپ توۋلاپتۇ .

ھېلىقى زات چۆچۈپ ئېسىگە كەپتۇ - دە ، بىر ئازئاچچىقى كەپتۇ ، لېكىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ، يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ بېلەتچىگە بېرىپتۇ .

بېلەتچى پۇلنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭاي دەپ تۇرغاندا ، ھېلىقى زات ئۇنىڭ ياسىنىش سىياقىنى كۆرۈپ ئىلھامى كەپتۇ - دە :

— ھەي ھالقا ، بېلەتنى تېخى بەرمىدىڭىزغۇ ! — دەپتۇ .

— كىمنىڭ ھالقىكەن ؟ ! — بېلەتچى ئارقىسىغا ئۆرۈلۈپلا ئىككى قولىنى بېلىگە ئېلىپ ، ئۇرۇشىدىغاندەك ئەلپاز بىلەن ھېلىقى زاتقا چەكچىيىپتۇ .

— سەن مېنى «كۆزەينەك» دەپ چاقىرساڭ بولىدىكەن ، مەن سېنى «ھالقا» دەپ چاقىرسام نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ —



دەپتۇ ھېلىقى زات بېلەتچىنىڭ قۇلىقىدىكى يوغان چەمبىرەك ھالقىنى ئىشارەت قىلىپ ، — مەن تېخى سېنى غىپىلداپ ماڭىدىغان «نايناق» دېسەم بوپتىكەن !

(جۇڭ ۋېن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى جۇڭگو نەشرىياتى تەرىپىدىن چىقىرىلغان «بىزنى كىم مەمنۇن قىلىدۇ ؟» ناملىق كىتابتا ئېلان قىلىنغان . )



بۇ يەردە چاشقانلار مۈشۈكتىن قورقمايدىغان بولۇپ قالدى .

# بۇنىمۇ ئوقۇپ قويۇڭ

*غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرەيلى ، دېگەن داغدۇغىلىق شوئار ياڭراشقا باشلىغاندىن بۇيان ، بۇ ئۇلۇغ ئەھمىيەتلىك ئىش ھەممە تەرەپنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماقتا . ئېلىمىزنىڭ بۇ ئۇلۇغ ئىشىغا ھەقدار بولغان غەربىي رايوندىكى ، بولۇپمۇ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقى بۇ بۈيۈك گۈللىنىش دەۋرىنى خۇشاللىق ۋە جاسارەت بىلەن كۈتۈۋېلىۋاتقان ھازىرقى كۈندە ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىنىڭ ھەتتا دۇنيا ئەللىرىنىڭ قىزغىن قوللاش سادالىرىنى ۋە ئەمەلىي ھەرىكەتلىرىنى تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن بىۋاستە ئاڭلاپ ، كۆرۈپ تۇرماقتىمىز . بۇ خەۋەرلەر ئىجتىمائىي ئادەملەرگە زور خۇشاللىق ۋە غەيرەت بېغىشلىماي قالمايدۇ . ئىجتىمائىي ۋەزىپىدىن توختاپ ، پېنسىيىدە دەم ئېلىۋاتقىنىمغا بىرقانچە يىل بولغان بولسىمۇ ، خالىس ئىجتىمائىي خىزمەتلەرنى توختاتماي پىداكارلىق كۆرسىتىشىمگە غەيرەت بېرىۋاتقان مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرىمۇ ئەنە شۇ گۈللەندۈرۈش تەنتەنىسىنىڭ تۈرتكىسىدۇر . گۈللەندۈرۈشنىڭ مېۋىلىرىدىن ئاز ـ تولا بەھرىمەن بولۇشقا ئۆمرۈم يار بەرسىكەن ، دېگەن ئارزۇنىڭ ئۆزىمۇ مەندەك ياشانغان ئادەم ئۈچۈن زور غەيرەت مەنبەسىدۇر .*

*ئەنە شۇنداق غەيرەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن ئوقۇغان گېزىت ـ ژۇرناللاردىن ئالغان ئۇچۇرلاردىن مەلۇم قىسمىنى ئوقۇرمەنلىرىمىزگە ـــ بولۇپمۇ خەنزۇ تىل ـ يېزىقىدىن بىۋاستە پايدىلىنالمايدىغان ، پايدىلىنالىسىمۇ بۇ تىلدىكى گېزىت ـ ژۇرناللارنى بىۋاستە ـ ئەتراپلىق ئوقۇشقا ۋاقتى يەتمەيدىغان قېرىنداشلىرىمغا تەرجىمە قىلىپ سۇنۇشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىم بىلەن ھوزۇرلىنىمەن .*

*غەربىي ، بولۇپمۇ شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈشكە دائىر ئادەتتىكى خەۋەر ۋە خۇش خەۋەرلەردىن باشقا ، مەسلىھەت مەنىسىدىكى مۇلاھىزىلەرمۇ گېزىت ـ ژۇرناللاردا كۆپلەپ ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ ، دىققەت ـ ئېتىبارنى تارتماقتا . يېقىنقى بىرنەچچە ئايدىن بۇيان ئىچكى ئۆلكىلەردە چىقىدىغان «ۋېنخۇيباۋ» ، «جۇڭگو ياشلىرى» دېگەندەك مەشھۇر ، نوپۇزلۇق گېزىتلەردە ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىنغان بىرقانچە پارچە تەقرىزنى مەخسۇس توپلاپ يىغىپ ، گېزىت ـ ژۇرنال سەھىپىلىرىنىڭ چەكلىك بولۇش خۇسۇسىيىتىگە مۇۋاپىق يىغىنچاقلاپ تەرجىمە قىلىپ ، بۇلاردىن «غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈشسە ، ئىكەن» ۋە «مەمۇرىي دەرىجە ئىلمىي دەرىجىگە باراۋەرمۇ؟» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ئىككى پارچە تەقرىزنى ئوقۇرمەن قېرىنداشلىرىمغا*



*سۇندۇم . «ياخشىدىن ئۆلگە ئال ، ياماندىن ئىبرەت» دېگەندەك ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا ئەرزىپ قالسا ئەجەب ئەمەس .*

*ـــ تۈزگۈچىدىن*

## غەربىي رايوننىڭ رەھبەرلىرى «ئۆزەڭگىدىن چۈشسە» ئىكەن

بۇ ماقالىنىڭ ئاپتورى ۋاڭ جىنيۇ مۇنداق يازىدۇ :

«غەربىي رايوننى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرۈش» شوئارى چىققاندىن كېيىن ، غەربىي رايون ئادەملىرىگە ئائىت خەۋەرلەرنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلايدىغان ، ئۇلارنىڭ كۆلەڭگىلىرىنى تېلېۋىزورلاردىن كۆرىدىغان ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلىنى گېزىتلەردىن ئوقۇپ بىلىدىغان بولدۇم . شۇلاردىن مەندە ھەممىدىن بەك چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئىككى ئىش بولدى ، بۇنىڭ بىرى ، غەربىي رايوننىڭ دېھقانلىرى شەرقىي رايوننىڭ دېھقانلىرىغا قارىغاندا ھەقىقەتەن ناھايىتى كەمبەغەل ئىكەن ، ھەتتا بەزىلىرى ھازىر يىرتىق ـ ياماق كىيىم كىيىدىكەن ، يەيدىغان ـ ئىچىدىغىنى ئۇماچ ، يوبدان ئىكەن . يەنە بىرى ، غەربىي رايوننىڭ كادىرلىرى شەرقىي رايوننىڭ كادىرلىرىدىن قېلىشمايدىكەن ، ئۇلارغا ئوخشاش گەپ ـ سۆز قىلىدىكەن ، ئوخشاش كىيىنىدىكەن ، ئوخشاش پىكاپلاردا يۈرىدىكەن ، ئوخشاش ياسىداق بىنالاردا ئولتۇرىدىكەن .

مۇشۇنداق سېلىشتۇرغاندا ، ئادەمدە شۇنداق تەسىرات پەيدا بولىدىكەنكى ، غەربىي رايوندىكى كەمبەغەللىك پەقەت دېھقانلارنىڭلا كەمبەغەللىكىدىن ئىبارەت ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن غەربىي رايوندىكى ئۆلكە ، شەھەر ، ناھىيە ۋە يېزا رەھبەرلىرىگە شۇنداق بىر تەكلىپ بەرگۈم كەلدى : غەربىي رايوننى گۈللەندۈرۈشنى ئاۋۋال ئۆزۈڭلارنى گۈللەندۈرۈشتىن باشلىماي ،

ئۆزۈڭلارنىڭ تۇرمۇش ئۆلچىمىڭلارنىڭ «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسەڭلار قانداق؟

**كىيىنىش «ئۇزەڭگە»سىدىن چۈشسەڭلار ئىكەن.** بىلىمەن، ئاپئاق كۆڭلەكلىرىڭلارنى، قاتۇرۇپ دەزماللانغان شىم - كاستۇملىرىڭلارنى، ماركىسى داڭلىق گالستۇكلىرىڭلارنى، ۋالىلداپ تۇرغان بەتىنكىلىرىڭلارنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئايلىق مائاشىڭلارغا سېتىۋالغاندۇرسىلەر. لېكىن بىر ياقىلىقى 100 يۈەنگە بارىدىغان كۆڭلەكنى، بىر قۇرى 1000 يۈەنگە توختايدىغان شىم - كاستۇمنى كىيىۋېلىپ، بىرنەچچە يۈەنلىك، بىرنەچچە ئون يۈەنلىك ئۇستىۋاش بىلەن تۇرغان پۇقرانىڭ ئالدىغا بارسىڭىز، ئۇلار ئەيمىنىپ قالار؟

**يېيىش - ئىچىش «ئۇزەڭگە»سىدىن چۈشسەڭلار ئىكەن.** «غەربىي رايون يىگىتلىرى» دىن بىرسى ئۆزىنىڭ بىر ماقالىسىدە: «هازىر غەربىي رايوننىڭ بەزى جايلىرى يەپ - ئىچىشتە ئارقىدا قېلىشنى خالىمايدۇ، غەربىي رايون ئادەملىرىنىڭ شۇنداق ئادىتى بار، هەرقانچە كەمبەغەل بولسىمۇ، مېهمانغا كەمبەغەللىك قىلمايدۇ» دەيدۇ. لېكىن زادى «مېهمانغا كەمبەغەللىك» قىلمامدۇ ياكى ئۆزىگىمۇ؟ بۇ يەردە گۇمان بار.

**ئۆي - جايدا «ئۇزەڭگە»دىن چۈشسە ئىكەن.** بۇلتۇر جازاسىنى تارتقان گۇاڭشى ئۆلكىسىنىڭ خېپۇ ناهىيىسىدىكى «چىرىك كوچا» دا ئولتۇرۇشلۇق كادىرلارنىڭ هەربىرىنىڭ ياسىداق ئۆي - جايى ئوتتۇرا هېساب بىلەن 166.8 كۋادرات مېتىر كېلىدىكەن، ئۇلارغا 347 مىڭ يۈەندىن پۇل خەجلىنىپتۇ (بۇ پۇلدىن 183 مىڭ يۈەننى هۆكۈمەتتىن چىقىم قىلدۇرۇشۇپتۇ). بۇ ئەهۋاللارنى كۆرگەن - بىلگەن پۇقرالار تىللاپ، قارغىماي تۇرالارمۇ؟ ئوبدانىراق ئۆيدە ئولتۇرسىڭىز هېچكىم هېچنېمە دېمەس، لېكىن پەرق تولىمۇ چوڭ بولۇپ



كەتسە ئىش چاتاق.

**يۈرۈش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسە ئىكەن.** غەربىي رايوندىكى بەزى كادىرلارنىڭ شەرقىي رايوندىكى كادىرلار بىلەن «ئۇزەڭگە» سوقۇشتۇرغۇسى باردۇر. بىراق ئېهتىمال ئۇلار خىزمەتتە، تۆهپىدە سوقۇشتۇرماستىن، تەمىنات جەهەتتە «ئۇزەڭگە» سوقۇشتۇرسا، سەن هاكىم بولساڭ مەنمۇ هاكىم، سەن سېكرېتار بولساڭ مەنمۇ سېكرېتار، سەن «ئوۋدى» دا ماڭساڭ مەن «سانتانا» دا يۈرەلمەمدىكەنمەن، سەن بىر يەرگە بېرىشتا پويىزدا ئولتۇرۇشنى خالىمايدىكەنسەن، مەنمۇ ئايروپىلاندا ئولتۇرىمەن، دېسە بولمىغىنى.

**خەجلەش «ئۇزەڭگە» سىدىن چۈشسە ئىكەن.** غەربىي رايوننىڭ رەهبەرلىرى «پۇل يوق» دېگەن سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيدىكەن، يۇقىرىغا تەلەپ قويغاندا دەيدىغان سۆزىمۇ «پۇل يوق» ئىكەن. «پۇل يوق» دېگەن سۆز غەربىي رايوندىكى تەرەققىياتنىڭ ئاستا بولۇۋاتقانلىقىنىڭ تولىمۇ مۇهىم سەۋەبى بوپقالغاندەك تۇرىدۇ. لېكىن غەربىي رايوندىكى رەهبەرلەر پۇلنى قەدىرلەمدۇ؟ بىر پۇلنى ئىككى يېرىم پۇل ئورنىدا خەجلىيەلەمدۇ؟ نۇرغۇن گېزىتلەرنىڭ يېقىندا بەرگەن خەۋەرلىرىدىن مەلۇم بولۇشىچە، ئۈرۈمچى شەهىرى زېمىن باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى شۇ زۇڭشيۇنىڭ: «يارىم بىر كۈلۈپ باقسا ماڭا، بار - يوقۇمنى سەدىقە قىلىمەن ئاڭا» دېگەندەك چىرىكلىكلىرى بار ئىكەن. ئۇ «ئەي» فامىلىلىك بىر چوكانغا ئاشىق بولۇپ، ئىككى قېتىمدىلا بىر مىليون يۈەن بېرىپتۇ، بۇنىڭغا هەتتا «ئۆزىنىمۇ ئايىماي بېرىۋەتكەن» شۇ چوكانمۇ هەيران قاپتۇ. شۇ زۇڭشيۇ كۆڭلى چۈشۈپ قالغان يەنە باشقا ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە 500 مىڭ يۈەن، يەنە بىرىگە 420 مىڭ يۈەن بېرىپتۇ. بۇ باشلىق قىسقىغىنە بىرنەچچە يىل ئىچىدە دۆلەتنىڭ 31 مىليون 430 مىڭ يۈەن زېمىن پۇلىنى ئۆزىنىڭ

ئاشنىلىرىغا ، دوستلىرىغا «قەرز» بەرگەن ، ئاخىر بۇ پۇلدىن 21 مىليون 640 مىڭ يۈەننى قايتۇرۇۋېلىشقا ئامال بولمىغان .

بۇ بىر ئالاھىدە دېلو بولسىمۇ ، غەربىي رايوندىكى بەزى كادىرلارنىڭ خىيانەت قىلىشتا ، پاھىشە ئويناشتا ۋە خەزىنىنى قۇرۇتۇشتا يۈرىكىنىڭ نەقەدەر چوڭ ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ ؛ شۇنداقلا غەربىي رايوننىڭ بەزى جايلىرىدا ئەمەلىيەتتە پۇل يوق ئەمەسلىكىنى ، پەقەت «كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش» ۋە «گۈللەندۈرۈش» ۋاقتىدىلا «پۇل يوق» بوپقالىدىغانلىقىنى ، بەزى كادىرلارنىڭ يەپ - ئىچىپ ، ئويناپ - كۈلگۈسى كەلگەن ۋە خىيانەت قىلغۇسى كەلگەن چاغلاردا بولسا پۇل «ئۆكسمەي كېلىدۇ» غانلىقىنى ، باشقىلارغا تەلەپنى قاتتىق قويۇپ ، ئۆزلىرىنى بوش قويۇۋېتىدىغانلىقىنىمۇ چۈشەندۈرىدۇ .

غەربىي رايوندا رەھبەرلىك قىلىش شەرەپلىك ئىش . شەرەپنىڭ مۇھىم بىر بەلگىسى جاپا چېكىپ ئىشلەشتۇر . جاپا چېكىپ ئىشلىگەندە ئىشتا مۇۋەپپەقىيەت قازانغىلى ، بەخت ياراتقىلى بولىدۇ ؛ جاپا چېكىپ ئىشلىگەندە ئەلنى رازى قىلغىلى بولىدۇ ، ۋاقتىنچە «ئۈزەڭگە» دىن چۈشكەندە كەلگۈسىدە «ئۈزەڭگە بىلەن ئاتقا مىنگىلى» ، خەلق ئاممىسى بىلەن بىللە ئاتلانغىلى بولىدۇ . غەربىي رايون ئۈچۈن كۆڭ فەنسىنگە ، ۋۇ دېڭيۈنگە ئوخشاش جاپا چەككەن ، كۆرەش قىلغان ھەربىر مەرد يىگىت - قىزنى غەربىي رايون ئادەملىرىلا ئەمەس ، شەرقىي رايون ئادەملىرىمۇ ، پۈتكۈل مەملىكەت خەلقىمۇ ئۇنتۇمايدۇ .



## مەمۇرىي دەرىجە ئىلمىي دەرىجىگە باراۋەرمۇ

ئاپتور ۋۇ جىشۈن 2000 - يىل 12 - ماي «فېلىيەتون» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «ئاكادېمىك مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭمۇ ؟» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق يازىدۇ :

شىنجاڭدا شۇنداق بىر ئالاھىدە سىياسەت ئېلان قىلىنىپتۇ ، شۇ يەردىكى ئاكادېمىكلار مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە باراۋەر تەمىناتتىن بەھرىمەن بولىدىكەن ، تۇرالغۇ ، داۋالىنىش جەھەتلەردە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلار بىلەن ئوخشاش بولىدىكەن .

بۇ خەۋەر تارقالغاندىن كېيىن ، بۇ سىياسەتنى ئىلىم - پەننى قەدىرلەيدىغان ، قابىل ئادەملەرنى ئەزىزلەيدىغان ئاقىلانە تەدبىر بوپتۇ ، دەپ مەدھىيىلىدۇق . لېكىن چوڭقۇر ئويلاپ كۆرگەندىن كېيىن ، ئىلىم - پەننى قەدىرلىگەندە ئۇنى «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى» گە توغرىلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى باردۇ ؟ دېگەن گۇمان پەيدا بولدى .

ئاكادېمىك دېمەك — ئىلىم - پەننى تەتقىق قىلىدىغان ئورگاننىڭ ھەقىقىي ئەزاسى ، يەنى ئالىي تەتقىقاتچى ، ئالىم دېمەكتۇر . ئۇلار بۇ ھۆرمەتكە ئۆزلىرىنىڭ چوڭقۇر ئىلىم - بىلىمى ۋە شۇ جەھەتتىكى پىداكارلىقى بىلەن ، شۇنداقلا جەمئىيەتكە يەتكۈزگەن تۆھپىسى بىلەن نائىل بولغان . فرانسۇز مۇتەپەككۇر سايىنت سىموننىڭ مۇنداق بىر مەشھۇر سۆزى بار : «ئەگەر فرانسىيىدە 50 نەپەر مۇنەۋۋەر فىزىكا ئالىمى ، 50 نەپەر

مۇنەۋۋەر خىمىيە ئالىمى ، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ماتېماتىكا ئالىمى ، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر شائىر ، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر يازغۇچى ، 50 نەپەر مۇنەۋۋەر ئىنژېنېر بىردىنلا يوقىلىپ كەتسە ، فرانسىيە شۇئان جانسىز مۇردىغا ئايلىنىپ قالىدۇ . » (شۇ جۈملىدىن كۆپ مىللەتلىك بىر دۆلەتتە ئەگەر مەلۇم ساندا يېتىشكەن مۇنەۋۋەر تەرجىمە مۇتەخەسسىسى بولمىسا ، شۇ دۆلەتنىڭ ماددىي ، مەنىۋى تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى بولغان ھەتتا شۇ تەرەققىياتنىڭ ئۆلى بولغان ئىتتىپاقلىق ، مۇقىملىق يولىدا مىللەتلەر ئارا مەنىۋى «كۆۋرۈك» بولمىسا پىكىر بىرلىكى نەدىن كېلەر ؟ بۇ ، تەرجىماننىڭ قوشۇمچە تەسىراتى ) . ئىلىم - بىلىمنىڭ كۈچ - قۇدرىتى ، قىممىتىنى چاغلىق مەرتىۋە ، دەرىجە ، مەنسەپ بىلەن تەڭلەشتۈرگىلى بولارمۇ ؟ ئىلىم - پەننىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس . ئىلىم - بىلىمگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆمۈرلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئالىم - مۇتەخەسسىسلەر دەرىجە ، مەنسەپنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكىگە پەرۋا قىلمايدۇ . ماتېماتىكا ئالىمى چېن جىڭرۇڭ دۇنيانى ھاڭ - تاڭ قالدۇرغان «گولدباخ قىياسى» نىڭ سىرىنى بار - يوقى ئالتە كۋادرات مېتىر كېلىدىغان ئۆيدە ئولتۇرۇپ يەشكەن . ئۇ ، مۇئاۋىن پروفېسسور يەنى دوتسېنت — مۇئاۋىن ھاكىم دەرىجىسىگە تەڭ ئىكەن ، ئۆيى تۆت ھۇجرىلىق بولىدىكەن ، دەپ ھېسابلاپ يۈرگەنمىكەن ؟

مەمۇري مەنسەپنى نېمىشقا ئىلمىي دەرىجىنىڭ ھۆرمىتىگە توغرىلاپ باھالىشىدىغاندۇ ؟ بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى ئەتراپىمىزدىكى قويۇق «مەنسەپ ھاۋاسى» غا قارىساقلا چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن ، مەيلى ھەرقانداق كەسىپ ، ساھە ياكى ئورۇن - ئىدارە بولسۇن ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەمۇري دەرىجە قېلىپىغا چۈشۈرۈلمەكتە : نازارەت دەرىجىلىك مەكتەپ ، ناھىيە دەرىجىلىك گېزىتخانا ، بۆلۈم دەرىجىلىك كارخانا ۋەھاكازا . بىر مۇنچە دۆلەت



كارخانىلىرىنىڭ لىدېرلىرى ، باش دىرېكتورلىرى تىرناق ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ مەمۇري دەرىجىلىرىنى ئىزاھلاشتىن زېرىكمەيدۇ . بەزى يەككە - خۇسۇسىي كارخانىلارمۇ «مەنسەپ» دائىرىسىگە كىرىپ ، «تۇمار» ئېسىۋېلىشقا تۇرلۇك ئامال - چارىلەر بىلەن ئۇرۇنىدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى نېمە ؟ سەۋەبى شۇ «مەنسەپ ئاساس» ئىدىيىسى چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ ، كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشىغا ھاكىم بوپقالغان ؛ ئادەمگە ئۇنىڭ مەنسىپىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىدىغان ، ئىش توغرا كەلگەندە مەنسەپدارنىڭ قاش-قاپىقىغا قاراپ ئىشلەيدىغان ئادەت پەيدا بوپقالغان . ئەنە شۇنداق مەنسەپ قەدىرلىك ، قابىلىيەت قەدىرسىز بوپقالغان شارائىتتا ئىلىم - بىلىم ئەھلىلىرىنىڭ قانچىلىك قەدىر - قىممىتى بولسۇن ؟

مەنسەپ قارىشى كۈچلۈك ، ماھارەت قارىشى كۈچسىز ، مەنسەپدار ئەزىز ، ماھارەت ئىگىسى قەدىرسىز بولسا ، مەنسەپدارلىق كەيپىياتى كۈچىيىپ كېتىدۇ ، مەنسەپپەرەسلىك — بيۇروكراتىزم ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيىبلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ . . . ماھارەت ئىگىلىرىنى ئەزىزلەيدىغان مىللەت راۋاج تاپالايدۇ . . . مېنىڭچە مىزدە ساقىندى بوپقالغان مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۈزۈل - كېسىل تۈگىتىپ ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم - پەن تۈزۈمىنى ھەقىقىي بەرپا قىلىش — مانا بۇ تۈپ — نېگىزلىك تەدبىردۇر .

*　　　*　　　*

ئاپتور گاۋ شيا «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىدە ئېلان قىلغان «ئاكادېمىك - ئاكادېمىكتۇر» سەرلەۋھىلىك مۇھاكىمىسىدە مۇنداق دەيدۇ :

ئاكادېمىك دېمەك ــ ئىلىم ئەھلى دېمەكتۇر، مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دېمەك ــ مەمۇرىي مەنسەپدار دېمەكتۇر، بۇلارنى تەڭلەشتۈرۈش تەس. بىرىنچىدىن، بۇلارنى پەيدا قىلغان «تۇپراق» ئوخشاش ئەمەس. ئىلىم ئەھلى مەدەنىيەت، ئىقتىساد جەھەتتىكى تەرەققىيات، ئاڭ ـ پىكىر جەھەتتىكى يۈكسىلىشتىن بارلىققا كېلىدۇ. بۇنداق تەرەققىيات، يۈكسىلىش بولمىغان يەردە بىرەرمۇ ئالىم چىقماسلىقى مۇمكىن، لېكىن سانسىز مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىك مەنسەپدار ھەتتا رەئىس جۇمھۇر چىقىشى مۇمكىن. ئىككىنچىدىن، ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇش ئۇسۇلى ئوخشاش ئەمەس. ئالىم دېگەن ئۇنۋان ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىلىم ـ بىلىمى، ئىلىم ـ بىلىمى بىلەن كۆرسەتكەن ئىجادكارلىقى، تۆھپىسى ۋە جامائەتنىڭ ئېتىراپى بىلەن ھاسىل بولىدۇ، ئۇنى بۇيرۇق بىلەن تەيىنلەش ياكى سايلام يولى بىلەن سايلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقىرىش مۇمكىن ئەمەس. مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىكى مەمۇرىي مەنسەپدار قانچىلىك كېرەك بولسا شۇنچىلىك تەيىنلەش ياكى ياسىۋېلىش مۇمكىن، ھەتتا شتاتقا سىغمىسىمۇ ياكى دەرىجىسى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە يەتمىسىمۇ تىرناق ئىچىگە مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى بويىچە تەمىنات بېرىلىدۇ، دەپ يېزىپ قويۇش مۇمكىن. بەزى نىيىتى يامان، خۇشامەتچى ئادەملەرمۇ مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ قولغا كەلتۈرۈۋېلىشى مۇمكىن. ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولغان خۇچاڭچىڭ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى دەرىجىسىگە پارا بېرىش يولى بىلەن تىرمىشىپ چىقىۋاپتىكەنغۇ. ئەگەر بىراۋ ئەنە شۇنداق ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ئالىم بولۇۋالاي دەپ خىيال قىلسا، بۇ ئۇنىڭ ئۇخلىماي كۆرگەن چۈشى! مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس. ئالىملارنىڭ ئۆزىگە خاس ئاجايىپ خىزمەتلىرى بار، ئۇلار ئازادلىققا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا



ئۆزىگە خاس تۆھپىلىرىدە روشەن ئىجادىيلىك، ئىنقىلابىيلىق ۋە ئومۇمىيلىق بار. مەمۇرىي ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسىنىڭ تۆھپىسى بولۇشى ناتايىن، بولغان تەقدىردىمۇ مەلۇم دائىرىدە بولۇشى، كەڭ ـ ئومۇمىي دائىرىدە بولماسلىقى مۇمكىن. ئەتىدىن ـ كەچكىچە قورساق تويغۇزۇشنىلا بىلىدىغان، ئومۇم ئىشىغا باش قاتۇرمايدىغان، شۇنچە يىل مەنسەپ تۇتقان بولسىمۇ ئومۇمغا نەپ يەتكۈدەك ئىش قىلمىغان مەنسەپدارمۇ يوق ئەمەس. چېن شىتوڭ (جۇڭگو كومپارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسىنىڭ سابىق ئەزاسى، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ سابىق شۇجىسى ــ مۇھەررىردىن)، ۋاڭ باۋسېن (بېيجىڭ شەھىرىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى ــ مۇھەررىردىن) قاتارلىق بىرنېمىلەر ئەلگە ئاپەت كەلتۈرگەن ھەم كەلتۈرىدىغان بەتنىيەتلەردۇر. تۆتىنچىدىن، ئۇلاردىن مەلۇم بولغان قىممەت ئوخشاش ئەمەس. ئالىمنىڭ كۆپ بولۇشى مەدەنىيەت تەرەققىي قىلغانلىقىنىڭ، ئىقتىسادتىكى باياشاتچىلىقنىڭ، ئىدىيىدىكى يۈكسىلىشنىڭ ۋە جامائەتنىڭ ئالغا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر، ئالىم قانچىكى كۆپ بولسا شۇنچە ياخشى. مەمۇرىي ئەمەلدار كۆپ بولسا ئىدارە توقاملىشىدۇ. ئىشتىن ئادەم كۆپ بوپقالىدۇ، ئىش ئۈنۈمى تۆۋەن بولىدۇ. چىرىكلىكنى پەيدا قىلىدىغان سەگەنچۈك قانچىكى كۆپەيسە، ئىش شۇنچە چاتاق بولىدۇ. بەشىنچىدىن، ئۇلارغا بېرىلىدىغان باھا ئوخشاش بولمايدۇ. ئالىملارنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرى تارىخنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، خەلق چىن يۈرىكىدىن دائىم مەدھىيىلەيدۇ. مەمۇرىي ئەمەلدارلارغا بېرىلىدىغان باھا ئادەمگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، بەزىسىگە مەڭگۈ تاش تىكلەش مۇمكىن، بەزىسى سەھنىدە مەدھىيىلىنىپ، سەھنىدىن چۈشكەندە ئەيىبلىنىشى، تەنىگە

قىلىشى مۇمكىن ، بەزىسى بۈگۈن ئالاھىدە تۆھپىسى بار ، دەپ باھالانسا ئەتە يەنە شۇنداق بولۇشى ناتايىن . مەسىلەن ، ھەر قېتىملىق سىياسىي ھەرىكەتلەردە «خىزمەت كۆرسەتكەن» دەپ قارالغانلارنى ھازىرقى كۈندىمۇ شۇنداق دەپ قارىغىلى بولارمۇ ؟

دېمەك ، مەمۇرىي ئەمەلدار چىقىمىقى ئاسان ، ئالىمنىڭ چىقىمىقى ناھايىتى قىيىن . ئېلىمىزدە تا ھازىرغىچە ئالىملىقى ئۈچۈن نوبېل مۇكاپاتى ئالغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى ، لېكىن مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىكىلەرنى ۋاگونلاپ تېپىش مۇمكىن . بىرى قىيىن ، بىرى ئاسان . ئەسلىدە قىيىن بولغانلىرىنىڭ تەمىناتى ئاسان بولغانلىرىنىڭكىدىن كۆپرەك بولسا ئەقىلگە ئۇيغۇن بولاتتى . ئالىمنىڭ تەمىناتىنى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدە چەكلەپ قويسا ۋە تېخى مۇشۇنداق قىلىشنى «قەدىرلەش» دەپ قارىسا ، كىشىنى قايىل قىلارمۇ ؟ تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەردە ئالىملارنىڭ تەمىناتى مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىدىن يۇقىرى بولۇش تۇرماق ، رەئىس جۇمھۇرلاردىنمۇ نەچچە ھەسسە ئېشىپ چۈشىدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس .

بەزىلەر «مەنسەپ» نى ئىلىم ـ بىلىم ئەھلىدىن يۇقىرى كۆرىدۇ ، ھاياتنىڭ قىممىتىنى «مەنسەپ» بىلەن ئۆلچەيدۇ . ئازادلىقتىن بۇيان مەيلى مۇخبىر ، ئوقۇتقۇچى ، يازغۇچى ، ئارتىس ، تەتقىقاتچى ، تەنھەرىكەتچى . . . بولسۇن ، ھەممىسىگە مەمۇرىي دەرىجە بېرىلدى ، ھەتتا پانىي دۇنيادىن بېزىپ ئىبادەتخانىغا كىرىۋالغان ، شەيخ ـ بۇۋىلەرگىمۇ بۆلۈم باشلىقى ، ناھىيە ھاكىمى دەرىجىلىرىگە توغرىلاپ دەرىجە بېرىلگەن . كەسپىي خادىملارغا ئۇنۋان بېرىلگەنلىكى ئەسلىدە «مەنسەپ ئاساس» دېيىلىدىغان قاراشنىڭ ئىنكار قىلىنغانلىقى ئىدى . شۇنداق بولسىمۇ ، يۇقىرى دەرىجىلىك ئۇنۋان «پالانى دەرىجە» گە تەڭ ، دېيىلىدىغان سۆزلەر قۇلىقىمىزغا كىرىپ تۇرىدۇ . دېمەك ،



«مەنسەپ ئاساس» دېيىلىدىغان فېئوداللىق قىممەت قارىشىنىڭ نەقەدەر جاھىللىق ئىكەنلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇرىدۇ . .

* * *

ئاپتور ۋۇفېي «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 27 ـ مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان «‹تەمىنات› تىن تۇغۇلغان ئويلىرىم» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ :

. . . مەلۇم بىر يەر بىلىمنى قەدىرلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن يېقىندا مۇھىم بىر سىياسىي تەدبىرنى ئېلان قىلىپ ، ئاكادېمىكقا «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» بېرىدىغان بوپتۇ ۋە «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» نىڭ كونكرېت مەزمۇنلىرىنىمۇ بايان قىپتۇ . بۇ مەندەك پۇقرانىڭ كۆزىنى ناھايىتى چوڭ ئېچىپ قويدى . شۇ «تەمىنات» نىڭ ئادەمنى زوقلاندۇرىدىغانلىقى ماڭا «ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە تۇرىدىغان تاغ بېشىدىكى ئادەم» نىڭ ھىممىتىنى چۈشەندۈرۈپ قويدى ، نېمە ئۈچۈن «ئادەملەرنىڭ يۇقىرىغا يامىشىدۇ» غانلىقىنىمۇ بىلىپ قويدۇم .

«مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» تەگمىسىمۇ ئاكادېمىك ئەمەلىيەتتە يەنىلا ئاكادېمىكتۇر . جۇڭگو خەلقىگە بىۋاسىتە نەپ يەتكۈزۈۋاتقان ئاكادېمىكلارنىڭ تۆھپىسى جەھەتتىن ئېيتقاندا ، ئۇلارغا ھېلىقى بىر «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقىغا تەڭ تەمىنات» ئىكەن ، ھەرقانداق كاتتا شان ـ شەرەپ ۋە تەمىنات بېرىلسە ئارتۇقلۇق قىلارمۇ ؟ مەسىلىنىڭ يەنە بىر تەرىپىنى ، يەنى ھازىرقى «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىلىك تەمىنات» ئالىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭ نامى ـ ئەمالىنى ئالساق ، ئۇلار ئاكادېمىكلارغا ئوخشاش تەمىنات ۋە شان ـ شەرەپكە

مۇناسىپ كېلەرمۇ؟ پېقىرنىڭ قارىشىچە، ئۇلارنىڭ بەزىسى ئايروپىلاندا، مەخسۇس پىكاپتا ئولتۇرۇشقا مۇناسىپ ئەمەس؛ بەزىسىگە مائاشىنىڭ سىرتىدا ياردەم پۇلى بېرىش ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇلار ئاللىقاچانلا پۇل تېپىشقا ئۇستا بوپقالغان؛ بەزىسىگە ئۆيىنىڭ كۆلىمىنى چوڭايتىپ بېرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى ئۇلار نەۋرە ـ چەۋرىلىرىگىمۇ ئۆي ـ جاي تەييارلاپ قويغان . . . ئۇلارغا يەنە نېمە كەم، دەيسىز؟ ئۇلار ئاكادېمىك دېگەن ئۇنۋانغا تەلمۈرۈپ شۆلگەيلىرىنى ئاقتۇرۇشى مۇمكىن. چاتاق ئەنە شۇ يەردە: قولىغا كەلگىنىنى قەدىرلىمەيدۇ، قولىغا كەلمىگىنىگە تەلمۈرىدۇ. جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خۇ چاڭچىڭ يېقىندىلا ئۆلۈم جازاسىغا مەھكۇم بولدىغۇ!

ئاكادېمىكنىڭ ئاكادېمىكقا خاس ئىشى بار، ئۇ ئەگەر «مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات» نىلا كۆزلەيدىغان بولسا، كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ جان پىدالىق بىلەن ئىشلىمىگەن بولاتتى. خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن يېقىندا يەتتە ـ سەككىز نەپەر ئاكادېمىكنى زىيارەت قىلدىم. شۇ زىيارەتلەردىن چۈشىنىشىمچە، ئۇلارغا ھەممىدىن بەك كەملىك قىلىدىغىنى ۋاقىت ئىكەن. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ئىشىنى دەپ ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلىدىكەن، ۋاقتىنى زايە قىلىۋېتىدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، مېنىڭچە ئۇلارغا ئاۋۋال «ئەڭ تۆۋەن تەمىنات» بېرىش ــ يەنى، ئۇلارنى بىكار ئاۋارە قىلماسلىق، ئۇلارنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك كېرەك.

* * *

ئاپتور يىن جاۋپىڭ «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000 ـ يىل 26 ـ سانىغا بېسىلغان «مەنسەپ ۋە يوغان گەپ» سەرلەۋھىلىك تەقرىزىدە مۇنداق دەيدۇ:



شىنجاڭدا، بۇ يەردىكى ئاكادېمىكلەر مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسىگە تەڭ تەمىنات ئالىدۇ، دەيدىغان ئالاھىدە سىياسەت ئېلان قىلىنغانىكەن. ۋۇ جىشۇن ئەپەندى ئاكادېمىكقا بېرىلگەن بۇ مەنسەپ تاجىسىدىن گۇمانلىنىپ: «ئىلىم ـ بىلىمنى قەدىرلىگەندە ئۇنى ‹مۇئاۋىن ئۆلكە باشلىقى دەرىجىسى› گە توغرىلاشنىڭ نېمە زۆرۈرىيىتى بار؟» دەپتۇ. چۈنكى ئۇنىڭ قارىشىچە، «ئىلىم ـ بىلىمگە ھەقىقىي رەۋىشتە ئۆمۈرلۈك ئىشتىياق باغلىغان ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلەر دەرىجە، مەنسەپنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكىگە پەرۋا قىلمايدۇ» مىش.

مەن ۋۇ جىشۇن ئەپەندىنىڭ تەقرىزىگە قوشۇلالمايمەن. بىرىنچىدىن، ئىلىم ـ پەننىڭ خۇسۇسىيىتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئىلىم ـ پەن ئەھلىنىڭ تۇرمۇش تەميناتىنى دەرىجە بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، دېگەن گەپ ئەمەس. چۈنكى رېئال تۇرمۇشتا سىز قەدىردان ئاكادېمىك بولسىڭىزمۇ ئادەمزات ھاياتىنى كەچۈرىسىز، شۇنداق ئىكەن، سىز ئادەمزاتسىز، ئادەتتىكى ئىنسانسىز، ئىنسانغا خاس ئارزۇ ـ ئارمىنىڭىز بولىدۇ، يەيسىز، ئىچىسىز، چىقىرىسىز، ئەگەر دەرىجىڭىز بولمىسا ئىشىڭىز تەس: ئۆي تەقسىم قىلىنغاندا كۆڭلىڭىزدىكىدەك ئۆي تەگمەي قېلىشى مۇمكىن، پىكىر بايان قىلغاندا ئېتىبارغا ئېلىنماي قېلىشىڭىز مۇمكىن، بىرەر يەرگە مەجلىس ياكى يىغىنغا بارىدىغان چاغدا ئاپتوبۇستا قىستىلىپ يۈرۈشىڭىز مۇمكىن، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىغا بارىدىغان بولسىڭىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا ـ چاقىڭىز ھەمراھ بولۇپ ئاۋايلاپ ئېلىپ بېرىش توغرا كېلىپ، خوجىلىق بۆلۈمىنىڭ پالانى باشلىقىغا ياكى پوكۇنى كادىرىغا ماشىنا چىقىرىپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىشىڭىز مۇمكىن، يەنە تېخى ئۇلارنىڭ ماشىنا چىقىرىپ بېرىشىمۇ ناتايىن؛ بەزىدە: «ماشىنىلار بەك ئالدىراش، بېرەلمەيمەن» دېگەن بىر ئېغىز

گەپ بىلەنلا سىزنى يولغا سېلىۋېتىشى مۇمكىن . . . ئىنسانىي ھاياتتىكى مۇشۇنداق ئاددىي ئىشلاردىن چەتنىگەن ھالدا ئىلىم-بىلىمنى قەدىرلەش ، ئىلىم - بىلىم ئەھلىنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يېتىش توغرىسىدا پاراڭ قىلىشنىڭ ئۆزى يوغان گەپ بىلەن قۇرۇق لاپ ئۇرغانلىق بولماسمۇ ؟

ۋۇ جىشۇن ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا «مەنسەپ قارىشى كۈچلۈك ، ماھارەت قارىشى كۈچسىز ، مەنسەپدار ئەزىز ، ماھارەت ئىگىسى قەدىرسىز بولسا ، مەنسەپدارلىق كەيپىياتى كۈچىيىپ كېتىدۇ ، مەنسەپپەرەسلىك — بيۇروكراتىزم ۋە بۇنىڭدىن كېلىپ چىقىدىغان ئەيىبلەر ئەۋج ئېلىپ كېتىدۇ . ماھارەت ئىگىلىرىنى ئەزىزلەيدىغان مىللەت راۋاج تاپالايدۇ . . . مېڭىمىزدە ساقىندى بوپقالغان مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۆزۈل - كېسىل تۈگىتىپ ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم - پەن تۈزۈمىنى ھەقىقىي بەرپا قىلىش — مانا بۇ تۈپ - نېگىزلىك تەدبىردۇر» دەپ تەكىتلەپتۇ . بۇ سۆز ئەلۋەتتە توغرا ، دېمىسىمۇ ھەممىمىز بىلىمىز . لېكىن ئاكادېمىكقا مەنسەپ تاجىسىنى كىيگۈزۈپ قويۇشنىڭ ئۆزى مەنسەپنى ئەزىزلەپ ، ماھارەتنى قەدىرسىز بىلگەنلىك ئەمەس ، بەلكى «مەنسەپ قەدىرلىك ، ماھارەت قەدىرسىز» بولۇپ تۇرغان دەۋردە نائىلاج قوللىنىلغان چارىدۇر . «مېڭىمىزدە ساقىندى بوپقالغان مەنسەپنى ئاساس قىلىدىغان يامان ئادەتنى ئۆزۈل - كېسىل تۈگىتىپ ، ماھارەت ئىگىلىرىنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدىغان ئىلىم - پەن تۈزۈمى ھەقىقىي بەرپا» بولغۇچە يوغان گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىگىنىمىز ياخشى . يوغان گەپلەرنى قىلىپ لاپ ئۇرۇپ كېلىۋاتقىنىمىزغا خېلى كۆپ يىل بوپقالدى . ماھارەت ئىگىلىرى نېمىشقا ھازىرغىچە قەدىرلىنەلمەيۋاتىدۇ ؟ قىلغان ، قىلىۋاتقان «يوغان گەپ»لىرىمىز توغرىسىدا ئويلىنىپ باقساقمىكىن ؟ !



# بەھرامنىڭ ئېشىكى

## (ئىنجىلدىكى قىسسە)

سۇلتان نۇرغۇن سوۋغا - سالاملار بىلەن بەھرامنىڭ ئالدىغا ئادەم ئەۋەتىپ : «يەھۇدىيلەرنى دۇئايى بەند قىلىپ قارغىۋەتسىكەن» دەپ ئۆتۈنۈپتۇ . بەھرام كامالەتكە يەتكەن ئەپسۇنچى جادۇگەر ئىكەن ، ئۇ ئاق كۆڭۈل ئادەم بولسىمۇ ، لېكىن پۇلنى كۆرۈپ نەپسى تاقىلداپ ، سۇلتاننىڭ ئەمرىگە بويسۇنۇپ ، ئېشىكىگە مىنىپتۇ - دە ، يولغا راۋان بوپتۇ .

ئاللاتائالا بەھرامنى «يەھۇدىيلەرگە زىيانلىق بىرەر ئىش قىلىپ قويمىغىيدى» دەپ ئەندىشە قىلىپ ، مالائىكىلەردىن بىرىنى قىنىدىن چىقىرىلغان زۇلپىقارنى كۆتۈرۈپ بېرىپ ، بەھرامنى يېرىم يولدا توسۇۋېلىشقا ئەۋەتىپتۇ .

بەھرام ئۆز يولىدا بەھۇزۇر كېتىۋېرىپتۇ ، مالائىكىنى كۆرمەپتۇ ، لېكىن ئۇنىڭ ئېشىكى كۆرۈپتۇ ۋە بۇ ھايۋان بىر ئاز قورقۇپ ، ئالدى پۇتىنى كۆتۈرۈپتۇ - دە ، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا بەدەر قېچىپتۇ . بەھرام نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي دەرغەزەپ بولۇپ ، قولىدىكى قامچىسى بىلەن ئۇنى راسا قامچىلاپتۇ . ئېشەكمۇ كاج ئىكەن ، شۇنچە قامچىلىسىمۇ زادىلا ئارقىسىغا ياناپتۇ .

بەھرامنىڭ پۇتى ئاغرىپتۇ ، تىزى قانداقتۇر بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇپ كەتكەن بولسا كېرەك ، ئاغرىقنىڭ دەردىدە ۋايجانلاپ تۇرۇپ ئېشەكنى قامچىلاۋەرگەنىكەن ، ئېشەك تاياقنىڭ دەردىدە بىردىنلا زۇۋانغا كېلىپ :

— مېنى نېمانچە ئۇرىسىز ؟ — دەپتۇ .

— بېشىڭ چۆرگىلەپ قاپتۇ ، مېنى ئەخمەق قىلىپ ئويناۋاتىسەن ، شۇڭا ئۇرۇۋاتىمەن ، — دەپتۇ . ئېشەك بولسا :

— سىز بولسىڭىز مېنىڭ ئىگەم ، ھېچقاچان بويۇنتاۋلىق قىلغىنىم يوق ، سىزنىڭ خاھىشىڭىزغا خىلاپلىق قىلىشقا قانداقمۇ پېتىناي ! — دەپتۇ .

دەل شۇ چاغدا مالائىكىگە بەھرامنىڭمۇ كۆزى چۈشۈپتۇ - دە ، دەرھال ئېشەكتىن چۈشۈپ ، تەزىم بەجا كەلتۈرۈپتۇ . مالائىكە :

— ئېشەكنى نېمىشقا ئۇرىسەن؟ ! ئېشەكتىنمۇ دۆت ئىكەنسەن ! — دەپتۇ كايىپ ، — ئەگەر ئېشىكىڭ كېتىۋاتقان يولىنى ئۆزگەرتمىگەن بولسا ، ئاللىقاچان جېنىڭدىن جۇدا بولغان بولاتتىڭ !

. . .

ئېسىمدە تۇرۇپتۇ ، بۇنىڭدىن 10 يىل ئىلگىرى تەلىيىم ئوڭدىن كېلىپ ، ھەشەمەتلىك ساياھەت كېمىسىگە بىرىنچى قېتىم چۈشۈپ ، سەنشيا بوغۇزىغا ساياھەتكە باردىم . بىر كۈنى كەچقۇرۇندا قارتا ئويناپ ئولتۇرۇپ قورسىقىمىز ئېچىپ قالدى ، بىر يازغۇچى ھەمراھىم بىلەن بىللە خالتىلىق «تەييار چۆپ» يېمەكچى بولدۇق ، ئۇ چاغلاردا بىزدە تاۋاقلىق «تەييار چۆپ» تېخى بازارغا چىقمىغانىدى . قارىساق ، كېمىدە ھەمسەپەر بولۇپ كەلگەن تەيۋەنلىك چوكانلاردا تاۋاقلىق «تەييار چۆپ» كۆپ ئىكەن ، ئۇلارمۇ يەپ ئولتۇرۇپتۇ ؛ بۇنى كۆرۈپ كۆزىمىز قىزاردى - دە ، يۈزىمىزنى قېلىن قىلىپ ، ئۇلار بىلەن ئالماشتۇرۇپ يېيىش ئارزۇسى بىلەن «كاڭ شىفۇ» ماركىلىق خالتىلىق «تەييار چۆپ» تىن بىر قۇچاق كۆتۈرۈپ ئالدىغا باردۇق . نەدىن بىلەيلى ، ئۇلار «ياق» دەپلا رەت قىلدى ، يەنى تېخى بىزگە ئالىيىپمۇ ئۇلگۇردى . يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن



بۇيان ئىگىلىكىمىز تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلىنىپ ، كۈندىن-كۈنگە يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كېلىۋاتىدۇ ، نېمە كېرەك بولسا شۇ تېپىلىۋاتىدۇ ، لېكىن پويىزدا كېتىۋېتىپ سىرتقا كۆز تاشلايدىغان بولساق ، تۆمۈريولنى بويلاپ تاشلانغان «تەييار تائام» قاچىلىرىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ . دېمەك ، ئاق رەڭلىك بۇلغىنىش ناھايىتى ئېغىر دەرىجىگە بېرىپ قالدى . «تەييار تائام» لارنى ئىشلەپ چىقارغۇچى زاۋۇتلار بېيىپ كەتتىيۇ ، ئەمما 100 يىلدىمۇ ھەل قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇلغىنىشنى قالدۇرۇپ قويدى . بىز جۇڭگولۇقلار پەرەڭلەرنىڭ ئاپتو ماشىنىلىرىغا زوقلىنىپ كەلمەكتىمىز ، ئەمەلدارلارنىڭ ئولتۇرىدىغان ھۆكۈمەت ماشىنىسى بار ؛ پۇقرا بولسا خۇسۇسىي ماشىنىلىق بولساق ئىدۇق ، دەپ تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرىدۇ . بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ، خەلقئارا سودا تەشكىلاتىغا كىرىمىز دەپ ئالدىراۋاتىمىز ، بىردەم ئامېرىكىلىقلار پۈتلىكاشاڭ بولسا ، بىردەم ئۇنداق ياكى بۇنداق ئىشلار چىقىپ تۇردى ، مانا ئەمدى شۇ تەشكىلاتقا كىرىشىمىز كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرماقتا . كىچىك ماشىنىلارنىڭ «تاۋاقلىق تەييار چۆپ» تەك ئەرزان بولۇشى ناتايىن ، لېكىن ماشىنىغا چىقىشنىڭ ئۆزى گەپ كەتمەيدىغان پاكىتقا ئايلانغۇسى . بۈگۈنكى كۈندە ھەتتا كالۋا ئادەممۇ ، كۈنلەرنىڭ بىرىدە مەنمۇ بىرەر خۇسۇسىي ماشىنىلىق بولۇپ قالارمەن ، دەپ ئارزۇ قىلىدىغان بولۇپ قالدى . جۇڭگودا ئادەم شۇنچە كۆپ ، ھەممە ئادەم ئەمەس ، تۆت ياكى بەش ئادەمگە بىر ماشىنا توغرا كەلسە ، مۇشۇ بىپايان بازار نۇرغۇن كارخانىنى جانلاندۇرماسمۇ؟ ! ئىش ئورنىدىن ئايرىلىپ قالغان نۇرغۇن ئىشچىنىڭ ئىستىقبالى دەرھال نۇرلىنىپ كېتىشى تەبىئىي .

بىز كىچىككىمىزدىن تارتىپلا ، «جۇڭگولۇقلارمۇ ئادەم ، باشقىلار قىلالىغان ئىشلارنى بىزمۇ چوقۇم قىلالايمىز» دەپ پىكىر يۇرگۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالغان . «دۇنيانىڭ ئىلغار

سەۋىيىسىگە يېتىشۋالىمىز ۋە ئۇنىڭدىن ئېشىپ كېتىمىز !» بۇ بىزگە بالىلىق دەۋرىمىزدىلا مېڭىمىزگە سىڭدۇرۇلگەن خىيال ئىدى ؛ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ، بىزنىڭ ئىززەت - نەپسىمىز پولاتتەك پاكىستلار ئالدىدا خېلى كۆپ پەشۋا يېدى ؛ يېتىشۋالىمىز ، ئېشىپ كېتىمىز دەيدىغان قاراشلىرىمىز ئاقمايدىغان بولدى . يېقىندىن بۇيان «تەرەققىي قىلدۇرۇش» دەيدىغان سۆز - ئاتالغۇ ئومۇملىشىپ قالدى . ئەمدى «بىز تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ؛ ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىن ئېشىپ كېتەلمىگەن ، ياپونىيە ۋە كورېيىگە يېتىشەلمىگەنىكەنمىز ، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ ياغ تولۇپ كەتكەن قۇيرۇقى كەينىدىن تەرەققىي قىلىپ ماڭساق بولار» دەيدىغان بولدۇق . فىزىكا ئىلمىدە نوبېل مۇكاپاتى ئالغان خەنزۇ قان سىستېمىسىدىكى بىر ئالىم قېرىشقاندەك مۇنداق جار ساپتۇ : «جۇڭگونىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىدە ئاپتوماشىنىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالى ئامېرىكا سەۋىيىسىگە يەتمەك تۇرماق ، تەيۋەن سەۋىيىسىگىمۇ يېتەلمەيدۇ . بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي ، ئەگەر يېتىپ قالسا ، پۈتۈن دۇنيانىڭ بېنزىنى يالغۇز بىرلا جۇڭگودىكى ئاپتوماشىنىلارنىڭ يېقىشىغا يېتىشمەي قالىدۇ .»

بۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ تېتىقسىز پەرەز ئىكەن . تەرەققىياتنىڭ ئىستىقبالى ھەرقاچان ياخشى بولىدۇ ، بىز تۇرمۇش سەۋىيىمىزنى ياخشىلاش يولىدا كۈرەش قىلىۋاتىمىز ، ئەمما كەلگۈسىدە قانداق بولاركىن تاڭ ؟ !

(بۇ ماقالە ئەسلى خەنزۇچە «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 12 - سانىغا يېجاۋيەن ئىمزاسى بىلەن بېسىلغان .)



# تەرمىلەر

△ تۇزنىڭ دەردى قانتىنى كېرىشكە مەجبۇر بولۇپ قالغانلىقىدا . چۈنكى ئۇ قانتىنى كەرمىسە ، ئادەملەرنىڭ قارغىشىغا قالىدۇ .

△ سىزنىڭ ھالال جۈپتىڭىز سىز تونۇشىدىغان ئەركەكلەر ئىچىدە مىجەزى ھەممىدىن يامان ئادەم بولۇشى مۇمكىن .

لېكىن بۇنىڭدىن رەنجىپ يۈرمەڭ ، سىزنىڭ شۇ جۈپتىڭىزنىڭ ئۆي - خىيالى سىزنىڭكىگە تامامەن ئوخشاش بولۇشى مۇمكىن .

△ يالغان گەپ قىلىشقا ئالاھىدە ماھارەت كېرەك ئەمەس ، پەقەت دادىل يۈرەك ۋە قېلىن يۈزلا كېرەك .

△ ئەگەر دۇكانغا كىرگەن خېرىدارنى «خۇدا» دەيدىغان بولسىڭىز ، دۇكان خادىملىرىنى «بەندە» دېگىلى بولمايدۇ .

△ ئەنئەنىچى شائىرلار مېھىر - شەپقەتنىڭ ھېسسىياتىنى كۈيلەيدىكەن ؛ يېڭى زامان شائىرلىرى پىتنە - پاساتلارنى سۆكىدىكەن ؛ ھازىرنىڭ شائىرلىرىدا زوقلانغۇدەك ھېسسىياتمۇ تېپىلمايدىكەن .

△ مېڭىسىگە «سودىگەر» چىلىك قىلىش خىيالى كىرىپ قالغان بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ دەرسكە كىرىشتىن ئىلگىرى نېمىلەرنى سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلمەسلىكى ، دەرستىن قايتقاندىن كېيىن دەرستە نېمىلەرنى سۆزلىگەنلىكىنى بىلمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس .

△ ھۆرمەتكە ئېرىشەلمىگەنلىكىڭىزدىن رەنجىمەڭ ، ئۆزىڭىزنىڭ شۇ ھۆرمەتكە مۇناسىپ ئەمەسلىكىڭىزدىن

ئۆكۈنۈك .

△ «تەجرىبەم» دېگەن بىرنېمىڭىزگە بازار تېپىشقا ئالدىراپ كەتمەڭ ؛ ئۇ بىرنېمىلىرىڭىز باشقىلارنىڭ نەزىرىدە ھېچكىمگە ياراشمايدىغان كونا كىيىم بولۇشى مۇمكىن .

△ ئىشق ئادەمنى ئىجتىھات قىلدۇرىدۇ دەپ ئىشىنىپ قالماڭ ، دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، ھىجران ئىجتىھات قىلدۇرىدۇ .

△ پۇلنىڭ كارامىتىنى قولىڭىزدا پۇل بار چاغدا بىلەلمەيسىز ، قولىڭىزدىن كەتكەندە تازا ئوبدان بىلىپ قالىسىز .

△ 21 ـ ئەسىرنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنىڭ يار - مەھبۇبىنى ئىلگىرىكىدەك «باغرىم ، يۈرىكىم ياكى قەدىرلىكىم» دەپ ئاتاشنىڭ ئورنىغا «مېنىڭ پاي چېكىم» ، «مېنىڭ دوللىرىم» ۋەھاكازا دەپ ئاتايدىغاندەك قىلىدۇ .

△ «مۇھەببەت» دېگەن سۆز 21 ـ ئەسىردە تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ . ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بىر بولسا جىنس خۇسۇسىيىتى بىلەن ، بىر بولسا ئىقتىسادىي نەپ بىلەن باغلىنىپ تۇرۇشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس . چۈنكى نەپ - ئۇنۇم دەۋرىدە ھەممە نەرسە ۋە ھەرقانداق ئىشتا «كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدار» قەدىرلىك بولىدىكەن .

△ مەنسەپدار بولۇشنىڭ پايدىسى ئەمدى مەلۇم بولۇۋاتىدۇ ، مەنسەپدار بولغاندىن كېيىن ئېيىغا ئالىدىغان نەچچە 100 يۈەن مائاشىغا بىر بوتۇلكىسى نەچچە مىڭ يۈەنلىك پەرەڭ هارىقى ئىچىلىدىكەن ، ئىش قابىلىيىتى چاغلىق بولسىمۇ ، ئىلىم - بىلىمى چەكلىك بولسىمۇ ، ھال ئېيتىپ كېلىپ «ئىززەت - ھۆرمىتى» نى قىلىدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن .

(بۇ تەرمىلەر «كومېدىيە دۇنياسى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 1999 ـ يىل 2 ـ ئايلىق سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان .)



# ئەدەپ ـ ئەخلاق ئادەم ئۆلتۈرەمدۇ

جىلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 90 ياشتىن ئاشقان ھۆرمەتلىك پروفېسسورى جىن جىنفاڭ خانىم بۇ يىل نەشر قىلىنىشقا باشلىغان «مەدەنىيەت سېلىشتۇرما تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دەيدۇ :

مەدەنىيەت جەھەتتە بىز ئۆزىمىز جۇڭگونى «ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق ، رەسىم ـ يوسۇنلۇق ئەل» دەپ تەرىپلەيمىز . لېكىن جەمئىيەتتە ھەممىدىن بەك ئالقىشلىنىۋاتقانلار بولسا ناخشا چولپىنى ، كىنو چولپىنى ، ئۇسسۇل چولپىنى دېگەنلەردۇر . بۇنداق چولپانپەرەسلىك ئاساسەن غەربتىن قوبۇل قىلىنماقتا . جۇڭگونىڭ ئەسلى ئەدەپ ـ ئەخلاقى ئاتا ـ ئانىغا ۋاپادارلىق ، ئاكا ـ ئاچىلىرىنى ھۆرمەتلەش ، ئەدەپ ، ئىنساب ، شەرم ـ ھايا ، ۋەھاكازالار يوقىلىپ تۈگىمىگەن بولسىمۇ ، لېكىن تاختىۋېشىغا ئېلىپ قويۇلۇۋاتىدۇ . بەزىلەر ئاندا ـ ساندا تىلغا ئالسىمۇ ، قارشى ئېلىنمايدىغان بوپقالدى . بۇنداق ئەھۋاللارنىڭ يۈز بېرىشى ئۆتمۈشتىكى يېڭىلىق تەرەپدارى بولغان ئەربابلارنىڭ «ئەدەپ ـ ئەخلاق ئادەم ئۆلتۈرىدۇ» دەپ كۈچەپ تەشۋىق قىلغانلىقىنىڭ ئاقىۋىتى بولسا كېرەك . (تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر ئۆلىما ) گۇەنزى : «ئەدەپ ، ئىنساپ ، شەرم ـ ھايا دۆلەتنىڭ تۆت تۈۋرۈكىدۇر . بۇ تۆت تۈۋرۈك يالجىپ تۇرمىسا ، دۆلەت ھالاك بولۇر» دەپتىكەن . بۇ گەپ ئوبدان ئويلاپ كۆرۈشكە

ئەرزىيدۇ . دەرۋەقە ، بىر دۆلەتنىڭ خەلقى ئەدەپ ـ ئەخلاق ، ئىنساپ ـ تەۋپىق دېگەننى بىلمىسە ، شەرمىسار ، نومۇسسىز بولسا ، ئۇ دۆلەت ھالاك بولمىغان تەقدىردىمۇ ، ئۇنى قانداقمۇ «مەدەنىيەتلىك دۆلەت» دېگىلى بولار ؟

(بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «لۇشۈن تەتقىقاتى» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2000 ـ يىل 5 ـ ساندا ئېلان قىلىنغان . )





# جۇڭگودا مەدەنىيەت بارمۇ

مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان كۆڭلۈمدە بارغانسېرى مۇنداق بىر گۇمان پەيدا بولۇۋاتىدۇ :

جۇڭگودا كاتتا مەدەنىيەت سەمەرىسى بارمۇ ـ يوق ؟ مۇشۇ جەھەتتە «نوپۇز ئىگىسى» زادى بارمۇ ـ يوق ؟

ئامېرىكىدا ناھايىتى توم بىر كىتاب چىققانىكەن ، ئۇنىڭدا ھەرقايسى ساھەدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ ، ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتىگە قانداق تۆھپىلەرنى قوشقانلىقى ۋە قانداق تەسىرلەرنى بەرگەنلىكى ئۈستىدە قىلىنغان مۇزاكىرىلىرى بايان قىلىنغانىكەن . شۇ كىتابنىڭ خەنزۇچە تەرجىمىسى تەيۋەن تەيبېيدا نەشر قىلىنىپتۇ . ئۇنىڭ ئىسمى «20 ـ ئەسىر تارىخى» ئىكەن . تەيۋەندىكى يۈيىنسى پروفېسسور ئۇنىڭغا باھا يېزىپ ، شۇ مۇتەخەسسىسلەرنىڭ جۇڭگونىڭ 20 ـ ئەسىردە دۇنياغا تەسىر قىلغان ئىشلىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا پەقەت جۇڭگودىكى ئىنقىلابلارنىلا تىلغا ئېلىپ ، جۇڭگونىڭ مەدەنىيىتى توغرىسىدا ھېچ گەپ قىلمىغانلىقىنى ، بۇ پروفېسسور ئۆزىنىڭ بۇنىڭغا تولىمۇ بىئارام بولغانلىقىنى بايان قىپتۇ . شۇنداق بولسىمۇ ئۇ يەنە : سوغۇققانلىق بىلەن ئېيتسام ، جۇڭگو ئادەملىرىنىڭ 20ـ ئەسىردە مەدەنىيەت جەھەتتە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىرى ھەقىقەتەن ۋاھ دېگۈچىلىكى يوق ، دەپ ئېتىراپمۇ قىپتۇ . تەيۋەنلىك يازغۇچى بەي شيەنيۇڭمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بىرئاز بىئارام بوپتۇ ، لېكىن شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە يۇ پروفېسسورغا ئوخشاش ھېسسىياتتا بوپتۇ . بەي شيەنيۇڭ دەپتۇ : «ئامېرىكىلىق بىر

دوستۇم ماڭا : ئۆزىڭىزنىڭ قارىشىچە ، 20 ـ ئەسىردە جۇڭگودا ئوتتۇرىغا چىققان ، دۇنيا مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن بىرەر كاتتا مەدەنىيەت ئەربابىنى دەپ بېقىڭا ، دېۋىدى ، بىر ھازاغىچە لام ـ جىم دېيەلمەي تۇرۇپ قالدىم ، ئاخىر نائىلاج گەپنىڭ راستىنى قىلىپ ، يوق دېدىم . ئەسلىدە لۇشۇن بار ، دېمەكچى ئىدىم ، كېيىن ئويلاپ قارىسام ، لۇشۇن ئەپەندى پارچە ـ قىسقا ھېكايىلەرنىلا يازغان ، رومان يازمىغان ، شۇڭا ۋەزنى تولمايدىغاندەك تۇردى . شۇنىڭ بىلەن شۇنداق تەسىراتقا كەلدىمكى ، جۇڭگونىڭ 20 ـ ئەسىردىكى مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى يۇكسەك ئەمەس . تارىخنى ئەسلەپ قارىساق ، بۇمۇ تاسادىپىي ئەھۋال بولمىسا كېرەك . 1919 ـ يىلىدىكى «4ـ ماي» ھەرىكىتىدىن تارتىپ «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» غىچە ئۆتكەن يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگو ئادەملىرى ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى شۇنداق ئۇزۇل ـ كېسىل ۋەيران قىلدىكى ، دۇنيادا ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى بىلەن شۇنداقمۇ قېرىشقان ، يوقاتمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغان مىللەت بولمىسا كېرەك !»

بەي ئەپەندىنىڭ سۆزلىرى بىرئاز بىر تەرەپلىمىدۇر ، لېكىن ئەمەلىيەت ھەقىقەتەن شۇنداق . بىز ھەدېگەندىلا جۇڭگونىڭ 5000 يىللىق پارلاق مەدەنىيىتى بار ، دەيمىز . لېكىن ھازىر نېمىگە ۋارىسلىق قىلدۇق ؟ توپتوغرا 100 يىلدىن بۇيان «تۈزۈككىنە» بىرەر كىتاب ياكى كىنو چىقارغىنىمىز يوق ياكى كېيىنكى ئەۋلادلىرىمىزغا بەرگۈدەك مەدەنىيەتكە دائىر بىرەرسىنى ئوتتۇرىغا چىقارغىنىمىز يوق .

«مەدەنىيەت» قالمىغانلىقى ئۈچۈن ھازىر ھەممىنى يېڭىۋاشتىن بەرپا قىلىشقا كىرىشتۇرۇۋاتىمىز ، پۇلنى كۆزلەيدىغان ، پۇلنى كۆزلىمەيدىغان «مەدەنىيەت» پەيدا بولۇۋاتىدۇ ؛ مەنىلىك ، بىمەنە «مەدەنىيەت» لەر ئوتتۇرىغا



چىقىۋاتىدۇ ؛ ھۆكۈمەت قەدىرلەيدىغان ، ئامما ئىلىك ئالمايدىغان «مەدەنىيەت» ھۆكۈم سۈرۈۋاتىدۇ ؛ بەزى «مۇتەخەسسىس» لەر يارىتالمايدىغان ، لېكىن بازىرى ئىتتىك غەلىتە ـ غەلىتە «مەدەنىيەت» لەر پەيدا بولماقتا .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، مېنىڭچە قورسىقىمىز تولىمۇ كۆپمىسۇن ، «غەلىتە ـ غەلىتە» مەدەنىيەتلەرگە «غەلىتە ـ غەلىتە» مەدەنىيەتلەر بىلەن قارشى چىقىپ ئاۋارە بولمايلى ، بەزى ئاتالمىش «نوپۇز ئىگىلىرى» نى «ھەزىل» قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپمۇ يۈرمەيلى . ھەممىدىن ياخشىسى ، ھەممىمىز كەڭ قورساقراق بولايلى .

(ۋاڭ لى ئىنمزالىقىدىكى بۇ ئەسەر «ئىلىم ـ پەن دەۋرى گېزىتى» نىڭ 2000ـ يىل 19 ـ فېۋرالدىكى سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان .)



نەپرەتلىك كۈنلەردىكى ئەسەبىيلىك :
— يوقالسۇن دادام !
— دادامنى يوقىتايلى !

## بېلەتپەرەسلىك يىللىرىدىن خاتىرە

پىلانلىق ئىگىلىك دەۋرىدە پەيدا بولغان ھەر خىل بېلەتلەر ئۆز ۋاقتىدا ئالغۇ ـ بەرگۈ ساھەسىدە «2 ـ پۇل» ئورنىدا ئېقىپ يۈردى . شۇ بېلەتلەرگە تارقىتىلغان يىل ـ ئايلىرىنى ، تەمىنلەپ بېرىلىدىغان نەرسىلەرنى ، مىقدارىنى ۋە شۇ بېلەتلەرنى ئىشلىتىشكە ئائىت بەلگىلىمىلەرنى ئىزاھلاپ بېسىلغان مەزمۇنلار ۋاقتىنى ، نەرسە ـ كېرەكلەرنى ، مىقدار ۋەھاكازالارنى بىلدۈرىدىغان ئاددىي چۈشەنچە ، بەلگە ۋە ئىزاھات بولۇپلا تۇرۇپ قالماستىن ، بەلكى مەلۇم يىللاردىكى ئىقتىسادىي ئەھۋالنىڭ ، تەمىنلەش سىياسىتىنىڭ ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ تارىخىي پاكىتى بولۇپ قالدى . دۆلىتىمىز قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيانقى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى خۇلاسىلەپ بېرىدىغان سەھىپىگە ئايلىنىپ قالدى . شۇ بېلەتلەردىن دەۋرنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ قىياپىتىنى قانائەتلىنەرلىك ھالدا بىلگىلى بولىدۇ .

## «ئۈچ چوڭ سەرەمجان» بېلىتى

قول سائىتى ، ۋېلىسىپىت ، كىيىم تىكىش ماشىنىسى 20 ـ ئەسىردىكى 70 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن تاكى 80 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغىچە مەلۇم ئائىلىلەرنىڭ تۇرمۇش ھال ـ كۈنىنى ئۆلچەشتە ئومۇمىي ئېتىراپ قىلىنغان مۇھىم بەلگە بولۇپ تۇردى . بىرمۇنچە ئادەملەر توي مۇراسىمىنىڭ تەنتەنىسىنى ۋە



يېڭى تۇتقان روزغارنىڭ ھەشەمىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ، توي قىلىشتىن ئىلگىرى شۇ «ئۈچ چوڭ سەرەمجان» نى تەخ قىلىشقا ھەر خىل ئاماللار بىلەن تىرىشاتتى . لېكىن بازاردا ئۇنداق سەرەمجان تېپىلمايتتى ، تېپىلىپ قالسا بېلەتكە سېتىپ بېرىلەتتى . دېمەك ، ئىشنى ئارزۇ قىلغاندەك پۈتتۈرۈش ئاسان ئەمەس ئىدى . بازار ئىگىلىكىگە كۆچكەن بۈگۈنكى كۈندە ماگىزىنلاردا پەۋەس تۇرغان تاۋارلارغا قاراپ ئۆلگۈرەلمەيمىز . مۇشۇنداق بىر ھالەتتە ھېلىقى «ئۈچ چوڭ سەرەمجان» بېلەتلىرىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك ھەسرەتلەنمەي قالمايمىز .

## ھەممىدىن «ئاز» گۆش بېلىتى

شاڭخەي شەھەرلىك يېمەكلىكلەر شىركىتى 1963 ـ يىلى شۇ يىلدا ئاقىدىغان «شاڭخەي شەھىرىنىڭ جۇڭگو مۇھاجىرلىرىنى ئالاھىدە تەمىنلەيدىغان گۆش بېلىتى» تارقاتقان . شۇ بېلەتتە «يوقىلىپ كەتسە ئورنىغا بېرىلمەيدۇ ، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتسە كېرەكسىز بولىدۇ» دەپ ئېنىق ئىزاھلانغان ھەمدە «بەلگىلەنگەن ماگىزىنلاردا تەمىنلىنىدۇ» ، مىقدارى «ئۈچ مىسقال» بولىدۇ دەپ تەكىتلەنگەن (بىر جىڭ 10 سەر ، بىر سەر 10 مىسقال ھېسابىدا . ) بىز ھازىر شۇ بېلەتلەرنى كۆرسەك ، گۆش دۇكىنىدىكى جىڭ ـ تارازىلارنىڭ توغرىلىقىغا ۋە قاسساپلارنىڭ «بىر توغراش» بىلەنلا ئۆلچەمگە لايىق كېسىدىغان ھۈنىرىگە قايىل بولماي قالمايمىز . ئەگەر قاسساپلارنىڭ شۇنداق «بىر توغراش» بىلەنلا دەل توغرىلاپ

كېسەلەيدىغان ھۈنىرى بولمىسا ، شۇ ئازغىنە گۆشنى قانداقمۇ دەل كېسەلىسۈن ؟ ! شۇنداق دەل توغرا كېسەلمىسە ، «ئۈچ مىسقال» گۆشنى قانداقمۇ توغرىلاپ ساتالىسۇن ؟ !

## پەۋقۇلئاددە لازىمەتلىكلەر بېلىتى

1960 ـ يىلىدىن 1963 ـ يىلىغىچە ناھايىتى ئادەتتىكى لازىمەتلىكلەرمۇ بازاردىن تېپىلمايدىغان بىر مەزگىل مەۋجۇت بولۇپ ئۆتتى . ئەنە شۇنداق بىرىنچى دەرىجىلىك قىيىنچىلىق يۈز بېرىپ تۇرغاندا ، جەمئىيەتتە بەزى پەۋقۇلئاددە لازىمەتلىكلەر بېلەتلىرى ئارقا ـ ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقتى . ھازىر شۇنداق بېلەتلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىرى ناھايىتى ئاز بولغاچقا ، ئۇلار خېلىلا قەدىرلىك بولۇپ قالدى . «گۇيياڭ شەھەرلىك بەش خىل مېتال شىركىتى» ئوتتۇرىغا چىقارغان «ئېلېكتر لامپۇچكىسى بېلىتى» نىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا «ئەڭ ئالــــي يوليورۇق» بېسىلغان (ئەينى سۈرەتكە قاراڭ ) . شۇ دەۋردىكى ئەھۋالنى بۈنىڭغا قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

## مىقدارى ئەڭ ئاز ئاشلىق بېلىتى

1960 ـ يىلى دۆلىتىمىزدە ئۈچ يىللىق تەبىئىي ئاپەت يۈز بېرىۋاتقان بىر ۋاقىت بولۇپ ، ئاشلىق ناھايىتى قىس بولۇپ كەتتى . شۇڭا ئۆز ۋاقتىدىكى نەنجىڭ شەھەرلىك ئاشلىــــق ئىدارىسى «بىر مىسقال» ئاشلىق سېتىۋالغىلى بولىدىغان غەلىتە بېلەت چىقاردى . ئاران بەش گراملا ئاشلىق ئالغىلى بولىدىغان



شۇ ئاشلىق بېلىتى ھازىرغىچە تېپىلغان ھەممىــــدىن ئاز مىقداردىكى ئاشلىق بېلىتى بولۇپ ، تولىمۇ غەيرىي ئىكەن . شۇ بېلەت بىلەن پەقەت چىشنىڭ كاۋىكىنىمۇ تولدۇرغىلــــى بولمايدىغان تولىمۇ كىچىك بىر توقاچ سېتىۋالغىلى بولىدىكەن ، لېكىن شۇ توقاچنىڭ تەمىنى بىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىكەن .

(ۋاڭ يەنباۋ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە خەنزۇچە «مەتبۇئاتلاردىن ھەپتىلىــــك تەرمىلەر» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 16 ـ ئۆكتەبىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى . )




بېلەتتىكى سۆزلەرنىڭ تەرجىمىسى : «ئەڭ ئالىي يوليورۇق : ئىنقىلابنى تۇتۇپ ، ئىشلەپچىقىرىشنى ئىلگىرى سۈرەيلى ، خىزمەتلەرنى ئىلگىرى سۈرەيلى ، ئۇرۇش تەييارلىقىنى ئىلگىرى سۈرەيلى . ئېلېكتر لامپۇچكىسى بېلىتى . گۇيياڭ شەھەرلىك بەش خىل مېتال شىركىتىنىڭ ئىنقىلابىي ھەيئىتىدىن تارقىتىلدى . »

# ئامېرىكىدىمۇ «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم» بار ئىكەن

ئامېرىكىنىڭ پېنسىلۋانىيە شتاتىدا «ئىمىسون دۆلىتى» دېگەن بىر دۆلەت بار، ئۇ رانكىست شەھىرىنىڭ غەربىي سەھراسىدا. «ئىمىسونلار» ئۆز ۋاقتىدا ياۋروپادىكى دىنىي زۇلۇمدىن قېچىپ، ئامېرىكىنىڭ رانكىست دەيدىغان يېرىگە بېرىپ ماكانلىشىپ قالغانىكەن، ئۇلار ئۆزلىرىنى «پېنسىلۋانىيىلىك نېمىس» دەپ ئاتايدىكەن.

ئۇنى «ئىمىسون يېزىسى» دېمەي، «ئىمىسون دۆلىتى» دەپ ئاتاشنىڭ سەۋەبى، ئۇلارنىڭ ئانا تىلىنىڭ نېمىس تىلى بولغانلىقىلا ئەمەس، يەنە باشقا سەۋەبلىرىمۇ بار ئىكەن، يەنى ئامېرىكىنىڭ بەزى قانۇنلىرى ئۇ «دۆلەت» تەۋەسىدە ئۈتمەيدىكەن. ئامېرىكا ھۆكۈمىتىمۇ بۇنىڭغا نائىلاج بولۇپ، «دىنىي ئېتىقادىنىڭ ھۆرمىتى» دەپ يول قويىدىكەن.

مەسىلەن: ئامېرىكىلىقلارنىڭ قانۇن ئالدىدىكى ھەممىدىن مۇھىم مەجبۇرىيىتى باج تۆلەش، ئىككىنچى مۇھىم مەجبۇرىيىتى زاسېداتىللىق قىلىش. لېكىن، ئىمىسونلاردىن قىسمەن باج - سېلىق (ئىجتىمائىي ئامانلىق بېجى) ۋە زاسېداتىللىق قىلىش مەجبۇرىيىتى كۆتۈرۈۋېتىلگەن. ئىمىسونلار بىر چاغلاردا ھەممە باج - سېلىقلارنى تۆلىمەسلىك غەمخورلۇقىنىمۇ قولغا كەلتۈرۈۋالغانىكەن. ئۇلار بۇنىڭدا: بىز ئۆز ئۆيلىرىمىزدە دىنىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىمىز، ئۆيىمىزنىڭ ئۆزىلا ئىبادەتخانا — چېركاۋ؛ چېركاۋدىن باج ئالماسلىق كېرەك، دەپ سەۋەب كۆرسەتكەنىكەن. لېكىن «سام



تاغام» (ئامېرىكانلارنىڭ غەيرىي مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتىلىد- شى) پۇلنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيدىغان خەق بولغاچقا، ئاخىر ئىمىسونلارغا يول قويماپتىكەن.

يەنە، ئىمىسونلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئىنجىلدىكى 10 پەرھىزنىڭ بىرى جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەسلىك ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىمىسونلار ھەرگىز ئەسكەر بولمايدىكەن.

لېكىن گەپ شۇ يەردىكى، ئامېرىكا بىلەن «ئىمىسون دۆلىتى» دەك مۇشۇنداق «بىر دۆلەتتە ئىككى تۈزۈم» بولۇشىغا يارىشا ئامېرىكىدا «قانۇن ئالدىدا ھەممە ئادەم باراۋەر» بولالىشى ناتايىن.

ئىمىسونلار ئۆمۈر بويى تېلېۋىزور كۆرمەيدىكەن، ھەتتا كىنو، تىياتىر ۋە ھېچقانداق سەھنە سەنئىتىنى كۆرمەيدىكەن. ئۇلار ئۆزلىرىمۇ ساز - پاز چالالمايدىكەن، ھاراق - شاراب ئىچمەيدىكەن، تاماكىمۇ چەكمەيدىكەن، كىيىم - كېچەكلىرى ناھايىتى ئاددىي - ساددا ئىكەن، پەرداز قىلمايدىكەن. ھەتتا بەكرەك تەقۋادارلىرى ماگىزىننىڭ تۈگمىلىرىنىمۇ ئىشلەتمەيدىكەن. ياش قىزلارمۇ ئۆزىگە پەرداز قىلمايدىكەن. ئۇلار ھاياتلىقىدا ئاددىي ياشايدىكەن، ئۆلۈمىدىمۇ ئىسراپچىلىق قىلمايدىكەن، ھەتتا قەبرىسىنىمۇ قوپۇرتقۇزماي، بىرنەچچە تاشنى بەلگە قىلدۇرۇپ قويىدىكەن. قىسقىسى، ئىنجىلدا تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلارنىڭ ھەرقاندىقىنى ھارام دەيدىكەن.

(بۇ ماقالە خەنزۇچە «مەتبۇئاتلاردىن ھەپتىلىك تەرمىلەر» گېزىتىنىڭ 2000- يىل 16 - ئۆكتەبىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)

## يىغىن ھەققىدە

جۇڭگولۇق بىر ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى جەنۇبتىكى مەلۇم بىر ئۆلكىمىزنىڭ مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن دۇنياۋى فىزىكا مائارىپى جەھەتتىكى ناھايىتى يۇقىرى دەرىجىلىك خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقاندا، چەت ئەللىكلەرنىڭ يىغىن ئېچىشتىن بىرمۇنچە يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قاپتۇ. شۇ يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا ھەيئەت رىياسەتچىلىرى ئولتۇرغان ئورۇنغا قارىسا، جۇڭگو فىزىكا مائارىپچىلىرىنىڭ ئەللامىسى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى جاۋ كەيخۇا، ICPE (خەلقئارا فىزىكا مائارىپچىلىرى كومىتېتى) نىڭ ئىلگىرىكى، ھازىرقى ۋەكىللىرى، نۆۋەتتىكى رەئىسلىرى قاتارلىق ئىچكى - تاشقى مەشھۇر مۇتەخەسسىسلەر ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن شۇ يەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر مۇھىم ئەمەلدارىمۇ يوق ئىكەن. ھېلىقى ئوقۇتقۇچى ھەيران بولۇپ سەۋەبىنى سوراپ باقسا، ئەھۋالدىن خەۋىرى بار ئادەملەر ئۇنىڭغا: يىغىنغا تەييارلىق كۆرۈش گۇرۇپپىسىدىكىلەر يىغىن ئېچىلىشتىن بۇرۇن كېڭىشىپ، ھۆكۈمەت دائىرىسىدىكىلەر بۇ ساپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىمىسىكەن، دەپ ئورتاق بىر چۈشەنچىگە كەلگەنىدى، دەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ.

ھېلىقى ئوقۇتقۇچى كېيىن چەت ئەللىكلەرنىڭ ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلاپ چۈشىنىپتۇكى، بۇ ئەھۋال ئىلمىي يىغىنلارنىڭ ئۇلار بارلىق كۈچى بىلەن تىرىشىپ ئاسرايدىغان «ئىلمىي سالاپەت»ى ئىكەن.



يىغىنلارنىڭ ساپلىقىنى ئاسراش جەھەتتە يەنە باشقا يېڭىلىقلارمۇ بار ئىكەن.

«بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ ئادىتى بويىچە» جۇڭگو تەرەپتىن مەلۇم بىر جاناب يىغىن قاتناشقۇچىلىرىغا ئامېرىكىلىق بىر ئىلىم ئەھلىنى تونۇشتۇرغاندا، ئاۋۋال ئۇنىڭ مەنسەپ تاجىنى ئېغىزغا ئېلىپ، يىغىن ئەھلىگە ئېلان قىلغانىكەن، ئۇ چەت ئەللىك ئەپەندى دەرھال يۈزى قىزىرىپ، چىرايلىرى ئېسىلگەن ھالدا: «NO, no, I’m a professor, I’m a professor» (ياق، ياق، مەن پروفېسسورمەن، مەن بولسام پروفېسسور) » دەپ ئىزاھات بېرىپتۇ.

بۇ ئەھۋال ھەقىقەتەن يېڭىلىق ئىكەن. بىزنىڭ نەزىرىمىزدە تەسەۋۋۇرىمىزغا سىغمايدۇ.

يىغىن ئېچىش بىز جۇڭگولۇقلارغا مەشىق بولۇپ قالغان. «ھۆججەت — ماتېرىيال دۆۋىسى، مەجلىس — يىغىن دېڭىزى» دېگەن گەپلەر شۇنىڭغا قارىتىلغان. يىغىن دېڭىزىدا تولا ئۈزگەن ئادەملەرنىڭ قايسىبىرى يىغىنغا قاتنىشىشنىڭ «تەرتىپ - قائىدە» لىرىنى بىلمىسۇن؟! قايسىبىرى يىغىننىڭ «بۇرنىغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈش» نى بىلمىسۇن؟! شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، بىزدە بىرەر يىغىن ئېچىلغاندا ھۆكۈمەت ئەربابلىرى تەكلىپ قىلىنمىسا، ھېچبولمىغاندا «مۇناسىۋەتلىك رەھبەر» لەر قاتناشمىسا ۋە «مۇھىم سۆز» سۆزلىمىسە، بۇنداق ئەھۋال ئەقىلگە سىغمايدۇ. ھەتتا ساپ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىمىزنى ئاچقاندا شۇ يىغىنلارنى تەشكىللىگۈچىلەر ئالاھىدە باش قاتۇرۇپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنى، ھېچبولمىغاندا ئالاقىدار رەھبەرلەرنى تەكلىپ قىلىپ، ھەيئەت رىياسەتلەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئولتۇرغۇزىدۇ ھەمدە «مۇھىم سۆز» سۆزلەتتۈرىدۇ؛ سۆزلىگۈدەك سۆزى بولمىسا، ئولتۇرۇپ بەرگىنىمۇ ياخشى، ئەگەر ئۇنىڭ بارماقچى بولغان يەنە بىر

سورۇنى بولۇپ قالسا ، ئۇ هالدا بەش مىنۇت ئولتۇرۇپ بەرسىمۇ مەيلى ، دەيدۇ . بەزى مەجلىس ـ يىغىنلارنىڭ ۋاقتى قايتا ـ قايتا ئارقىغا سۈرۈلۈپ كېتىدۇ ياكى شۇ يىغىننىڭ ئېچىلىشى ئارىسالدى بولۇپ قالىدۇ ، بۇنىڭغا كۆپىنچە رەھبەرلەرنىڭ ئۆز ۋاقتىنى توغرىلاپ بېرىشىنى كۈتۈش ياكى رەھبەرلەرنىڭ چولىسى تەگمەسلىك سەۋەبچى بولۇپ قالىدۇ .

رەھبەرلەر كەلمىسە يىغىننى قانداق ئاچقۇلۇق؟ چۈنكى رەھبەرلەرنىڭ كېلىش ـ كەلمەسلىكى نۇرغۇن «مۇھىم» ئىشلارغا چېتىلىدۇ . بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە ، رەھبەرلەرنىڭ ئۆزى ئۆلچەم ئىكەن ، قايسى دەرىجىدىكى رەھبەر يىغىندا هازىر بولسا ، يىغىننىڭ دەرىجىسى شۇنداق دەرىجىلىك يىغىن بولىدىكەن . راست شۇنداق بولىدىكەن ، ھېلىقى ئوقۇتقۇچى قاتناشقان خەلقئارا فىزىكا مائارىپچىلىرىنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى رەھبەرلەرنىڭ ئىشتىراك قىلمىغانلىقى ئۈچۈن ھېچقانداق دەرىجىگە ئۆتەلمەپتۇ ، شۇڭا بىرمۇنچە «ئاخبارات قىممىتى» نى يوقىتىپ ، شۇ يەردىكى ئاخبارات ۋاستىلىرى تەرىپىدىن «تاختىۋېشى» غا ئېلىپ قويۇلۇپتۇ . يەنە ، رەھبەر دېگەن سۆز خىراجەت قىلىدىغان پۇل دېگەن سۆز ئىكەن . بىرەر يىغىننى ئېچىش ئاسان ئەمەس ، بولۇپمۇ ئىلمىي جەمئىيەتلەر ، خەلق تەشكىلاتلىرى يانچۇقى قۇرۇق ئورۇنلاردۇر . ئۇلارنىڭ يىغىن ئاچمىقى تېخىمۇ تەس . يىغىن زالى ئىجارە ھەققى ، ۋەكىللەرنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ۋە ياتىقى ، يەنە تېخى خاتىرە بۇيۇملىرى ـــ بۇلارنىڭ قايسىبىرىگە پۇل كېرەك ئەمەس؟ شۇنىڭ ئۈچۈن رەھبەرلەرنى يىغىننى يۈزلۈك ـ ئابرۇيلۇق قىلىپ بېرىشكە ، چاۋاك چېلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىشقا خېلىلا باش قاتۇرماي بولمايدىكەن .

شۇنىڭ ئۈچۈن ، ئېھتىمال بەزىلەر ، شۇنداق «شارائىت» تا رەھبەرگە يىغىننىڭ «ئىلمىي سالاپىتى» نى ساقلاپ بەرسىڭىز



ئىكەن دەپ تەلەپ قويسىڭىز ، تەلەپىڭىز تولىمۇ قاتتىق كەتمەسمۇ؟ دېيىشى مۇمكىن . شۇنداق ، جۇڭگونىڭ شارائىتى ھەقىقەتەن شۇنداق ، شۇنداق قىلمىسا بولمايدىغان شارائىتى بار . يىغىندا ئىلىم ئەھلىلىرىنى تونۇشتۇرغاندا ئاۋۋال ئۇلارنىڭ «مەنسەپ تاجىسى» نى ئېلان قىلمىسىڭىز بولمايدۇ ، مەيلى ئۇنىڭ تاجىسى ھەيئەت مۇدىرى ، باش كاتىپ ، مۇئاۋىن رەئىس دېگەندەك قەغەز قالپاق بولسۇن ، ئاندىن كېيىن دوتسېنت ، پروفېسسور ، مۇئاۋىن تەتقىقاتچى ، تەتقىقاتچى ، 1 ـ دەرىجىلىك يازغۇچى ، 2 ـ دەرىجىلىك يازغۇچى دېگەندەك قالپاقلارنى ئېلان قىلىسىز ، مانا بۇلارمۇ جۇڭگونىڭ دۆلەت شارائىتى ؛ يەنە تېخى ئىلىم ئەھلىلىرىمۇ ھەۋەس قىلىدىغان ، زوقلىنىدىغان شارائىتتۇر . شۇنداق ، ئەگەر تونۇشتۇرۇلغۇچىنىڭ پروفېسسورلىقىنىلا تىلغا ئېلىپ ، مەنسەپ تاجىنى ياكى قەغەز بۆكنى تىلغا ئالمىسىڭىز ، «مەڭزى ئىسسىلىپ ، يۈزى قىزىرىپ» قېلىشى ھەتتا پەشنى قېقىپ يىغىندىن چىقىپ كېتىشى مۇمكىن . ئەگەر مانا مۇشۇنداق ئەھۋالنىمۇ بىر خىل «شارائىت» دەيدىغان بولساق ، بۇنداق ئەھۋالنىمۇ يىغىننىڭ ئۇيۇشتۇرغۇچىلىرىنى ، باشقۇرغۇچىلىرىنى نائىلاج قىلىپ قويىدىغان «شارائىت» دەپ قارايدىغان بولساق ، قاتتىق گەپ قىلىۋېتەي ، ئۇمۇ ئىلىم ئەھلىلىرى «ئۆزىگە ئۆزى تېپىۋالغان نەس» لىكتۇر .

ئەلۋەتتە ، ئۆزىگە ئۆزى تېپىۋالغان نەسىلىكنىڭمۇ «يىلتىزى» يوق ئەمەس . ئۇنداق دېسەكمۇ ، بۇنداق دېسەكمۇ ئۇنىڭ يىلتىزى ئاخىر يەنە شۇ «مەنسەپنى ئاساس قىلىش» مەسىلىسىدۇر . «مەنسەپنى ئاساس قىلىش» مەسىلىسى جۇڭگولۇقلارنىڭ ئېڭىدا خۇددى سېسىق ئېچىتقۇ بىلەن يەتتە كېچە ـ كۈندۈز ئېچىتقان ، تەمى قىرتاق ، لېكىن يېيىشكە مەززىلىك دوفۇغا ئوخشايدۇ . شۇنداق يىلتىزى چوڭقۇر ئاڭ

ئورناپ كەتكەن شارائىتتا «مەنسەپنى ئاساس قىلىش» هادىسىسىنى يىغىننىڭ «ئىلمىي سالاپىتى» نى بۇزماسلىققا كۆندۈرۈش ھەقىقەتەن قىيىن. هازىر تېخىمۇ كۆپ يۈز بېرىۋاتقان ئەھۋال شۇكى، يىغىنلار مەنسەپنى ئاساس قىلىش هادىسىلىرى بىلەن ئۆزلۈكىدىن «تېپپىشۋالىدۇ»غان، ھەر ئىككى تەرەپنىڭ بىر ـ بىرىگە «كۆڭلى تارتىدۇ» غان، بىگانە ئادەملەرنى ئېغىز ئاچۇرمايدىغان بولۇپ قالدى.

لېكىن «ئىلمىي سالاپەت» نى ھەرھالدا نەزەردە تۇتماي بولمايدۇ. «ئىگىسىنىڭ ئورنىغا ئۆچكە موللاخۇن بولىۋالىدۇ» غان يىغىنغا ھەرقاچان «ئادەمنىڭ يۈرىكى سىقىلىدۇ».

(شۇ چۇنخۇا ئىمزالىقىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ئىنتېپاقلىق» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 23 ـ سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.)



ئوقۇتقۇچىلار بايرىمىلىق سۆھبەت يىغىنىدا
— مۇدىرىمىز نەۋرىسىنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلايدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۆھبەت يىغىنىغا قاتنىشالمايدىكەن.



# «جامائەت ئەخلاقى» توغرىسىدا

«شىنخۇاشې، تەيىۋەن، 15 ـ ئۆكتەبىر رادىئو خەۋىرى: تەيىۋەن شەھىرىدە گۈللەرنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش قەبىھ ۋەقە يۈز بەردى، تەيىۋەن شەھىرىدىكى پويىز ئىستانسىسىنىڭ مەيدانىغا تىزىپ قويۇلغان 10 مىڭ تەشتەك گۈلنىڭ 4000 ى يوقالغان، 6000 ى نابۇت بولغان.»

بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ شۇنداق پەرەزگە كەلدىمكى، مۇشۇ ۋەقەدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا، «بۇ ۋەقەدىن ئۆز جايىدا ناھايىتى قاتتىق سادالار چىقتى، نۇرغۇن ئادەم بۇ ۋەقەگە ناھايىتى غەزەپلەندى»، «گۈللەرنى بۇلاپ كەتكەن، نابۇت قىلغان «شۇ ئادەملەرگە كۆپچىلىك ئۇلار بىز تەيىۋەنلىكلەرنىڭ شەنىنى بۇلغاپتۇ دەپ لەنەت قىلىشتى» . . . دېگەندەك خەۋەرلەرنى ئاڭلىشىمىز مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

شۇنداق پەرەزلەرنى قىلىشىمنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەبى شۇكى، جىنەن شەھىرىدىمۇ شۇنداق ۋەقە يۈز بەردىغۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىم يۈز بېرىش بىلەنلا توختاپ قالغان ئەمەس، گۈل بۇلاش ۋەقەسىمۇ، تىنچلىق كەپتەرلىرىنى بۇلاش ۋەقەسىمۇ يۈز بەرگەن. ئەسلىشىمچە، شۇ چاغدا ئاخبارات ۋاستىلىرىدە ئومۇمەن: شۇ چاغدا خېلى كۆپ ئادەمنىڭ «جامائەت ئەخلاقى كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كەتتى» دەپ ھەسرەت قىلغانلىقىنى ئاڭلىدۇق، دېگەندەك سۆزلەر چىققانىدى؛ تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەردە ياشانغان بىر ئادەمنىڭ بېشىنى چايقاپ ھەسرەتلەنگەنلىكى هازىرمۇ كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ.

«جامائەت ئەخلاقى» مەسىلىسى تىلغا ئېلىنىپ قالدى،

مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى يېشىش ھەقىقەتەن زۆرۈر ئىكەن: ئاشۇنداق «جامائەت ئەخلاقى» زادى قانداق شەكىللىنىپ قالدى؟ بوۋىمىز ۋە مومىمىزدىن تارتىپ ھەتتا بوۋىمىز، مومىمىزنىڭ ئەجدادىدىن تارتىپ دائىم قىلىدىغان ھەسرىتى ۋە ھەممىدىن قاتتىق ھەسرىتى، ئېھتىمال، «يىلدىن - يىلغا بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ»، يەنى «جامائەت ئەخلاقى بارغانسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ» دېگەن گەپ بولسا كېرەك.

ھازىرقى ئەھۋال بوۋىمىزنىڭ، مومىمىزنىڭ نەزىرىگە سىغمىغان ھالەتتىمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. بەزىلەر ھەتتا «ياخشى توشقان ئۆزىنىڭ ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى ئوت - چۆپكە نەزەر- گوزىرىنى تاشلىمايدۇ» دېگەندەك ئويۇن - تاماشا قائىدىلىرىگە رىئايە قىلمايدىغان بولۇپ قالدى؛ ئۆزىنى يوشۇرۇشقا ئەمدى ئۇچ يەردىن ئۇۋا تۇتۇپ ئولتۇرمايدىغان بولدى؛ ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىنىڭ تۈلكىلىكىنى، ئالدام- چىلىقىنى ئوچۇق - ئاشكارا داۋراڭ سالىدىغان، شەرمەندە - نومۇسسىزلىقلىرىنى بىھايالىق بىلەن تەپتارتماي كۆز - كۆز قىلىدىغان، ئۆزىنىڭ پەسلىكىنى ھۇزۇرلانغان ھالدا ئاغزىدىن شالۋاقلىرىنى ئاقتۇرۇپ سۆزلەپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى.

لېكىن شۇلارنى سەۋەب قىلىپ تۇرۇپ ھەممە جاۋابكارلىقنى «ساپاسى تۆۋەن خەق» كە دۆڭگەپ قويۇش نىيىتىم يوق. نېمىشقا؟ چۈنكى شۇنداق بىر قانۇنىيەت بارلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. ھەر ئىشنىڭ سەۋەبى بار.

بىز نېمە ئۈچۈن: جامائەت ئەخلاقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە بەتتەر بولۇپ بۇزۇلۇپ كېتىشىگە كىم، زادى كىم سەۋەبچى بولۇۋاتىدۇ؟ دەپ سوئال قويالمايدىكەنمىز؟

كونىلارنىڭ، سۇ باشتىن لاي بولسا ئايىغىمۇ دۇغ بولىدۇ دەيدىغان پەند - نەسىھەتى ئېسىمىزدە بولسا كېرەك. تەربىيىنىڭ كۈچى يەنە «ئۈلگىنىڭ كۈچى» چەكسىز بولىدۇ.



چېك كېچې خىيانەت قىلغان 40 مىليون يۈەن پۇل بىلەن ھېلىقى 10 مىڭ تەشتەك گۈلنى سېلىشتۇرۇپ كۆرەيلى، بىزدىكى «جامائەت ئەخلاقى» نى زادى قايسىسى بەكرەك بۇزۇۋەتتى؟ شۇنچە كۆپ چوڭ - كىچىك خىيانەتچىلەرنىڭ قايسىبىرى تۇتۇلۇپ قېلىشتىن ئىلگىرى، «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دەيدىغان سۆزنى ئاغزىدىن چۈشۈرۈپ قويغان؟ ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ نەپسىگە چوغ تارتقان چىرىك مەنسەپدارلارنىڭ قايسىبىرى بىزنىڭ خەلقىمىزگە ئاتا - ئانىلارچە سۆيەتتە تۇرۇپ تەربىيە بەرمىگەن؟ ئۇلارنىڭ شەرمەندىلىكلىرى جەمئىيىتىمىزدىكى ئىنساپ - تەۋپىقچە كەينى - كەينىدىن زى- يان - زەخمەت يەتكۈزۈۋاتقاندا، يەنە خەلققە «جامائەت ئەخلاقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىشى» ئۈچۈن ئۈلگە كۆرسىتىڭلار دەپ قانداقمۇ تەلەپ قويىمىز؟ دېمەك، «جامائەت ئەخلاقىنىڭ كۈندىن - كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىشى» نىڭ جاۋابكارلىقىنى ھەدېگەندىلا خەلققە دۆڭگەپ قويماسلىق كېرەك. خەلق دېگەن خەلق؛ خەلق ئۈلگىگە موھتاج؛ ئۇنداق بولمىسا، «داھىي»، «رەھبەر»، «قەھرىمان» دېگەن سۆزلەرنى قانداق شەرھلەيمىز؟ خەقنىڭ ئاچ كۆزلۈكىنى، نادانلىقىنى تەنقىد قىلماسلىقىمىز كېرەك دەۋاتقىنىمىز يوق. بەلكى «جامائەت ئەخلاقى» نى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مۇھىم ۋەزىپىنى بەزىلەرنىڭ گۈلنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغانلىقى سەۋەبى بىلەن خەقنىڭ زىممىسىگە ئارتماسلىق لازىم، دېمەكچىمىز. چۈنكى جامائەت ئەخلاقىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان مەسئۇلىيەت خەققە (پۇقراغا) تېگىشلىك ئەمەس، ئۇلار بۇنداق جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالالمايدۇ.

ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بولسا، بەزىلەر مۇنداق ئەخلاق مىزانىنى، يەنى: باشقىلارغا زىيان ئۇرۇپ تۇرۇپ ئۆز پايدىسىنى كۆزلەش، قولىدىن ئىش كەلگەنلىكتۇر، ئاجىزلارنىڭ رىزقىنى

تارتىۋېلىش تەرەققىي قىلىشنىڭ شەرتىدۇر ، قويمىچىلىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشتىكى زۆرۈر ھۇنەردۇر ، ئۆزىنىڭ «بەختى» ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانماسلىق كېرەك ، كىمكى ئىنساپ ـ تەۋپىق دەيدىكەن ، شۇ ئادەم باشقىلاردىن شەپقەت تىلەيدىغان بىچارىدۇر ، بۇ جەمئىيەتتە ياخشىلىقنىڭ ئورنىنى يامانلىق ئالماقتا ۋەھاكازا دېگەندەك گەپلەرنى قانداقمۇ قوبۇل قىلسۇن ؟ !

ئۇمىدى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بولسا ، ياخشىلىققا ياخشىلىق ، يامانلىققا يامانلىق بار دەيدىغان ئەخلاققا ئەزەلدىن ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن جۇڭگولۇقلار مانا ئەمدى نېمە ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە يامانلىق دېگەن ئەقىدىلەرگە پىسەنت قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇ؟ نېمىشقا ئەخلاقنى پەزىلەت دەپ بىلىدىغان جۇڭگولۇقلار مانا ئەمدى ئەخلاققا پەرۋا قىلمايدىغان بولۇپ قالدۇ ؟

ئۇمىدى ئۈزۈلۈپ كەتمىگەن بولسا ، جۇڭگولۇقلار نېمىشقا يۈزى قېلىن بولۇۋېلىشنى شەرەپ دەپ بىلىدىغان بولۇپ قالدۇ؟

دېمەك ، «جامائەت ئەخلاقىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقان» لىقىنى ئەيىبلەش نىيىتى بىلەن ئېغىز ئاچماقچى بولغىنىمىزدا ، «جامائەت ئەخلاقى» غا زادى كىم مەسئۇل بولىدىغانلىقىنى ئوبدانراق ئويلاپ كۆرگىنىمىز تۈزۈك .

(مۇياڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «ئىقتىساد يېتەكچىسى» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 23 ـ ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



# ساختىپەز

## ـــ يېڭى چىققان كونا ھېكايە ـــ

ئاتىسى شاۋازخاندىن خاندانلىقنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ خانلىق تەختىگە ئولتۇرغان مېھمانشاھ خۇددى ئاتىسىغا ئوخشاشلا نەغمە ـ ناۋاغا خۇشتار ئىكەن ، بولۇپمۇ نەيگە ئامراق ئىكەن . نەينى يالغۇز چالدۇرۇپ ئاڭلىغاندىلا ئاندىن ئۇنىڭ پەيزىنى سۈرگىلى بولىدۇ ، ئاتامغا ئوخشاش بىرەر نەغمىچىگە تەڭكەش قىلدۇرۇپ چالدۇرسا ، نەغمە ـ ناۋانىڭ غەۋغاسىغا چىداپ تۇرغىلى بولمايدۇ دەيدىكەن .

ـــ خاندانىمىزدىكى نەي چالىدىغان سازەندىلەر ھەر كۈنى ئوردىدا نەي بىلەن نەغمە قىلىپ بەرسۇن ، ـــ دەپتۇ مېھمانشاھ تەختكە چىققان كۈنى ئەمر چۈشۈرۈپ ، ـــ لېكىن ھەممىسى تەڭكەش قىلىپ چالماي ، بىردىن ـ بىردىن نۆۋەت بىلەن يالغۇز چالسۇن .

مېھمانشاھ يەنە :

ـــ نەيچىلەرنىڭ باشلىقى نەغمەبەگ باشلاپ بەرسۇن ، ـــ دەپ تاپىلاپتۇ .

نەغمەبەگ بۇ ئەمر ـ پەرماننى ئاڭلاپ ۋەھىمىگە چۈشكىنىدىن چىرايى ساماندەك سارغىيىپ كېتىپتۇ ۋە :

ـــ ئۇلۇغ شاھىم ، بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن ! ـــ دەپ ئىلتىجا قىپتۇ .

ـــ بۇ نېمە گەپ ؟ ـــ دەپتۇ مېھمانشاھ چۈشەنمەي .

ـــ كەمىنە خىزمەتكارلىرى تۇنۇگۈن سوغۇق تەگدۈرۈۋاپتىكەنمەن ، ھازىرغىچە بۇرنۇم پۈتۈپ تۇرۇپتۇ . نەينى

ئوبدان چالالماي ، ئالىيلىرىنىڭ كەيپىگە مالاللىق يەتكۈزۈپ قويارمەنمىكىن دەپ ئەنسىرەۋاتىمەن ، — دەپتۇ نەغمەبەگ دىر-دىر تىترەپ ، تىزلىنىپ تۇرۇپ .

— ھېچ گەپ يوق ، سېنى ئەيىبكە بۇيرۇمايمەن . ئاۋۋال سېنىڭ مۇئاۋىنىڭ باشلاپ بەرسۇن ، سەن ساقايغاندىن كېيىن چال ، — دەپتۇ مېھمانشاھ كۈلۈپ تۇرۇپ .

نەغمەبەگ جېنىنىڭ ئامان قالغانلىقىدىن خۇشال بوپتۇ ، ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خۇرجۇن - قاچىلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ، كېچىلەپ قېچىپ كېتىشنىڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپتۇ . ئەسلىدە نەغمەبەگ نەي چېلىشنى زادىلا بىلمەيدىكەن . شۇنداق تۇرۇقلۇق مېھمانشاھنىڭ ئاتىسى مەرھۇم شاھزادىنىڭ كۆزىنى بىرقانچە يىل بوياپ كەلگەنىكەن . ئەمدى شاھنىڭ كۆزىنى ساختىپەزلىك بىلەن بوياپ كەلگەن جىنايىتى ئاشكارىلىنىپ قالسا كاللىسى كېتىدىغان گەپتە !

نەغمەبەگ قېچىش تەرەددۇتى بىلەن خۇرجۇننى دۈمبىسىگە ئارتىۋېتىپ ، بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا باشقا بىر خىيال كەپتۇدە ، مەيدىسىگە ئۇرۇپ تۇرۇپ ، كۆڭلىدە : «ھەي نەغمەبەگ ، ھەي نەغمەبەگ ، مۇشۇنداقلا قېچىپ كەتسەڭ ، پايدىنى ھېلىقى قېرى قاقۋاش ئالامدۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا مۇشۇ مەنسەپنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا 100 سەر ئالتۇن خەجلىگەنىدىڭغۇ !» دەپتۇ .

قېرى قاقۋاش ئەسلىدە ئوردىنىڭ دىۋانبېگى ئىكەن . كىمنىڭ گېپىنى قىلسا شۇ كەپتۇ دېگەندەك ، دىۋانبېگى غىپىلدايلا ئىشىكتىن كىرىپ كېلىپ :

— ۋاي ئاللا ، — دەپتۇ ھۆمۈدەپ تۇرۇپ ، — نېمىشقا دەرھال قاچمايسەن ؟

— گۇناھىمغا توۋا قىلىپ ، ھەممىنى ئىقرار قىلىۋېتەي دېگەن نىيەتكە كېلىپ تۇرۇۋاتىمەن ، — دەپتۇ نەغمەبەگ كۈلۈپ تۇرۇپ .

— ساراڭلىق قىلما ! — دەپتۇ دىۋانبېگى ۋە شۇ گەپ



بىلەن بىللە نەغمەبەگنىڭ تەستىكىگە بىرنى ساپتۇ ، — ھازىر ئەمەلدار تاللاشتا تونۇشتۇرغۇچىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمى يولغا قويۇلۇۋاتىدۇ . دەسلەپتە سېنى ئوردىغا مەن كىرگۈزۈپ قويغان تۇرسام ، مانا ئەمدى ئۆزلۈكۈڭدىن توۋا قىلىپ ھەممىنى ئىقرار قىلىۋەتسەڭ ، مېنىڭ كاللام جايىدا قالامدۇ؟ بولدى ، دەسلەپتە سەندىن ئالغان ئالتۇننى قولۇڭغا قايتۇرۇپ بېرەي ، دەرھال بۇ يەردىن قېچىپ كەت !

نەغمەبەگ ئالتۇننى ئاپتۇ ، لېكىن قاچماپتۇ :

— مەن قېچىپ كەتكەندىن كېيىن ، ھەممە ئادەم ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مېنى نەي چېلىشنى بىلمەي نەغمىچىلەر قاتارىغا كىرىۋالغان ساختىپەز ، ئالدامچى دەپ تىللىماي قويمايدۇ . ئەگەر ئەمەلدارلىقنى پۇلغا ساتىدىغان چىرىكلىكلەر بولمىغان بولسا ، ئوردىدا نەغمىچىلەرگە باشلىق بولۇش مېنىڭ ھەددىممىتى؟ ! نام - ئابرۇيۇمنىڭ تۆكۈلۈشىنىڭ ھەققىنى تۆلەپ بېرىسەن ، تۆلەپ بەرمەيدىغان بولساڭ ، ھىم ، — دەپتۇ .

دىۋانبېگى نائىلاج قوينىدىن بىر زىخچە ئالتۇننى چىقىرىپ ، ئەمەلدارلىقنى سېتىپ بېرىۋاتقانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس ، دەپ پىچىرلاپ تەزىم قىپتۇ ۋە :

— بۇنداق ئىش «مەنسەپدارلار ئىچىدە ئادەتتىكى ئەھۋال» بولۇپ قالدى ، نەغمەبېگىم ، ماڭا رەھىم قىلسىلا ! — دەپتۇ .

نەغمەبەگ زىخچە ئالتۇننى ئوبدان جايلاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ھېچكىمگە تۇيدۇرماي تىكىۋېتىپتۇ .

نەغمەبەگنىڭ ساختىپەزلىكى ئاخىر پۈتۈن جەمئىيەتكە پىيىلىپ كېتىپتۇ . مېھمانشاھ بۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن قاتتىق رەنجىپتۇ . لېكىن نەغمەبەگنى ئوردىغا دىۋانبېگى تونۇشتۇرغانلىقىنى بىلمىگەچكە ئۇنى تۇتۇش توغرىسىدا ئومۇمىي يارلىق تارقىتىش ئىشىنى يەنە شۇ دىۋانبېگىگە تاپشۇرۇپتۇ . دىۋانبېگى :

— ئەگەر نەغمەبەگ نەي چېلىشنى بىلمەيدىكەن دېگەن گەپنى ئوتتۇرىغا چىقارساق، مەرھۇم شاۋازخان ئاتىمىزنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈپ، يۈزىنى قارىلىغان بولماسمىزمۇ؟ — دەپتۇ.

مېھمانشاھ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بۇ گەپنىڭمۇ ئورنى بار، ئاتامنىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلسا، ئۆزۈمنىڭ ئابرۇيىغا نۇقسان يېتىدىكەن دەپ ئويلاپ، نەغمەبەگ مەسىلىسىنى سۈرۈشتە قىلمايدىغان بوپتۇ. دىۋانبېگى ئەتىسى مەشھۇر سەنئەتكار، ئوردا نەغمىچىلىرىنىڭ باشلىقى نەغمەبەگنىڭ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئاخبارات ئېلان قىلىش يېغىنى ئۆتكۈزۈپ، «نەي چېلىشنى بىلمەي تۇرۇپ نەيچىلەر قاتارىغا كىرىۋالغان» دېگەن ئۆسەك سۆزلەرگە ئىككى خىل تۈزىتىش بېرىپتۇ: بىرى — نەغمەبەگ نەي چېلىشنى بىلمەيدىكەن دەپ جەمئىيەتتە تارقىلىپ يۈرگەن گەپلەر راست ئەمەس، يالغان؛ شاۋازخانمۇ، مېھمانشاھمۇ ۋە دىۋانبېگىمۇ بىرقانچە قېتىم نەغمەبەگنىڭ يالغۇز چالغان نېيىدىن ھۇزۇرلانغان. نەغمەبەگ چەت ئەلنىڭ يۇقىرى مائاش بىلەن گوللىشىغا ئالدىنىپ قېچىپ كېتىپتۇ، خاندانلىقىمىز شۇنداق قابىل ئادەملىرىمىزنىڭ چەت ئەللەرگە كېتىپ قېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن ئاكتىپ تەدبىر قوللانماقچى؛ يەنە بىرى — مېھمانشاھ يالغۇز كىشىلىك نەغمىگە خۇشتار ئەمەس، شاھىمىز دۆلەت مالىيىسىدىن كېتىدىغان چىقىمنى ئازايتىش مەقسىتىدە نەغمىچىلەرنىڭ شتاتىنى ئىخچاملىماقچى، شاھىمىزنىڭ بۇنداق ئاددىي - ساددا ئىستىلى شاھلىقىمىز تەۋەسىدىكى خەلق ئۆگىنىدىغان شانلىق ئۈلگىدۇر.

(لى يۇنپېڭ ئىمزالىقىدىكى بۇ ساتىرا ئەسلى «جۇەنجۇ كەچلىك گېزىتى» نىڭ 2000- يىل 17 - سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 11 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.)



# ساختا مەنسەپ مىراسى

مەنسەپنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇش تۈزۈمى جۇڭگودىكى فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلى. قەدىمكى زاماندا مەيلى كىم بولسا بولسۇن، گالۋاڭ، گومۇش بولسىمۇ، قوڭىنى تەختكە قويۇپلا ئالسا، ئۇ يەردىن ھەرگىزمۇ چۈشمەيدىكەن؛ ھايات ۋاقتىدا چۈشمىگىنى يەتمەي، ئۆلىدىغان چېغىدا تېخى باللىرىغا قالدۇرىدىكەن، باللىرىدىن نەۋرىلىرىگە قالىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئەجدادىدىن ئەۋلادىغىچە خوجا بولۇپ ئۆتىدىكەن. ھازىرقى كۈندە شۇنداق ئاتا مىراس مەنسەپ تۈزۈمىنىڭ بىكار قىلىنغىنىغا ئازغىنە كەم بىر ئەسىر بوپقالغان بولسىمۇ، بەزى ئادەملەر تېخىچە ئۇنىڭدىن ئۈمىد ئۈزەلمەي كېلىۋاتىدۇ، پۇرسەت تاپسىلا «ئۆتكەن مازار - ماشايىخلاردىن ئۈلگە ئېلىپ» تۇرماقتا. ئەلۋەتتە، ئۇلار ئۆز مەنسىپىنى ئوغۇل ياكى قىزلىرىغا ئاشكارا مىراس قالدۇرۇشقا پېتىنالمايدۇ ياكى ئىلاج قىلالمايدۇ، بۇ مىراسنى ساختىلىق بىلەن يەنى شەكلىنى ئۆزگەرتىپ قالدۇرىدۇ.

مەلۇم ئادەملەر مەنسەپكە ئولتۇرغاندىن كېيىن ئۆي، ماشىنا، پۇل غەملەش يولىدا كېچە - كۈندۈز تىنىماي پالاقلىغاندىن باشقا، يەنە قىلىدىغان ناھايىتى مۇھىم بىر ئىشى بار، ئۇ بولسىمۇ ئوغۇل - قىزلىرىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن پالاقلاش. بولۇپمۇ «چېرىكلىشىش ئىمكانىيىتى» دىن ئايرىلىپ قېلىش ئالدىدا تۇرغان ئادەملەر بۇنى باشقا ھەممە ئىشلىرىدىنمۇ مۇھىم بىلىدۇ. پەرزەنتلىرى خىزمەتلىك بولۇپ بولغان بولسا، ئۇلارنى مەنسەپدارلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشنىڭ ئامالىنى

ئىزدەيدۇ ، ئۆزىنىڭ دەرىجىسى باشقارما باشلىقى بولسا، پەرزەنتىنى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛ ئۆزى ئىدارە باشلىقى دەرىجىسىدە بولسا ، پەرزەنتىنى باشقارما باشلىقى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈشكە ھەرىكەت قىلىدۇ ، ۋەھاكازا . . ھەتتا ، ئەگەر ئۆزى بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدە بولسىمۇ، پەرزەنتىگە مەنسەپدارلار قاتارىغا ئۆتكۈزىدىغان «يولخېتى» ئېلىپ بېرىشكە تىرىشىدۇ . ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىگە شۇنداق مەنسەپ تاجىنى قانداق جايلاپ بېرىدىغانلىقى ئاللىقاچان ئاشكارىلىنىپ قالغان بىر سىردۇر : قول ئاستىدىكىلەرگە قىلدۇرۇشقا يوليورۇق بېرىدىغانلىرى بار ؛ كادىرلار تارماقلىرىغا ئېيتىپ قويىدىغانلىرى بار ؛ مەنسەپداشلىرىنى ياردەملەشتۈرىدىغانلىرى بار ؛ باشقىلار بىلەن ئۆزئارا نەپ يەتكۈزىدىغانلىرى بار ؛ بىر - بىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى ئۆزئارا مەنسەپتە ئۆستۈرۈشۈپ قويىدىغانلىرىمۇ بار . . . دېمەك ، ئۇلار «روھى مەڭگۈ ھايات» بولۇشتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرى ئۇلار ئولتۇرغان ئورۇندا ئولتۇرۇشى ھەرھالدا مۇمكىن بولمىسىمۇ، پەرزەنتلىرىنى ئۆزلىرى شەرەپلىك ھالدا پېنسىيىگە چىققان چاغدىكى دەرىجىسىگە چىقىرىپ قويۇشىمۇ ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس . پەرزەنتىنى ئۆزىنىڭكىگە ئوخشاش دەرىجىگە ئۆتكۈزگەنىكەن ، بۇنىڭ ئۆز مەنسىپىنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشتىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟ ئىش شۇ دەرىجىگە يەتسە، ئۇلار پانىي ئالەم بىلەن خوشلاشقان چاغدىمۇ كۆزى خاتىرجەم يۇمۇلىدۇ !

مەنسەپدارلىق ئورنىغا ئولتۇرغىنىغا ئانچە ئۇزۇن ۋاقىت بولمىغان ، پەرزەنتلىرى تېخى كىچىك ياشلارنىڭمۇ بەزىسىنىڭ «ئوغلۇم يولۋاس بولسۇن» ياكى «قىزىم سۇمۇرغ بولسۇن» دەيدىغان ئارزۇلىرى پېشقەدەم پەدەر - ۋالىدەلىرىنىڭكىگە ئوخشاش كۈچلۈك بولىدۇ . ئۇلارمۇ مەنسەپنى شەكلى



ئۆزگەرگەن ئاتا مىراسى قىلىۋېلىشتا باشقىلاردىن قېلىشمايدۇ . ئۇلار سەككىز - ئون ياشلىق بالىلىرىغا بۆلۈم باشلىقى ، باشقارما باشلىقى دېگەندەك كادىرلىق مەنسىپىنى بىۋاستە توغرىلاپ بېرەلمىسىمۇ ، لېكىن ھوقۇقى ۋە مۇناسىۋەت يوللىرىدىن پايدىلىنىپ ئىشنى بالدۇر توغرىلاپ قويالايدۇ : پەرزەنتىنى ئۆزى باشقۇرۇۋاتقان ئىدارىگە ئاۋۋال «ئىشچىلىققا ئېلىش» ئۇسۇلى بىلەن جايلاشتۇرۇۋالىدۇ ، ئاندىن كېيىن يەنە يول تېپىپ «كادىرغا ئايلاندۇرىدۇ» . ئەنە شۇنداق «جايلاشتۇرۇش» ، «ئايلاندۇرۇش» نەتىجىسىدە كىچىككىنە بالا «لەڭ يەيدۇ» غان ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ . خىزمەتكە ھەقىقىي قاتناشقان چېغىدا ئۇ نەچچە يىللىق خىزمەت ئىستاژىغا ئىگە بوپقالىدۇ . كېيىنلىكى قانداق بولىدىغانلىقىنى قويۇپ تۇرايلى ، ئۇلارنىڭ ئاتا - ئانىسى يارىتىپ بەرگەن «ئوردىغا خىزمەتكە كىرمەي تۇرۇپمۇ مائاشلىق ، مەنسەپلىك بولىدۇ» غان ئامەتلىك شەرت-شارائىتى ئادەتتىكى پۇقرالار ئۇچۇن ئۇخلاپ چۈشىدە كۆرەلمەيدىغان مۆجىزىدۇر . شۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن ، ئەگەر خاسىيەتلىك دادىسى بىرەر سەۋەنلىك بىلەن ئاغدۇرۇلۇپ كەتمىسە ياكى تۈرمىگە كىرىپ قالمىسا ، مەنسەپ دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ قالسا ، ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ئۆز پەرزەنتلىرىنى بىرەر مەنسەپ - پەنسەپكە ئېرىشتۈرۈپ قويۇشى تېخىمۇ ئاسان گەپ ! دېمەك ، ياشلارمۇ مەنسەپدارلار سورۇنىدا پېشقەدەم بوپقالغاندا ، پەرزەنتلىرىگە مەنسەپنى ئاتا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشىمۇ يول راسلاپ قويۇشى تەبىئىي .

فېئوداللىق ئېڭى قان - قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ، نەپسى يوغىناپ كەتكەن بەزى ئادەملەر تۈرلۈك ھىيلە - مىكىرلەرنى قوللىنىپ ، ساختا مەنسەپ مىراسخورلۇقى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغاچقا ، بەزى جايلاردا مىسلى كۆرۈلمىگەن غەلىتە ئەھۋاللار يۈز بەرمەكتە : بەزى دۆلەت ئورگانلىرىنى ئائىلە

ئۇرۇقلىرى ـــ نەسەبداشلىرى قاپلاپ كەتمەكتە ، ھەرقايسى تارماق ـ بۆلۈملەرنىڭ مەسئۇللىرى رەھبەرلەرنىڭ ئۇرۇق-تۇغقانلىرى بوپقالماقتا . جىيەنى ياكى كۈيئوغلى بىلەت ياكى گۇۋاھنامە بېرىدىغان ، دادىسى ياكى تاغىسى تەستىقلاپ قول قويۇپ بېرىدىغان ، ئوغلى ياكى قىزى تامغا بېسىپ ، ھەق ئالىدىغان بوپقالدى . خەق بۇنداق ئەھۋالنى : «ئائىلە بىلەن ئىدارە بىر بوپقالدى» دەيدىغان بولدى . بەزى جايلاردا بالا تېخى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتسا ، مەلۇم مەمۇرىي ياكى كەسپىي ئىدارە رويخەتكە كىرگۈزۈپ مائاش بېرىدىكەن ؛ تېخى ئوقۇش پۈتتۈرۈش يېشىغا يەتمىگەن تۆت ـ بەش ياشلىق بالىغا خىزمەت ئىستاژى بېرىپ ، ئۇنى كادىرغا ئۆزگەرتىپ ، جۇمھۇرىيەت بويىچە ھەممىدىن ياش «دۆلەت كادىرى» قىلىۋالغان ئىدارىمۇ بار ئىكەن . شۇنداق سەۋەبلەر بىلەن جۇڭگودىكى كادىرلار سېپىدە «ۋەزىپىسى ئامانەت قالدۇرۇلغان كادىر» ، «ئوقۇغۇچى كادىر» ، «بالا كادىر» دېگەندەك بىرمۇنچە «تالانتلىق ئەۋلىيا باللار» پەيدا بوپقالدى .

فېئودالىزم جەمئىيىتىدە مەنسەپنى مىراس قالدۇرۇش تۈزۈمى مۇستەبىتلىك سەۋەبىدىن ۋە رىقابەتكە يول قويماسلىق تۈپەيلىدىن بەتتەرلىشىپ كەتكەن ؛ شۇنىڭ ئۈچۈن خان ـ پادىشاھلىق مەنسىپىگە ۋارىسلىق قىلغانلار بارا ـ بارا يارىماس بوپقالغان . ھەتتا تەلۋىلەرمۇ ، ھېچ نەرسىنى بىلمەيدىغان باللارمۇ پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرىدىغان بوپقالغان . شۇنداق قىلىپ ، مەنسەپ مىراسخورلۇقىمۇ سەلتەنەتنىڭ ـــ خانلىق دەۋرىنىڭ خارابلىشىشىدىكى مۇھىم ئامىللارنىڭ بىرى بوپقالغانىدى . ھازىرقى چاغدا شەكلى ئۆزگەرگەن مەنسەپ مىراسخورلۇقى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان مەنسەپدارلارنىڭ ھوقۇقى ۋە تەسىرىنى قەدىمكى پادىشاھلارنىڭكىگە ئوخشاتقىلى بولمايدۇ . لېكىن ئۇلار پەرزەنتلىرىگە مەنسەپ غەملەشتە ئۇرۇق-



تۇغقانلىرىغىلا چوغ تارتىدىغان جايلاردا ھەقىقىي ئىلىم ـ بىلىمى ، قابىلىيەت ـ ماھارىتى بار «يات ئادەم» لەر ئۆز قابىلىيىتىنى ئىشقا سېلىش پۇرسىتىدىن مۇقەررەر ھالدا مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ ؛ «ئائىلىنىڭ دۇنياسى» غا ئايلىنىپ قالغان ئورۇنمۇ مۇقەررەر ھالدا نەس باسقان ئازگالغا ئايلىنىپ قالىدۇ ـ دە ، ئاخىر بىر كۈنى گۇمران بولماي قالمايدۇ !

(مى ساڭيۇ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «جۇڭگۇچىڭ كەچلىك گېزىتى» 2000 ـ يىل 29 ـ مارتتىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل ئىيۇن سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



ـــ ھەي ، ئالدىرىماڭ ، تېلېكامېرانى ياسىۋالغاندىن كېيىن ، (شەپقەت ئۈچۈن ئېلىپ كەلگەن ) چاپاننى كىيدۈرۈپ قويىمىز . . .

# سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلايلى

يېقىندا كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرۇپ، بەي ياڭ ئەپەندىنىڭ ئەسىرىدىن بىر تارىخىي ھېكايىنى ئوقۇپ قالدىم:

مىڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھى جۇ يۈەنجاڭ خەلقنىڭ ئەھۋالىنى بىۋاستە بىلىپ بېقىش مەقسىتىدە پۇقراچە كىيىنىپ مەھەللىنى ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىر دېھقان ئائىلىنىڭ لاپاس ئاستىدا توڭگۇزغا يەم بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن پادىشاھ قاراپ تۇرغىنىچە خىيال سۈرۈپ قاپتۇ. پادىشاھنىڭ يېنىدىكى ھەمراھلىرى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، كۆڭلىدە بىر ئىشنى چۈشەنگەندەك قىپتۇ. شۇ كۈنى كەچقۇرۇندا ھەرەمئاغىلىرىدىن بىرسى:

— ھېلىقى جۇۋاننى ئوردىغا ئەكىرىپ قويدۇق، — دەپتۇ پادىشاھقا مەلۇم قىلىپ.

— قايسى جۇۋان ئىكەن ئۇ؟ — دەپتۇ پادىشاھ ھەيران بولۇپ.

— ئەتىگەندە ئالىيلىرىنىڭ كۆزى چۈشكەن، ھېلىقى توڭگۇزلارغا يەم بېرىۋاتقان ئايال، — دەپتۇ ھەرەمئاغىسى جاۋاب بېرىپ.

— ياق، ياق! — دەپتۇ پادىشاھ ئاسقىپ.

— ئالىيلىرى، ياق دەيدىلىغۇ! ئەتىگەن ئۇنىڭغا كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ كەتتىلىغۇ، تېخى خۇشنۇت بولۇپ تەبەسسۇم قىلدىلىغۇ، — دەپتۇ ھەرەمئاغىسى دەرگۇمان بولۇپ.

پادىشاھ بىرھازادىن كېيىن چۈشىنىپ دەپتۇ:



— مەن ئۇ جۇۋاننى چىرايلىق ئىكەن، دەپ تەبەسسۇم قىلمىدىم، ئۇنىڭ توڭگۇزلارغا يەم بېرىپ بېقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، بۇرۇنقى ئادەملەرنىڭ خەت ئىجاد قىلىشىنى ئەسلەپ قالدىم. لاپاسنىڭ ئاستىدا توڭگۇز باقماقنىڭ ئۆزى «ئۆي» دېگەن بولمامدۇ؟! (تەرجىماندىن ئىزاھات: خەنزۇ تىلىدا «ئۆي» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان 家 ھەرپى ئۈستى يېپىق يەنى ئۆگزىسى بار تاملارنى كۆرسىتىدىغان 宀 دېگەن ئالامەت بىلەن شۇ ئۈستى يېپىق تام ئىچىدىكى تۇڭگۇزنى كۆرسىتىدىغان 豕 دېگەن ئالامەتتىن تەركىب تاپقان. بۇ يەردە ئەنە شۇ 家 (ئۆي) دېگەن خەتنىڭ ئىجاد قىلىنىشى ئۈستىدە بەھس قىلىنىدۇ.) مانا شۇ چۈشەنچە خىيالىمغا كېچىپ قالدى، شۇڭا بىئىختىيار كۈلگەنىدىم.

خەلق ئاغۋات - ھەرەمئاغىلىرىنىڭ ئەنە شۇنداق قەبىھ پەسكەشلىكلىرىگە ئەزەلدىن نەپرەت ۋە لەنەت قىلىپ كەلمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن نىيەت - ئىقبالى يامان، باشقىلارنىڭ كۆتىنى يالاش بىلەن ئەركە بالا بولۇۋالىدىغان ئادەملەرنى «ناكەس»، «ھارامزادە»، «تەخسكەش»، «غالچا» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. چەت ئەللەردىمۇ شۇنداق. توغرا ئادەملەر ئۇنداق نامەردلەر بىلەن ھەرگىز باردى - كەلدى قىلمايدۇ، ئۇلارمۇ شۇنداق ناكەسلەرنى «سىياسىي پاھىشە» دەپ پەسلەشتۈرىدۇ.

مەيلى «غالچا»، «تەخسكەش» بولسۇن، مەيلى «ھارامزادە»، «ناكەس» دېيىلسۇن ۋە مەيلى «سىياسىي پاھىشە» دېيىلسۇن، بۇ ناملارنىڭ ھەممىسى شۇلارنىڭ روھىي جەھەتتىكى پەس تەبىئىتىگە، قىلىق - ھەرىكەت جەھەتتىكى چاكىنىلىقىغا قىلىنغان تەنىدۇر. بۇنداق تەنە قىلىشنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار سىياسىي تۇرمۇشتا پرىنسىپسىز بولىدۇ، غەرەزلىك خۇشامەت، تەخسكەشلىك قىلىدۇ، ماختاش يولى

بىلەن (تاجىدارلارنىڭ) قانىتى ئاستىغا كىرىدۇ، قولتۇقىغا
كىرىۋالىدۇ. ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئەقىدىسى شۇكى، ئۇلار ئۆز
نەپسىدىن كەچكەندە ئاندىن باشقىلارنىڭ قولتۇقىغا كىرگىلى
بولىدۇ، خۇشامەت قىلغاندىلا ئاندىن باشقىلارنىڭ كۆزىگە
ياقىدىغان بولىدۇ، «كىم ئىمىتسە ئاناڭ شۇ»، «... كىم
بېشىڭنى سىلىسا ماشايىقىڭ شۇ» دەيدىغان مەككارلىق
پەلسەپىسىگە ئەقىدە باغلايدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا قالتىس ماھىركى،
ئۇلار «نەزەربىىنى ئەمەلىي پايدا ـ نەپكە باغلاش، رەھبەرلەر
بىلەن قويۇق ئالاقە باغلاش، ئاغزىدىن شال ئاققۇزۇپ ماختاش
ۋە ماختىنىش» دېگەندەك چاكىنىلىقلارغا ئۇستا. ئىجتىمائىي
تۇرمۇشتا نومۇس، ئىزا ـ ئەلەم دېگەننى بىلمەيدىغان «كۆتكۆچى
قىز» لار ۋە رەسۋا جالاپلار قاش ـ كۆزىنى ئوينىتىپ ناز -
كەرەشمە قىلىش ۋە ئىپپىتىنى سېتىش يولى بىلەن پۇل تاپسا،
سىياسىي تۇرمۇشتىكى قىلچىلىكمۇ سىياسىي ۋىجدانى بولمىغان
ناكەسلەر، سىياسىي پاھىشىلەر پارتىيىۋى پرىنسىپقا ۋە
ئۆزىنىڭ ئادىمىلىك سۈپىتىگە مۇناپىقلىق قىلىپ، ھوقۇقى ۋە
تەسىرى بار ئادەملەرنىڭ قولتۇقى ئاستىغا كىرىۋېلىپ، بە-
رەر ـ يېرىم مەنسەپ تاپىدۇ. يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان
بەزى جايلار، تارماقلار ۋە ئىدارىلەردە چىرىكلىكنىڭ يامراپ
كېتىۋاتقانلىقى، ئەمەلدارلارنىڭ خىزمەت ئىستىلىنىڭ بۇلغىنىپ
كېتىۋاتقانلىقى، ئەدلىيىدىكى ئادالەتسىزلىك، ھۆكۈمەت
سورۇنلىرىدىكى غەپلەت باسقىنلىق — مانا بۇلار ئەنە شۇ
سىياسىي پاھىشىلەرنىڭ گۇپپاڭچىلىقى بىلەن ناھايىتى زور
مۇناسىۋەتلىكتۇر.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەھەتتە بۇلتۇر بىرمەھەل
پۇتكۇل مەملىكەتكە پۇر كەتكەن بىر خەۋەر — سەنشى
ئۆلكىسىنىڭ جياڭشيەن ناھىيىسىدىكى «ساۋاتسىز باشلىق»



(يەنى تىل ـ يېزىقتا ساۋاتسىز، قانۇن جەھەتتە ساۋاتسىز،
ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇزۇق) ياۋ شاۋخۇڭ دېلوسى ھېلىمۇ ئېسىمىزدە
تۇرۇپتۇ. ياۋ شاۋخۇڭنىڭ ئۆزى ئالىلقاچان بويىنىغا تاقاق
سېلىنىپ تۈرمىگە تاشلانغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭغا
مۇناسىۋەتلىك يۈز بەرگەن غەلىتە ئىشلار ھازىرمۇ كىشىلەرنى
چوڭقۇر ئويغا سالماقتا.

خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، ياۋ شاۋخۇڭ خىزمەت ئۈستىدە
تۇرغان كۈنلەردە ئىدارىگە ئىشقا بارغان چاغلىرىدا
«مەھكىمىدىكى بارلىق ساقچىلار قاتار سەپ بولۇپ تىزىلىپ
كۈتۈۋالىدۇ» كەن، ھەر كۈنى شۇنداق ئىكەن. ناھىيىلىك سوت
مەھكىمىسىنىڭ بۇ مۇئاۋىن باشلىقى كۈندىلىك خىزمەتكە بارغان
چېغىدا، ئۇنى ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋېلىش رەسمىيىتىنىڭ
كۆلىمى ئېكسكۇرسىيىگە كەلگەن چەت ئەللىك مېھمانلارنى،
خىزمەت تەكشۈرۈپ كەلگەن رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش
كۆلىمىدىن قېلىشمايدىكەن. بۇنىڭغىمۇ مەيلى دەيلى، ياۋ
شاۋخۇڭ دەرۋازىدىن كىرگەندىن كېيىن ھەر تەرەپتىن
سىستېمىلىق ھالدا رەسىم ـ يوسۇنى بىلەن كۈتۈۋېلىنىدىكەن.
ئولتۇرغان ئىشكاپىي توختا ـ توختىمايلا «ئىشكاپىنىڭ ئىشىكىنى
ئاچىدىغان ئادەم ھازىر بولىدۇ» كەن، ئۇنىڭ كەينىدىنلا ئەمدىلا
40 ياشقا كىرگەن بۇ باشلىق جانابلىرىنى «قولتۇقىدىن يۆلەپ
ئىشكاپتىن چۈشۈرىدىغان ئادەم تەييار تۇرىدۇ» كەن؛ ئىشخانىسىغا
كىرىپ ئورۇندۇقىغا ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن «ئالدىغا چاي
ھازىرلاپ قويىدىغان ئادەم ھازىر تۇرىدۇ» كەن؛ رەھبىرىنىڭ
بېلىدىكى كەمىرىنى بوشىتىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى
يېشىپ، كېيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويىدىغان، دېۋاندا راھەت
ياتقۇزۇپ قويىدىغان ئادەملەرمۇ تەييار ئىكەن؛ «ئىسسىق سۇ
ئەكىرىپ پۇتىنى يۇيۇپ قويىدۇ» غان، باشلىق، غوجام دەپ

«ئۇچىسىنى تۇتۇپ راھەتلەندۈرىدىغان» ئادەملەرمۇ بار ئىكەن («شەنشى ـ گەنسۇ شەھەر گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 3 ـ ئۆكتەبىر سانىغا قاراڭ) . بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن ئىختىيارسىزلا ھەيران بوپقالدىم : بۇنى قانداقمۇ «خەلق خىزمەتكارى» دەپ تەرىپلىنىدىغان كوممۇنىست كادىرنىڭ خىزمەت ئىستىلى دېگىلى بولسۇن ! بۇ بەئەينى قارا جەمئىيەت دەپ ئاتىلىدىغان ئۆكتەملەر جامائىتىنىڭ چوڭ غوجىسى ئۆز تەۋەسىدە ئۆكتەملىك قىلغىنى ، خالىغىنىچە زۇلۇم ـ سىتەم قىلغانلىقى ئەمەسمۇ ؟ !

ياۋ شاۋخۇڭ ئەسلى تەبىئىتىدىن بۇزۇق لۈكچەك بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دېيىش ھەم مۇمكىن . ئۇنداق بولسا ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئۇنى تۇغ ـ شەددە قىلىپ تۇرىدىغان ئادەملەر نېمە ئىش قىلىدىكەن ؟ ياۋ شاۋخۇڭ تېنىم قۇۋۋەت تاپسۇن ، دەپ ئادەم سۈتى ئىچمەكچى بوپقالسا ، ئۆزىنىڭ سۈت ئېمىۋاتقان بالىسىنى دەرھال ئەمچەكتىن ئايرىپ ، خوتۇنىنىڭ سۈتىنى ئۆزىنىڭ شۇ باشلىقىغا «ھىممەت» قىلىپ ئاپىرىدىغان ئادەم بار ئىكەن ؛ ياۋ شاۋخۇڭ قەنت كېسىلى بوپقالدىم ، چېكەتكە داۋا بولىدىكەن دېگەندە ، 30 نەچچە ئادەم پىدائىي بولۇپ ، شاپاشلاپ ئاياغ ـ پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ ، «ئېتىزلىقلاردا چېكەتكە تۇتقان» ئىكەن ؛ ياۋ شاۋخۇڭ جياڭشەن ناھىيىسىدىكى دېھقانلارنىڭ سوت مەھكىمىسىگە ئەرز ـ ھال ئېيتىپ كەلگەنلىكىگە خاپا بولۇپ ، «بىر تۈركۈم سوت ساقچىسى» نى دەۋرىتىپ چىقىرىپ ، بىگۇناھ پۇقرانى كالتەكلەپ ، ئۇلارغا قاتتىق جەبىر ـ زۇلۇم قىلغان ؛ ياۋ شاۋخۇڭ يۇقىرى سوت مەھكىمىسىنىڭ سوتچىسى «يولۇمنى توسۇۋالدى» دەپ زارلانغاندا ، بىراۋلار ئوتتۇرىغا سەكرەپ چۈشۈپ ، شۇ سوتچىنى مۇشتلاپ ، قولاق پەردىسىنى تېشىۋەتكەن . تېخى بۇنى ئاز دەپ ،



يۈنچىڭ ۋىلايەتلىك سوت مەھكىمىسى شۇ سەۋەب بىلەن ياۋ شاۋخۇڭنى قولغا ئالماقچى بولغاندا ، بىراۋلار «شۇ كۈنىلا خەۋەر يەتكۈزۈپ» ، ئۇنى كېچىلەپ نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچۇرۇۋەتكەن . تېخىمۇ كۈلكىلىك ھەم رەزىل بىر ئەھۋال شۇكى ، دەل شۇ چاغدا بىراۋلار سەنشىنىڭ ئۆلكىلىك گېزىتىدە ماقالە ئېلان قىلىپ ، ياۋ شاۋخۇڭنى ھەدەپ ماختاپ ، ھۆكۈمەت پۇلىغا خىيانەت قىلغان ، پۇقراغا زۇلۇم سالغان ، كۈننى ئاشنا ئويناش بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ، قىلمىغان ئەسكىلىكى قالمىغان بۇ بۇزۇق شەددادنى «14 يىلدىن بۇيان ھارماي ـ تالماي ئىشلىگەن» ، «مەھكىمىگە ئۆز ئائىلىسىدەك جان كۆيدۈرگەن» ، «ھەق ، ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسەتكەن» ، «ئاجىز ئامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولغان» ، «كارخانا ۋە شەخس ئۈچۈن سەككىز مىليون يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى زىياندىن ساقلاپ قالغان» ، «نەمۇنىچى» دەپ كۆككە كۆتۈرگەن . كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدىغىنى شۇكى ، ھەتتا مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ خىزمەت گۇرۇپپىسى يېتىپ كېلىپ ، ياۋ شاۋخۇڭغا مەجبۇرىي تەدبىر قوللىنىش قارارىنى چىقارغاندا ، يەنە بىراۋلار : «ناھايىتى دەل ۋاقتىدا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويغان» ، شۇنىڭ بىلەن ياۋ شاۋخۇڭ كارامەت قىلغاندەكلا يەنە بىر قېتىم قېچىپ كەتكەن («خاربىن گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 10 ـ ئىيۇل سانىغا قاراڭ) . دېمەك ، بۇ ئادەملەرنىڭ قىلمىشلىرىنى توغرا ئادەملەرنىڭ ئىش ـ ئەمەلىگە قىلچىلىكمۇ ئوخشاتقىلى بولمايدۇ ، كوممۇنىستلارنىڭ ، دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئوبرازىغا يېقىن يولاتقىلى تېخىمۇ يارىمايدۇ .

تېگى ـ تەكتىدىن ئالغاندا ، بۇ ئادەملەر ئۆز كۆڭلىدە كوممۇنىستىك پارتىيە تەشكىلاتىنى دەۋىدە (ئەسلى توغرا يېزىلىشى : دەربەدەر — تەرجىمان ئىزاھى) — ساياقلارنىڭ

ئۇيۇشمىسى، دەپ قارىغان؛ پارتىيە تەشكىلاتىغا تايىنىش پرىنسىپىنى شەخسنى مازارغوجام قىلىپ چوقۇنىدىغان گېزەندىلەر ئۇيۇشمىسىنىڭ نىزامىغا ئۆزگەرتىۋالغان، ئەمەلىيەتتىن مەلۇمكى، كىمكى سىياسىي پاھىشە ئورنىغا چۈشۈپ قالسا، ئۇنداق ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە نە پارتىيىۋىلىك پرىنسىپى، نە تەشكىلىي ئىنتىزام ۋە ياكى دۆلەت قانۇنى بولسۇن، خۇددى پاسىق «كۆتكۆچى قىز» لارنىڭ ئىپپىتىنى ساتىدىغان چاغدا نومۇسىنى بىر چەتكە قايرىپ قويغىنىدەك، ھەممىسى تاغنىڭ ئارقىسىغا چۆرۈپ تاشلىنىدىغان نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدىكەن، قېپقالىدىغىنى پەقەت شەرمەندىلەرچە نەپ - پايدا سودىسى ۋە نەپسى ئاۋارىچىلىقى ئىكەن.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىن ھاسىل قىلىنغان تەجرىبىلەردىن مەلۇمكى، نامەردلەر يامراپ كەتكەن، ناكەسلەر نۇسرەت تاپقان، سىياسىي پاھىشىلەر كۆپىيىپ كەتكەن جايلار، تارماقلار ۋە ئىدارىلەردە تىلغا ئالغۇدەك ئىمان - ئېتىقاد بولۇشى، رىئايە قىلغۇدەك پرىنسىپ بولۇشى، ھەق - ناھەقنى ئايرىيدىغان مىزان بولۇشى ناتايىن، ئۇ يەرلەردە ياخشىنىڭ تەقدىرلىنىشى، يامانىنىڭ جازالىنىشى ماھال گەپ؛ خىيانەتچى چىرىك ئۇنسۇرلار خۇددى بېلىق سۇدا ئوينىغاندەك يايراپ يۈرۈشى، ناچار ئىستىل ۋە قەبىھ قىلمىشلار پەرۋاسىز ئەۋج ئېلىشى مۇقەررەر.

چىرىك ئۇنسۇر خۇ چاڭچىڭ (پارا بېرىش يولى بىلەن جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىق ئورنىغا چىققان، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن) قولغا ئېلىنغاندىن كېيىن ھەسرەت چېكىپ: «ئىرادىدە بوشاڭلىق قىلىپ، ئېھتىيات قىلمىغانلىقىمنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دەسلەپتىلا چىرىكلىككە



پايدىلىق ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرگەن ياخشى شارائىتمۇ مېنىڭ چىرىكلىشىشىمگە ئاساسىي سەۋەب بولدى» دېگەن. ئۇنىڭ بۇ ئىقرارى ئاساسسىز ئەمەس. ئەگەر ھىممەت بىلەن خۇشامەت قىلىدىغان، ۋىجدانسىزلىق بىلەن كۆچۈكلىنىدىغان سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، چىرىكلەشكەن ئۇنسۇرلارنىڭ ئۆز مۇددىئاسىغا شۇنچە ئاسان يېتىشىگە ئۇنچە چوڭ ئىمكانىيەت تۇغۇلمىغان بولاتتى. ئويلاپ باقايلى، پارتىيىۋىلىكىنى، ۋىجدانىنى، پرىنسىپىنى يوقاتقان شۇ سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، خىيانەتچى چېڭ كېجېي (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى، پارىخورلۇق جىنايىتى ئۈچۈن ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەن — ئۇيغۇرچە نەشر مۇھەررىرىدىن) يەر - جايغا رۇخسەت قەغىزى بېرىش، قۇرۇلۇشلارنى پىلانغا كىرگۈزۈش، بانكىدىن پۇل قەرز بېرىش ۋە كەم تېپىلىدىغان بازارلىق ئەشيا- بۇيۇملار ئۈچۈن يوللانما بېرىش جەھەتلىرىدە توسالغۇسىز يېشىل چىراغ يېقىپ بېرەلەرمىدى؟ ئەگەر شۇنداق غەرەزلىك ھالدا «خوش تەقسىر» دەپ تۇرىدىغان، ھوقۇقلۇقلارنىڭ تاپىنىنى يالاپ، يامانغا يانتاياق بولىدىغان سىياسىي پاھىشىلەر بولمىسا، جيەنجاڭ، شيامېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتلەردىكى يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلار شۇنداق رەسۋايى ئەزىم بولىدىغان ئىشلارنى قىلىشقا پېتىنالارمىدى؟ قانۇننى ئىجرا قىلىدىغان تاموژنا، جامائەت خەۋپسىزلىكى، چېگرا مۇداپىئەسى، سودا - سانائەت ۋە باج قاتارلىق تارماقلارنى پەسەنتىگە ئالماي، توسقۇنسىز ئەتكەسچىلىك قىلالارمىدى؟

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش جەريانىدا دىققىتىمىز كۆپىنچە چىرىك ئۇنسۇرلاردىلا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئەتراپىدىكى سىياسىي پاھىشىلەردىن ئانچە ھوشيار بولالماي قالىمىز.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇشتىن ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىش، چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ «پايدىلىق ياخشى شارائىتلىرى» نى يوقىتىش ئۈچۈن، ھاپتىغا چاپتى بولىدىغان سىياسىي پاھىشىلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، سىياسىي تۇرمۇشنى پاك مۇھىت بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش لازىم.

(جاۋگاڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «فىبلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2000- يىل 2- ئىيۇل سانىغا بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىنغان.)



بەزى ئادەملەر ھامان ئۆزىنىڭ يامان غەرىزىنى يوشۇرىدۇ، ئەگەر يوشۇرالمىسا پەيلىنى بۇزىدۇ - دە، ئۆزىنى ئاشكارىلايدۇ.



## خان - پادىشاھلار ئەزەلدىن ناكەسلەرنى خىزمىتىگە سالىدۇ

جۇڭگو تارىخىدا ئۆتكەن ياخشى نىيەتلىك ۋەزىر - ۋۇزرالار ۋە دانالار خان - پادىشاھلارنى ئەلنىڭ غېمىنى يېيىشكە، «دانالارنى خىزمەتكە قويۇپ، ناكەسلەردىن ھەزەر ئەيلەش» كە دەۋەت قىلىپ كەلگەنىكەن؛ «ياخشى ئادەملەرگە يېقىن بولۇپ، نامەردلەردىن يىراق تۇرۇش» لازىم دەپ مەسلىھەت بېرىپ كەلگەنىكەن. شۇنداق بولسىمۇ، تارىختا ئۆتكەن خان - پادىشاھلارنىڭ تولىسى بەزى «چاكىنا - ناكەس» ئادەملەرنى قەدىرلەپ ئىشلەتكەنىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ياخشى نىيەتلىك ئادەملەر شۇنداق ئەھۋاللارنى كۆرگەن چاغلاردا، خان - پادىشاھىمىز ناكەسلەرنىڭ ئالىسىنى كۆرمەپتۇ، ئۇلارغا ئالدىنىپ قاپتۇ، ئۇلارنى ئىشقا قويۇپ خاتا قىپتۇ، دەپ خان - پادىشاھلار ئۈچۈن ھەسرەت چەككەن ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن.

ئەمەلىيەتتە، ئاز - تولا ئىشنىڭ يولىنى بىلىدىغان خان - پادىشاھلار مەيلى ئادەملىك سۈپىتى بىلەن بولسۇن ياكى خان - پادىشاھلىق سۈپىتى بىلەن بولسۇن، ئادەملەرنى تونۇشنى، «دانالارنى خىزمەتكە قويۇپ، ناكەسلەردىن يىراق تۇرۇش» لازىملىقىنى بىلمەي قالمايدۇ.

ئەمما، قەدىمدىن تارتىپ ھازىرغىچە خان - پادىشاھلار (مەيلى ئۇلار شاھ - سۇلتان، خان - پادىشاھ ياكى باشقا بىر سۈپەت بىلەن ئاتالسۇن) نېمىشقا بەزى «چاكىنا - ناكەس»

لەرنى قەدىرلەپ ئىشلىتىدۇ ؟

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى ، ئۇلار ناكەسلەرنى قەدىرلەپ ئىشلىتىشكە موھتاج .

تارىختا ئۆتكەن فېئودال خان - پادىشاھلاردا دېموكراتىيە ئېڭى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس (ياۋروپادىكى ھازىرقى بەزى ئاساسىي قانۇنلۇق خان - پادىشاھلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ خان - پادىشاھلىرى بۇ قاتارغا كىرمەيدۇ) . ئۇلار تەختتە ئولتۇرغان چاغلىرىدا ئۆزىنىڭ ئۆمۈرلۈك ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىنى ساقلاپ قېلىش يولىدىلا ھەرىكەت قىلىش بىلەن توختاپ قالماستىن ، ھوقۇق دەستۇرىنى ئەۋلادلىرىغىمۇ مىراس قالدۇرۇش يولىدا ھەرىكەت قىلغان . بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ، ئەقلى ئىشلەيدىغانلىرى ئەلنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتۈرۈش ئۈچۈن بەزى دىيانەتلىك ، ئابرۇيلۇق ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان زېرەك ئادەملەرنى خىزمەتكە قويغان . شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆڭلى قارا ، قامچىسىدىن قان تامىدىغان ، قولچوماق بولۇپ چاپىدىغان بەزى غالچىلارنى تاللاپ ، يېنىغا يانداپ بولۇپ گۇمان قىلىدىغان چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلارغا قارشى قويۇشقىمۇ مەجبۇر بولغان . مەسىلەن ، پادىشاھ خەن ۋۇدى ئۆز ۋاقتىدا قانخور جاللات دۇجۇنى قەدىرلەپ ئىشلەتكەن . ۋۇ زېتىيەن قالتىس زېرەك پادىشاھقۇ ! ئۇ خوتۇن شۇنچە زېرەك تۇرۇپ سۇ يۈەنلى ، لەي جۈنچېڭ ، جۇشىڭ قاتارلىق سوراقچى ئەمەلدارلارنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى بىلمەي قالامتى ؟ سۇ يۈەنلى نەچچە مىڭ ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرگەن ؛ خەلق ئۇنىڭدىن ھەتتا يىرتقۇچ يولۋاس ۋە بۆرىدىنمۇ بەكرەك قورقىدىكەن . لەي جۈنچېڭ بولسا ، يوغان داش كۈپنى ئوتتا چوغدەك قىزىتىپ ، گۇماندارنى : «قېنى غوجام ، كۈپكە مەرھەمەت» دەپ قىيناپ «ئىقرار» قىلدۇرۇش ئۇسۇلىنى كەشىپ قىلغان جاللاتنىڭ



ئۆزى شۇ . ئۇ مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرگەنىكەن . جۇشىڭمۇ بىرنەچچە مىڭ ئادەمگە بوھتان چاپلاپ ، ئۇلارنىڭ جېنىغا زامىن بولغانىكەن . ۋۇ زېتىيەن شۇنچە زېرەك ئايال ، شۇنچە ئەقىللىق پادىشاھ بولۇپ تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ شۇنداق ئەسكىلىكلىرىنى ئاز - تولا بولسىمۇ بىلمەي قالمىغاندۇ ؟ بىرەر دانا ۋەزىر - ۋۇزرا ئوتتۇرىغا چىقىپ ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا ئەھۋالنى ئېيتمىغاندىمۇ ؟ ئەگەر ئۇ ھېچنېمىنى بىلمىگەن بولسا ، نېمىشقا ئاخىرىدا ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىدۇ ؟ خەلقنىڭ غەزىپىنى بېسىپ ، ئۆزىگە مايىل قىلىش ئۈچۈن پەيتى كەلگەندە ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالغان ؛ پەيتى كەلمىگەن چاغلاردا بولسا ، ئۆزىنىڭ رەقىبلىرىگە ياكى كۆڭلىدە گۇمان قىلىپ تۇرغان رەقىبلىرىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن ئۇلاردىن پايدىلانغان .

خان - پادىشاھلار بولۇپمۇ بىرەر چوڭ خاتالىق ياكى سەۋەنلىك سادىر قىلىپ ، جەمئىيەتتە يامان تەسىر پەيدا قىلغان ۋە لېكىن ئۆزى جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئېلىشنى ، خاتالىقىغا تەن بېرىشنى خالىمىغان چاغدا ، قورسىقى كۆپىدىغان ئادەملەرنىڭ چىقىشىنى بىلمەي قالمايدۇ . شۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خىيالىغا بىراۋلار مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بەزى ئادەملەرنى توپلاپ ھۆكۈمرانلىقىمنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمىغىدى ، دەيدىغان ئەندىشە ھەممىدىن ئاۋۋال كېلىشى مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن چاكىنا - ناكەس ئادەملەر ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئەسقاتىدۇ . شۇ ناكەسلەر خان - پادىشاھتىن نارازى بولغان ئادەملەرگە ياكى نارازى بولۇش ئېھتىمالى بار ، دەپ گۇمان قىلغان ئادەملەرگە بەزى پەسكەش ۋاستىلەر بىلەن تاقابىل تۇرۇشى مۇمكىن . مەيلى ئۇ ئادەملەر ئەلگە نۇرغۇن خىزمەت يەتكۈزگەن بولسۇن ، مەيلى يوقىتىشقا ئاساس بولغۇدەك دەلىل - ئىسپات تاپالمىسۇن ، ئۇلارنى پەرۋاسىز ئۇجۇقتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن . ئۇ ناكەسلەر

خان ـ پادىشاھلارنى غەمدىن خالاس قىلىدىغان چاغدا ، ئۆزلىرىگە پەشۋا بەرگەن رەقىبلىرىنىمۇ ، كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغان ئادەملەرنىمۇ شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ يوقىتىپ ، ھەم خان ـ پادىشاھلىرىنى خۇرسەن قىلىدۇ ، ھەم قورسىقىغا پۈكۈپ كەلگەن غەرەزلىرىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرىدۇ ، ئەلۋەتتە . خان ـ پادىشاھلار بولسا ، ناكەسلەرنىڭ شۇنداق ئەسكىلىكلىرىنى كۆرمەسكە سالىدۇ . راستچىل ، دەلىل ـ ئىسپاتقا ئەھمىيەت بېرىدىغان ، ئەدلى ـ ئادالەتنى سۆيىدىغان ھالال ئادەملەر خان-پادىشاھلارنىڭ شۇنداق ئالاھىدە ھاجىتىدىن چىقىشنى راۋا كۆرەرمۇ ؟ ياق ، ئەلۋەتتە .

پادىشاھ سۇلۇق گاۋزۇڭنى مىسال كەلتۈرەيلى : ئۇنداق بولمىسا سۇڭ گاۋزۇڭ ئۆزىنىڭ تەسلىمچىلىك مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ، ئۇرۇش تەرەپدارى بولغان يۆفېيدەك دانا ئەمەلدار ، قابىل سەركەردىنى شىمالدىكىلەرگە قارشى ھەدەپ ئالدىغا ئىتتىرەمتى؟ ياق ! ئۇ خانلىق تەختىدە مەزمۇت ، خاتىرجەم ئولتۇرۇش ئۈچۈن چىن خۈيدەك ھارامزادە ناكەسنى ئىشقا سالغان . چىن خۈي قانداق قىلىپ ۋە نېمىشقا يۆفېيدەك شۇنداق يۇقىرى ئابرۇيلۇق ۋەزىرنى قەستلەپ ئۆلتۈرەلىدى؟ بۇنداق ئىشقا ۋىجدانلىق ، دانا ئەمەلدارلارنىڭ قولى بارمايتتى . پادىشاھ سۇڭ گاۋزۇڭمۇ شۇنداق ئىشقا پەقەت شۇنداق كۆڭلى قارا ، قولى قانلىق ، ناكەسلەرنى سالغان !

خان ـ پادىشاھلارنىڭمۇ باشقىلارغا تىنمايدىغان قەست - غەرەزلىرىمۇ بولىدىكەن . مەسىلەن ، تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرسى بولغان لى جى دادىسىنىڭ كىچىك خوتۇنى ۋۇ زېتيەننى چوڭ خوتۇنلۇققا ئېلىشقا ئۇرۇنغان ، دېمەك شەرم ـ ھايانى بۇزۇشقا ھەرىكەت قىلغان . تاڭ سۇلالىسىنىڭ پادىشاھلىرىدىن بىرسى بولغان لى لۇڭجى



كېلىنى ، يەنى ئوغلىنىڭ خوتۇنى ياڭ يۇخۇەننى ئوغلىدىن تارتىۋېلىپ خوتۇن قىلىشقا ئۇرۇنغان ، بۇمۇ شەرم ـ ھايانى بۇزىدىغان ئىش . ئوقۇغان- بىلگەن ، دانا ، پەزىلەتلىك ئادەملەر ، ئەمەلدارلار ئۇلارنىڭ شۇنداق شەرم ـ ھاياسىز ، رەسۋاچىلىقلى-رىغا ياردەملىشەرمۇ ؟ ياردەملىشىش بۇياقتا تۇرسۇن ، ھاي دەپ توسۇشى تۇرغان گەپ . ئۇلار شۇنداق شەرمەندىلىكلىرىنى تەخسىچى ـ خۇشامەتگۈي ناكەسلەرنىڭ شەرمسار مەسلىھەتلىرى ۋە شاپاشلاپ قاتىراشلىرى بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرالىشى مۇمكىن .

بەزى خان ـ پادىشاھلار ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىشتا ، قولىدىن ئىش كېلىدىغان قابىل ئادەملەرگە تايانغان ، ئۇلارسىز چوڭ ئىشلارنى قىلىشى ماھال (مۇمكىن بولمايدىغان ، مۇمكىن ئەمەس — مۇھەررىردىن ) گەپ . لېكىن ئىشى پۈتكەندىن كېيىن ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشمۇ يەنە بىر قىيىن ئىش . ئۇلار قابىل ئادەملەر ، ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشتا ئۇلارنىڭ شۇنداق قابىلىيىتى كېرەك ؛ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن بولسا ، ئۇلارنىڭ يۇكسەك قابىلىيىتى ۋە ئابرۇيى خان ـ پادىشاھلارنىڭ نەزىرىدە ئۆزى ئۈچۈن تەھدىت بوپقالىدۇ . مۇشۇنداق تەسىرى چوڭ ، خىزمەت كۆرسەتكەن ئەزىمەتلەرنى قانداق جايلاش كېرەك ؟ بۇ ئىشتىمۇ دانا ئەمەلدار ۋە پەزىلەتلىك ـ ياخشى ئادەملەرنى ئىشقا سېلىش مۇمكىن ئەمەس ، پەقەت ناكەسلەرنىڭ قولى بىلەنلا «باپلاش» كېرەك !

تاڭ پادىشاھى لى لۇڭجى ئۆز دەۋرىدە جاللات جىۋىن بىلەن لۇشىننى خىزمەتكە قويغاندا غەرىزى كۆڭلىگە ناھايىتى ئايان ئىكەن ، ئۆزىمۇ ئۇلارنى تولىمۇ يارىماس ئادەم ، دەپ ئېيتقانىكەن ، شۇنداق بولسىمۇ مۇھىم خىزمەتلەرگە قويغانىكەن . پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئەمەلىدىن مەمنۇن بولۇپ ، سولاقخانا ـ تۈرمىلەرنى كۆپ سالدۇرۇپ ، ھەممە

ئادەمنى دەككە ـ دۈككىگە قالدۇرغانىكەن . شۇنداق بولغانلىقى
ئۈچۈن ، لى لۇڭجىنىڭ مۇقەددەس پادىشاھلىق ئوبرازى يۇقىرى
كۆتۈرۈلۈپ ، تەختى مۇستەھكەملەنگەنىكەن . مەقسەت ـ مۇرادىغا
يەتكەندىن كېيىن جىۋىننى ئۆلۈم جازاسى بىلەن جازالاپ
كاللىسىنى ئالغان ، لۇشىشىنى بولسا ، چۆل ـ جەزىرىگە
سۈرگۈن قىلغانىكەن . پادىشاھ لى لۇڭجى ۋەزىرلىرىگە : «مەن
ئەخمەق بولۇپ ، جىۋىننى شۇنداق خىزمەتلەرگە قويۇپتىمەن» ،
«ئەمدى ئۇنى لەنەتگەردى قىلدىم ، ھەرقايسىڭلار خاتىرجەم
بولۇڭلار» دەپتىكەن . دېمەك ، ناكەسلەر ئاخىر خان ـ
پادىشاھلارنىڭ قۇربانلىقىغا ئايلىنىپ قالغان . شۇنداق قىلىپ ،
ھەممە ئادەم : ئۇلۇغ ، دانا پادىشاھىمىز ئەلنى زىياندىشلاردىن
قۇتۇلدۇردى ، دەپ بارىكاللا ئېيتقان ؛ پادىشاھ بولسا ، سىياسىي
جەھەتتە يەنە بەرىكە تاپقان . ھىيلە ـ نەيرەڭ دېگەن ئەنە شۇ .

خان ـ پادىشاھلارنىڭ ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ قىلغان
ئەسكىلىكلىرى ئاز ئەمەس ، شۇڭا بىراۋلار قەست قىلارمىكىن ،
خەلق ئاغدۇرۇپ تاشلارمىكىن دېگەن ئەندىشىگە چۈشۈپ ،
ئۆزىنىڭ تەختى ـ بەختىنى ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ قوغداشقا
ھەرىكەت قىلىدۇ . مۇشۇنداق قىلىشتىمۇ ، ھارامزادە ـ ناكەس
ئادەملەرنىڭمۇ «پوردىقى» يوغىناپ كەتسە ، ئۆزۈمگە خەۋپ
يېتىپ قالارمىكىن ، دەپمۇ ۋەھىمىگە چۈشىدۇ . ئەنە شۇنداق
چاغلاردا بۇ بىر تۈركۈم ناكەسلەردىن پايدىلىنىپ ئۇ بىر تۈركۈم
ناكەسلەرنىڭ ئەدىپىنى بېرىدۇ ؛ يەنە بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن
كېيىن ، بۇ بىر تۈركۈم ناكەسلەرنى ئۇجۇقتۇرىدۇ . سوۋېت
ئىتتىپاقىدىكى ستالىن ئۆمرىنى ئىستىبداتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن
يېڭى زامان پادىشاھىدۇر ، ئۇ ك گ ب ناكەسلىرىنى ئىشقا
سېلىپ ، س س س ر كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ مۇنەۋۋەر
پېشقەدەملىرىنى ۋە نۇرغۇن ئېسىل ئەزالىرىنى بىر ـ بىرلەپ



يوقاتتى ، شۇ جەرياندا ك گ ب دە تۇرۇپ ئەسكىلىك قىلىشىپ
بەرگەن ئادەملەرنىمۇ بىر ـ بىرلەپ يوقاتتى . شۇنداق قىلغانلىقى
ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ دۈشمەنلىك بوپقالدى . ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى
يىللىرىدا ناھايىتى سۇرلۇك بولۇپ قالغاچقا ، يۇقىرى دەرىجىلىك
كادىرلارمۇ ئۇنى كۆرگەن چاغلىرىدا ئۇلارنى سۇر باسىدىغان
بوپقالغان . لېكىن ئۇ دوستىسىز ، ئائىلىسىز (خوتۇنى
ئۆلۈۋالغان) ، يالغۇزچىلىق تارتىدىغان تولىمۇ ئېغىر كۈنگە
قالدى ، غەم ـ ئەندىشىسى كۆپەيدى ، ھەرقاچان تامىقىغا زەھەر
سېلىپ قويغانىمدۇ ياكى بىرەر قەست بىلەن ئۆلتۈرۈپ
قويمىغىدى ، دەپ گۇمانسىرايدىغان بوپقالدى . دېگەندەك ،
ئۆلگەندىن كېيىن باشقىلار دەرھال ئۇنىڭ سوئال ـ سورىقىنى
قىلدى .

ھازىر دۇنيادا نۇرغۇن دۆلەتلەر پالانى جۇمھۇرىيەت ،
پوكۇنى دېموكراتىك جۇمھۇرىيەت دەپ ئاتالسىمۇ ، دۆلەت
رەھبەرلىرى ئىلگىرىكىدەك شاھ ، سۇلتان ، پادىشاھ دەپ
ئاتالماي ، زۇڭتۇڭ ياكى رەئىس جۇمھۇر ، زۇڭلى ياكى پرېمېر
ۋە ياكى پرېمېر مىنىستىر ، باش مىنىستىر ، سەردار دەپ
ئاتالسىمۇ ، لېكىن ئۆتمۈشتىكى خان ـ پادىشاھلار ئۆز
مەنپەئىتىنى كۆزلەپ ، نامەرد ـ ناكەس ئادەملەرنى يامان
ئىشلارغا سالغانغا ئوخشاش ئەھۋاللار يەنىلا يۈز بەرمەكتە . خەلق
ئامىسى ئىلاجىسىزلىقتا قالماقتا . ئۇلار خان ـ پادىشاھ دەپ
ئاتالمىسىمۇ ، ئەمەلىيەتتە خان ـ پادىشاھدۇر ، يېڭى زامان
شىم ـ كاستۇمىغا ئورىنىۋالغان خان ـ پادىشاھدۇر .

(فېڭ دۈڭشۇ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «ھەمسەپەرلەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ
يىل فېۋرال سانىغا بېسىلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ ئاۋغۇست سانىغا
كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى .)

## «جۇڭگولۇقلارغا نوبېل مۇكاپاتى بەرگۈدەك» مىش

نوبېل مۇكاپاتىغا نامزات تاللاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى، خەنزۇچە خەتتىن ئاز - تولا ساۋاتى بار × ئەپەندى يېقىندا جۇڭگوغا خۇسۇسىي ساياھەت قىلىپ كەلگەندە، ئايرودرومدىن چىقىپ بەش يۇلتۇز دەرىجىلىك بىر مېھمانخانىغا چۈشۈپتۇ. يۇيۇنۇش ئۇچۇن ھاممامغا كىرىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، چاي ئۈستىلىدە تۇرغان گېزىتتىكى «راك كېسىلى ئەمدى ساقايتقىلى بولمايدىغان كېسەل ئەمەس» دېگەن ناھايىتى چوڭ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان چوڭ ئېلانغا كۆزى چۈشۈپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن كەسپىي ئادىتى بويىچە ئولتۇرۇپ تەپسىلىي ئوقۇپتۇ. شۇ ئولتۇرغىنىچە گېزىتنىڭ باشقا بەتلىرىدىكى ئېلانلارنىمۇ ئوقۇپتۇ. قارىسا، ئۇنى ھەيران قالدۇرغان مۇھىم ئۇچۇرلار بار ئىكەن:

«بىر ھەپتىدىلا ئورۇقلىتىدۇ، ھەرگىز قايتا سەمرىتمەيدۇ!»

«قەنت كېسىلىنى ساقايتقىلى بولمايدۇ، دەپ كىم ئېيتىدۇ؟»

«ئاياغنىڭ پېتىكى بويىڭىزنى ئۆستۈرىدۇ، بىر ئايدىلا ئۈنۈمىنى كۆرىسىز!»

. . .

× ئەپەندى دىققىتىنى يىغىپ ئولتۇرۇپ بۇ ئېلانلارنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، پۈتكۈل ۋۇجۇدىدىكى قانلىرى ھەيرانلىق ۋە ھاياجاندا مەۋج ئۇرۇپتۇ.



— پاھ! — دەپتۇ ئۇ، — بۇلار ھازىرقى كۈندە دۇنيادا تېخى ھەل بولماي كېلىۋاتقان قىيىن مەسىلىلەر ئىدىغۇ! ھەرقانداق ئادەم بۇ مەسىلىلەرنىڭ بىرىنى ھەل قىلالىسا، شۇ ئادەم نوبېل تېببىي مۇكاپاتىغا ئېرىشەلەيدۇ. جۇڭگولۇقلار بۇ بىرنەچچە قىيىن مەسىلىنى بىراقلا ھەل قىلىۋېتىپتۇ، ئۆيتىسىيىدىكى كەسىپداشلىرىم بۇ ئەھۋاللاردىن خەۋەر تاپسا ھەيرانلىقتا ئاغزى ئېچىلىپ، ھاياجان ئىچىدە نەچچە كۈنگىچە ئۇخلىيالمايدىكەن - دە! ھازىر ئۇلارغا تېلېفون بېرىۋېتىدىغان بولسام، ئۇن مىنۇتقا قالماي پۈتكۈل دۇنياغا پۇر كېتىدۇ!

× ئەپەندى يۇيۇنۇشتىن ۋاز كېچىپ، نوبېل مۇكاپاتى ئىشخانىسىغا بىر پارچە مەلۇمات يېزىش نىيىتىگە كەپتۇ، باش قاتۇرۇپ ئولتۇرمايلا، بارماقلىرىنى يان كومپيۇتېرىنىڭ تۈپچىلىرى ئۈستىدە ئوينىتىشقا باشلاپتۇ:

«رەئىس ئەپەندى:

جۇڭگو ھەقىقەتەن قالتىس سىرلىق ئەل ئىكەن، بىزنىڭ نامزات تاللاش ھەيئىتىمىز تەكشۈرۈپ بىلىش، چۈشىنىش جەھەتتە تولىمۇ چولتا ئىكەن، نەزىرىمىز پەقەت ئەدەبىياتقىلا مەركەزلىشىپ قاپتۇ، جۇڭگونىڭ يۈكسەك پەن - تېخنىكىسىنى كۆزگە ئىلماپتۇق، ھەقىقەتەن ھەسرەت - نادامەت قىلغۇدەك ئىش بوپتۇ! بۇ، بىزنىڭ 20 - ئەسىردىكى ھەممىدىن چوڭ سەۋەنلىكىمىز ئىكەن! مېنىڭ ھازىرچە مۆلچەرلىشىمچە، مەلۇم جۇڭگولۇقلارغا ئاز دېگەندىمۇ تۆت نوبېل مۇكاپاتى بېرىشنى قازا قىلىۋېتىپتۇق! بۇ ئادەملەر تولىمۇ كەمتەرمىكىن ياكى قاپاق باشمىكىن - تاڭ؟! شۇنچە مۇھىم كەشپىياتلىرى بار تۇرۇقلۇق يىمىشقا دۇنياۋى چوڭ مۇكاپات ئېلىش خىيالىغا كەلمىدى - كى!؟ ھە، ئېھتىمال بۇلار ئۇلارنىڭ ئاشكارىلاشنى خالىمايدىغان سىرىدۇر، چەت ئەللەرگە تارقاتقۇسى كەلمىگەندۇ! مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇلار ئېلىشقا تېگىشلىك بولغىنىنى بالدۇرراق

ئالسۇن ، ئۇلارنىڭ بۇ ئۇلۇغ كەشپىياتلىرى دۇنيادىكى بارلىق ئەللەرگە پاتراق قۇتاتسۇن !»

× ئەپەندى هاياجان بىلەن تولغان بۇ مەلۇماتنى يېزىپ بولۇپ ، نامزات تاللاش هەيئىتىنىڭ رەئىسىگە مەلۇماتنىڭ قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە راست ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىش مەقسىتى بىلەن هېلىقى ئېلاندىكى نەرسىلەرنى سېتىۋالغىلى مېڭىپتۇ .

لېكىن كېيىن ئاڭلىساق ، × ئەپەندى شۋېتسىيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، ئۆزۈن ئۆتمەيلا هېلىقى مەلۇماتنى يىرتىپ تاشلاپتۇ . بۇنىڭ سەۋەبى : × ئەپەندىنىڭ رەپىقىسى ناهايىتى سىمىز ئايال ئىكەن ، × ئەپەندى هېلىقى «هەرگىز قايتا سەمرىتمەيدۇ» دېگەن ئورۇقلىتىش تېخنىكىسىنى ئاۋۋال رەپىقىسىگە ئىشلىتىپ كۆرگەنىكەن ، نەدىكىنى ، قىلچە كار قىلماپتۇ .

(يۆجيەنگو ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «شەهەر سەهىرى گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 13 ـ ئاۋغۇست سانىغا بېسىلغان ، «فلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل نويابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



# جۇڭگو يازغۇچىلىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتى

جۇڭگونىڭ پۇتبولچىلىرى «دۇنيا لوڭقىسى» مۇسابىقىسىگە قاتنىشىشقا يارىمىغاندەك ، جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرىمۇ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشەلمەي كېلىۋاتىدۇ . پۇتبول ئويناش چىڭ هۇنەر ، پۇتبول ئوينىغان چاغدىكى هەربىر هەرىكەتنى تاماشىچىلار ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ تۇرىدۇ ، ئۇنىڭدا هارامزادىلىك ئىشلىمەيدۇ ، قايىل بولمايمەن دېيىشىڭىزمۇ قايىل بولماي ئىلاجىڭىز يوق .

لېكىن ، ئەدەبىيات مۇكاپاتى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ ، ئۇنداق مۇكاپاتنى بېرىشتە ئەهۋال ناهايىتى مۇرەككەپ بولىدۇ ، هەر تەرەپلىمە ئامىللار چېتىشلىق بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى پۇتبولچىغا ئوخشاش تەگلىك ـ مىجالەتچىلىك تارتىپ يۈرمەيدۇ ، كۆرسىتىدىغان باهانە ـ سەۋەبلىرى يېتىپ ئاشىدۇ . مۇكاپات ئالالماسلىقنىڭ سەۋەبى توغرىسىدا ، بەزىلىرى غەرب مەدەنىيىتى شەرق مەدەنىيىتىگە مۇسۇمەت قىلىدۇ ، دەيدۇ ؛ بەزىلىرى خەنزۇ تىلىنى تەرجىمە قىلىش قىيىن ، جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ مېغىزىنى چېقىپ بېرەلمەيدۇ ، دەيدۇ ؛ يەنە بەزىلىرى شۋېتسىيىدىكى نامزات تاللاش هەيئىتىنىڭ بىلىدىغانلىرى چاغلىق ، دەيدۇ ؛ يەنە بەزىلىرى بولسا ، نوبېل مۇكاپاتى دېگەن كارى ـ بارى چاغلىق بىر نەرسىكەنغۇ ! دەپ پىسەنتىگە ئالمايدۇ . بۇنداقلارنىڭ سۆزىنىڭ ئورامىغا قارىغاندا ، مۇكاپاتنى بەرسىڭىزمۇ ئالماسمىش . نوبېل مۇكاپاتى ئالغان چەت ئەل يازغۇچىلىرىنى

يارىتىمايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس . بۇنىڭدىن بىرنەچچە يىل ئىلگىرى
نوبېل مۇكاپاتى ئالغان (ياپونىيىلىك) داجاڭ جەنسەنلاڭ
شەرقلىقلەرگە مەنسۇپ يازغۇچى ئىدى . شۇ چاغدا ئۇلار ، ئۇ
ئالۋاستى ياپونەك قانچىلىك بىرنېمىتى ! دېيىشتى . ئۇنىڭ
ئەسەرلىرى خەنزۇ تىلىغا بىر - بىرلەپ تەرجىمە قىلىنغاندىن
كېيىن بولسا ، ھەممىسىنىڭ ئاغزى يۇمۇلۇشقا باشلىدى . داجاڭ
جەنسەنلاڭنىڭ ھېكايىلىرىدە ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدىكى
پىكىر - مۇلاھىزىلىرىنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا جۇڭگونىڭ ھازىر
ھايات تۇرغان يازغۇچىلىرىدىن يېتىشەلەيدىغىنىنى تېخى تاپقىلى
بولمايدۇ . باشقىلارنى يارىتىمىغانلىقىمىز دەل ئۆزىمىزنىڭ
بىلىدىغانلىرىمىزنىڭ چاغلىق ئىكەنلىكىدىن بولماقتا .
جۇڭگو يازغۇچىلىرىنىڭ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىشىگە يەنە
زادى قانچىلىك مۇساپە باردۇر ؟
ئاۋۋال نوبېل مۇكاپاتىنىڭ تارىخىغا قاراپ باقايلى : 1895-
يىلى نوبېل مۇكاپاتى تەسىس قىلىنغان چاغ دەل جۇڭگودا
پادىشاھ گۇاڭشۇي ، پۇقرالار شەرقىي شىمالدىكى كەڭ كەتكەن
يەرلەرنى ئېچىپ زىرائەت تېرىسا بولىدۇ ، دەپ شەپقەت قىلغان
يىل ئىدى ، يەنى تۇڭكېڭ ، ۋۇيىڭ ، تاڭۋاڭ دەريالىرىنىڭ
ۋادىلىرىدا ، گۇەنيىڭ تاغلىرىنىڭ ئېتەكلىرىدە پۇقرانىڭ
تىرىكچىلىك قىلىشىغا رۇخسەت قىلغان يىل ئىدى . ئۇنىڭدىن
ئىلگىرى شۇ بىپايان زېمىن ئۇلۇغ مەنچىڭ خانلىقىنىڭ
«پادىشاھلىق يېرى» بولۇپ ، پۇقرانىڭ قەدەم بېسىشىغا يول
قويۇلمايدىكەن . ئۇ يەر ھازىرقى كۈندىكىدەك «تەبىئىي
قوغدىلىدۇ» غان يەر ئەمەس ئىكەن ، ئاتا - بوۋىمىزنىڭ روھى
ئاياغ ئاستى بولمىسۇن ، دەپ ئادەم ئايىغى تېگىش مەنئىي
قىلىنغان يەر ئىكەن .
مەلۇماتلاردىن مەلۇم بولۇشىچە ، نوبېل مۇكاپاتىنى
شۋېتسىيە پادىشاھى ئۆز قولى بىلەن تارقىتىدىكەن .



بۇ ئىككى پادىشاھنىڭ پەرقىگە قاراپ باقايلى : مۇبادا نوبېل
جۇڭگودا تۇغۇلغان بولسا ، ئۇلۇغ مەنچىڭ پادىشاھى دۆلەت
تەۋەلىكىگىمۇ قارىمايدىغان شۇنداق مۇكاپاتنى تەسىس قىلىشقا
ماقۇل بولارمىدى ؟ شۇنچە نۇرغۇن مۇكاپات پۇلىنى پادىشاھقا
تەقدىم قىلماي ، چەت ئەللىكلەرگە بېرىۋېتىشىنىڭ ئۆزى
ۋەتەنسىزلىك ، ۋەتەنگە خائىنلىق بولمامدۇ ؟ تۇزكورلۇق
ئەمەسمۇ ؟ دېمەك ، نوبېل شۇ زاماندا جۇڭگودا بولغان بولسا
كاللىسى كېتەتتى . ئۆز ۋاقتىدا نوبېل دۇنيانىڭ ھەرقانداق
يېرىدە ئىنسانلار ئۈچۈن تۆھپە قوشقان ئالىملارنى ، ئەدىبلەرنى
ئۆزىنىڭ پۇلى بىلەن مۇكاپاتلاشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسا ، شۇ
چاغلاردا جۇڭگودا زەكىي (دانىشمەن) ئادەملەر قەھرىتان
سوغۇق كۈنلەردە خېيلۇڭجياڭ دەرياسىنىڭ ۋادىسىدا بىر -
بىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ ، «سىشتەيخۇ ئانا» غا ئالتۇن قېزىش
بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۈرگەنىكەن . ئۇ يەردە بىر ئالتۇن كانى
مەخسۇسلا سىشتەيخۇنىڭ پەردازلىق ئۇپا - ئەڭلىك
خىراجەتلىرىگە ئاتالغانىكەن . دېمەك ، ئوخشاش بىر زاماندا
ئىككى دۆلەتتە ياشىغان زەكىيلەر نەزەر دائىرە ۋە تەپەككۇردا ئەنە
شۇنداق ئاسمان - زېمىن پەرق قىلىدىكەن !
نوبېل مۇكاپاتىغا نامزات تاللاش جەھەتتىكى خىلمۇخىل
قۇسۇرلارنى بىر - بىرلەپ كۆرسىتىپ بېرىشىمىز مۇمكىن .
لېكىن بىز جۇڭگو ئادەملىرىگە باھالىتىدىغان - تاللىتىدىغان
بولسا ، ئىش قانداق بولار ؟ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان
جۇڭگودا ھۆكۈمەت ماقۇل كۆرگەن ئالىي ئەدەبىيات
مۇكاپاتلىرىنى تولا چاغلاردا پۇقرا ئانچە ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ ،
يەنى راۋا بولمايۋاتىدۇ . پۇقرا ماقۇل كۆرگەنلىرىنى ھۆكۈمەت
ئانچە ماقۇل كۆرمەيۋاتىدۇ . تېلېفىلىمى جەھەتتە تامامەن پۇقرا
باھالاپ بېرىدىغان قانداقتۇر بىر قانداق مۇكاپات تەسىس
قىلىنغاندەك بولۇۋىدى ، ئاقىۋەتتە ماقۇللاش چېكى

سېتىۋالىدىغان ، ماقۇللىغۇچىلارنىڭ ئاغزىنى ياغلايدىغان رەسۋاچىلىق يۈز بەردى .

دېمەك ، نوبېل مۇكاپاتىغا جۇڭگونىڭ ئەدەبىي ئەسەرلىرى يارىمايلا قالماستىن ، نوبېل مۇكاپاتىغا باھالاپ تاللاش مۇھتىمۇ ناھايىتى ناچار . ئەگەر بۇ دۇنياۋى چوڭ مۇكاپات ئۇچۇن باھالاش - تاللاش ئىشى جۇڭگولۇقلارغا قالىدىغان بولسا ، چوقۇم رەسۋايى ئەزىم بولىدۇ .

1999 - يىللىق نوبېل مۇكاپاتى گېرمانىيىلىك گراسقا بېرىلدى ، شۇ چاغدا جۇڭگولۇقلار غىدىڭ - پىدىڭ قىلمىدى ، چۇنكى ئۇنىڭ «قەلەي دۇمباق» ناملىق ئەسىرى بىرقانچە يىل ئىلگىرىلا مەلۇم بولغانىدى . ئەسەرنىڭ بەدىئىيلىكىدىن گەپ ئاچمايلا تۇرايلى ، گراسنىڭ گېرمان مىللىتىدىن بولۇش سۈپىتى بىلەن گېرمان فاشىستلىرىنى چوڭقۇر پاش قىلالىشى ، گىتلېرنى شۇنچە قەبىھ - رەزىل قىلىپ تەسۋىرلىيەلىگەنلىكى ئاسان گەپ ئەمەس . مەن ئويلايمەنكى ، چىڭگىزخانىنىڭ قارا نىيىتى گىتلېرنىڭكىدىن قېلىشمايدۇ ، بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئوخشاشلا دۇنياغا يېگانە خوجا بولماقچى . چىڭگىزخان ياۋۇزلۇقتا گىتلېردەك بولمىسىمۇ ، ئېھتىمال ئادەملەرنى خۇددى گۆش توغرىغاندەك توغرىغان بولۇشى مۇمكىن . ئۇنداق بولمىسا ، موڭغۇلىيە چۆلىدىن قانداق قىلىپ ۋولگا دەرياسىغىچە بارالىسۇن ؟ چىڭگىزخان جۇڭگودا يازغۇچىلار ، شائىرلار ئىزچىل مەدھىيىلەيدىغان ئۇلۇغ قەھرىمان بولۇپ كەلمەكتە ، ياۋروپالىقلار نەزىرىدە بولسا ، گىتلېردىن قېلىشمايدىغان ئەزرائىلدۇر . جۇڭگونىڭ يازغۇچىلىرى ھازىر خان - پادىشاھلارنى — چىن سىخۇاڭ ، خەن ۋۇدىدىن تارتىپ تاكى كاڭشى ، چيەنلۇڭغىچە زوق - شوق بىلەن مەدھىيىلىمەكتە . بۇ يەردە گەپ بۇنداق مەدھىيىلەر بىلەن گراسنىڭ گىتلېرنى پاش قىلىشتىكى ئويلىرى ئوتتۇرىسىدا قانچىلىك پەرق بارلىقى



مەسىلىسىدە ئەمەس ، ئوي - پىكىرنىڭ بىر - بىرىگە مۇتلەق ئوخشىمايدىغانلىقىدىدۇر . «يۇڭجېڭ خانلىقى» ناملىق تېلېفىلىمدا ، پادىشاھلارنىڭ ئۆز يېنىدىكى ھەرەمئاغىلىرىغا ئۆزىنىڭ سىنىپىي قېرىنداشلىرىغا ئوخشاش مۇئامىلە قىلغانلىقىنى كۆرىمىز . شۇ فىلىمنىڭ ئاپتورلىرى ، رېژىسسورلىرى شۇ ئەركەكلەرنىڭ ئاغۋات بولغاندىن كېيىن ، يەنى پىچىپ تاشلانغاندىن كېيىن ئاندىن يۇڭجېڭنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىغانلىقىنى بىلمەمدىكىن - تاڭ ؟ گىتلېر شۇنچە قەبىھ - زالىم بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان ئەركەكلەرنى پىچىپ تاشلىماپتىكەن . «ياڭجۇدىكى ئون كۈنلۈك قەتلىئام» ، «جىيادىڭدىكى ئۈچ كۈنلۈك قەتلىئام» لار گىتلېر ئوسۋېنسىم جازا لاگېرىدا ئېلىپ بارغان قىرغىنچىلىقتىن قېلىشىدىكەنمۇ قېلىشمايدۇ . جۇڭگو يازغۇچىلىرى ئۇلۇغ مەنچىڭ پادىشاھلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ياۋۇزلۇقلىرىنى پاش قىلماقتا يوق ، ئۇلارنىڭ «رەھىم - شەپقەت ۋە پەزىلى - پەزىلەت» لىرىنى ھەدەپ مەدھىيىلەۋاتسا ، قېنى ئېيتىپ بېقىڭا ، ئۇلارنىڭ نوبېل مۇكاپاتى بىلەن بولغان ئارىلىقى قانچىلىك باردۇر ؟

(سۇن شاۋسەن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «بۈگۈن ئاخشام گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 20 - ماي سانىغا بېسىلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىغا ئاساسەن تەرجىمە قىلىندى . )

## ئۇنۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە يېتىپ قالغاندەك قىلىدۇ

ھەر قېتىم ئۇنۋان باھالاش مەۋسۇمى يېتىپ كەلگەندە، مەيلى مەكتەپلەرنىڭ ئىچى ياكى سىرتىدا بولسۇن، مەيلى تەجرىبىخانىلاردا بولسۇن، مەيلى ئائىلىدىكىلەر جەم بولغان داستىخان ئۈستىدە بولسۇن، ۋە ياكى ئىشقا كېتىۋاتقان ياكى ئىشتىن چۈشۈۋاتقان نۆۋەتچى ئاپتوموبىللاردا بولسۇن، زىيالىيلارلا بولىدىكەن، ئۇنۋان باھالاش توغرىسىدا گەپ بولماي قالمايدۇ. «باھالاش مەۋسۇمى» تۈگىگەندىن كېيىن، باھالانغانلار خۇشال بولسا، باھالىنالمىغانلار سولىشىپ قالىدۇ، ھەتتا يەنە بىرمۇنچىسى قورساق كۆپۈكى بىلەن رەنجىيدۇ ياكى شۇنىڭدىن تارتىپ پاسسىپلىشىدۇ، ئىش خۇشياقماس بوپقالىدۇ ۋە ياكى رەھبەرلىرى بىلەن تاقارىشىدىغان بوپقالىدۇ.

ھازىرقى ئۇنۋان باھالاش خىزمىتىدە ئادەمنى نارازى قىلىدىغان، غەزەپلەندۈرىدىغان غەلىتە - غەلىتە ھادىسىلەر مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا.

## ئۇنۋان باھالىغاندا ھەممە ئادەم چەت تىلدىن ئىمتىھان بەرمىسە بولمايدىغان بولدى

ئۇنۋان باھالاش قاچاندىن تارتىپتۇ چەت تىلدىن ئىمتىھان ئېلىش دېگەن سۆزنىڭ مەنىداش ئاتالغۇسىغا ئايلىنىپ قالدى. چۈنكى ئۇنۋان باھالىغاندا ئومۇمەن چەت تىلدىن قاتتىق ئىمتىھان ئېلىنىدىغان بولدى. ھالبۇكى، ئادەتتىكى چاغلاردا خىزمەت



ئۈستىدە چەت تىلدىن پايدىلىنىش پۇرسىتى بىرمۇنچە ئادەملەردە كۆپ بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە چەت تىل دېگەن نەرسىنى كۈنمۇكۈن، ئايمۇئاي ئۆگىنىپ پىششىقلاشقا توغرا كېلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن چەت تىل بىرمۇنچە ئادەم ئۈچۈن ئۇنۋان باھالىغاندا ئۆتمەك تەس بولغان «چەت تىل پىلسىراتى» غا ئايلىنىپ قالدى.

تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرى رىياسەتچىلىكى جەھەتتە «جۇڭگو بويىچە قالتىس رىياسەتچى» دەپ تەرىپلىنىپ كەلگەن چېن رو ئەپەندى چەت تىل ئىمتىھانىنىڭ «كاساپىتى» گە ئۇچرىغان ئادەملەرنىڭ بىرسى. بۇ، ياشتا چوڭ، چاچلىرى ئاپئاق، ئەمما جۇشقۇن رىياسەتچى «خۇاڭخې دەرياسى توغرىسىدا پاراڭ»، «قانالنىڭ قىسسىسى»، «بىپايان غەربىي جەنۇبنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدا» دېگەنگە ئوخشاش تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىغا ئاجايىپ ياخشى رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى بىلەن داڭق چىقارغان. لېكىن ئالىي دەرىجىلىك ئۇنۋان ئالىدىغان چاغدا چەت تىل ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇشكۈلات بولدى. ئۇنىڭ خىزمەتتىكى نەتىجىلىرى ناھايىتى زور بولسىمۇ، «ئالىي دەرىجە» گە توشىدىغان - توشمايدىغانلىقىنى چەت تىل بىلەن باھالاش توغرا كېپقالغاچقا، ئۇ نائىلاج سالاۋات قىلغان.

سالاۋات قىلىشقا كۆڭلى ئۇنىماي تىرىشىپ - تىرمىشىپ باشقا ئاماللارنى تاپقان ئادەملەرمۇ بار ئىكەن. ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپ كەلگەن بىر پېشقەدەم ئوقۇتقۇچى «كىتاب تەرجىمە قىلىش» قا باشلاپتۇ. شۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ تېگى - پېيىنى ئوبدان بىلىدىغانلار: ئۇنىڭ ABC نى بىلىشى ناتايىن، ئۇ دەرسنى ناھايىتى ياخشى ئۆتىدۇ، لېكىن چەت تىلنى ئۆگىنىدىغان زامان ئۇنىڭغا نېسىپ بولمىغانىدى، دەپ ھەيران بوپقاپتۇ. لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ راستىنلا بىر «تەرجىمە ئەسەر» نى ئوتتۇرىغا چىقىرىپتۇ ۋە

ئەسرى دەرھال ئۇنىڭ دەردىگە دەرمان بوپتۇ : چۈنكى مەلۇم خەتلىك تەرجىمە ئەسرى بولسا، مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەر بويىچە چەت تىلدىن ئىمتىھان بەرمىسىمۇ بولىدىكەن . ئەلۋەتتە، ھېلىقى پېشقەدەم ئوقۇتقۇچىنىڭ «تەرجىمە ئەسىرى» باشقىلارنىڭ قولىدىن چىققان .

«ياردەم كۇرسى» غا كىرىپ ئوقۇشمۇ بىر چارە ئىكەن، ياردەم بېرىش دېگەن گەپ ئىمتىھان سوئاللىرىنى «تىنىپ قويۇش» دېمەكتۇر . بەزى جايلاردا ياردەم بەرگۈچىلەر چەت تىلدىكى ماتېرىياللارنى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، كۇرستىكىلەرگە ياد ئالدۇرىدىكەن . بىراق بۇ ھىيلە ھازىر كارغا يارىماس بوپقالدى، چۈنكى ئىمتىھان مەملىكەت بويىچە بىر قېلىپتا ئېلىنىدىغان بولدى - دە . بۇنىڭدا ئىمتىھان ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قېلىپلىشىپ كەتتى . شۇنداق بولسىمۇ يەنە بەزى نۇقسانلىرى تېخىمۇ دوڭغىيىپ چىقماقتا .

## ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا - بۇنىڭغا يېلىنىپ، ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلدۇرىدىغان ئىش چىقتى

1992 - يىلى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىچىدە ئۇنىۋان باھالاش ئىشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، بىرمۇنچە جايلاردا ئوتتۇرا، ئالىي ئۇنىۋان ئېلىش شەرتلىرى قاتارىغا : ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىسى بولۇشى، ئۇنى ئۆلكىلىك ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرىجىلىك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلغان بولۇشى، ھەجمى خەنزۇچە ئىككى مىڭ خەتتىن ئارتۇق بولۇشى شەرت دەيدىغان بىر شەرت قوشۇلغانىدى . بۇ شەرت شۇنىڭدىن كېيىن بارغانسېرى چىڭىپ، ئەمەلىيەتتە «بىر ئاۋاز بىلەنلا رەت قىلىنىۋېتىلىدۇ» غان ھالغا كېپقالدى . شۇنىڭ بىلەن



ئۇنىۋان ئۈچۈن ئۆزى پۇل خەجلەپ كىتاب چىقىرىدىغان، ئۇنىۋان ئۈچۈن باشقىلارغا يېلىنىپ «ئىلمىي ماقالە» ئېلان قىلدۇرىدىغان ئەھۋاللار ئاشكارا سىر - مەخپىيەت بوپقالدى . نەشرىيات ساھەسىدە ھەتتا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن «ئۇنىۋان كىتابى» دەيدىغان يېڭى ئاتالغۇ پەيدا بولدى .

ئېھتىياجغا يارىشا بازار بولىدۇ . ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇنىۋان ئېلىش ئۈچۈن ئىلمىي ماقالە بولۇشى شەرت بوپقالغاچقا، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوخشاش مەكتەپلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئاتاپ ئۆزلىرىنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدا «قوشۇمچە سەھىپە» لەر چىقاردى ؛ ئىلمىي جەمئىيەت، جەمئىيەت دېگەندەك مائارىپ تەشكىلاتلىرىمۇ ھەدەپ «ئىلمىي ماقالە سەھىپە» لىرىنى چىقارغىلى تۇردى . بەزى ئۇششاق گېزىت - ژۇرناللارمۇ «ئۆلكە بويىچە 2 - دەرىجىلىك ژۇرنال» دەيدىغان نامىلارنى قاشقا قىلىپ تۇرۇپ، نېسىۋە ئايرىۋېلىپ يەيدىغان بولدى . «600 - 800 يۈەن پۇل تاپشۇرسىڭىز بىر پارچە ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلىپ بېرىمىز» دەيدىغان خەتلەر ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرگە كەينى - كەينىدىن لەپىشىپ كېلىدىغان بولدى . قولىدىن كېلىدىغانلىرى ئۆزى ئەپلەپ - سەپلەپ قۇراشتۇرۇپ يازسا، قولىدىن كەلمەيدىغانلىرى باشقىلارغا يازغۇزىدىغان بولدى . دېمەك، ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ قابىلىيىتىنى ئەمەس، پۇلىنى بەيگىگە سالىدىغان بولدى .

## بىر پارچە دىپلوم قان چىقارماي جان قىينايدىغان خەنجەرگە ئايلىنىپ قالدى

بىر كۈنى دېموكراتىك پارتىيە - گۇرۇھلار ئاچقان يىغىندا بىر كىنو ستۇدىيىسىنىڭ مەشھۇر دىرېكتورى :

«ستۇدىيىمىزدىكى كەسپىي تايانچلارنىڭ تولىسى تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئالىي مەلۇمات سالاھىيىتىگە ئېرىشەلمەپتىكەن . مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرگە قارىغاندا، ئۇلارنىڭ ئۇنۋان باھالىتىش سالاھىيىتى توشمايدىكەن . نەتىجىدە ، شۇنداق ئەھۋال كېلىپ چىقىتىكى ، قولىدىن ئىش كېلىدىغانلار ئوقۇش ئىستاژى توشمىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنۋان ئالالمايۋاتىدۇ ؛ قولىدىن ئىش كەلمەيدىغانلارغا بولسا ، ئوقۇش ئىستاژى يېتەرلىك بولغاچقا ئۇنۋان باھالاپ بېرىش شەرت ئىكەن» دەپتۇ .

سەھنە سەنئىتى ساھەسىدە «دىپلومپەرەسلىك» نىڭ كاساپىتى ھەقىقەتەن چوڭ بولۇۋاتىدۇ . پېشقەدەم ئارتىسلارنىڭ قانچىسى ئالىي مەكتەپ يۈزى كۆرگەن دەيسىز ؟ سەنئەت قابىلىيىتى ئۈستۈن ئارتىسلارنىڭ ئوقۇش ئىستاژى توشمايدىغانلىرىمۇ ئاز ئەمەس . شۇنىڭ ئۈچۈن مەملىكەت بويىچە ساناقلىقلا بىرقانچە ئاتاقلىق ئارتىسمۇ 1 ـ دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشەلمەيۋاتىدۇ . چۈنكى يۇقىرىنىڭ 1 ـ دەرىجىلىك ئارتىس دەپ ئۇنۋان ئېلىش ئۈچۈن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بولۇش شەرت ، دەيدىغان ھۆججىتى بار .

ئەمەلىيەتتە دۆلەتنىڭ مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلىرىدە ئوقۇش ئىستاژى ، دىپلوم ھەققىدە تولىمۇ چوڭ بەلگىلىمە يوق . لېكىن شۇ ھۆججەتلەر بەزى تارماق ياكى جايلارغا بارغاندا ئۇ يەردىكىلەر يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى شۇ بەلگىلىمىلەرنى شەرھلىگەندە دىپلوم ، ئوقۇش ئىستاژى جەھەتتە ناھايىتى ئېنىق تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىدىكەن . شۇنداق قىلسا «ئىش ئاسانلىشىدۇ» ، باھالاش «لىللا ـ ئادىل بولىدۇ» مىش . لېكىن شۇنداق قىلغاندا ، تېخىمۇ چوڭ ئادالەتسىزلىك بولىدىغانلىقىنى ئۇلار بىلسە كاشكى !



## ساقال ـ سۇمبىتىغا ئېتىبار بېرىش ئىلاجسىزلىقنىڭ ئالامىتى

دۆلىتىمىزدە ئۇنۋاندا «ساقال ـ سۇمبىتىغا قاراش» قا ئەھمىيەت بېرىلىدۇ . چۈنكى ئۇنۋان باھالاشقا ئائىت بىرمۇنچە بەلگىلىمىلەردە ھەربىر دەرىجىدىكى ۋەزىپىنى ئۆتەشنىڭ ۋاقىت چېكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن . ھۆججەتلەردىكى شۇنداق بەلگىلىمىلەردىن تاشقىرى يەنە ۋەزىپە ئۆتىگەن مۇددىتى ئوخشاش بولغان ئادەملەر توغرا كېپقالسا ، ئىشلىگەن ۋاقتى — ساقىلى سىزدىن ئۇزۇنراق ئادەمگە غىڭ ـ پىڭ قىلماي يول قويۇشقا مەجبۇر بولىسىز . بار ـ يوقىنىڭ ئارىلىقىدىكى بۇنداق بەلگىلىمىلەر ئەمەلىي تۇرمۇشتا خىلمۇخىل زىددىيەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا .

قۇرۇلۇش تېخنىكىسى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ بىر ئىشخانىسىدا بىرلا ئالىي دەرىجىلىك تېخنىكا ۋەزىپە شتاتى تەسىس قىلىنغانىكەن ، ئەنە شۇ بىر ۋەزىپە ئۇنۋانىغا 30 نەچچە نەپەر تېخنىك تەلمۈرۈپ قاپتۇ . بۇ جەھەتتە ئىنستىتۇت باشلىقلىرى قاتتىق باش قاتۇرۇپ ، ئۇنداق ئۆلچەپ ، مۇنداق تەڭشەپ ، ئاخىر شۇ ئۇنۋاننى 35 يىل ئىشلىگەن بىر پېشقەدەم يولداشقا بېرىپتۇ . بۇنى ئېلان قىلغان كۈنى ھەممە ئادەم خەپشۇك بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ ، ھېچكىم بىرەر ئېغىز پىكىر بەرمەپتۇ . لېكىن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى شۇ سەۋەب بىلەن «قەرەللىك پارتلايدىغان بومبا» كۆمۈلۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ . ئىنستىتۇتقا بىرەر يېڭى ۋەزىپە تاپشۇرۇلۇپ ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىرەر گۇرۇپپا باشلىقى تەيىنلەش زۆرۈر بولغاندا ، ئۇلار ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئىنژېنېرنى تەكلىپ قىلسا ، ئۇ ئىنژېنېر بېشىنى چايقاپ : «گۇرۇپپا

باشلىقى بولالمايمەن . ھەممىمىز ئوخشاشلا ئىنژېنېر تۇرساق، گېپىمنى كىم ئاڭلايدۇ ؟ » دەپتۇ ۋە يىغلىۋەتكىنىچە ئالىي ئىنژېنېرلىق ئۇنۋانى ئالغان مويسىپىت يولداش ئۈستىگە ئالسۇن، دەپ تەكلىپ بېرىپتۇ . ئىنستىتۇت رەھبەرلىرى ئىلاج قىلالماي، بىردەم ئۇنىڭ ئالدىغا، بىردەم بۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ، ھەممىسىدىن داۋىسىنى ئىشتىپتۇ . ئىنژېنېرلاردىن بىرسى تېخىمۇ بابلاپتۇ : «ھەي، باشقا بىر داناراق ئادەمنى تەكلىپ قىلىۋېلىڭلار، مەن بىرئاز ۋاقىت چىقىرىپ ساقىلىمنى ئۆستۈرەي، ھازىر ساقال - سۇمباتىنىڭ بازىرى چىققانلىقىدىن خەۋىرىڭىز بارغۇ ؟ »

تۇرلۇك دەرىجىدىكى ئۇنۋانلارنىڭ مۇئەييەن تۈزۈلۈش نىسبىتى ۋە سان چېكى بار، بۇنىڭدا ئەسلىدە ئىقتىدارلىق ئادەملەرنى ئىسراپ قىلىۋەتمەسلىك، ھەممە ئادەمنى ئۆز قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ماھارىتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش مەقسەت قىلىنغان . لېكىن ھازىر ئۇنۋانلارنىڭ تولىسى ۋەزىپە جاۋابكارلىقىدىن چەتنەپ تەمىنات بىلەن بىرلىشىپ كېتىۋاتىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئاتاقتا تۇشلۇق قابىلىيەت يوق، دېگەندەك، ئەمەلىي مەنپەئەت توقۇنۇشى، خىزمەتداشلار ئارا پۇت تېپىشىدىغان، بىر - بىرىنى پۇتلايدىغان ئەھۋاللار پەيدا بولماقتا .

## ھەممىدىن يامىنى باھالىغۇچىلار ئىچىدە باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادىمى بولۇپ، سىنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغان ئادىمىڭنىڭ يوقلۇقى

مەلۇم بىر ئىدارىدە ئۇنۋان باھالىغۇچىلارنى ئايروپىلان بىلەن بىرنەچچە مىڭ چاقىرىم يىراقتىكى بىر شەھەرگە ئاپىرىپ



ئۇنۋان باھالاپتۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە : ئۇنۋان باھالاش جەريانىدا ئىدارىدىكىلەر بىلەن ئالاقىلىشىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ، ياتقان ھۇجرىسىدىن ئۇزۇن يوللۇق تېلېفوندا سۆزلىشىشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ، يانفوندا سۆزلىشىشكىمۇ رۇخسەت قىلىنمايدۇ، دەپ بەلگىلىمە چىقىرىپتۇ . چۈنكى ئۇنۋان باھالاۋاتقاندا ناتوغرا كەيپىيات ئارىلىشىپ قالمىسۇن، دەپ ئېھتىيات قىلىنغانمىش . لېكىن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى كىم بىلمەيدۇ دەيسىز ؟ ! چۈنكى باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزالىرى كىملەر ئىكەنلىكى ھەممە ئادەمگە ئاللىقاچان ئېنىق مەلۇم بولۇپ بولغان . ھەرقاچان ئۇنۋان باھالايدىغان چاغدا باھالىغۇچىلار ئالدىراش بولىدۇ، باغاق - خەت سۇڭگۇتىدىغانلار، ئىما - ئىشارەت قىلىدىغانلار، ئۆيىگە بېرىپ ھال ئوقۇيدىغانلار، مېھمان قىلىدىغانلار، زەللە ئەۋەتىدىغانلار . . . نىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدۇ . باھالىغۇچىلارنىڭ يۈرەكسىزرەكلىرى نائىلاج ئۆزىنى قاچۇرىدۇ، يۈرىكى تومراقلىرىغا بولسا، بۇ «پۇۋ دېمەي موك يەيدۇ» غان غەنىيمەت پۇرسەتتۇر .

باھالىغۇچى ناھايىتى پاك - ئىنساپلىق بولغان تەقدىردىمۇ بەزىلەر ئۆيىگە يوقلاپ بېرىپ تونۇشۇپ قېلىشنى زۆرۈر تاپىدۇ . ھازىر بىرمۇنچە ئىدارىلەر ئادەتتە تەكشۈرۈپ - خاتىرىلەپ تۇرۇشقا ئانچە ئەھمىيەت بەرمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنۋان باھالىغاندا چەت تىل، دىپلوم، ئىلمىي ماقالە ۋە خىزمەت ئىستاژى دېگەندەك ئۆزگەرمەس «چىڭ شەرت» لەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئاساسەن تەسىراتقىلا قاراپ باھالىماقتا .

ئۆتكەن يىلنىڭ ئاخىرىدا شاڭخەيدە پروفېسسورلار «كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر كەسىپ ئەھلىگە ئۇنۋان باھالاۋاتىدۇ» دەپ ئەرز سۇنغان بىر ئەھۋال يۈز بەردى . ئەگەر ھەقىقەتەن كەسىپ ئەھلى بولمىغان ئادەملەر كەسىپ ئەھلىنى

باھالىغان بولسا ، بۇنىڭ قورقۇپ كەتكۈچىلىكى يوق ، چۈنكى كەسىپ ئەھلىمۇ بەربىر تەسىراتىغا قاراپ باھالاۋاتىدۇ . ھەممىدىن بەك قورقۇنچلۇقى — باھالاش ھەيئىتى ئىچىدە باشقىلارنىڭ گېپىنى قىلىدىغان ئادەملىرى بار بولۇپ ، سىزنىڭ گېپىڭىزنى قىلىدىغان ئادىمىڭىزنىڭ بولماسلىقى . مەلۇم بىر ئىدارىدە ئۈنۋان باھالىغاندا ، شۇ ئىدارىنىڭ ئىشخانىسىغا مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقىمۇ ، بىر كەسپىي بۆلۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىقىمۇ باھالاش ھەيئىتىنىڭ رەھبەرلىرى ئىكەن . شۇ قېتىمقى ئۈنۋان باھالاشتا ئەنە شۇ ئىككى تارماق ئوتتۇرىسىدا رىقابەت ناھايىتى كەسكىن بوپتۇ . لېكىن ئىشخانا مۇدىرىمۇ باھالاش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولغاچقا ، كەسپىي بۆلۈمنىڭ ئادەملىرى لېۋىنى چىشلەپ قاپتۇ . دەسلەپتە ، باھالاش ھەيئىتىنىڭ تەركىبىگە كىرگۈزۈلىدىغان ئادەملەرنى تاللاش ، باھالاشنىڭ كونكرېت چارىلىرىنى تۈزۈشكە ئىشخانا مۇدىرى مەسئۇل بوپتۇ ، ئۈنۋان باھالىغۇچىلار ۋە يۇقىرىنىڭ ھۆججەتلىرىدىكى شەرتلەردىن قايسىسى ئىشخانىغا پايدىلىق بولسا شۇنى توغرىلاپتۇ . ئاخىرىدا ، باھالانغانلارنىڭ سانى باھالايدىغان سانغا يەتمەپتىكەن ، شۇ ساننى ئىدارىنىڭ ھېلىقى ئىككى نەپەر مۇئاۋىن باشلىقى تەڭ ئۈلۈشۈپلىشنى تەشەببۇس قىپتۇ . ھېلىقى ئىشخانا مۇدىرىنىڭمۇ بىر كىشىلىك نېسىۋە ئېلىش نىيىتى بار ئىكەن ، كەسپىي بۆلۈمگە مەسئۇل مۇئاۋىن باشلىق نائىلاج ئۆتۈنۈپ بېرىپتۇ .

## ئۈنۋان باھالاش تۈزۈمى خالتا كوچىدىن قانداق چىقىدۇ

سەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتى بۇ يىل يانۋاردىن باشلاپ ھازىر مەملىكەت بويىچە ئېقىۋاتقان ئۈنۋان تۈزۈمىنى



ئادەمنىڭ نامىغا قاراپ باشقۇرۇشتىن ۋەزىپە ئورنىغا قاراپ باشقۇرۇشقا ، ئېھتىياجغا قاراپ بىۋاسىتە ۋەزىپە ئورنى تەسىس قىلىشقا ، ۋەزىپە ئورنى ئۈچۈن ئاشكارا رىقابەتلەشتۈرۈشكە ، رىقابەتتە ئۈزۈپ چىققانلىرىنى كەسپىي تېخنىكا ۋەزىپىسىگە تەكلىپ قىلىشقا ئۆزگەرتتى . بۇ ئىش پۈتكۈل مەملىكەتتىكى ئالىي مەكتەپلەر بويىچە باش بولۇپ ئوتتۇرىغا چىققان بىر ئىش بولدى . سەندۇڭ يېزا ئىگىلىك ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى بۇ ئىسلاھات ئۈنۋان باھالاش تۈزۈمى جەھەتتە ئۇزاق ۋاقىتتىن بۇيان ئارزۇ قىلىپ كەلگەن ھەقىقىي ئىسلاھات بورىنىنىڭ كۆتۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن دېرەك بەرسە كېرەك .

## ئۈنۋان مەسىلىسى

ئۈنۋان مەسىلىسى مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن ئادەمنىڭ يۈرىكىگە تۇتىشىغان مەسىلە . بۇنىڭدىن 20 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۈنۋان باھالاشنىڭ ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ ، دوپپىمىزنى ئاسمانغا ئاتقانىدۇق . لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئۈنۋان توغرىسىدا گەپ چىقسا ، تاغاردا بىر قاقشايدىغان بولدۇق . بۇ يىل «ئىككى يىغىن» (مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە سىياسىي كېڭەشنىڭ ئومۇمىي يىغىنلىرى) ئېچىلغاندا ، زىيالىيلارنىڭ ھەرقايسى ساھەدىن كەلگەن 31 نەپەر ۋەكىلى ھازىرقى ئۈنۋان باھالاش ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلماسلىق بولمىدى ، دەپ تەكلىپ بەردى . ئۇلار ھەتتا ئۈنۋان باھالاش خىزمىتىنى قانۇن چىقىرىش «نەشتىرى» بىلەن تازا ئوبدان ئوپېراتسىيە قىلىش كېرەك ، دېگەن تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى .

راست ، ئۈنۋان — زىيالىيلار ئىچىدە تولىمۇ قەدىرلىك بولغان بۇ ئاتاق — مۇقەددەس ئېلىمىزدە قانچىلىغان ئىلىم

ئەھلىنى تەلمۈرتمەي كەلدى ، دەيسىز ؟ ! ھالا بۇگۈنكى كۈندە ئۇنىۋان باھالاش تالاي ئادەمنى رەنجىتمەكتە . ئۇنىۋاننىڭ قەدىر - قىممىتى تۆۋەنلىمەكتە ، پروفېسسورلار كاساتلاشماقتا ، ئۇنىۋان ئېلىشقا ھەقلىق بولغانلار قاتمۇقات ئېگىز بوسۇغىنىڭ كاساپىتىدىن تاشقىرىدا توسۇلۇپ قالماقتا ، ئۇنىۋان ئېلىشقا تېگىشلىك بولمىغانلار قاتمۇقات مۇشكۈل ئۆتكەللەردىن ھارامزادىلىك بىلەن ئۆتۈپ كەتمەكتە . ئۇنىۋان تېگىشلىك قىممىتىنى يوقىتىۋاتقاندەك قىلىدۇ ، ئۇنىۋان باھالاشمۇ كۈندىن-كۈنگە ناتوغرا كەيپىياتلارغا باش ئېگىۋاتىدۇ . . . ئۇنىۋان باھالايدىغان ئىش ئاخىرقى چېكىگە بېرىپ قالغاندەك قىلىدۇ !

(نەي ۋېن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «ھەر ساھەدىن ئۇچۇر» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2000 - يىل ئۆكتەبىر سانىغا بېسىلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل دېكابىر سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



ئادەمنى ئىش تالدۇرمايدۇ ، شۇ ئىشنىڭ «مىكى ، مىكى ، مىكى» سى ، «قانداق بولار» دەيدىغان ئەندىشىسى ھاردۇرىدۇ .



# 100 كويچەنلىك بىر ۋاراق قەغەز پۇلنىڭ سەرگۈزەشتىسى

*بۇ فېلىيەتوندا بىر ۋاراق قەغەزنىڭ «ژۇۋان» غا كېلىپ ، ئۆزىنىڭ «كەچۈرمىش» لىرىنى بايان قىلغانلىقى ۋاستە قىلىنىپ ، جەمئىيەتتىكى ھەر خىل رەزىللىكلەر ئېچىپ تاشلىنىدۇ ، يەنى ئەمەلدارلار ئىچىدىكى ئىنساپسىزلىقلار ، رەسۋاچىلىقلار ماھىرلىق بىلەن پاش قىلىنىدۇ ، مىليونلىغان بىچارە ئادەملەرنىڭ كەمبەغەللىكى ، موھتاجلىقى ۋە مۇشكۈلچىلىكلىرى بىلەن خىيانەتچى ، پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ ئىسراپخورلۇق بىلەن بۇزۇپ - چېچىشى ، شەرمەندىلىكلىرى ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە قارامىلىق ياكى ھارام يول بىلەن بېيىغانلارنىڭ خىلمۇخىل رەزىللىكلىرى ناھايىتى روشەن سېلىشتۇرۇلغان . بۇنىڭدىكى تولىمۇ ئوخشىتىپ تەسۋىرلەنگەن ئوبرازلار ئەسەرنى ئوقۇغان ئادەمنىڭ كۆز ئالدىدا مانا مەن دەپ پەيدا بولىدۇ ، سېلىشسا كىمنىڭ ئېكرانىدىكىدەك نامايان بولىدۇ ، ئوقۇغاندىن كېيىن ئۇنتۇش مۇ تەس . پۈتكۈل ئەسەرنىڭ تۈپ ماھىيىتى زاھىرىي كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرلار ، بايانلارنىڭ تېگىدىن ئېنىق مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . بۇ فېلىيەتون جاڭچۇن شەھىرىدە چىقىدىغان «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ناملىق ژۇرنالنىڭ 2000 - يىل ئاۋغۇست سانىغا «خۇنەن باج گېزىتى» نىڭ 1999 - يىل 9 - فېۋرال سانىدىن كۆچۈرۈپ بېسىلغان ، ئەسلى ئاپتورى سىماۋ . تۆۋەندىكىچە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى :*

*— تۈزگۈچىدىن*

* * *

— بۇرادەر ، — قاراڭغۇدا كىمدۇر بىراۋ ماڭا گەپ قىلدى .

توخۇ كاتىكىچىلىكمۇ كەلمەيدىغان بۇ تار ئۆيدە ماڭا گەپ قىلىۋاتقان كىمدۇ ؟ قارىسام ، بۇ ئاۋاز پۇل قاپچۇقۇمدىن چىقىۋاتىدۇ ، تېخىمۇ ئېنىق ئېيتسام ، قاپچۇقۇمدىكى بار - يوقى

بىر ۋاراقلا 100 كويچەنلىك قەغەز پۇل زۇۋان سۇرۇپ سۆزلەۋاتىدۇ .

— مەن بىلىمەن ، — دېدى ئۇ ، — ئەتە مېنى ئاشلىق دۇكىنىغا ئاپىرىپ بىر خالتا گۇرۇچ ئالىسىز ، ئاندىن كېيىن ئوتياش بازىرىغا بېرىپ ئىككى جىڭ گۆش ، بىرنەچچە جىڭ كۆكتات ئالىسىز ، ئۇنىڭدىن كېيىن ماگىزىندىن بىر بوتۇلكا هاراق ، تۆت كويچەنگە كېلىدىغان بىر قاپ تاماكا ئالىسىز . مېنىڭ قىممىتىم شۇنچىلىك ، ئەنە شۇلارنى سېتىۋېلىشقىلا يارايمەن .

— سىز ئالدىمغا كېلىپ توغرا قىپسىز ، مېنىڭ ئىسمىم سىماۋ ، يەنى تۆت موچەن ؛ بىز تېخى نەسەبداش ، بىر ئائىلىلىك بولۇپ چىقامدۇق ، بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ ، — دېدىم ئۇنىڭغا ، — بىراق قىممىتىم ئاران تۆت موچەن . قېنى ، سەرگۇزەشتىلىرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭا ، قۇلىقىم سىزدە .

— مەن 1990 - يىلى پۇل زاۋۇتىدا مىليونلىغان ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىللىرىم بىلەن بىللە دۇنياغا كەلدىم . بىزنى دەستە - دەستە قىلىپ باغلىدى ، مەن ھەممىنىڭ تېشىدا تۇرۇپتىمەن ، ئىچىدىكى بەزى ئاچا - سىڭىللىرىم ئۆلگۇدەك دىمىقتا بوپقاپتۇ . پۇل توشۇيدىغان ماشىنىنىڭ قېلىن ئەينىكىدىن تاشقىرىدىكى ئالىيېشىل دۇنياغا قاراپ قاپتىمەن ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىزنى بانكىنىڭ قاپقاراڭغۇ خەزىنىسىگە ئەكىرىپ تاشلاشتى .

مېنىڭ 1 - قېتىم ئۇچراتقىنىم بىر پۇلدار غوجا بولدى ، ئۇ ، بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشچىلىرىنىڭ ھۆددىگەر باشلىقى ئىكەن . شۇ كۈنى ئۇ مېنى بانكىدىن ئېلىپ ، نەمدىلىپ پەجمۇدە بوپقالغان ئالىپاساق خالتىغا سالدى ، بىز نەچچە مىڭ ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىل شۇنداق پەجمۇدە خالتىغا تىقىلغانلىقىمىزغا ناھايىتى رەنجىدۇق . ھۆددىگەر بىزنى كۆتۈرۈپ قاراڭغۇنىڭ



...الدىسىدا قايسىبىر باشلىقنىڭ ئۆيىگە باردى - دە ، بىزنى ئۇنىڭ ئۆيىدىكى بىر كارىۋاتنىڭ ئاستىغا تىقىۋەتتى . ئاندىن كېيىن ھېلىقى باشلىققا : «باشلىق جانابلىرى ، يۇرتىمىزنىڭ يەرلىك مەھسۇلاتى ئىكەن ، ئالغاچ كەلگەنىدىم ، ئاز كۆرمەي قوبۇل قىلىپ ئالسىلا» دېدى . بۇ گەپنى ئاڭلاپ ، ئارىمىزدىن بىر شاكىچىك كۇلۇپ سالغىلى تاسلا قالدى . بىزمۇ يەرلىك مەھسۇلات ئىمىشمىز . يەنە بىر قارىغاندا ، بۇ گەپمۇ راستتەك قىلىدۇ ! بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزمۇ قۇمۇش ، دەرەخ قوۋزىقى ، شاخ - شۇمبا ، يەنى ياغاچ ئىكەنغۇ ! ھۆددىگەر غوجا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ، ھېلىقى باشلىق خوتۇنى بىلەن بىللە بىزنى ئالىپاساق خالتىدىن چىقىرىپ تۆكتى . پاھ ! بۇ باشلىقنىڭ ئۆيى نېمىدېگەن ھەشەمەتلىك ! مەن پادىشاھلارنىڭ ئوردىسىنى كۆرمىگەن . لېكىن پادىشاھنىڭ ئوردىسى ھەرقانچە ھەشەمەتلىك بولسىمۇ مۇشۇنچىلىك بولار ! باشلىق ۋە ئۇنىڭ خوتۇنى خالتىدىن تۆكۈلگەن پۇلنى كۆرۈپ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى ، بىزنى بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلىدى : «دادىسى ، جەمئىي 300 مىڭ ئىكەن ! بۇ شۇمتەك يارامىلىق ئادەم بوپقاپتۇ . دادىسى ، قۇرۇلۇشنى شۇنىڭغا ھۆددىلەپ بېرەيلى» . باشلىق مەن بار بىر دەستە پۇلنى ئۆزىنىڭ پۇل سومكىسىغا سالدى . ۋاھ ! ئۇنىڭ بۇ سومكىسىنى قانداق سومكا دېمەمسىز ؟ ! «پىركادان» كارخانىسى لەھەڭ تېرىسىدىن ئىشلىگەن سومكا ئىكەن . بىز ئاكا - ئۇكا ، ئاچا - سىڭىللار يەنە بۇ باشلىقنىڭ سومكىسىغا تىقىلدۇق . بۇ باشلىقنىڭ شۇ سومكىسىدا يېرىم ئاي ياتتۇق ، بىزنى قولدىن - قولغا ئۆتكۈزىدىغان ئىش بولمىدى . چۈنكى بۇ باشلىقنىڭ يەيدىغىنى ئۇچۇن باشقىلارنىڭ زىياپىتى تەييار ئىكەن ، لازىملىق نەرسە - كېرەكلىرىنى باشقىلار تەييار ئەكېلىپ بېرىدىكەن ، ئىدارىسىگە خىزمەتكە بارسا ئاپىرىپ - ئەكېلىدىغان پىكاپى تەييار ئىكەن . بۇنداق باشلىقلار «تۆت

ئاساسي پرىنسىپتا چىڭ تۇرىدۇ» غان ياخشى كادىرلار ئىكەن؛ مائاشىنى ئاساسەن تەۋرەتمەيدىكەن، يەيدىغىنىغا زىياپەت ئاساسەن تەييار ئىكەن، ئىچىدىغان هارىقىنى ئاساسەن باشقىلار ئەكېلىپ بېرىدىكەن، خوتۇن دېگەن نەرسە ئاساسەن كېرەك ئەمەس ئىكەن، شۇڭا بۇ باشلىقنىڭ خوتۇنى بىرقانچە قېتىم جېدەللەشكەنىكەن. هەرقېتىم جېدەللىشىپ قالغاندا، بۇ باشلىقنىڭ قولىدا ئىشلەيدىغانلار ياكى تەۋە ئىدارىدە ئىشلەيدىغانلار بۇ باشلىقنى كۆڭلىنى ئېچىپ قويايلى، دەپ ئويناتقىلى ئاچىقىپ كېتىدىكەن. بىر كۈنى بىز بۇ باشلىق بىلەن بەش يۈلتۈزلۇق بىر ئېسىل مېهمانخانىغا باردۇق. باشلىق ئاۋۋال ناخشا ئوقۇدى، ئاۋازى ۋاھ دەپ كەتكۈچىلىكى يوق ئىكەن، شۇنداق بولسىمۇ، ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، يارايدۇ، دەپ چاۋاك چالىدىغانلارمۇ چىقىدىكەن. بۇ باشلىق قۇرغۇيدەك كېلىشكەن بىر سەتەڭ چوكاننى يېنىغا چاقىرىپ، چىراغلىرى گۈڭگا يورۇپ تۇرغان خاس بۆلۈمگە باشلاپ كىردى، ئاندىن كېيىن بۆلۈمنىڭ چىراغلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، چوكان بىلەن بىردەم هەپىلەشتى. كېيىن بىز ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىلدىن بەشىمىزنى هېلىقى چوكاننىڭ لىپتىكى ئىچىگە تىقىپ قويدى. ئىنىلىرىمدىن بىرسى لىپتىكتىكى سۈت داغلىرىنىڭ هىدىغا چىدىماي ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىغۇەتكۈدەك بوپتۇ. ئۇ باشلىق بولسا بۆلۈمنىڭ چىراغلىرىنى ياندۇرۇپ، يەنە سالاپەتلىك ئېسىل ئادەم بولۇۋالدى.

كېيىن تەلەتىدىن خۇنخورلۇق چىقىپ تۇرىدىغان بەتبەشىرە بىر ئادەم هېلىقى چوكاننى ئىزدەپ كىرىپ، ئۇنىڭدىن 500 كويچەننى ئالدى، شۇ بەش ۋاراقتىن ئىككىسىنى چوكانغا بەردى، بىر ۋارىقىنى مېهمانخانىنىڭ دىرېكتورىغا بوسۇرۇق هەققى، دەپ بەردى، قالغان ئىككى ۋارىقىنى ئۆزىنىڭ يانچۇقىغا سالدى. بەتبەشىرە ئادەم بىزنى بىر يەر ئاستى قىمارخانىغا



ئەكەلدى. ئۇ يەردە بىر پۇزۇر ئايال ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ پېشىنى قايدۇردى. شۇنىڭ بىلەن بۇ بەتبەشىرە ئادەم ئۆز يېنىدىكى 2000 كويچەندىن كۆپرەك پۇلنى بىر سائەتكە قالماي پاك - پاكىز ئۇتتۇرۇپ تۈگەتتى.

قىمارخانىنىڭ خوجايىنى كېچىدە هېساب - كىتاب قىلدى، بىر كۈندە جەمئىي 30 مىڭ كويدىن كۆپرەك پۇل كىرىپتۇ. ئۇنىڭدىن 2000 كويچەننى قول ئاستىدىكى بىر چاپارمەنگە تۇتقۇزۇپ، مى مى دەپ ئاتىلىدىغان بىر چوكانغا يەتكۈزۈپ بېرىشنى تاپىلىدى. كۆپ قەۋەتلىك بىنادا ئولتۇرىدىغان بۇ چوكان قىمارخانا خوجايىنىنىڭ كىچىك خوتۇنى ئىكەن.

بىزنىڭ يەڭگۈشلەنگەن خوجايىنىمىز مى مى خانىم بىزنى بىر ماگىزىنغا ئاپىرىپ، ئۇپا - ئەڭلىك دېگەندەك پەرداز بۇيۇملىرى بىلەن ئورۇۋقلىتىش دورىسى ئالدى. قەددى - قامىتى ۋە هۆسنى - چىرايى ئۇنىڭ ئۇچۇن هەممىدىن مۇهىم دەسمايە ئىكەن. بىز كېيىن يەنە ماگىزىن خادىملىرىنىڭ ئىش هەققىگە ئايلىنىپ، كۆكتات بازىرىدا تۇخۇم ساتىدىغان بىر دېهقاننىڭ بېلىگە تۇگۈلدۇق، ئۇ يەردىن چىقىپ يەنە شۇ دېهقاننىڭ كەنجى ئوغلىنىڭ مەكتەپكە تۆلەيدىغان ئوقۇش خىراجىتىگە ئايلىنىپ، يەنە بانكىغا ئامانەت قويۇلدۇق، ئۇنىڭدىن كېيىن مائاش بولۇپ سىزنىڭ قولىڭىزغا چۈشتۇق، سىز ماڭا ئىگە خوجايىن بوپقالدىڭىز. ئىسىت، ئەتە يەنە قولىڭىزدىن چىقىپ كېتىدىغان بولدۇم، ئىسىت! ئىستىقبالىمدىن بەكمۇ قايغۇرىمەن. ئۇچۇشنى بىلىپ، چۈشۈشنى بىلمەيدىغان ئىككى بايۇەچچە كۈنلەرنىڭ بىرىدە بايلىقتا بەسلىشىپ پۇل كۆيدۇرىدىغان بولسا، بىز ئوتتا تۇتەپ هارام كېتىشىمىز مۇمكىن. چۈشەنمىدىم، بۇ دۇنيا نېمىشقىمۇ شۇنچە تەڭشەلمىگەن دۇنيادۇر؟ ئاچلىق، گادايلىق دەردىدىن تېخىچە قۇتۇلۇپ كېتەلمىگەن دېهقانلار بىزگە شۇنچە موهتاج بولۇپ تۇرسا، بىز بايۇەچچىلەرنىڭ پۇل

100 سومكىسىدا قىستىلىپ - سىغدىلىپ ياتىدىكەنمىز ، — كويچەنلىك قەغەز پۇل شۇ گەپلەرنى قىلىۋېتىپ ، ئۆكسۈپ يىغلاپ سالدى .

— بۇرادەر ، — دېدىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ ، — مەندە نېمە ئىلاج بولسۇن ؟ ئەتە تېخى سىزگە گۇرۇچ ، كۆكتات ئالىمەن ، كەچۈرۈڭ ، بۇرادەر .



پوزىتسىيە بىلدۈرۈشمەكتە



# چاغان توغرىسىدا قىسسەلەر

كىرىش سۆز

چاغان كۈنلىرى ئۆتۈپ كەتتى ، لېكىن ئەل قاتارىدا ئورتاق بەھرلەنگەن چاغان كۈنلىرىدىن قالغان خىلمۇ - خىل تەسىرات ۋە ھېسسىياتلار خۇددى تېخى تۈنۈگۈنلا ھەتتا ھېلىراقتىلا زاھىر بولغان ئەھۋاللاردەكلا كۆز ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . چوڭقۇرلاپ ئويلاپ قارىسام ، بۇ تەسىرات ۋە ھېسسىياتلىرىمدا ئۆلگە تەرىقىسىدە ئىزچىل قوبۇل قىلىپ ، داۋاملىق گۈللەندۈرۈشكە ئەرزىيدىغان ئامىللار بار ئىكەن ، ئىبرەت قىلىپ تاشلاشقا توغرا كېلىدىغان ئامىللارمۇ بار ئىكەن ، كونا ئۇدۇملاردىن پايدىلىنىپ يېڭىلىق يارىتىشقا ياردەم بېرىدىغان ئىلھامبەخش ئامىللارمۇ بار ئىكەن . چاغان دېمەك ھېيت - بايرام دېمەكتۇر . خۇشال ۋەتەننىڭ بەخشەندىسى دەپ تەرىپلىنىدىغان «چاغان» مۇ باشقا تۈرلۈك - تۈمەن مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە ئوخشاش تولىمۇ مول ۋە مۇرەككەپ مەزمۇندىن تەركىب تاپقان بولغاچقا ، ئىرادىلىك ئادەملەرنىڭ شۇ مەزمۇنلار بىلەن تونۇشۇپ كۆرۈش ھەۋىسىنى قوزغىماي قالمايدۇ . چۈنكى ھەرقانداق سۆزنى چۈشىنىپ قىلىش ، ھەرقانداق ئىشنى بىلىپ قىلىش — بۇ بىر ئادەمنىڭ ئەقلىي پائالىيەت مىزانى . چۈنكى ئەقىل تارازىسىدا ئۆلچەپ - چۈشىنىپ قىلغان سۆزدىن ، بىلىپ قىلغان ئىشتىن خاتالىق ئاز چىقىشى ، كېيىنكى پۇشايماننىڭ يوق دېيەرلىك دەرىجىدە ئاز بولۇشى ھەممە ئەقىل ئىگىسىگە ئايان ساۋاتتۇر . بولۇپمۇ

هازىرقى ئۇچۇر دەۋرىدە ھەممىدىن ، ھەر جەھەتتىن خەۋەردار بولۇش ، چالا بولسىمۇ كۆپرەك ساۋاتلىق بولۇش ۋە بۇ يولدا تىرىشىش يالغۇز مەخسۇس كەسىپ ئىگىلىرى ، ئىلمىي تەتقىقاتچىلار ئۈچۈن زۆرۈر بولۇپلا قالماستىن ، ھاياتلىقنىڭ ئىگىسى بولغان ھەربىر ئادەم ئۈچۈن ھاياتلىقنىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرىدۇر . چاغان ئويناش ، ئۇنىڭ خۇشاللىقى بىلەن ئۆزئارا مۇبارەكلىشىپ ، چاغان تەنتەنىسىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، دىققەت- نەزىرىمىز كۆز ئالدىمىزدا كۆرۈنۈپ تۇرغان مەۋجۇدىيەتلەرگىلا مەركەزلىشىپ قالسا ، قارىماققا «ئۇستىۋاش پۈتۈن ، قورساق توق» تۇرسىمۇ ، مېڭىدىكى ئاچارچىلىقتىن خالىي بولۇش مۇمكىن ئەمەس .

بىزدە بولۇمسىز ئادەملەرنى «ئۆلى بوش ئادەم» دەپ سۈپەتلەيدىغان گەپ بار ؛ بىلىمسىز ياكى بىلىمى ئاز ئادەملەرنى بەزىدە «قورسىقىدا ئۆمچى يوق ئادەم» دەپمۇ سۈپەتلەيمىز . بەزى ئادەملەر قارىماققا توققۇزى تەل بولسىمۇ ، لېكىن ماھىيىتىدە ئىچى كاۋاك ، مېڭىسى قۇرۇق بولىدۇ . ئۇچۇر دەۋرى باشلانغاندىن بۇيانقى ئەھۋال بولسا كېرەك ، جەمئىيەتتە ئادەملەر ئۆزىنى «زەرەت» قىلىپ تۇرۇش كېرەك دەيدىغان ئۇندەشلەر كۆپىيىپ قالدى . ئۇيغۇر تىلى لۇغەتلىرىگە سىڭدۈرۈلگەن بۇ رۇس تىلى ئاتالغۇسى فىزىكىدا «توك قاچىلاش» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت بولۇپ ئېلېكتىر توكىدىن دېرەك بەرسىمۇ ، ماھىيەتتە كۈچ - قۇۋۋەت ، غەيرەت ، جۇشقۇنلۇق ، يۈرەك ئوتى ۋەھاكازا دېگەن كۆچمە مەنىلەردىمۇ قوللىنىلىدۇ ، خەنزۇ تىلىدا ھەم شۇنداق . بۇ سۆز بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى جانلىق تىلىمىزدا «قورساقتىكى ئۇماچ» دېگەن سۆز بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ . «سامان قورساق» بولغاندىن كۆرە قورساققا «ئۇماچ» توپلىغان ئەلا . ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنى «زەرەت» قىلىپ تۇرمىسا ، ئوقۇمىسا ،



ئۆگەنمىسە ، قورسىقىغا ئاز - تولا «ئۇماچ» توپلىمىسا ، كۆرۈنۈشتە قورسىقى توق تۇرغىنى بىلەن ماھىيەتتە مېڭىسى ئاچ بولىدۇ . «ئازادلىق ئارمىيە گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 27- نويابىردىكى سانىدا خەۋەر بېرىلىشىچە ، ئېلىمىز خەلقىنىڭ ئىلىم - بىلىم سەۋىيىسى جەھەتتە خەلقئارادا ئومۇملاشقان ئۆلچەمگە يېتىدىغانلىرى ئومۇمىي نوپۇس بويىچە ئاران %0.3 نى تەشكىل قىلىدىكەن . ياۋروپا ئورتاق گەۋدىسىدە بولسا 1989- يىلى ئۆلچەمگە يەتكەنلىرى %4.4 ، ئامېرىكىدا بولسا %6.9 ئىكەن . دېمەك ، ئېلىمىزنىڭ نەقەدەر ئارقىدا قالغانلىقىنى مانا بۇ كونكرېت رەقەملەردىن ئېنىق بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

ئىلىم - بىلىمسىزلىك ، قورساقتا ئۇماچ يوقلۇقى قارىماققا چاغان ئويناشقا ، ھېيت - بايرام ئۆتكۈزۈشكە ، يەپ - ئىچىش ۋە ئويناپ - كۈلۈشكە ، كۆنلەرنى قەدىر - ئەھۋال ئۆتكۈزۈشكە دەخلى يەتكۈزمەيدىغاندەك كۆرۈنىدۇ . لېكىن مېڭىمىز ئاچ ، قۇرۇق بولسا ، دائىم شۇنداق كېتىۋەرسىڭىز ، مېڭىڭىزنى زەرەت قىلىپ تۇرمىسىڭىز ، قورساقنى ئەستەرلىگەندەك بېشىڭىزنىمۇ ئۇلداپ ، قۇۋۋەتلەندۈرۈپ تۇرمىسىڭىز دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەي ئارقىدا قېلىشىڭىزدا شەك بولمىسا كېرەك . ئەگەر بىر مىللەتتە شۇنداق مېڭىسىنى يېڭىلىقلار بىلەن ئۇلداپ تۇرمايدىغان ئادەملەر كۆپىيىپ كەتسە شۇ مىللەتنىڭ تىركىشىش ، جانلىنىش ئىقتىدارى بارغانسېرى ئاجىزلىشىپ ، ئومۇمىي رىقابەتتە شاللىنىپ قېلىشى ، ئاخىر ئېغىر كۆنلەرگە قېلىشى مۇمكىن .

ھازىر بىز ئۇچۇر دەۋرىدە ، يەنى ئىلىم - بىلىم دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز . جىسمانىي كۈچكە ، ئەنئەنىۋى ئەمگەككە سۆيۈنۈپ جان باقىدىغان ھالەتتىن بارا - بارا مېڭىنى تولۇقلاش ، ئىلىم - بىلىمنى ۋاستە قىلىش يولى بىلەن ياشايدىغان ھالەتكە قاراپ قەدەم تاشلىماقتىمىز . كەلگۈسىدە ئىلىملىكلەر ،

بىلىملىكلەر روناق تاپىدىغان زامانلار يېتىپ كەلگەندە ، بۈگۈنكى مېڭىسى ئاچ ئادەملەر قورسىقىنى توقلاشقىلا بېرىلىپ ، مېڭىسىنى ئىلىم ـ بىلىم بىلەن ، يېڭى تېخنىكا بىلەن ئۇلداشقا ئەھمىيەتسىز قارىغانلىقىنىڭ دەردىنى تارتىشى ، «قورسىقى ئاچ » قېلىشى ئېھتىمالدىن يىراق ئەمەس . ئامېرىكىلىق مەشھۇر كەشپىياتچى توماس ئېدىسون : «ئادەمنىڭ قارنىنى يەتكۈچە تويغۇزۇش مۇمكىن ، لېكىن مېڭىنىڭ دائىم يېڭى بىلىم ئېلىش ، يېڭى تەجرىبە ھاسىل قىلىش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس» دەپتىكەن . بىرقانچە يىلدىن بۇيانقى تىرىشىش ئارقىسىدا كۆز ـ قارنىمىز ھەرھالدا تويۇۋاتىدۇ ، ئەمدى مېڭىمىزنى ئۇلداش نۆۋىتى كېلىۋاتىدۇ . پۈتۈن دۇنيا ، پۈتۈن ئەل كەسكىن رىقابەت دەۋرىگە كىرىپ كېتىۋاتقان بىر زاماندا ، مېڭىنى ئىلىم ـ بىلىم بىلەن ، زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا بىلەن قوراللاندۇرۇش — بۇ ھەممىمىزنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىمىز ھەم سەل چاغلاشقا بولمايدىغان زۆرۈر ۋەزىپىمىزدۇر .

يۇقىرىدا «چاغان توغرىسىدا قىسسە» دېگەن سەرلەۋھىنى يېزىش بىلەنلا «قىسسە» توغرىسىدىكى بايانلىرىمىز بىر چەتتە قېلىپ ، سۆزۈم شاخلاپ كېتىپ قالدى . ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك ۋاقتىنى ئارتۇقچە بەند قىلىپ قويغانلىقىمدىن ئەپۇ سورايمەن . ئەسلى سۆزۈمگە قايتسام ، ھەرقانداق ئادەم مېڭىنى ساز ، نەزەرنى ئۆتكۈر ، كۆڭۈلنى كەڭ تۇتۇش ۋە شۇنىڭ بىلەن ئاق ـ قارىنى ئېنىق پەرق ئېتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ـ بۇنى ئوقۇپ تۇرۇشى لازىم دەپ مەسلىھەت بەرمەكچىمەن .

بۇ يەردە شۇ مەسلىھەتىمگە ئاساسەن تونۇشتۇرماقچى بولۇۋاتقىنىم «چاغان» توغرىسىدىكى قىسسە . خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتىدە كونا تەقۋىم بويىچە ، يەنى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە



5ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى «دۈەن ۋۇجې» دەپ ئاتىلىدىغان ئايەم كۈنى بار . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا قەدىمكى زاماندا چۈيۈەن ناملىق مەشھۇر شائىر شۇ كۈنى ئۆزىنى دەرياغا تاشلاپ ئۆلگەنىكەن ، ئەل ـ يۇرت شۇ كۈنى ئۇنىڭ روھىغا ئاتاپ زوڭزى (گۈرۈچنى پىكەن يوپۇرمىقىغا ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ئوراپ پىشۇرۇپ ، شېرنە بىلەن يەيدىغان تائام ) يېگەنىكەن . شۇ خاتىرىلەش پائالىيىتى ھازىرغىچە ئەنئەنىۋى ئايەم بولۇپ داۋاملاشماقتا . كۈنچە 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىكى شۇ «ئايەم» — (توغرىسى : ئەييام ) — بىز ئۇيغۇرلاردا ئادەتتە «تاڭزوڭزا چاغىنى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە . يەنى قەمەرىيە كالېندارى بويىچە 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ، يەنى ئاي تازا تولۇن بولغان كۈنى ئاي تاماشىسى ئۆتكۈزۈپ ، ئايتوقاچ يەيدىغان بايرام بار . خەنزۇلار «جۇڭچيۇجې» دەپ ئاتايدىغان بۇ ئايەم «ئۇيغۇرلاردا «تاۋۇز چاغىنى» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە . ئېھتىمال بۇ ئايەم كۈنلىرى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ جۇغراپىيە ـ كىلىمات مۇھىتىدا تاۋۇز راسا پىيامىغا يېتىپ پىشقان ۋاقىتقا توغرا كەلگەنلىكىدىن شۇنداق ئاتالسا كېرەك . شۇنداق چاغان دەپ ئاتىلىدىغان ئايەم كۈنلىرى ئاز ئەمەس . مەن پەقەت ئەسلى خەنزۇچە «قەدىمكى ۋە ھازىرقى رىۋايەتلەر گېزىتى» دە ئېلان قىلىنغان ، «شىنجاڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى» نىڭ 2001 ـ يىل 16 ـ يانۋار سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان «دېھقانلار تەقۋىمى بويىچە يىللىق چاغان ئادەتلىرىدىن تەرمىلەر» دېگەن سەرلەۋھىدىكى ماقالىنى ئىسقارتىپ تەرجىمە قىلىپ ، كونا يىلنى ئۇزىتىپ ، يېڭى يىلنى كۈتۈۋالىدىغان «چاغان» ، يەنى «باھار بايرىمى» توغرىسىدىكى قىسسەلەرنىلا تونۇشتۇردۇم .

*　　　*　　　*

## 1 . «چاغانلىق» توغرىسىدا قىسسە

«چاغانلىق» دېمەك ، چاغان مۇناسىۋىتى بىلەن بېرىلىدىغان پۇل ۋە باشقا نەرسە دېمەكتۇر . چاغان كۈنى ئائىلىدىكى ئۇلۇغ-ئۇششاق ھەممە ئادەم جەم بولۇپ ، كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ غىزالانغاندىن كېيىن ، ئائىلىنىڭ چوڭى تۆردە ئولتۇرۇپ ، كىچىكلەرنىڭ ئىززەت سالىمىنى قوبۇل قىلىدۇ ، ئۇنىڭدىن كېيىن كىچىكلەرگە پۇل - مال تارقىتىپ بېرىدۇ .

يەنە بىر رىۋايەتكە قارىغاندا ، ھارپا كۈنى ئاخىرلاشقاندا ئائىلە جامائىتى بىر - بىرىنىڭ چاغىنىنى مۇبارەكلەيدۇ ، ئاندىن كېيىن ئائىلىنىڭ چوڭى كىچىكلەرگە تەڭگە - تىللا تارقىتىپ بېرىدۇ . ئۇرۇق - تۇغقان ، يارۇ - بۇرادەرلەر چاغاننى مۇبارەكلەپ كەلگەن بولسا ، ئۇلارنى ئېلىپ قېلىپ چاي بېرىدۇ ، تائام بىلەن مېھمان قىلىدۇ ؛ ئاندىن كېيىن ئۇلارغا تەڭگە ياكى تىللا ۋە ياكى بېزەك سېلىنغان كەشتىلەنگەن ھەميانىدىن بىرنى چاغانلىق قىلىپ بېرىدۇ .

قەدىمكى زاماندا چاغانلىق ناھايىتى ئېتىبارلىنىدىكەن ، بەزىدە 100 داچەن ياكى تومپۇرنى قىزىل شوينىغا ھەر خىل شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ چاغانلىق دەپ بېرىدىكەن . بۇنىڭدا «100 ياش ئۆمۈر سۈرۈڭ» دېگەن مەنە بار ئىكەن . بەزىدە شۇنداق مىس پۇللارنى شوينىغا بايلىق ، باياشاتلىق مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان نەرسىلەر شەكلىدە ئۆتكۈزۈپ ، چاغانلىق دەپ بېرىدىكەن . پۇلدىن باشقا ، بەزى يەرلەردە ئامۇت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مېۋىلەرنى سۆزنىڭ ئاھاڭداشلىقىغا توغرىلاپ كىچىك بالىلارنىڭ ياستۇقى يېنىغا «ئامەت» لىك بولسۇن دەپ قويۇپ قويىدىكەن .

بۇلاردىن باشقا ، شىمالىي جۇڭگولۇقلار : كىچىك بالىلار سەغىرە - مەسۇم بولغانلىقى ، ئۆزىنى تۇتۇش ئىقتىدارى ئاجىز



بولغانلىقى ئۈچۈن جىن - شەيتانلارغا ئاسان ئالدىنىپ كېتىدۇ ، شۇنىڭ ئۈچۈن بالىلارغا چاغانلىق پۇل بەرسەك ، ئۇلار شۇ پۇلغا ئاسماندىكى ، يەردىكى مالائىكىلەرنى سېتىۋېلىپ ، شۇلارنىڭ شەپقىتى بىلەن بالا - قازا ۋە ئاغرىق - سىلاقتىن ئامان بولىدۇ ، دەيدىكەن .

چاغانلىق بېرىش ئادىتى ھازىرمۇ بار . ئائىلە باشلىقلىرى بالىلارغا چاغانلىق پۇل بېرىپ ، ئۇلارنى تىرىشىپ ئوقۇشقا ، ساغلام ئۆسۈشكە رىغبەتلەندۈرىدۇ .

## 2 . تۈنەك توغرىسىدا قىسسە

تۈنەك تۈنەش ئادىتىنىڭ تارىخى ئۇزۇن ، «كېچىچە ئۇخلىماي تۈنەپ تاڭ ئاتقۇزۇش» دەيدىغان خاتىرىلەر بار . رىۋايەت قىلىنىشىچە ، بۇرۇنقى زاماندا «يىل» دەپ ئاتىلىدىغان يەككە مۈڭگۈزلۈك بىر ھايۋان بار ئىكەن ، ئۇ غەلىتە ھايۋان ناھايىتى يىرتقۇچ ئىكەن ، ھەر يىلى 12 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ئادەمزات ئارىسىغا كىرىۋېلىپ ئادەم يەيدىكەن . لېكىن يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتتىن ، قىزىل رەڭدىن ۋە ئاۋازدىن ناھايىتى قورقىدىكەن . ئادەملەر شۇ «يىل» ناملىق ھايۋاننىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دەل شۇ كۈنى قىزىل كىيىم كىيىۋالىدىكەن ، قىزىل پانۇس ياقىدىكەن ، قىزىل قەغەز چاپلايدىكەن ، يانغىن (رەڭدار تۈتۈن ) ئاتىدىكەن ، پوجاڭزا ئاتىدىكەن ، نوكچە - شام ياندۇرىدىكەن ، تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي دۇئا تەلەپ قىلىدىكەن . ئۇدۇم بولۇپ قالغان بۇ ئادەت «تۈنەك» دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە .

«بىر كېچە ئىككى يىلغا تۇتىشىدۇ ، تۈن ھەسسە بولغاندا شۇ يىل ئىككىگە ئايرىلىدۇ» دەيدىغان گەپ بار . شۇنىڭ ئۈچۈن تۈنەك بولىدىغان كۈن ناھايىتى قەدىرلىنىدۇ . بەزى جايلاردا

هارپا كېچىسى «بەرىكەت كېلىدىغان كېچە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ (بۇ مەنە جەھەتتىن بىز ئۇيغۇرلادىكى .«شۇقەدرى كېچىسى» دەيدىغان ئادەتكە ئوخشاپ كېتىدۇ ) . رىۋايەتكە قارىغاندا ، مەيلى چوڭلار بولسۇن ياكى كىچىكلەر بولسۇن ، شۇ كېچىسى كىشىلەرنى خۇشال قىلىدىغان ياخشى گەپلەرنى قىلىشى، ئادەمنى رەنجىتىدىغان شۇم گەپلەرنى قىلماسلىقى لازىم ئىكەن، ئەگەر شۇم گەپلەرنى قىلىپ سالسا شۇ يىلى پالاكەت باسىدىكەن، تۇنەك بولغان ئائىلىدە ئاتا ـ ئانىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدىكەن. بەزى جايلاردا «كىچىكلەر 10 يىل تۇنەك تۇنىسە چوڭلارنىڭ ئۆمرىگە بىر يىل قوشۇلىدۇ» دەيدىغان گەپمۇ بار ئىكەن. قەدىمكى زاماندا تۇنەك كېچىسى «تۇسۇ شارابى» ئىچىدىغان ئادەت بار ئىكەن ، ئۇ شاراب بىر خىل كەڭ يوپۇرماقلىق ئوتنى مەيگە چىلاش يولى بىلەن تەييارلىنىدىكەن . هارپا كېچىسى ئىچسە ۋابا كېلىسىدىن ساقلاپ ، ساغلاملىقنى ئاسرايدىكەن. يەنئەن تەۋەسىدە : «چاغان كېچىسىنى ئۇخلىماي ئۆتكۈزسەڭ، كېلەر يىلى بىلىكىمىز كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولىدۇ ، ئىشىمىز بەرىكەت تاپىدۇ» دەيدىغان رىۋايەتلەر بار . شىمالىي جۇڭگولۇقلار تۇنەك كېچىسى يېرىم بولغاندا «يىلنى يەڭگۈشلەش جۇۋاۋىسى» يەيدۇ . يەنە كېلىپ شۇ كېچىسى دەل سائەت 12 دە يېيىشنى ياخشى كۆرىدۇ ، چۈنكى جۇۋاۋا ئىككى قۇلاقلىق يامبۇ بولغاچقا، ئۇنى يىل ئالمىشىدىغان ۋاقىتتا يېسە ، كېلەر يىلدا دۆلىتى ئارتىپ ، ئىش ـ ئوقىتى بەرىكەتلىك بولارمىش .

شىمالىي جۇڭگولۇقلاردا تۇنەك كېچىسى «پاخال دەسسەش» ئادىتىمۇ بار . بەزىلەر هارپا كېچىسى كىرگەن ـ چىققانلار دەسسەپ ئۆتسۇن دەپ ، هويلىغا كۇنجۇت پاخىلىنى پايخان قىلىپ قويىدىكەن ، چۈنكى سان ـ ساناقسىز كۇنجۇت دانلىرىدا «دۆلىتى زىيادە بولسۇن» ، «ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن» دېگەن مەنە بارمىش .



## 3 . چاغان هارپىسىدا «غەم ـ قايغۇ تەلپەكىنى چۆرۈپ تاشلاش» قىسسەسى

بۇرۇنقى جاۋ بەگلىكىنىڭ پايتەختى خەندەندە «غەم ـ قايغۇدىن خالاس بولۇش» دەيدىغان ئۆرپ ـ ئادەت بار ئىكەن . بۇ گەپنىڭ كونا خاپىلىقلارنى تاشلاپ ، يېڭى خۇشاللىقنى كۈتۈۋالىمىز دەيدىغان مەنىسى بار ئىكەن .

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، بۇ ئادەت ئۇرۇشقاق بەگلىكلەر دەۋرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا باشلانغانىكەن . پادىشاھ چىن شىخۇاڭ ئۆز زامانىسىدا چى ، چۇ بەگلىكلىرىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن ، جاڭ خەن ناملىق سەركەردىسىنىڭ باشچىلىقىدا جاۋ بەگلىكىگە لەشكەر تارتىپ هۇجۇم قىپتۇ . جاۋ بەگلىكىنىڭ لەشكەرلىرى ۋە پۇقرالىرى باتۇرلۇق بىلەن قارشى چىقىپ ، چىن شىخۇاڭنىڭ لەشكەرلىرىگە ئېغىر زەربە بېرىپتۇ . بۇ ئەھۋالدىن غەزەپكە كەلگەن سەركەردە جاڭ خەن شۇ ئەتراپتىكى خەلقنى ئومۇمييۈزلۈك بۇلاڭ ـ تالاڭغا قالدۇرۇپتۇ ، ئۆلتۈرۈپتۇ ، چېپىپتۇ ، ئۆي ـ ماكانلىرىغا ئوت قويۇپتۇ . جاۋ بەگلىكىنىڭ خەلقى شۇ قىرغىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن باشلىرىدىكى رومالللىرىنى ، تەلپەكلىرىنى چۆرۈپ تاشلاپ ، تەرەپ ـ تەرەپكە مۇساپىر بولۇپ قېچىپ كېتىپتۇ . چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقى بەگلىكلەرنى بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن ، باشقا ئارتىدىغان ، كىيىدىغان هەر خىل باشلىقلارنى بىر تېلىپقا چۈشۈرۈش توغرىسىدا پەرمان چىقارغانىكەن ، خەلق ئىلگىرىكى ئاھانەت ۋە خورلۇقلارنى ئېسىدىن چىقارماي ئەسلەپ ، چىن شىخۇاڭ پادىشاھلىقى تارقىتىپ بەرگەن باشلىق — يەنى تەلپەكلەرنى كوچىلارغا چۆرۈپ تاشلاپتۇ . چىن پادىشاھلىقىنىڭ بەگلىرى بۇنىڭدىن قاتتىق دەرغەزەپ بولۇپ ، تەلپەكلەرنى

چۆرۈپ تاشلىغان ئادەملەرنىڭ بىرمۇنچىسىنى ئۆلتۈرۈپ تاشلاپتۇ. خەلق بۇنداق بىگۇناھ زۇلۇمدىن ساقلىنىش ئۈچۈن «چاغاندا كونىنى يېڭىلاش» پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، تەلپەكلىرىنى كوچا - كوچىغا چۆرۈپ تاشلاپتۇ، ھۆكۈمەتمۇ بۇنىڭغا ئامالسىز قاپتۇ. بۇ ھەرىكەت كېيىنكى چاغلاردا «غەم-قايغۇ تەلپىكىنى چۆرۈپ تاشلاش» دەپ ئاتىلىپ، بىر خىل ئۆرپ-ئادەت تەرىقىسىدە ئۇدۇم بولۇپ قاپتۇ. بۇ ئىباردىن كونا غەم - غۇسسىنى چۆرۈپ تاشلاپ، يېڭى خۇشال-خۇراملىقنى كۈتۈۋالايلى، دېيدىغان مەنە چىقىدۇ.

## 4. ھارپا كۈنى پۇت يۇيۇش قىسسەسى

ئېلىمىزنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا ھارپا كۈنى پۇت يۇيۇش ئادىتى بار. بۇنىڭدا بالايىئاپەت نېرى كەتسۇن، دۆلەت ۋە راھەت بېرى كەلسۇن، باسقان قەدەملىرىم خەيرلىك بولسۇن، ئارزۇ-ئارمىنىم ئىشقا ئاشسۇن، دېيدىغان ئارزۇلار بار.

بىز ھەر كۈنى دېگۈدەك پۇتىمىزنى يۇيۇپ تۇرىمىز. لېكىن ھارپا كۈنى پۇت يۇيۇشنىڭ ئەھمىيىتى باشقا كۈنلەردىكىگە ئوخشىمايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئېتىبار قىلىنىدۇ. بولۇپمۇ مىياۋ خەلقى چاغان ھارپا كېچىسىدە ئۇششاق قۇچۇق قاتار جەم بولۇپ ئولتۇرۇپ، پۇتلىرىنى ئەستايىدىل يۇيىدۇ. ئۇلار پۇت يۇيۇشتىن ئىلگىرى ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدىن بىرنەچچە توپ يېكەننى يۇلۇپ كېلىپ، يەنە بىر تال شاپتۇل شېخىنى قوشۇپ داڭقاندا قاينىتىدۇ. شۇنداق سۇ بىلەن پۇت يۇغاندا پاشا - قۇرت چاقماسمىش، ۋابا كېسىلى يۇقماسمىش، ھاردۇقى چىقارمىش، چوڭلارنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولارمىش، كىچىكلەر بالا - قازادىن ئامان بولارمىش.

پۇت يۇيىدىغان سۇ كۆپ بولۇشى، يۇيۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولۇشى كېرەك ئىكەن. پۇت يۇيۇش تەرتىپى ئاۋۋال كىچىكلەردىن باشلىنىپ، ئاخىرى چوڭلار بىلەن تۈگەيدۇ. كىچىكلەر پۇتىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چوڭلارنىڭ ئالدىغا ئۇزارتىدۇ، چوڭلار سىنچىلاپ كۆرگەندىن كېيىن: «ھارپا كېچىسى پۇتۇڭنى پاكىز يۇساڭ، باسقان قەدىمىڭ بىكارغا كەتمەيدۇ، كېلەر يىلى ئامەت كېلىدۇ» دەيدۇ. كىچىكلەرمۇ چوڭلارغا راھەت، ئۆمۈر ۋە ئامانلىق تىلەيدۇ.

ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىمۇ ھارپا كۈنى پۇت يۇيۇش ئادىتى بار، بۇ ئادەتنىڭ ماھىيىتى مىياۋ خەلقىنىڭكىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار پۇت يۇغان سۇنى دەرھال تۆكۈۋېتىشتىن ھەزەر قىلىدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، پۇت يۇغان سۇدا پۇل-مالنىڭ ساقىندىسى بارمىش، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى يېڭى يىلنىڭ 1 - كۈنى كۈن چىققاندىن كېيىن تۆكۈش كېرەك ئىكەن، شۇنداق قىلغاندا پۇل - مالنى قالدۇرۇپ قالغىلى، بالا-قازانى تۆكۈپ تاشلىغىلى بولارمىش.

## 5. «5 - كۈنى خىزىرنى كۈتۈۋېلىش» قىسسەسى

كونىچە 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى چاغان باشلانغاندىن كېيىنكى، يەنى باھار بايرىمىدىن كېيىنكى خاسىيەتلىك كۈن دەپ قارىلىدۇ، شۇ كۈن «كىچىك چاغان» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ. چۈنكى شۇ كۈنى رىۋايەتلەردىكى «بايلىق ئىلاھى»، يەنى خىزىر يولۇقىدىغان كۈنمىش. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم خىزىرنى يولۇقتۇرىمىز دەپ كاتتا ھەم مول مەزە، يەنى داستىخان تەييارلايدۇ، پوجاڭزا ئاتىدۇ، خۇشاللىقتا چۆمىدۇ.

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بايلىق ئىلاھى بىر ئەمەس ئىكەن. «باش بايلىق ئىلاھى»، «ياردەمچى بايلىق ئىلاھى»، «مۇلكىي

بايلىق ئىلاھى » ، «ھەربىي بايلىق ئىلاھى » دېگەندەك ئىلاھلار بارمىش . بۇلارنىڭ ئىچىدە «باش بايلىق ئىلاھى » ھەممىدىن بەك ھۆرمەتلىك ئىكەن . ئۆتمۈشتە سودا دۇكانلىرىدا ، ئاھالە ئۆيلىرىدە شۇ باش ئىلاھنىڭ سۈرىتىگە سەجدە قىلىنىدىكەن . سۈرەتتە ئۇنىڭ يۈزى قازاننىڭ قوڭىدەك قارا بولىدىكەن ، قولىدا سىم قامچا ، ئاستىدا مىنىۋالغىنى قارا يولۋاس ، ناھايىتى سۈرلۈك ، ئىككى تەرىپىدە ئىككى كۈچتۈڭگۈر سەرۋاز تىك تۇرغان .

ياردەمچى بايلىق ئىلاھى ئاكا - ئۇكا بولۇپ بەش نەپەر ئىكەن . رىۋايەتكە قارىغاندا ، ئۇلار ھايات ۋاقتىدا بايلارنى ئۆلتۈرۈپ ، ئۇلارنىڭ مال - مۈلكىنى ئېلىپ كەمبەغەللەرنى يۆلەيدىغان قاراقچى ئىكەن ، ئۇلار ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ئەسلى تەبىئىتى ئۆزگەرمىگەنىكەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن كەمبەغەللەرنىڭ ئۇلارنىڭ سۈرەتلىرى ئالدىدا بايلىق تىلەپ قىلغان دۇئالىرى ناھايىتى ئاسان ئىجابەت بولارمىش ، ھەممىتى يوق بايلار كۆپىنچە خاكسار بولۇپ قالارمىش . بۇ ياردەمچى ئىلاھلار ناھايىتى ھەققانىيەتچى بولغاچقا ، خەلق ئۇلارغا ناھايىتى ئىخلاس بىلەن چوقۇنىدىكەن . بېيجىڭدا «بەش نەپەر بايلىق ئىلاھى ئىبادەتخانىسى » بار ، ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ 2 - كۈنى ئۇ يەرگە بېرىپ ياغ پۈرىتىپ ، بايلىق تەلەپ قىلىپ سەجدە قىلىدىغانلار بار . ئۇلار ئىبادەتتىن قايتقاندا ، بىرنەچچە تىزىق «قەغەز يامبۇ» سېتىۋېلىپ ، ئۇنى بايلىق ئىلاھىدىن ئۆتنە ئالغان پۇل دەپ قارايدۇ . بەزىلەر قەغەزدىن يەملەنگەن ، ئۈستىگە ئالتۇن - كۈمۈش قاچىلانغان ساندۇق ئارتىلغان «ئالتۇن - قۇلان» سېتىۋالىدۇ ، بۇنىڭدا «ئالتۇن ئات ئالتۇن - كۈمۈشنى يۈكلەپ ماڭماقتا » دېگەن مەنە بارمىش . ئاياللارمۇ ، بالىلارمۇ «بەخت» دېگەن سۆز كەشتە قىلىنغان دۇخاۋا گۈلنى بېشىغا ، چېكىسىگە قىستۇرۇۋالىدىكەن ، بۇنى «ئۆيگە بەخت ئېلىپ قايتىمىز»



دېيىشىدىكەن .

«مۈلكىي بايلىق ئىلاھى » نىڭ سۈرىتىگە قارىغاندا ، ئۇ ئاق يۈزلۈك ، ئۇزۇن چاچلىق ، سالاپەتلىك ، بەزىلەر ئۇنىڭ سۈرىتىنى «بەخت » ، «بەرىكەت » ، «ئۇزۇن ئۆمۈر » ، «مال - دۇنيا » ۋە «شاد - خۇرام » دېگەن مەنىلەرنى چىقىرىپ سىزىدىكەن . ئۇنىڭ قولىغا ئالتۇن - كۈمۈش يىغىدىغان قاچىنىمۇ تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن . تۇرمۇشىمىزدىكى «بەرىكەت ياغسۇن ، مال - دۇنيا نېسىپ بولسۇن » دېگەن گەپلەر ئەنە شۇ سۈرەتتىكى مەنىدىن چىققانمىش .

بەزىلەرنىڭ گۇەن يۈگە ھەربىي بايلىق ئىلاھى دەپ چوقۇنۇشى بىرئاز ئەقىلگە سىغمايدۇ . گۇەن يۈ — گۇەنگۇڭ ، گۇەن ھەزرەت دەپمۇ ئاتىلىدۇ ، بىز ئۇيغۇرلارنىڭ جانلىق تىلىمىزدا باتۇر دېگەن سۆزنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان «گاڭگۇڭ » دېگەن سۆزنىڭ مەنىلىرىدىن بىرى شۇنىڭغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن . «ئۈچ دۆلەت قىسسەسى » دىكى بۇ مەشھۇر باتۇر خەنزۇ خەلقىنىڭ ئادىتىدە «پىر » دەپ قاراپ ئىلاھلاشتۇرۇلۇپ قالغان . مال - دۇنياغا نەزىرىنى سالمايدىغان گۇەن يۈ قانداقىسىگە بايلىق ئىلاھى بولۇپ قالىدۇ؟ گەپ شۇ يەردىكى ، ئۇ پۇل - مالغا نەزەر - گۆزىرىنى سالمايدىكەن ، لېكىن باشقىلارنىڭ دۆلەتمەن بولۇشىغا مەدەت بېرىدىكەن . رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ئۇ پادىشاھ ساۋ ساۋغا ياراپ قېلىپ باش ۋەزىرلىككە قويۇلغاندىن كېيىن ئىززەت - ھۆرمىتى كۆتۈرۈلۈپ ، پۇل - مېلى كۆپەيگەندە ئۆزىگە تەئەللۇق پۇل - مالنى مۆمىن ، كەمبەغەل ئادەملەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكەنىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ «بايلىق ئىلاھى» بولۇپ قېلىشى ھەقلىق - دە .

شىمالىي جۇڭگونىڭ بەزى جايلىرىدا 1 - ئاينىڭ 5 - كۈنى بەزى ئادەملەر قەغەز ئادەم ياساپ ، «گادايلىقنى ئۇزىتىپ

قويدۇم» دەپ تاشقىرىغا تاشلىۋېتىدۇ؛ «گادايىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قوياي» دەپ ھۇزۇر بىلەن تويۇنۇپ تائام يەيدىغانلارمۇ بار. بەزىلەر شۇ كۈنى «يامبۇ يەيمىز» دەپ جوۋاۋا يەيدۇ. بۇ ئادەتلەردىكى ۋە «بايلىق ئىلاھى» نى كۈتۈۋېلىشتىكى مەقسەت ئوخشاش: بۇلار ئەمگەكچى خەلقنىڭ پۇل - ماللىق بولۇش، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش، دۆلەتمەن، باياشات ياشاش ئارزۇسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ.

## 6. زىگۇ بۇۋىگە ئاتاپ نەزىر قىلىش قىسسەسى

نۇرغۇن جايلاردا چاغان باشلانغان 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «زىگۇ بۇۋى» گە ئاتاپ نەزىر قىلىدىغان ئادەت بار. بۇنىڭدىن مەقسەت — زىگۇ بۇۋىدىن شاپائەت تىلەش.

رىۋايەتچىلەرنىڭ رىۋايەت قىلىشىچە، زىگۇ ئەسلى تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئايال ئىكەن. شۇياڭ (ھازىرقى سەنشى ئۆلكىسىنىڭ بىر ناھىيىسى) ھاكىمى ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئاشىق بولۇپ، ئېرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكەندىن كېيىن ئۆزىگە توقال قىلىۋالغانىكەن. ھاكىمنىڭ چوڭ خوتۇنى ئۇنىڭ گۈزەللىكىگە ھەسەت قىلىپ، ئۇنى تەرەتخانىدا ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ. كېيىن خۇدا ئۇنىڭغا رەھىم - شەپقەت قىلىپ، ئۇنى تەرەتخانا ئىلاھى قىلىپ تەيىنلەپتۇ ۋە ئۇنىڭغا ياخشى - يامانلىق توغرىسىدا پال ئېچىش ئىقتىدارىنى ئاتا قىپتۇ. ئۇ دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، توقۇمىچىلىق، ئۆي - ئىمارەت سېلىش، پەرزەنت كۆرۈش، سودا - تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش، تۆھپە يارىتىش، ئىنئام ئېلىش ھەتتا ئۇرۇش - جەڭ ۋە دۆلەتنىڭ چوڭ ئىشلىرى جەھەتتە ئالدىن خەۋەر بېرەلەيدىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى خۇنەنلىكلەر «زىگۇ بۇۋىنى كۈتۈۋېلىش»



چاغىنى ئۆتكۈزىدىكەن، خېبېيلىكلەر «تەرەتخانا بۇۋىسىنى تەكلىپ قىلىش» چاغىنى، جياڭسۇلۇقلار «تەرەت ئازگىلى بۇۋىسىنى قارشى ئېلىش» چاغىنى، جېجياڭلىقلار ۋە فۇجيەنلىكلەر «بۇۋىمگە ئاتاپ ياغ پۇرىتىش» چاغىنى ئۆتكۈزىدۇ. بۇلاردىن مەقسەت — زىگۇبۇۋى شاپائەت قىلسۇن، بالا - قازالاردىن ساقلىسۇن دېگەندىن ئىبارەت.

## 7. بەخت تىلەپ پانۇس تاماشىسى قىلىش قىسسەسى

كونىچە 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى «يۈەنشياۋ» بايرىمى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. خەلقنىڭ شۇ كۈنى پانۇس ئېسىپ، پانۇس تاماشىسى قىلىش ئادىتى بار، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى «پانۇس بايرىمى» دەپمۇ ئاتىشىدۇ.

بۇ بايرامنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا رىۋايەت كۆپ. شۇ رىۋايەتلەرنىڭ بىرى مۇنداق: پادىشاھ خەن گازۇ ئۆلگەندىن كېيىن ئۇنىڭ خانىشى لۈيخۇ مەلىكە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغان. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن جۇبو، چېن پىڭ دېگەن سەركەردىلەر مەلىكىنى ئۆلتۈرۈپ، ليۇ خېڭنى پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزغان. مەلىكە لۈيخۇ ۋە ئۇنىڭ ئاكابىر - ئەشرەپلىرىنى يوقاتقان كۈن دەل 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى بولغاچقا، پادىشاھ ليۇخېڭ ھەر يىلى شۇ ئاينىڭ شۇ كۈنى ئوردىدىن چىقىپ پۇقرا بىلەن بىللە نەغمە - ناۋا قىلغان ۋە شۇ كۈننى «يۈەنشياۋ» بايرىمى قىلىپ قارارلاشتۇرغان.

رىۋايەتلەرنىڭ يەنە بىرى مۇنداق: داۋ (تەرىقەت) دىنىنىڭ مۇخلىسلىرى «ئۈچ مالائىكە» گە، يەنى ئاسمان مالائىكىسىگە، يەر مالائىكىسىگە، سۇ مالائىكىسىگە چوقۇنىدىكەن. ئاسمان مالائىكىسى نەغمە - ناۋاغا، يەر مالائىكىسى ئادەمزاتقا، سۇ

مالائىكىسى پانۇس - چىراغقا ھېرس ئىكەن . 1 - ئاينىڭ 15- كۈنى «ئۈچ مالائىكە» ئاسماندىن تەڭلا زېمىنغا چۈشىدىكەن، ئاسمان مالائىكىسى بەخت ئاتا قىلىدىكەن، يەر مالائىكىسى گۇناھلارنى كەچۈرۈم قىلىدىكەن، سۇ مالائىكىسى بالا - قازالارنى ھەيدەيدىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ئۈچ مالائىكىنى پانۇسلارنى ئېسىپ، چاغان قىلىپ كۈتۈۋالىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئەل ئىچىدە «يۈەنشياۋ چاغىنى» ئوينايدىغان ئادەت پەيدا بولۇپ قالغانىكەن .

يەنە بەزى ئالىملارنىڭ قارىشىچە، «يۈەنشياۋ چاغىنى» بۇرۇنقى ئادەملەر تەقۋىم - كالېندارغا ۋە ئاينىڭ كۆرۈنۈشىگە ئاساسەن قارارلاشتۇرغان خاسىيەتلىك كۈن ئىكەن . كونىچە 1- ئاينىڭ 15 - كۈنى يىل بېشىدا ئاينىڭ 1- قېتىم تولۇن بولغان كۈنى . ئاينىڭ تولۇن بولغانلىقى ئۇرۇق - تۇغقانلارنىڭ جەم بولۇشىدىن، تۇرمۇش - مەئىشەتتە راھەت كۆرۈشىدىن دېرەك بېرىدۇ . شۇ كۈنى يەر ۋە ئاسمان مالائىكىلىرىگە سېغىنىپ شاپائەت تىلەش تولىمۇ ياخشى ئىش . شۇنىڭ ئۈچۈن ئەل ئىچىدە شۇ كۈن ناھايىتى قىزىق، قايناق ئۆتىدۇ .

1 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىن باشلاپ ھەممە ئادەم ھەممە يەردە قەغەزدىن شىر ياساپ، رەخت ئەجدىھا ياساپ، داپ - دۇمباقلىرىنى ياڭرىتىدۇ، پوجاڭزىلارنى ياسىشىپ ئاتىدۇ . بەزى جايلاردا 14 - كۈنىدىن 16 - كۈنىگىچە پانۇس ئاسىدۇ، ياندۇرىدۇ، ئاسقۇدىن چۈشۈرىدۇ . شۇ پانۇس بايرىمىدا ئېسىلغان پانۇسلارنىڭ تولىسى ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان پانۇس، ئۇلاردىن بەزىسى باياشاتچىلىققا، بەزىسى دۆلەت ۋە شۆھرەتكە، بەزىسى توي - تۆكۈن خۇشاللىقىغا، يەنە بەزىسى ھەم دۆلەتمەنلىككە ۋە ئۇزۇن ئۆمۈرگە سىمۋول بولىدۇ . ئاشلىق ۋە پاختا بىلەن مول ھوسۇلغا ئىشارەت قىلىنىدىغان، پۇل - مال بەرىكەت بىلەن كېلىپ تۇرۇشىغا ئىشارەت قىلىنىدىغان



پانۇسلارمۇ بار . بۇلاردىن باشقا، يەنە ئەجدىھا، شىر، تاغ - دەريا، ئۈچار قانات قۇشلار، تۆت ئاياغ ھايۋانلار، قۇرت - قوڭغۇزلار، ھەرە - كېپىنەكلەر، بېلىقلار، راۋاق ۋە پەشتاقلار، ئۈنچە - مارجانلار ۋە گۈل - چېچەكلەرنىڭ رەسىملىرى چۈشۈرۈلگەن پانۇسلارمۇ بار . بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلەتمەنلىك، بايلىق، ئىززەت - ھۆرمەت ۋە بەرىكەتتىن، بەخت- سائادەتتىن دېرەك بېرىدۇ . «يۈەنشياۋ بايرىمى» كېچىسىدە سەيلە قىلسىڭىز، گويا پۈتۈن جاھان ئاجايىپ چىرايلىق گۈل- گىياھلار بىلەن بېزەلگەندەك، رەڭدار چىراغلار بىلەن بېزەلگەن دەرەخلەردىن خۇددى ئالتۇن زەررىچىلىرى تۆكۈلۈپ تۇرغاندەك، قاراڭغۇ كېچە گويا ئاپتاپ چاقناپ تۇرغان كۈندۈزگە ئايلىنىپ قالغاندەك ھېسسىياتقا كېلىسىز، قاراپ تويمايسىز .

قەدىمكى زاماندا يۈەنشياۋ كېچىسى خاسىيەتلىك پانۇس تاماشىسىدىن باشقا، بەخت تىلەشكە دائىر يەنە بىرمۇنچە ئادەتلەرمۇ بار ئىكەن . فۇجيەن تەۋەسىدە «ئەر - خوتۇن بىللە پانۇس ئېسىش» ئادىتى بار، بۇنىڭ بىلەن ئەر - خوتۇن بىللە ياشاپ، بىللە قېرىشنى، پاتراق ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈشنى تەلەپ قىلىدىكەن؛ چاۋشيەن خەلقى «ئايغا تېۋىنىش» بىلەن بەخت - سائادەت ۋە باللىرىغا ئامەت تىلەيدىكەن؛ بەزى بىرمۇنچە يەرلەردە پانۇسنى ئاسقۇدىن چۈشۈرۈش بىلەن تۇرلۇك كېسەللىكلەرنى ھەيدەيدىغان ئادەت بار : بەزىلەر 1 - ئاينىڭ 16- كۈنى پانۇسلارنى ئاسقۇدىن چۈشۈرگەندىن كېيىن ئۆيلىرىدىن چىقىپ، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنىڭكىگە كېتىدۇ، بۇنداق قىلىشنى «كېسەللىكلەرنى ھەيدەش»، «شۇملۇقتىن قۇتۇلۇش» دەپ ئاتىشىدۇ . سۇجۇلۇقلار شۇ كۈنى «كۈنىمىز بارغانسېرى ياخشى بولسۇن» دېگەن دۇئا - تەلەپ بىلەن ئۆيلىرىنىڭ پېشايۋانلىرىغا كۈنجۈت شاخلىرىنى قاداپ قويىدۇ؛ گۇاڭدۇڭلۇقلار 1 - ئاينىڭ

13 ـ كۈننى «شام چىچەكلەيدىغان كۈن» دەپ ئاتايدۇ . بېگى
توي قىلغان چوكانلار شۇ كۈنى ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ بارىدۇ .
ئالدىنقى يىلى پەرزەنت كۆرگەنلەر بولسا «پانۇس زىياپىتى»
تەييارلايدۇ ، قەدەھ كۆتۈرگەندە : «پەرزەنتلىك بولغانلىرىڭغا
مۇبارەك بولسۇن ، خۇدا يەنىمۇ كۆپ ئوغۇل بەرسۇن !» دەپ
دۇئا ـ تەلەپ قىلىشىدۇ .

1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى «يۈەنشياۋ بايرىمى» كۈنى دەپ
ئاتالغىنىدەك ، «يۈەن شياۋلىق يېيىش بايرىمى» دەپمۇ ئاتالدى .
خەنزۇ خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ئادىتىدە 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ،
يەنى «يۈەنشياۋ» كۈنى ھەم بايرام كۈنىنىڭ نامى ، ھەم بىر
تۈرلۈك يېمەكلىكنىڭ نامى . «يۈەنشياۋ» ناملىق بۇ يېمەكلىك
ئەسلىدە شىرىنلىك گۈرۈچنىڭ ئۇنىغا باشقا خۇرۇچلارنى تۈگۈپ
يۇملاق ساقا شەكلىدە كۈملاچ قىلىپ ، قاينىتىپ پىشۇرۇپ
يەيدىغان يېمەكلىك بولۇپ ، «يۈەنشياۋ» كۈنى ، يەنى 1 ـ ئاينىڭ
15 ـ چاغان كۈنى يېيىلىدىكەن . يېڭى يىل چاغىنىنىڭ بۇ
ئاساسىي تەۋررۈك يېمەكلىكى ھازىرقى كۈندە باھار چاغىنىنىڭلا
ئەمەس ، تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدىلا تېپىلىدىغان ئوزۇق بولۇپ
تۇرماقتا .

## 8 . «باھارنى دۇمبالاش» قىسسەسى

«باھارنى دۇمبالاش» دېگەن سۆز بەزىدە «باھار كالىسىنى
قامچىلاش» دەپمۇ ئېيتىلىدۇ . بۇ ئېلىمىزدە قەدىمكى زامانلاردا
باھارنى كۈتۈۋېلىش ئادەتلىرىنىڭ بىرى ئىكەن .

باھار — تۆت پەسىلنىڭ بېشى . باش باھار مۇچەل بويىچە
كالىدىن باشلىنىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن ئۆتمۈشتە ھۆكۈمەتمۇ ،
پۇقرامۇ بۇ مۇچەلگە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەنىكەن . ھەر يىلى
باش باھار باشلىنىشتىن ئىلگىرى ھۆكۈمەت «باھارنى



دۇمبالاش» مۇراسىمى ئۆتكۈزىدىكەن ، يەنى باھار كالىسىنى
قامچىلايدىكەن . «باھار كالىسى» دېگىنى راست كالا ئەمەس ،
لايدىن ياسىغان كالا ئىكەن . جۇڭگو يېزىلىرىدا قىش كىرىش
بىلەنلا ھەممە يەر دېگۈدەك مۇز ، قار بىلەن قاپلىنىپ كېتىدۇ ،
يېزا ئادەملىرى دېھقانچىلىقتىن قولى بوشايدىغان مەۋسۇمغا
كىرىپ كېتىدۇ ، ئادەملەرمۇ ، ئۇلاغمۇ قىشلىق ئارام ئالىدۇ .
باھار باشلانغان كۈنى «باھارنى دۇمبالاش» مۇراسىمى
دېھقانلارغا : قىشلىق ئارام ئېلىش ۋاقتى تۈگەپ ، دېھقانچىلىقتا
تۇتۇش قىلىش ۋاقتى يېتىپ كەلدى ، يەڭنى شىمايلاپ
ئىشلەيلى ، ئېتىز ـ ئېرىق ئىشىنىڭ پەيتىنى قولدىن بېرىپ
قويمايلى ، دەپ خەۋەر بېرىدىكەن .



قېرىلىقنىڭ يامىنى يوق ، دەرمانغا يارىشا بىرەر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ،
ئۇنىڭ بىلەن راھەتلەنمەسلىك يامان ؛ جىسمى بار ، ھېسسى يوق ، تىرىك موردا
بولۇۋېلىش تېخىمۇ يامان .

# مائاش ۋە پاكلىق توغرىسىدا

*گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فوشەن شەھىرىدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە تەمىنات بېرىش تۈزۈمى توغرىسىدا بولغان مەملىكەت بويىچە ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلاھ قىلىش سىنىقى يولغا قويۇلغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاشى ۋە ھالال ئىشلەش، مائاش بىلەن خىيانەتسىزلىكنىڭ مۇناسىۋىتى قاتارلىق مەسىلىلەر دىققەت-ئېتىبارنى ئۆزىگە تارتىپ، جامائەتچىلىكنىڭ مۇزاكىرە ۋە مۇھاكىمىسىنى قوزغىدى. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن چاڭچۈن شەھىرىدە چىقىدىغان «فىلىيەتونلاردىن تاللانما ژۇرنىلى» نىڭ 2001 - يىل 2 - ئايلىق سانىدا «ھەركىم ھەرنېمە دەيدۇ» دېگەن ئىستوندا مۇھاكىمىچىلەرنىڭ مۇھاكىمىلىرىدىن ئىككى پارچە ماقالە تاللاپ كۆچۈرۈپ بېسىلغان. شۇ ئىككى پارچە ماقالىنىڭ بىرى —— «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى». ليۇ يۇدې ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە ئەسلى «جەنۇب شەنبىلىكى»ناملىق گېزىت سەھىپىسىنىڭ 2000 - يىل 9 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان. يەنە بىرى —— «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش توغرىسىدا باشقىچە مۇلاھىزە»، ئاپتورى دۇەن مۇچاڭ. بۇ ماقالە دەسلەپ «ۋېنخۇيباۋ» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئاينىڭ 15 - كۈندىكى «قەلەم ييغىنى» (گېزىت يۈزىدە ماقالە ئېلان قىلىش يولى بىلەن مۇنازىرىلىشىش دېگەن مەنىدىكى ييغىن) سەھىپىسىدە ئېلان قىلىنغان. بۇ ماقالىلەرنى تولۇق تېكىستى بىلەن تەرجىمە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇم.*

*—— تۈزگۈچىدىن*

## پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى

گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىنىڭ فوشەن شەھىرىدە ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىگە تەمىنات بېرىش تۈزۈمى توغرىسىدا مەملىكەت بويىچە تۇنجى ئىسلاھات سىنىقى يولغا قويۇلغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ - ئەمەسمۇ، بۇنىسى نامەلۇم، يېقىندىن بۇيان



«پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراپ قېلىش» دەيدىغان گەپ ھەممىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارىمىزنى تارتماقتا. بۇ ھەقتىكى مۇنازىرىچىلەرنىڭ تولىسى «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەن نۇقتىئىنەزەرنى رەت قىلىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويماقتا، بۇلارنىڭ بەزىسى بۇنداق گەپ پۈت تىرەپ تۇرالمايدۇ دېسە، يەنە بەزىسى ھازىر جۇڭگودا «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» «زېمىنى» تەييار ئەمەس دېگەن قاراشتا تۇرۇۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ قاراشلارنىڭ ھەر ئىككىسى قارىماققا توغرىدەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە توغرا ئەمەس.

«پاكلىقنى زادى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراپ قالغىلى بولامدىكەن؟» دەپ تەنە قىلىدىغان يولداشلاردا، بىرىنچىدىن، ئەڭ نېگىزلىك مەنتىقىي ساۋات يوق ئىكەن. مائاش يۇقىرى بولسىلا خىزمەتتە پاك - خىيانەتسىز بولغىلى بولىدۇ دەيدىغان ئەخمىقانە گەپنى قىلغان ئادەم بارمۇ؟ يوق. چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، خىيانەتسىزلىكنى - پاكلىقنى تەرغىب قىلىش ئۈچۈن ئىدىيىۋى تەربىيە كېرەك، قانۇن - ئىنتىزامنىڭ زورى كېرەك، تۈزۈم بىلەن قېلىپقا چۈشۈرۈش كېرەك، ھوقۇقنىڭ كۈچى بىلەن تەڭشەپ تۇرۇش كېرەك. مۇشۇنداق شەرتلەرنى بىرىكتۈرۈپ رول ئوينىتىۋېتىش لازىم. بۇ پۈتۈن جەمئىيەتكە تاللىقاچان ئورتاق چۈشەنچە بولۇپ قالغان. «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» (بۇ يەردىكى «يۇقىرى» دېگەن سۆز جەمئىيەتتىكى ھازىرقى ئوتتۇرىچە كىرىم دەرىجىسىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان، ئەلۋەتتە. ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ ھازىرقى مائاش دەرىجىسىگە نىسبەتەن ئېيتىلسا، ئۇ ھالدا «يۇقىرى» دېگەن سۆز «يۇقىرى ئۆرلىتىش —— يەنى كۆپەيتىش» دېگەن مەنىدە چۈشىنىلسە تېخىمۇ ئېنىق بولىدۇ) تەرەپدارلىرى مائاشنى كۆپەيتىشنى ئىقتىسادىي شەرت - شارائىت جەھەتتىن «پاكلىقنى ئاسراش» نىڭ زۆرۈر شەرتلىرىدىن بىرى دېگەن

قاراش بىلەن مۇھاكىمە قىلماقتا، ئۇلار قاچان «يۇقىرى مائاش» «پاكلىقنى ئاسراش» نىڭ تەلتۆكۈس تولۇق شەرتىدۇر دەپتۇ؟ بۇ خۇددى سۇ بېرىدىغان ئادەم بولمىغان چاغدا ئادەم قاتتىق چاڭقايدۇ دېگەنگە ئوخشاش گەپ؛ بۇ يەردە سۇ بولسىلا نورمال ھايات كەچۈرگىلى بولىدۇ دېگەن گەپ يوق. دۆلەت ئورگانلىرى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە ياراملىق ئادەملەرنى رىقابەت يولى بىلەن تاللاپ قويۇشى لازىم، شۇ يارامىلىق ئادەملەرنىڭ دارامىتى جەمئىيەتتىكى ئوتتۇرىچە سەۋىيىدىن تۆۋەن بولماسلىقى لازىم، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنىڭ جەمئىيەتتىكى ۋەزىپىسىگە ۋە مەقسىتىگە مۇناسىپ ئائىلىۋى تۇرمۇش شارائىتىنى قامداپ، غەم - ئەندىشىسىز ياشىسۇن. ھازىرقى ئاشكارىلانغان خىيانەتچى - ئىنساپسىز ئەمەلدارلار توغرىسىدا گەپ قىلىدىغان بولساق، ئۇلار داخىركالۋالىرىدىن ئېشىپ - تېشىپ كەتكۈچە جايلىۋاپتۇ، تېخى يەنە قاقتى - سوقتى قىلىۋېتىشىپتۇ. بۇ باشقا گەپ، يەنى «قولۇمغا كەلگەندە يۇلماي قاراپ تۇرامدىمەن!» دەيدىغان ئەھۋالدىن توسۇش مەسىلىسى.

ئىككىنچىدىن، «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» نۇقتىئىنەزىرىنى رەت قىلغۇچىلاردا ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدا ئەڭ تۈپ چۈشەنچە كەم ئىكەن. «ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش» كە قارشى تۇرۇشنى خېلى ئۇزۇن بىر ۋاقىتلارغىچە ھەدەپ تەكىتلەپ، ماددىي مەنپەئەتكە كۆڭۈل بۆلۈشنى ۋە ئىنتىلىشنى ھارامغا چىقىرىۋەتتۇق، ئىنسان تەبىئىتىگە خىلاپ كېلىدىغان شۇنداق تەپەككۇرلار ھازىرمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ ئىدىيىسىگە تەسىر قىلىپ، ئۇلارغا ماددىي مەنپەئەت پرىنسىپىنى ئېتىراپ قىلغۇزمايۋاتىدۇ، ئادەمزاتنىڭ پەيغەمبەر، ئەۋلىيا ئەمەس، نەپسى بار بولغانلىقى، يەنى تەمەدىن خالىي بولالمايدىغانلىقى ئۈچۈن ئادەم بولۇپ ياشاۋاتقانلىقىنى «ئۇنتۇل» دۇرغۇزۇۋاتىدۇ. نەپسى تويمايدىغان تۇغما بەتنىيەت،



قارام، ئۆز نەپسى ئۈچۈن ئەلگە خىيانەت قىلىدىغان مەرەزلەر بار دەيدىغان بولساق، ئۇلارمۇ ناھايىتى ئاز؛ ھېچقانداق تەمەسى يوق، دىلى تۇغما پاك، ئاتسا ئوق ئۆتمەيدىغان، چاپسا قىلىچ كەسمەيدىغان پەرھىزكارلار بار دەيدىغان بولساق، ئۇلارمۇ خۇددى بۇلبۇلگويانىڭ تۇخۇمىدەك تېپىلماستۇر. ئار - نومۇسنى چىڭ ساقلايدىغان، ئاۋۋال باشقىلارنىڭ غېمىنى يەيدىغان، خەلقئالەمنىڭ كويىدا بولىدىغان، شۈكۈر - قانائەتلىك، پەرھىزكار ئادەملەر دەپ ئاز ساندىكى پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا ئۈمىد باغلاش مۇمكىن، ئادەتتىكى ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنى بۇ جەھەتلەردىن ئەيىبلەش مۇمكىن ئەمەس. «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەندەك مەسىلىلەرنى مۇزاكىرە قىلىشتا ئەنە شۇنداق چۈشەنچىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشىمىز لازىم.

«پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» نىڭ ئىقتىسادىي شەرتىدىن گەپ ئاچساق، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسىدە مەسىلە يوق دەپ كېسىپ ئېيتىش مۇمكىن. ئەجدىھا بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرىكى سەۋىيىگە يەتمەمدىكەن؟ سۇن جۇڭشەن ئەپەندى 1894 - يىلى 6 - ئايدا لى خۇڭجاڭ (مەنچىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى دەۋرىدىكى مىلتارىست، غەربلەشتۈرۈش ئېقىمىدىكەرنىڭ باشلىقى — تەرجىمان ئىزاھى) غا خاندانلىقنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلىپ تەكلىپنامە سۇنغاندا، غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرى تۈزۈمىنى ئۆگىنىشنى تەشەببۇس قىلغان: «ۋەزىپىنى ئۇزاق ئۆتىگەنلەرنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرى چوڭقۇر بولىدۇ، ئىشلەپ ئادەتلەنگەندە، ئەقىل - تەدبىر چىقىدۇ، مائاشى كۆپ بولسا، پاك، خىيانەتسىز بولىدۇ. مائاش تەمىناتى مۇقىم بولسا، غەم - ئەندىشىدىن خالىي بولۇپ، يەكدىل بولالايدۇ.» بىراق ھازىر ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر

مالىيە جەھەتتە قازانلىرىنى ئۆز ئالدىغا ئايرىۋالغان، بەزى جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ئىش ھەققىنىمۇ بېرەلمەيۋاتقان يەردە مائاشنى كۆپەيتىشنى قانداقمۇ ئېغىزغا ئالالىسۇن؟! مالىيە تۈزۈلمىسىنى قانداق ئوڭشاشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان بۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە بۇ ماقالىمىزدە ئېغىز ئاچمايمىز. ھېچبولمىغاندا مالىيە كىرىم - چىقىمى ياخشىراق يەرلەردە، مەسىلەن، جۇجياڭ دىلتىسىدىكى فۇسەن شەھىرىدە «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» تۈزۈمىنى سىناپ كۆرۈش مۇمكىن.

«پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» نى يولغا قويۇشنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئالدىنقى شەرتى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. چۈنكى مائاشنى ئۆستۈرۈش ئاسان، ئازايتىش تەس. «نەپ ـ مەنپەئەتنىڭ چىڭلىقى» مائاشنى مۇناسىۋەتلىك شەرت ـ شارائىتى تەل بولماي تۇرۇپ زور دەرىجىدە ئۆستۈرۈش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى زۆرۈر تاپىدۇ. ئۆز زامانىسىدا پادىشاھ سۇڭ تەيزۇ پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بېرىش چارىسى بىلەن ساقلاش توغرىسىدىكى پەرمانىدا: «خىزمەتچىلەر ئىچىدە ناقابىل ئادەملەر كۆپىيىپ كەتسە، ھاكىمىيەت سۇرمەك تەس بولىدۇ، مائاش ـ تەمىناتى ئاز بولۇپ قالسا، پاكلىق جەھەتتىن ئەيىبلىمەك تەس بولىدۇ. بىكار تەلەپ خىزمەتچىلەرگە ئارتۇقچە پۇل چىقىم قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلدارنى ئازايتىپ، مائاشنى كۆپەيتكەن تۈزۈك» دەپتىكەن. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، مائاشنى كۆپەيتىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى ئەمەلدارنى ئازايتىش، بىكار تەلەپ خىزمەتچىلەرنى شاللاپ چىقىرىۋېتىش ئىكەن. مانا بۇ شەرت بىزنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمىزغا ناھايىتى باب كېلىدۇ.

«پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەن گەپنىڭ ئۆزى پاكلىقنى تەرغىب قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. فۇسەن شەھىرىنىڭ باشلىقى لياڭ شوتاڭ مۇنداق دەيدۇ: فۇسەندە



ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ مائاش تەمىناتى تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش، ــ بۇ، مەمۇرىي ئىشلارغا ئائىت ئېلىنغان ھەقلەرنى «كىرىم يولى ۋە چىقىم يولى دېگەن ئىككى يول» بويىچە باشقۇرۇشنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ۋە پارتىيە - ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ئۆزىگە قاراشلىق كارخانىلاردىن ئۈزۈل - كېسىل ئايرىۋېتىش خىزمىتىنى ئۈنۈملۈك يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم تەدبىرىدۇر، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پەنجىرىسىنى پاكلىقنى مائاش - تەمىنات بىلەن ئاسراشنىڭ يېڭى مېخانىزمىنى تېپىش ۋە ئورنىتىش تەرىپىگە يۆتكەش يولىدىكى سىناقتۇر (جەنۇب گېزىتى» نىڭ 9- ئاينىڭ 1- كۈندىكى سانىغا قاراڭ).

فۇسەندىكى بۇ ئىسلاھاتنىڭ پۈتۈن بىر يۈرۈش تەدبىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭدا ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش، پۇلغا ئايلاندۇرۇش، «ئالدى ئىشىكنى ئوچۇق قويۇش، ئارقا ئىشىكلەرنى توسۇۋېتىش» تەكىتلەنگەن. ئەگەر شۇ تەدبىرلەر ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلىدىغان بولسا، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، پاكلىقنى تەرغىب قىلىشتىن ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىناۋىتىنى ئۆستۈرۈشتىن زور ئۈنۈم ھاسىل قىلىنىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلغىلى بولىدۇ.

## «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش»<br>توغرىسىدا باشقىچە مۇلاھىزە

ھازىر «پاكلىقنى كۆپ مائاش بىلەن ئاسراپ قېلىش» ياكى «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دەيدىغان گەپلەر پەيدا بولۇپ قالدى. بۇنداق گەپنىڭ تەرغىباتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھەمدەملىرى كۆپىنچە گېپى ئاغزىدىن چۈشۈپ قالىدىغان ھالەتتە تۇرسىمۇ، يەنە بەزىلىرى ھەدەپ ئۆز گېپىنى يورغىلاتماقتا.

يېقىندا «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراشنىڭ

زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى» («جەنۇب شەنبىلىكى» نىڭ 9 - ئاينىڭ 14 - كۈندىكى سانىغا بېسىلغان . ئاپتورى لىيۇ يۇدې) دېگەن ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن ھېلىقىدەك گەپلەرنىڭ قالتىس گەپلىكىنى بىلىپ قويدۇم . ئاپتور بىر تەرەپتىن، پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» قا ھەدەپ مەدەتكارلىق قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن، «مائاش يۇقىرى بولسىلا خىزمەتتە پاك - خىيانەتسىز بولغىلى بولىدۇ» دەيدىغان گەپلەرنىڭ بارلىقىنى ئىنكار قىپتۇ؛ ئۇنىڭدىن كېيىن باشقىچە پىكىردە بولغانلارنى «ئەڭ نېگىزلىك مەنتىقىي ساۋاتىمۇ يوق ئىكەن»، «ئومۇمىي ئىنسان تەبىئىتى توغرىسىدا ئەڭ تۈپ چۈشەنچىسى كەم ئىكەن» دەپ قاتتىق ئەيىبلەپتۇ؛ «يۇقىرى مائاش» دېگەن سۆزنى «جەمئىيەتتىكى ھازىرقى ئوتتۇرىچە كىرىم دەرىجىسىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان»، بۇ يەردىكى «يۇقىرى» دېگەن سۆزنىڭ «تېخىمۇ ئېنىق» مەنىسى «يۇقىرى ئۆرلىتىش، يەنى كۆپەيتىش» تۇر دەپتۇ . ھەتتا ناھايىتى مەنتىقىلەشتۈرۈپ : «بۇ خۇددى سۇ بېرىدىغان ئادەم بولمىغاندا ئادەم قاتتىق چاڭقايدۇ دېگەنگە ئوخشاش گەپ؛ بۇ يەردە سۇ بولسىلا نورمال ھايات كەچۈرگىلى بولىدۇ دېگەن گەپ يوق» دەپتۇ . ماركسىزم كلاسسىكلىرىنى شاھىدلىققا تارتىپ نەقىل كەلتۈرەي دېسە، كلاسسىكلىرىدىن بۇ جەھەتتە بىرەر ئېغىز سۆز قالماپتىكەن دەپ ھەسرەت چېكىپ، ئاخىر سۇن جۇڭسەن ئەپەندىنىڭ بۇنىڭدىن 100 يىل ئىلگىرى خاندانلىقنىڭ قانۇن - تۈزۈملىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا لى خۇڭجاڭغا سۇنغان تەكلىپنامىسىدىكى مۇنداق سۆزلەرنى تېپىپتۇ : «ۋەزىپىنى ئۇزاق ئۆتىگەنلەرنىڭ كۆرگەن - بىلگەنلىرى چوڭقۇر بولىدۇ . ئىشلەپ ئادەتلەنگەندە ئەقىل - تەدبىر چىقىدۇ . مائاش كۆپ بولسا پاك، خىيانەتسىز بولىدۇ، مائاش تەمىناتى مۇقىم بولسا غەم - ئەندىشىدىن خالىي، يەكدىل بولالايدۇ .» پادىشاھ سۇڭ تەيزۇنىڭمۇ پاكلىقنى يۇقىرى



مائاش بىلەن ئاسراش تەدبىرىنى يولغا قويغاندا : «خىزمەتچىلەر ىچىدە ناقابىل ئادەملەر كۆپىيىپ كەتسە ھاكىمىيەت سۇرمەك ەس بولىدۇ؛ مائاش تەمىناتى ئاز بولۇپ قالسا پاكلىق جەھەتتىن ەيىبلىمەك تەس بولىدۇ . بىكار تەلەپ خىزمەتچىلەرگە ئارتۇقچە پۇل چىقىم قىلغاندىن كۆرە، ئەمەلدارنى ئازايتىپ، مائاشنى كۆپەيتكەن تۈزۈك» دېگەن سۆزنى تېپىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بۇ گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى خۇددى قاراڭغۇلۇق قاپلىغان دېڭىزدا بىر ال سەرەڭگىنى ياققاندەك دەستەك قىلىپ، دېڭىزدا ېتىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىگە مەشئەل بىلەن يول كۆرسىتىپ ېرمەكچى بوپتۇ . شۇنداق، ئەجدادلىرىمىز گەپنى ناھايىتى وچۇق قىلغانىكەن، ئەمدى نېمە دېگۈلۈك؟ پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسرايلى دېگەن گەپكە ھەممىمىز دەرھال ماقۇل ولايلى، ئۇ گەپنى ھەممىمىز ھىمايە قىلايلى! دېمەكچى بوپتۇ .

لېكىن، هاي، ئالدىراپ كەتمەيلى، ئاۋۋال مۇنداق ىرنەچچە ئاساسىي پاكىتقا قاراپ باقايلى :

«يۇقىرى مائاش» دېگەن سۆز پەقەت «يۇقىرى ئۆرلىتىش - كۆپەيتىش» دېگەنلا سۆزمۇ؟ پەقەت «جەمئىيەتتىكى ھازىرقى وتتۇرىچە كىرىم دەرىجىسىگە نىسبەتەن ئېيتىلغان» مۇ؟ ەمەلىيەتتە ھازىر تۆھپىسىگە قاراپ ھەق ئېلىش چارىسى يولغا ويۇلۇۋاتىدۇ، مەنسەپ دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى ۆھپىسىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىنى ئۆلچەشنىڭ ئومۇملاشقان ارىسى بولۇپ قالدى . قېنى قەيەردە ئىدارە دەرىجىلىك ىزمەتچىلەر باشقارما دەرىجىلىكلەردىن كۆپ ئالمايدىكەن؟ ەيەردە باشقارما دەرىجىسىدىكىلەر بۆلۈم دەرىجىسىدىكىلەردىن، ۆلۈم دەرىجىسىدىكىلەر بۆلۈم ئەزالىرىدىن كۆپ ئالمايدىكەن؟ ەۋۋال مۇشۇنداق تۇرسا يەنە «. . . گە نىسبەتەن ئېيتىلغان» ەپ ئىزاھلاش بىھۇدە ئىش ئەمەسمۇ؟ ئېھتىمال ھازىر بىر ىسىم جايلاردا مائاش تارقىتىش، مۇكاپات پۇلى ئېلىش

ئىشلىرى يەڭ ئىچىدە بولۇۋاتقانلىقتىن، بۆلۈم دەرىجىسىدىكىلەرنىڭ، باشقارما دەرىجىسىدىكىلەرنىڭ، ئىدارە دەرىجىسىدىكىلەرنىڭ زادى قانچىلىك ئالغان، ئېلىۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بىلمىسە كېرەك. ئەگەر شۇنداق بولسا، ئاپتورنى خاتا ئەيىبلىگەن بولىمىز، بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ئۆزرىخاھلىق بىلدۈرىمىز. لېكىن يەنە شۇنى ئېيتىمىزكى، سىز ھېچبولمىغاندا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ كۆردىڭىزمۇ؟

ئەگەر گەپنى ئەگىتمەي قىلساق، «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەن سۆزدىن «مائاش يۇقىرى - كۆپ» بولسا، «پاكلىقنى - خىيانەتسىزلىكنى ئاسراش» مۇمكىن دېگەن مەنە چىقىدۇ. ئۇنداق بولسا، ئادەتتىكى مەنتىقىي پەرەز بىلەن ئېيتقاندا، ھازىرقى كۈندە بىر قىسىم ئادەمنىڭ پاك بولماسلىقى، ھەتتا چىرىپ كەتكەنلىكى كىرىمىنىڭ تۆۋەن - ئاز بولغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟ ئۇ، پاكىتقا ئۇيغۇن ئەمەس. بىرىنچىدىن، ئۆتمۈشتىكى «داشقازان تامىقى» غا تەلمۈرىدىغان يىللاردا ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنىڭ خادىملىرىنىڭ كىرىمى ناھايىتى ئاز ئىدى، لېكىن شۇ چاغلاردا ھازىرقىدەك كۆپ

ھارامخورلۇق — ناپاكلىق ۋە چىرىكلىك يوق ئىدى. ئىككىنچىدىن، 90 - يىللاردىن بۇيان مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ۋە دۆلەت خادىملىرىنىڭ ئىقتىسادىي دېلولىرى كۆپىيىپ 1 مىليون 100 مىڭغا يەتتى. بۇنى ئۇلارنىڭ كىرىمىنىڭ ئازلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ شۇنداقلا چېڭ كېجې، خۇ چاڭچىڭ دېگەن بىرنېمىلەر نەچچە مىليونلاپ، نەچچە ئون مىليونلاپ قاقتى - سوقتى قىپتۇ، ئەجەبا بۇنىڭغىمۇ كىرىمىنىڭ ئازلىقى زامىن بوپتۇمۇ؟

پاكلىق قۇرۇلۇشىنى زادى نېمە بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ؟ بۇنىڭغا تارىخمۇ، ئەمەلىيەتمۇ، ئىجابىي تەرەپلەرمۇ، سەلبىي تەرەپلەرمۇ شۇنداق كۈچلۈك جاۋاب بەرمەكتىكى،



سىياسىي چۈشەنچىگە، پاكلىق ئېڭىغا، مۇكەممەل تۈزۈمگە (ھەممىدىن ئاۋۋال قانۇنغا) ۋە چىن مەنىدىكى ئاممىۋى نازارەتكە سۈيۈنۈپ ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. بۇ تەشكىلىي تەپتىشلىك مېخانىزمى بىلەن باشقۇرۇلىدۇ، كاپالەتلەندۈرۈلىدۇ.

مېنىڭ قارىشىمچە، «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەن گەپنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە شەرت - شارائىتى يوق ئەمەس. شۇنداق ئويلايمەنكى، ئىقتىساد تەرەققىي قىلسا، ئىجتىمائىي ئوتتۇرىچە كىرىم سەۋىيىسى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ تەبىئىي كۆپىيىدۇ. سۇ ئۇلۇغ كەلسە كېمە يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، ئىش ئوڭغا تارتسا ئىشتان سوڭغا كېلىدۇ دېگەن گەپ ئەنە شۇ. ئەگەر «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» دېگەن گەپنى بىر تەرەپلىمە چۈشىنىۋالساق ياكى ئۇنىڭغىلا بېرىلىپ كەتسەك، ئەكسىچە ئىش تەس بولىدۇ. بولۇپمۇ ھۆكۈمەت خىزمەتچىلىرىنىڭ كىرىمى ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي سەۋىيىدىن تۆۋەن بولمىغان، يەنە نۇرغۇن پۇقرانىڭ كىرىمى ئوتتۇرىچە ئىجتىمائىي سەۋىيىدىن تۆۋەن بولۇپ تۇرغان ھازىرقى شارائىتتا، «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» نىڭ، «پاكلىقنى مائاشنى كۆپەيتىش بىلەن ئاسراش» نىڭ «زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى» نى ھەدەپ داۋراڭ قىلساق، بىرئاز نادانلىق، رەھىمسىزلىك بولماسمۇ؟

بىرئاز ۋاقىت ئىلگىرى يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4 - قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا: «ئۆزىمىزنى ئاۋۋال بېيىتىۋالمايلى»، «مەيلى ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ياكى ئىسلاھات مەزگىلىدە بولسۇن، ‹جاپانى ئاۋۋال تارتىپ، راھەتنى كېيىن كۆرۈش› پرىنسىپىنى ئۆزگەرتمەيلى» دەپ نەسىھەت قىلغان. شۇنداق ئىكەن، «پاكلىقنى يۇقىرى مائاش بىلەن ئاسراش» يولىدا داۋراڭ كۆتۈرۈشكە نېمە ھەققىمىز بار؟

## غەربىي رايون ھەممىدىن بەك نېمىگە موھتاج

غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە رەتلىك، ئۈنۈملۈك گۈللەندۈرۈپ، مەركەزنىڭ ئىستراتېگىيىلىك مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بەزى جايلار ۋە تارماقلار ئاكتىپ ھالدا مەسلىھەت يىغىنلىرىنى ئېچىپ چارە-تەدبىر ئىزدىمەكتە. «2000-يىللىق جۇڭگو غەربىي قىسىم مۇنبىرى» دە 10-ئاينىڭ 20-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە چېڭدۇ شەھىرىدە تۆت قېتىم يۇملاق شىرە يىغىنى ئۆتكۈزۈلۈپ، غەربىي قىسمىنى گۈللەندۈرۈشتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەر مۇزاكىرە قىلىندى. مۇزاكىرىدە ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلەرمۇ مۇنداق تۆت تەرەپكە مەركەزلەشتى: بىرىنچى، غەربىي قىسىم ئادىل قانۇنىي ئىدارە قىلىشقا موھتاج؛ ئىككىنچى، غەربىي قىسىم كۆزقاراشنى يېڭىلاشقا موھتاج؛ ئۈچىنچى، غەربىي قىسىم قابىلىيەتلىك ئادەملەرنى يىغىشقا موھتاج؛ تۆتىنچى، غەربىي قىسىم ئەل ئىچىدىكى مەبلەغكە موھتاج. ھەربىر ئەزىز مېھمانغا بايان قىلماقچى بولغان نۇقتىئىنەزىرىنى بايان قىلىشقا پەقەت 100 سېكۇنتلا ۋاقىت چەكلەپ بېرىلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن يۇملاق شىرە يىغىنى «مېڭىنىڭ قېتىقىنى چىقىرىدۇ» غان «پەيزىلىك 100 سېكۇنت» دەپ تەرىپلەندى.

غەربىي قىسمىنى گۈللەندۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھاكىمىلەردە مەسىلىلەر ئومۇمەن مۇنداق تەرتىپتە رەتلىنىپ كەلگەندى. بىرىنچى، مەبلەغ؛ ئىككىنچى، تېخنىكا؛ ئۈچىنچى، ئىختىساسلىق ئادەملەر. بۇنىڭدا چاتاق يوق ئەلۋەتتە،



لېكىن ئەتراپلىق بولمىغان؛ ئۇلار مەسىلىنىڭ توپ-تومۇرىمۇ ئەمەس ئىدى. بۇ قېتىمقى يۇملاق شىرە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان تۆت نۇقتىئىنەزەر غەربىي قىسمىنىڭ «تومۇرى» نى دەل توغرا تۇتقان. ئادىل قانۇنىي ئىدارە قىلىش، كۆزقاراشنى يېڭىلاش، غەربىي قىسىم نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، بۇ قېتىمقى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرۈشنىڭ غەنىيمەت پۇرسىتىنى تولۇق ئىگىلەپ، غەربىي قىسمىنىڭ ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى ھەممە جەھەتتىن ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ ھەممىدىن مۇھىم ئالدىنقى شەرتىدۇر. مۇشۇ ئىككى ئىش ئۈچۈن ھازىرقى ۋاقىتتا ھەممىدىن زۆرۈر بولغىنى كۆزقاراشنى يېڭىلاشتۇر.

«ئىقتىسادتا پايدىلىنىش گېزىتى» نىڭ 10-ئاينىڭ 30-كۈنىدىكى سانىدا «بىر يەردە بازار تەسىس قىلىش ئۈچۈن 12 ھۆكۈمەت تامغىسى بېسىش كېرەك بوپتۇ» دېگەن بىر خەۋەر گېزىت سەھىپىسىنىڭ بېشىدا بېسىلىپ چىقتى. شۇ خەۋەردە بايان قىلىنىشىچە، شىنىن شەھىرىدە بىر يەككە تىجارەتچى بىر توپ سېتىش بازىرى تەسىس قىلماقچى بولۇپ ئىلتىماس سۇنۇپتۇ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ بىر يېرىم يىل ۋاقىت ئىچىدە 12 تامغا باستۇرۇپ، تۈرلۈك رەسمىيەتلەرنى ئاران ئەسلىكتە پۈتتۈرۈپتۇ. خەۋەردە بەزى تارماقلارنىڭ ئىش بېجىرىش جەھەتتىكى قاشاڭلىقلىرى، ئىش ئۈنۈمىنىڭ تۆۋەنلىكى ئاشكارىلىنىپتۇ. ئۆلكىلىك كومىتېتنىڭ ئاساسىي مەسئۇلى بۇ خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەرگەن مۇھىم يوليورۇقىدا: «بۇ خەۋەرنى ئوقۇدۇق، بىرقانچىمىز ناھايىتى چۆچۈپ كەتتۇق» دەپتۇ ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلارغا «ئادەم ئاجرىتىپ، بۇ قۇشقاچنى ئەستايىدىل ئوپېراتسىيە قىلىپ بېقىڭلار. مۇشۇنداق خاھىش خاراكتېرلىك مەسىلىلەرنىڭ چاۋىسىنى جامائەت ئالدىدا يېيىش كېرەك، قاتتىق ئەدىپىنى يەپ، بېشىنى سىلىكۋەتسۇن» دەپتۇ.

دەل شۇ كۈنى «گۇيجۇ شەھەر گېزىتى» دىمۇ مۇنداق بىر خەۋەر بېسىلىپ چىقتى: جەنۇب تەرەپتە بىر دورا ياساش كارخانىسى ئەمەلىي تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن، گۇيجۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدىكى بىر ئاپتونوم ئوبلاستتا دورا ماتېرىياللىرى تېرىيدىغان، دورا ياسايدىغان بازا تەسىس قىلىش نىيىتىگە كېلىپ، بۇنىڭغا سالىدىغان مەبلەغ ھېسابىدا دەسلەپ قىلىپ 400 مىڭ يۈەن پۇلنى شۇ يەردىكى بانكىغا يېرىۋوت قىلىپ بېرىپتۇ. كارخانىنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندا، ئوبلاست باشلىقى قوبۇل قىلىپ كۆرۈشۈپتۇ، ئوبدان مېھمان قىپتۇ. لېكىن ئىشقا رەسمىي تۇتۇش قىلىشقا باشلىغاندا قاتمۇقات توسقۇنلۇقلارغا دۇچ كەپتۇ، 40 نەچچە مىڭ يۈەن چىقىم تارتىپ، ئىككى ئايغا يېقىن ۋاقىت ئاۋارە بولۇپ، ئاخىر لېيىنى چىشلەپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بوپتۇ.

بۇمۇ «قۇشقاچ» لارنىڭ بىرى. ئەمدى يەنە بىر «قۇشقاچ»قا قاراپ باقايلى:

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 24 - نويابىردىكى خەۋىرى: 2001 - يىلى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەقسىم قىلىنىشىغا يەنە يېرىم يىل ۋاقىت قالغان بىر چاغدا، كارخانىلار ئارا ئىختىساسلىق ئادەملەرنى تالىشىش جېڭى تەرەپ - تەرەپتىن باشلىنىپ كەتتى. شاڭخەيدىن 20 نەچچە كارخانىنىڭ ۋەكىللىرى 11 - ئاينىڭ 19 - كۈنى ھەممىدىن بۇرۇن چىڭخۇا ئۇنىۋېرسىتېتىغا كىرىپ، ئىختىساس ئىگىلىرىنى تەكلىپ قىلىش سورۇنلىرىنى قۇرۇپ ئولتۇردى. دېگىنىز بويىلىرىدىن 40 نەچچە كارخانىنىڭ ئادەملىرىمۇ ئوقۇشنى تاماملىنىدىغان ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن 11 - ئاينىڭ 20 - كۈنى بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيلەردىكى ئاتاقلىق ئالىي مەكتەپلەرگە بېرىپ بولدى. شۇ كارخانىلار ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك



چارىلىرىنى ئىشلىتىشتى: بەزىسى يۇقىرى مائاش بېرىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، بەزىسى ئۆي بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى، بەزىسى يەنىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئاشۇرۇشقا رۇخسەت قىلىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى، ئۇلار ئۆزلىرىگە كېرەكلىك ئىختىساس ئىگىلىرىدىن مەھرۇم بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرىدى. لېكىن، ئىختىساسلىق ئادەملەرنى تالىشىدىغان جەڭ مۇشۇنداق كەسكىن بولۇۋاتسا، ئۇنىڭغا غەربىي قىسىمدىن بىرەرمۇ كارخانا قاتناشقىنى يوق. مۇخبىر غەربىي قىسىمدىكى بىر نەچچە ئۆلكىنىڭ كادىرلار نازارەتلىرىدىن تېلېفون بىلەن ئۇقۇشسا، ئۇلار بۇ جەھەتتە تېخى بىرەر بۇ داققا كەلگىنىمىز يوق، دەپتۇ. بۇنىڭ سەۋەبى ئۇلاردا پۇل يوقمىش، شەرت - شارائىت يوقمىش.

3 - «قۇشقاچ» نى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرسەكمۇ گەپ يەنە شۇ كۆزقاراش مەسىلىسى ئىكەن.

مەسىلەن، قۇرۇلۇش مەبلىغى جەھەتتە مەمۇرىي جەھەتتىن تەكشۈرۈپ تەستىقلىغاندا بىرئاز كەڭ قوللۇق بولۇش مۇمكىن ئەمەسمدۇ؟ ئالىدىغان مەمۇرىي ھەقنى ئازايتىش ياكى ئالماسلىق مۇمكىن ئەمەسمدۇ؟ رەسمىيەتلەرنى بىرئاز ئاسانلاشتۇرۇشقا بولماسمۇ؟ بېجىرىش ئۈنۈمىنى بىرئاز يۇقىرى كۆتۈرۈش مۇمكىن بولماسمۇ؟ بەزى ئالاھىدە ئىشلارنى ئالاھىدە بېجىرىشكە بولماسمۇ؟ ئىختىساس ئىگىلىرىنى جەلپ قىلىش مەسىلىسىدە غەربىي قىسىمدا شەرق، جەنۇب تەرەپلەر بىلەن مۇسابىقىلەشكۈدەك دەرمان راست يوقمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا باشقا ئامال يوقمۇ؟ يەنە مەسىلەن، غەربىي قىسىمدا ئورگان كۆپىيىپ كەتكەن، ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇپ كەتكەن ئەھۋال يوقمۇ؟ مەمۇرىي ئورگانلاردا، كەسپىي ئورۇن ۋە كارخانىلاردا ئېھتىياجدىن ئوشۇق بىكارچى ئادەملەر يوقمۇ؟ كۈنلارنىڭ «ئۈچ لەك ئەسكەرنى ھازىرلىماق ئاسان، بىر قوماندانىنى تاپماق

تەس » دېگەن سۆزى بار . ئەگەر كارغا كەلمەيدىغان ئۈچ ئادەمنى ئازايتىپ ، ئۇلارنىڭ «مائاشى» بىلەن كارغا يارايدىغان بىر ئادەمنى بېقىش ، غەربىي قىسىم ئېھتىياجلىق بولغان يارامىلىق ئادەملەرنى جەلپ قىلىش تەس ئىش بولمىسا كېرەك ؛ پۇلىمىز يېتىشمەيدۇ ، شەرت ـ شارائىتىمىز ياخشى ئەمەس دەپ بىپەرۋالىق قىلىشنىڭ نېمە ھاجىتى بار ؟

كۆزقاراشنى يېڭىلاش ئۈچۈن چوقۇم دەسمايە سېلىش ھاجەتسىز ، غەربىي قىسىم تامامەن ئۆزى ھەل قىلىپ كېتەلەيدۇ ، بۇ غەربىي قىسىم رەھبەرلىرىنىڭ چۈشەنچىسىگە ۋە غەيرىتىگە باغلىق . غەربىي قىسىمغا زۆرۈر بولۇپ تۇرغان ئىشلار ناھايىتى كۆپ ، ئەلۋەتتە . لېكىن ھازىر ھەممىدىن بەك ئېھتىياجلىق بولۇپ تۇرغىنى يەنىلا كۆزقاراشنى يېڭىلاش . ئۇنداق قىلمايدىكەن ، ئادەمنى «ناھايىتى چۆچۈتىدۇ» غان ئىشلار يەنە تۇغۇلۇشى مۇمكىن .

(سۇي لى ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 12 ـ دېكابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى . )





# شەكىلۋازلىق توغرىسىدا پاراڭ

مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ 9 ـ نويابىردىكى «ھازىر ئاڭلىتىدىغانلىرىمىز» سەرلەۋھىلىك پروگراممىسىدا خەۋەر قىلىنىشىچە ، خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شياڭيىن شەھىرىدىكى سۇ ئىنشائاتى قۇرۇلۇشىغا 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئاتلانغان . لېكىن ، شۇنداق بىر غەلىتە ئەھۋال يۈز بەرگەنكى ، قۇرۇلۇشقا ئاتلانغان ئادەملەر ئىككى سائەت بولمايلا قولىدىكى ئىشلىرىنى تاشلاپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كەتكەن ! 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنىڭ شۇنچە دەبدەبە بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈلۈشى ئاران شۇ ئىككى سائەت ئىشلەش ئۈچۈنمۇ ؟ ئەسلىدە شۇ كۈنى ئۆلكە رەھبەرلىرى سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى ئۇيەر ـ بۇيەرگە بېرىپ تەكشۈرمەكچى بولغانىكەن . شياڭيىن شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى 17000 دىن ئارتۇق ئادەم ئىشقا ئاتلاندى دېگەندىن كېيىن ، ئۆلكە رەھبەرلىرى ئەلۋەتتە 10 مىڭدىن ئارتۇق ئادەم قۇرۇلۇشقا ئىشلەۋاتقان داغدۇغىلىق مەيداننى كۆرگىلى بارىدۇ ـ دە . ئۇلار كۆرگەندىن كېيىن خۇشال بولۇپ ، پىكاپلىرىغا ئولتۇرۇپ باشقا يەرلەرگە مېڭىپتۇ . ئۇلار يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن ، ھېلىقى «ھەدەپ ئىشلەپ» تۇرغان ئادەملەر دەرھال ئىشلىرىنى تاشلاپ قايتىپ كېتىپتۇ . مۇخبىر ئۇلاردىن : ئىشنى نېمىشقا شۇنچە بالدۇر توختاتتىڭلار دەپ سورىسا ، ئۇلار : رەھبەرلەر بىزگە ئىككى سائەت تۇرۇپ بېرىسىلەر ، تەكشۈرۈش تۈگىگەندە سىلەرنىڭ ئىشىڭلارمۇ تۈگەيدۇ ، دېگەن ؛ بۇ ئىككى سائەت بىكارغا تۇرمىدۇق ، ئىككى ئىش كۈنىمىزگە توغرىلىنىدۇ ـ دە ، دەپتۇ .

سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇشقا بەجانىدىل ئىشلەش توغرا كېلىدۇ، قۇرۇشتا تېگىشلىك بولغانلىرىنى قۇرۇش كېرەك، قانچىلىك ئادەم كېرەك بولسا شۇنچىلىك ئادەم چىقىرىش كېرەك. لېكىن شياڭيىن شەھىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنداق قىلمىغان، ئۇلار 17000 دىن ئارتۇق ئەمگەك كۈچىنى پەقەت ئۆلكە رەھبەرلىرىنىڭ كۆزىدىن بىر ئۆتكۈزۈۋېلىش ئۈچۈنلا سەرپ قىلغان.

دائىم بەزى رەھبەرلەرنىڭ شەكىلۋازلىققا قاتتىق نەپرەتلەنگەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەرنى كۆرۈپ كېلىۋاتىمىز، رەھبەرلىرىمىز شەكىلۋازلىقنى ناھايىتى يامان كۆرىدىغاندەك قىلىدۇ. لېكىن، ئەجەبكى، شەكىلۋازلىق ئازايماۋاتىدۇ. خەلقىمىز شەكىلۋازلىققا ھېرىسمۇيا؟ 17000 دىن ئارتۇق ئادەمنى ئىككى سائەت تۇرغۇزىدىغان چوڭ پائالىيەتلەر پۇقرانىڭ قولىدىن كەلمەس، ئۇنداق تەشكىللەش ئىقتىدارى ۋە شەرت - شارائىتى پەقەت رەھبەرلەردىلا بار.

شەكىلۋازلىقنىڭ رولى كۆپ، پايدىسىمۇ كۆپ، رەھبەر بولغان ئادەمنىڭ قايسىبىرى بۇنى بىلمەيدۇ دەيسىز؟! ئالدى بىلەن ناھايىتى داغدۇغا پەيدا قىلىپ بېرەلەيدۇ، يېڭى - يېڭى خەۋەر تارقىتىپ بېرەلەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەكىلۋازلىق قىلىۋەرگەندىن كېيىن ئادەتكە ئايلىنىپ قالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزى شەكىلۋازلىقلار مەسىلە بولۇپ تۇيۇلمايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

سۆزلەپ كەلسەك، شەكىلۋازلىق تېخى «بىزنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىمىز». 50 - يىللاردىكى، 60 - يىللاردىكى كىنولارغا قارىساق، ئادەملەرنىڭ توپ - توپ، مىغ - مىغ يىغىلىپ تۇرغانلىقىنى، قىزىل بايراقلارنىڭ لەپىلدەپ جاھاننى قاپلىغانلىقىنى كۆرىمىزغۇ! شۇنداق قالتىس مەيدان، قالتىس كۆرۈنۈشلەردىن تېلېۋىزىيە فىلىمى، فوتو رەسىملىرى ئىشلەنسە



تېخىمۇ كارامەت كۆرۈنىدۇ - دە. ئۇنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداقلىقى بىلەن كىمنىڭ كارى! داغدۇغىسى بولسىلا بولدى - دە!

شەكىلۋازلىقتىن يېڭى - يېڭى خەۋەر تۇغدۇرۇش مۇمكىن، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن نەتىجە قازىنىش تېخىمۇ مۇمكىن، بۇنىڭ ھېكمىتىنى قايسىبىر مەنسەپدار بىلمەي قالار؟ شياڭيىن شەھىرىدىكى سۇ ئىنشائاتى توغرىسىدا مۇخبىر چاتاق تاپمىغان بولسا، شۇ داغدۇغا خەلققە ئۆلكە رەھبەرلىرىنىڭ غەيرىتى بار ئىكەن، قابىلىيىتى بار ئىكەن، ئاممىنى كەڭ كۆلەمدە قوزغىيالايدىكەن، تولۇپ تاشقان غەيرەتكە كەلتۈرەلەيدىكەن، زور كۆلەملىك ھەرىكەتكە كەلتۈرەلەيدىكەن دەيدىغان چوڭقۇر تەسىراتلارنى پەيدا قىلماسمىدى؟ يەنە تېخى مەنسەپ - دەرىجىلىرىنى ئۆرلىتىشى ياكى چوڭ - چوڭ مۇكاپاتلارغا ئېرىشىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

(سۇي لى ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 12 - دېكابىر سانىدىن تەرجىمە قىلىندى.)



# ناھايىتى «قورقۇنچلۇق» ئادەملەر

ئەگەر «يېقى تۇرمۇشىمىزدا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئادەملەر كىم؟» دەپ سوئال قويۇلسا، بۇ سوئالغا ھەر خىل جاۋاب چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

بەزىلەر: زوراۋان جىنايەتچىلەر ھەممىدىن قورقۇنچلۇق، ئۇلار ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن، ئوت قويۇشتىن، بۇلاڭچىلىق قىلىش، باسقۇنچىلىق قىلىشتىن يانمايدۇ، باشقىلارنىڭ ھاياتىغا، مال - مۈلكىگە زىيان ئۇرىدۇ، ئۇنداق ئادەملەرگە يولۇقۇپ قالغان ئادەم قارا تەرگە چۆمۈلمەي قالارمۇ؟ دېيىشى مۇمكىن.

بەزىلەر: ئۆز نەپسىنى دەپ قانۇننى دەپسەندە قىلىدىغان ئادەملەر ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئۇنداق ئادەملەر جامائەت بەرگەن ھوقۇقتا خىيانەت قىلىپ، شەخسىي مەنپەئىتىنى كۆزلەيدۇ. چوڭراق بىر خىيانەتچى ئەمەلدار بىرنەچچە يىل ئىچىدىلا نەچچە مىليون ھەتتا نەچچە ئون مىليون يۈەنگە خىيانەت قىلسا، پارا يېسە، نەچچە مىڭ دېھقاننى بىر يىل بىكارغا ئىشلەتكەن بىلەن باراۋەر بولىدىكەن، دېيىشى مۇمكىن.

بەزىلەر: كۆز بويايدىغان ساختىپەزلەر ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ. ئۇلار ساختا ھاراق بىلەن ئادەمگە زىيان سالىدۇ، ساختا دورا بىلەن ئادەم ئۆلتۈرىدۇ، ساختا مال بىلەن خەقنىڭ پۇلىنى ئالىدۇ، ساختا ئەسەرلىرى بىلەن ئادەم ئازدۇرىدۇ. «ساختا ئەمەلدار» تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدۇ، شۇنداق ئەمەلداردىن بىرسىلا پۈتۈن بىر تەۋەنى زىيانغا ئۇچرىتىۋېتىدۇ، دېيىشى مۇمكىن.



بەزىلەر: كالىكومشارلار ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ، ئۇلار ھۆكۈمەتتە بىرەر ئورۇننى ئىگىلىۋېلىپ، ھۆكۈمەتتىن پۇل ئالىدۇ، لېكىن سوراپ بېقىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى سورىمايدۇ، باشقۇرۇشقا تېگىشلىك ئىشلار بىلەن كارى بولمايدۇ، گەپ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارغا مۆرىمەيدۇ، بېجىرىشكە تېگىشلىك ئىشلارنى بېجىرمەيدۇ، دېيىشى مۇمكىن.

مۇشۇنداق «قورقۇنچلۇق» ئەھۋاللار نۇرغۇن ئادەملەر نەزىرىدە ئورتاق بىر چۈشەنچىگە ئايلىنىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن، لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ تۇرغان مەۋقەنى بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، ئۇلارنى رەتكە تىزغاندا بەزىلەر «بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت» دەپ تىزسا، يەنە بەزىلىرى «تۆت، ئۈچ، ئىككى، بىر» دەپ تىزىشى مۇمكىن. بۇلاڭچىنى ئۇچراتسا، جىنايەتچى ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدىكەن دېيىشى مۇمكىن؛ خىيانەتچىنى كۆرسە، خىيانەتچى ئەمەلدار ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدىكەن دېيىشى مۇمكىن؛ بيۇروكراتچىلىقنىڭ دەستىدىن كۆپ دەرد تارتقان ئادەمنىڭ: ئاشۇنداق كالىكومشارلىق ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدىكەن، دېيدىغانلىقىدا شەك يوق!

لېكىن، بىرمۇنچە ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە قىلچىلىكمۇ قورقۇنچلۇق بولمىغان، ھەتتا خۇشال بولىدىغان ئىشلار يەنە باشقا ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە «ناھايىتى قورقۇنچلۇق» بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن:

بەزىلەر ئەرز قىلىشقا ئامراق ئادەملەرنى ناھايىتى «قورقۇنچلۇق» دەپ قارايدۇ. بەزى ئىدارىلەرنىڭ رەھبەرلىرى يۇقىرىغا دەرد - ئەھۋالىنى ئېيتىدىغان، ئەرز سۇنىدىغان ئادەملەردىن ۋەھىمە يەيدۇ، ئۇلارنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرىدۇ، ئۇلارنى ئىدارىمىزدىكى «ھەممىدىن چوڭ خاتىرجەمسىزلىك ئاسلى» دەپ قارايدۇ، شۇڭا ئۇلارنى باشقا «رويخەت» كە

كىرگۈزۈپ قويىدۇ ، ھەرگىز ئېتىبار بىلەن ئىشلەتمەيدۇ ، سىقىپ چىقىرىۋېتىش مۇمكىن بولسا سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ ، چىقىرىۋېتەلمىسە قاتتىق رېجىمغا ئېلىپ قويىدۇ .

بەزىلەر : باشقىلارنىڭ «يېغىرى» نى ئاچىدىغان ئادەم ھەممىدىن قورقۇنچلۇق بولىدۇ ، چۈنكى ئۇلارنىڭ يەتكۈزىدىغان زەخمىتى ناھايىتى چوڭ بولىدۇ ، ئۇنداق ئادەملەر خۇددى «چىۋىن» غا ئوخشاش ، باشقىلارنىڭ دەزى بار يېرىگىلا قونۇۋالىدۇ ، دېھقانلارنىڭ ساپ دارامىتىنى كۆپرەك مەلۇم قىلىپ قويىسىز ، ئۇلار ھېسابات دەپتىرىڭلارنى كۆرۈپ باقايلى دەپ سۈرۈشتە قىلىپ كېلىۋالىدۇ ؛ بورداقچىلىقتا دائىر نەق مەيدان يىغىنى ئاچسىڭىز ، ئۇلار قويلىرىڭلارنى ساناپ كۆرەيلى دەپ تۇرۇۋالىدۇ ؛ ئۇلار بىرەر ساختا ، يالغان ئىشنى ، بىرەر سەت ، يامان ئىشنى ، ئاممىدا پىكىر پەيدا قىلىپ قويغان ئىشلارنى بىلىپ قالسا گېزىتكە ياكى تېلېۋىزورغا خەۋەر يەتكۈزۈپ قويىدۇ ، شۇنىڭ بىلەن بىرمەھەل يۇقىرىدىن سۈرۈشتە قىلىپ تەكشۈرۈپ ، تۆۋەندە بولسا غۇت - غۇت كۆپىيىپ ، شۇ بىر نۆۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ بىر يىل ھەتتا بىرنەچچە يىل ئىشلىگەن خىزمىتىنى كۆپۈككە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ ، دېيىشى مۇمكىن .

بەزىلەر : «ساپاققا ئېسىلىۋالىدۇ» غان ئادەملەر ھەممىدىن «قورقۇنچلۇق» بولىدۇ . مەسىلەن ، جېجياڭ ئۆلكىسىنىڭ رۇيئەن شەھىرىدىكى ھېلىقى «ئاتەي» لەقەملىك چېن سىسوڭ بىر ج خ كادىرىنىڭ ھويلىسىدىكى قوتاندا يەتتە كېچە پايلاپ يېتىپ ، ئۇ ، بۇلار سوۋغات دەپ ئېلىپ كەلگەن پارىلارنى بىر-بىرلەپ تىزىملىغان ؛ يەنە تېخى سىنئالغۇنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ ، مەلۇم بىر رەھبەرنىڭ تاكى خىيانەت قىلغان ، پارا ئالغان ، يەپ - ئىچكەن ۋە ئوينىغان ئىشلىرىنىڭ ساپىقىنى تۇتۇۋالغۇچە بىر ئاي ئۇدا پېيىگە چۈشكەن . ئاندىن كېيىن ئۇنىڭ



بىلەن يەڭ سودىسى قىلىشىپ ، ئۇنى بۇياققا ماڭ دېسە شۇ ياققا ماڭىدىغان ، ئۇ ياققا ماڭ دېسە شۇ ياققا ماڭىدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان . ئۇنىڭغا ماقۇل دېمىسە ، ئۇنىڭ «يېغىرى» نى ئەتىسىلا ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا مەلۇم قىلغان . دېمەك ، شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئادەم يۈرەكزادە بولۇپ قالغان ، شۇنچە كۆپ ئادەم باش چۆكۈرۈپ گەپ ئاڭلايدىغان ھالغا چۈشۈپ قالغان ، دېيىشىدۇ .

ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا ، قورقۇنچنى ئىككى خىلغا ئايرىش مۇمكىن . بىر خىلى — ئاممىۋى قورقۇنچ ، يەنە بىر خىلى — شەخسىي قورقۇنچ . بىر خىلى — ئاشكارا قورقۇنچ ، يەنە بىر خىلى — يوشۇرۇن قورقۇنچ ؛ بىر خىلى — شەرەپلىك قورقۇنچ ، يەنە بىر خىلى — شەرمەندە قورقۇنچ ؛ بىر خىلى — ھەممە ئادەم قارشى چىقسىلا قورققۇچىلىكى قالمايدىغان قورقۇنچ ، يەنە بىر خىلى — ھەممە ئادەم ياخشى دەۋرسە تېخىمۇ قورقۇنچلۇق بولىدىغان قورقۇنچ .

قورقۇنچلۇق ئىكەنلىكىنى ياكى ئەمەسلىكىنى ئۆزىڭىزدىن سوراپ كۆرۈڭ ! قورقۇنچلۇق بولۇشى ياكى بولماسلىقى كۆپچىلىككە باغلىق !

(ۋاڭ جىنيۇ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 12 - سانىدىن تەرجىمە قىلىنغان .)

# بۇنىڭغا كىمنىڭ قورسىقى كۆپمىسۇن

شىمالىي جياڭسۇنىڭ مەلۇم يېزىسىدا بىرمۇنچە كىچىك بالىلار ئائىلىسىدىكى قىيىنچىلىق سەۋەبى بىلەن مەكتەپتە ئوقۇشتىن توختاپ قالىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالغانىكەن. ئاۋۋال بېيىغان بۇرادەرلەردىن بىرنەچچىسى شۇ ئەھۋالنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، كەمىنە قەلەم ئىگىسىنى ھەمراھ قىلىپ، ماشىنا بىلەن بىرنەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ، شۇ بالىلارنىڭ مەكتەپلىرىگە ۋە ئۆيلىرىگە پۇل ۋە باشقا نەرسە-كېرەك ئېلىپ باردى. بىر كۈن جاپا تارتىپ يۈرۈپ پۇلنىمۇ تارقىتىپ بېرىپ، كومپيۇتېرلارنىمۇ تارقىتىپ بېرىپ، يېرىم كېچىدە قايتىپ ماڭدۇق. شۇ چاغدا كۆڭلىمىز خۇش بولۇش بۇياقتا تۇرسۇن، كەمبەغەللەرگە ياردەم بېرىمىز دەپ قورساق كۆپۈكى تېپىۋالدۇق، دەيدىغان ھېسسىيات بىلەن رەنجىپ قالدۇق.

قورساق كۆپۈكىنى پەيدا قىلغان ئەھۋاللارنىڭ بىرى: كەمبەغەللىكى كەمبەغەل ئىكەن، لېكىن «سېخىي» كەمبەغەل ئىكەن. بىز ئاۋۋال يېزا بازىرىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە باردۇق، ناھايىتى ۋەيرانە بىر «مېھمان كۈتۈش بۆلۈمى» گە كىرگەندىن كېيىن قارىساق، پارتىلارنىڭ ئۈستىدە قۇتىلىق شەربەتلەر قاتار تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇنى ئىچمەيلى، قايناق سۇ ئىچسەك تېگىل بولىدۇ دېسەك، مەكتەپ رەھبەرلىرى «مەكتىپىمىزگە كەلمىگەنلەر تەس، سىلەر دېگەن ئېسىل مېھمان» دەپ، شېرىن ئۇسسۇلۇقلارنى ئىچىشكە زورلاۋەردى. مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتەپكە بارغاندا، ئۇ يەردىكى ھەشەمەت بىزنى



تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى: قارىساق، پارتىلاردا ئوقۇتقۇچىلار 20 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە مەركىزىدىن سېتىۋېلىپ كەلگەن مېۋە-چېۋە، يېڭى ئۈزۈلگەن ھەر خىل گۈل ۋە قۇتىلىق شەربەتلەر قاتار تىزىقلىق تۇرۇپتۇ. چۈش ۋاقتى بولغاندا، بىز كوچىغا چىقىپ ئۆز خىراجىتىمىز بىلەن چۈشلۈك تاماق يەۋالايلى دېسەك، يېزا بازىرىنىڭ رەھبەرلىرى چۈشلۈك تاماقنى ئاللىقاچان بۇيرۇتۇپ قويانلىقنى ئېيتتى ۋە بىزنى بىر تار كوچىدىكى ۋىۋىسكىسى يوق بىر مېھمانخانىغا باشلاپ باردى (كېيىن شۇ يەردىكى خەلقتىن ئاڭلىساق، شۇ مېھمانخانا مەخسۇسلا يېزا بازىرىدىكى رەھبەرلەرنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدىكەن)، ئىككى شىرەگە تىزىۋېتىلگەن تائاملارنىڭ موللۇقى چوڭ شەھەرلەردىكى ئالىي مېھمانخانىلارنىڭكىدىن قېلىشمايدىكەن. شۇ شىرەلەردىكى بەزى تائاملارنىڭ خۇرۇچىنى بىرنەچچە 100 چاقىرىم يىراقلىقتىكى ئۆلكە مەركىزىدىن ئالدۇرغانىمىش.

قورساقنى كۆپتۈرگەن ئەھۋاللارنىڭ يەنە بىرى: كەمبەغەللىكى كەمبەغەل ئىكەن، لېكىن كەمبەغەللى پۇقرا ئىكەن. داستىخان ئۈستىدە ئولتۇرغاندا، شۇ يەردىكى رەھبەرلەردىن مۇشۇ ئىككى ئۈستەلدىكى تائاملارغا قانچىلىك پۇل خەجلەندى دەپ سورىساق، ئۇلار «ھېچقانچە كەتمىدى، ھېچقانچە» دەپلا ئولتۇرۇۋالدى. ھېچبولمىغاندا ئوقۇشتىن قالغان ئىككى بالىغا ياردەم بېرىشكە يەتكۈدەك پۇل خەجلەنگەندۇ، دېسەك، ئۇلار «سىلەرنىڭ كەلمىكىڭلار تەس، بىز كەمبەغەل بولساقمۇ قورسىقىڭلارنى ئاچ قويساق بولمايدۇ-دە!» دەپ، بىزنى غىزاغا ئېغىز تېگىشكە زورلىدى. مەكتەپنىڭ، يېزا بازىرىنىڭ رەھبەرلىرى يەنە بىر تەرەپتىن ئاغزى بېسىلماي ھال ئېيتىپ، دەرد تۆكۈپ: بىزنىڭ بۇ يەردە ھېچقانداق زاۋۇت-فابرىكا يوق، بۇ يەرنىڭ خەلقى ئېتىز-

ئېرىق ئىشى بىلەنلا جان باقىدۇ ، ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ھېچقانچە تاپاۋەت قىلالمايدۇ ؛ يېزا بازىرىنى گۈللەندۈرىمىز دەپ مەكتىپىمىزنىڭ دەرۋازىسىنى باشقىدىن ياساش ئۈچۈن بىراقلا يەتتە - سەككىز يۈز مىڭ يۈەن سەرپ قىلىۋېتىپتۇق ، شۇڭا بۇ يىل ئوقۇتقۇچىلارغا ئاران ئىككى ئايلىقلا مائاش بېرەلىدۇق» دېگەن گەپلەرنى قىلدى . بىز سۆز ئارىلاپ : شۇنداق كەمبەغەل ئىكەنسىلەر ، ئەمىسە نېمىشقا بىزنى شۇنچە چىقىم بىلەن مېھمان قىلىسىلەر ؟ ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مائاشىنىمۇ بېرەلمەي تۇرۇپ ، نېمىشقا دەرۋازىنى چېقىپ قايتا ياسىدىڭلار ؟ دېھقانلار ئېتىز - ئېرىق ئىشىدىن تاپاۋەت قىلالمايدىكەن ، ئەجەبا بىز ئۇچراشقان دېھقانلار يېزىلىق ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئۇنىڭ ھەققى ، بۇنىڭ بەدىلى ، دەپ كەلسە - كەلمەس كۆپ سېلىق سالىدۇ ، دەپ ھال ئېيتىدىغۇ ؟ ! دەپ سوئال قويساق ، شۇ يەرنىڭ رەھبەرلىرى گەپنى بۇ ياندىن سورىساق سۆزنى ئۇ يانغا ئېلىپ قېچىپ ، توغرا جاۋاب بەرمىدى .

قورساقنى كۆپتۈرگەن ئەھۋاللارنىڭ ئۈچىنچىسى شۇكى ، كەمبەغەللىكىگە ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى سەۋەبچى بوپتۇ . باياشات دەپ تەرىپلىنىدىغان جياڭسۇ ئۆلكىسى تەۋەسىدە شۇنداق كەمبەغەل يەرمۇ بار ئىكەن ، ئەگەر كەمىنە قەلەم ئىگىسى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرمىگەن بولسام زادىلا ئىشەنمەيدىكەن . بىز بارغانلىكى يەردە بىرلا دېھقاننىڭ خىش بىلەن سېلىنغان ئۆيىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ، قالغانلىرىنىڭ ئۆيلىرى تامامەن ئوخشاشلا ئىككى ياكى ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ، «كېسەك تام ، لىم ياغاچلىرى ھەر خىل ، بېشىڭىزنى كۆتۈرسىڭىز تورۇسقا تاقىشىدۇ ، ئايىغىڭىزنى سۇنسىڭىز تامغا تاقىشىدۇ» ، تاملىرى قىڭغىر - قىيسىق ، ھېلىلا ئۆرۈلۈپ چۈشىدىغاندەك تۇرىدۇ ، ھەجمى كۆپ دېگەندىمۇ ئاران 20 ياكى 30 كۋادرات مېتىر كېلىدۇ ؛ ئۆينىڭ ئىچىدە ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك ئوخشاشلا بىردىن ئەبجەق



ياغاچ كارىۋات ، بىردىن جوزا ، بىرنەچچىدىن ئۇزۇن ئورۇندۇق بار ئىكەن ، شۇ ئۆيلەردىن 40 — 50 يۈەنلىك پۇلغا يارىغۇدەك بىرەر سەرەمجان تېپىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن . ئۇ يەرلەردە ، ياكى سانائەت ، ياكى ئۈنۈملۈك يېزا ئىگىلىكى بولسا كاشكى . يەر كۆپ بولسىمۇ ، لېكىن جەنۇبىي جياڭسۇلۇقلارنىڭ «تاقىر تاغلارنى يېشىل بانكىغا ئايلاندۇرايلى ، بوز يەرلەرنى بايلىق خەزىنىسىگە ئايلاندۇرايلى» دېگىنىدەك ئەمەس ، ئەكسىچە تاقىر ھالەتتە تاشلىنىپ قاپتۇ ، لاغايلاپ يۈرگەن بىكار تەلەپلەر ھەممىلا يەردە ئۇچراپ تۇرىدىكەن . يېزا رەھبەرلىرىدىن نېمىشقا بۇ يەردىكى ئادەملەرنى جەنۇبىي جياڭسۇلۇقلارغا ئوخشاش يەردىن بەرىكەت تېپىشقا يېتەكلىمىدىڭلار ؟ دەپ سورىساق ، ئۇلار «بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى تولىمۇ ھۇرۇن» دەپ جاۋاب بەردى . دېھقانلاردىن نېمىشقا ئەقلىڭلارنى ئىشقا سېلىپ ، بىلىكىڭلارغا تايىنىپ ، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئامالىنى قىلمايسىلەر ؟ دەپ سورىساق ، ئۇلار «بىز ئۆزىمىز ئامال قىلىشنى بىلمەيدىكەنمىز ، يۇقىرىدىكىلەرمۇ بىزگە ئۆگەتمىدى» دەيدۇ . «يېزا ، كەنت كادىرلىرى ئادەتتە نېمە ئىش قىلىدۇ ؟» دەپ سورىساق ، دېھقانلار : «بىرىنچىدىن ، ئەتىدىن - كەچكىچە بىز پۇقرادىن پۇل يىغىدۇ ؛ ئۇنىڭ پۇلى ، بۇنىڭ ھەققى دەپ ئالىدىغىنى تولا ؛ تۆت جانلىق بىر ئائىلە يىلىغا 1300 — 1400 يۈەن پۇل تاپشۇرىدۇ ؛ ئىككىنچىدىن ، پۇلنى يىغىۋالغاندىن كېيىن يەيدۇ ، ئىچىدۇ ، ئۇنىڭدىن باشقا قىلىدىغان ئىشى يوق» دەيدۇ . بىز بارغانلىكى ئۆيدە ئاز دېگەندىمۇ ئىككى بالا بار ئىكەن . شۇ بالىلارنىڭ ئاتا - ئانىسىدىن : «شۇنچە كەمبەغەل ئىكەنسىلەر ، يەنە نېمانچە كۆپ بالىلىق بولدىڭلار ؟» دەپ سورىساق ، ئۇلار : «ھېچكىمنىڭ كارى بولمىغاچقا ، بالا دېگەننى تېپىۋېرىپتۇق» دەيدۇ . «بالىنى تاپقاندىن كېيىن ، باقالامدىمەن - باقالمامدىمەن دەپ

ئويلىنىدىغان گەپ . بۇنى ئويلاپ باقمىدىڭلارمۇ ؟ » دېسەك ، ئۇلار : «ياق» دەيدۇ .

كەمبەغەل تۇرۇپ چوڭچىلىق قىلسا ، ئىككى نان تاپقاندا بىرىنى داپ قىلىپ چالسا ، كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇش مۇمكىنمۇ ؟ باشقىلارنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ جان باقسا ، كەمبەغەللىكنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتقىلى بولامدۇ ؟ ئەقلىنى ئىشقا بۇيرۇمىسا ، بىلەكنىڭ كۈچىگە تايىنىشتىن قورقسا ، ئاسماندىن نان چۈشەمدۇ ؟ «بۇلارنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىمەن ، تىرىشمايدىغان شۇ دىتسىزلىكىگە نەپرەتلىنىمەن» ، بۇ لۇشۇننىڭ سۆزى ، بۇ سۆزنى تەكرارلىغۇم كەلدى . شۇنداق ئەھۋال ھەقىقەتەن كىشىنىڭ قورسىقىنى كۆپتۈرمەي قويمايدۇ !

(ياۋ گېنروڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «نەزەر» ژۇرنىلىنىڭ 2000- يىل 40 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000- يىل 12 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



— ئاز بولسىمۇ كۆڭلىمىزنى بىلدۈرۈپ . . . — دېدى باش دىرېكتور .

— باش دىرېكتور ، كەمبەغەل مەكتىپىمىزگە ئىككى قاپ بور ھەدىيە قىلىپ ، ئېھتىياجىمىزغا ناھايىتى ئەسقېتىپسىز ، كۆپ رەھمەت ! — دېدى مەكتەپ باشلىقلىرى .



## خەلقىمىز نېمىدېگەن ئوبدان خەلق

خەلقىمىز نېمىدېگەن ئوبدان خەلق ! مېنىڭ ئۆزۈمنى چاغلىماي بۇنداق دېيىشىمنىڭ سەۋەبى ، خەلقىمىزنىڭ خوجايىن بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن بىرئاز ئەركە ۋە ھاكاۋۇر بولۇۋالمىغانلىقىلا ئەمەس . جەمئىيىتىمىزنىڭ ئەمگەكچىلەر ئامmىسىنى ئاساس قىلغان بۇ ئاساسي ئەزالىرىدا قەدىرگە يەتكىلى بولمايدىغان پەزىلەتلەر بار .

خەلقىمىز ناھايىتى توغرا كېسەر . خەلقىمىز ھەر ئىشنىڭ يولىنى بىلىدۇ . (ئىئانە بېرىش ، تېگىشلىك دارامىتىدىن پىرسەنت تۇتۇپ قېلىش ، سېلىق تۆلەش ) توغرا كەلسە بىر كىشىلىك ئۈلۈشى بارلىقىنى چۈشىنىدۇ . بالدۇرراق ئۇقتۇرۇپ قويۇشقا «ئۈلگۈرمەي» ، كېيىن تېگىشلىك ھەققىدىن پۇل تۇتۇپ قالغان بىرەر پارچە ئاق ھۆججەتنى ياكى ۋاكالىتەن تۆلەپ قويغان نەرسە - كېرەكلەر ئۈچۈن پۇل تۆلەش تالونىنى ئەۋەتىپ بەرسىڭىزمۇ ياق دەيدىغان ئادەم چىقماسلىقى مۇمكىن . بۇلتۇر گۇەنجۇڭ رايونىنىڭ بىر يېزىسى «تاۋاپ سەيلىسى» (يېزا يەرمەنكىسى ) ئۆتكۈزگەندە ، يېزا خەلقىمۇ ، سودا - تىجارەتچىلەرمۇ تەرەپ - تەرەپتىن كەلگەن «ئەمەلدار» لارنى كۈتۈۋېلىشقا سەرپ قىلىش «خىراجىتى» تاپشۇرۇپتۇ . قاراڭ ، شۇ يېزا خەلقى ۋە تىجارەتچىلەر تاپشۇرغىنىمىز يەپ - ئىچىشكە ئەجەلەيدىغان خىراجەت ئىكەن دەپ «جېدەل چىقىرىپ» يۈرمەپتۇ ، پەقەت ئازغىنە ئادەم ئازغىنە نارازى بوپتۇ ، خالاس .

خەلقىمىز ناھايىتى ئىتائەتچان . گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا ، خېنەن ئۆلكىسى سۈيشەن ناھىيىسىنىڭ بىر يېزىسىدا

(1993 ـ يىلىدىن ئىلگىرى ) دېھقانلارنىڭ كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بولسۇن دەپ ئۈزۈم تىكىش چاقىرىق قىلىنغانىكەن . ئۇ ئىش قاملاشمىغاندىن كېيىن ئالما دەرىخىنى سىناق قىلىپ تىككەنىكەن ، نەتىجىدە ، تۇخۇمنىڭ سېرىقىدەك ئۇششاق ئالما چىشۇپتۇ . 1994 ـ يىلى ئالمىنىڭ ئورنىغا ئۈجمە كۆچىتى قويغانىكەن ، ئىككىنچى يىلى پىلە غوزىكىنىڭ بىر جىڭى ئىككى ـ ئۈچ يۈەنگە چۈشۈپ كەتكەچكە ئىش ھەققىنىمۇ تۆلىيەلمەپتۇ . 1996 ـ يىلى بۇغداي ئۇرۇقىنى چېچىپ بولۇپ تۇرغاندا ، يېزىلىق ھۆكۈمەت يەرنى ھەيدەتتۇرۇپ ، بۇغداينىڭ ئورنىغا سامساق تېرىتتۇرۇپتۇ ، نەتىجىدە ، سامساق تەييار بولغاندا ئۇنى ئالىدىغان خېرىدارمۇ چىقماپتۇ . 1998 ـ يىلى شۇ يېزىدا يەنە 20 نەچچە كادىر مۇئاۋىن يېزا باشلىقىنىڭ يېتەكچىلىكى بىلەن تۆت تراكتورنى ئىجارىگە ئېلىپ ، 56 مو يەردىكى دان تۇتۇشقا باشلىغان بۇغداينى ھەيدەپ ـ ئاغدۇرۇپ تاشلاپ ، ئۇنىڭ ئورنىغا تاماكا تېرىتتۇرۇپتۇ . دېمەك ، «كەمبەغەللىكتىن قۇتۇلدۇرۇش» ئۈچۈن ئۇنىڭ ئورنىغا بۇنى تېرىتتۇرىدىغان ئىش رەھبەرلىك نۆۋەت ئالماشتۇرۇشنىڭمۇ ، زىرائەت ئۇرۇقىنى ئۆزگەرتىشنىڭمۇ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى ، دېگەن گەپ مانا شۇ .

خەلقىمىز بوزەك . گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا ، بىر يېزىنىڭ باشلىقى كادىرلارنى باشلاپ پىلانسىز تۇغۇت جەرىمانە پۇلىنى يىغىشقا بېرىپتۇ . بىرەيلەن : ئىككى بالا تاپقىنىمىزغا جەرىمانە قويىدىكەنسىلەر ، كەنت مۇدىرى بەش بالا تاپقان تۇرسا ، نېمىشقا ئۇنىڭغا جەرىمانە قويمايسىلەر ؟ دەپ «تاكاللاشسا» ، يېزا باشلىقى شۇ دېھقانغا 2000 يۈەن «تاكاللىشىش» ھەققى تاپشۇرسەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساقچىخانىغا ئاپىرىپ نوخۇلاڭنى ئالدۇرىمەن ، دەپ چىچاڭلاپتۇ ، ئاخىر كۆپ يېلىنىپ ، 1000 يۈەن تاپشۇرۇپ ، جەبىر ـ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ قاپتۇ . يەنە قىز



باللار ياسىنىپ يۈرۈشكە ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن ، پارلىغۇچى تارماقلارنىڭ كۆزەتچىلىرى ئۇلارنى «ئېپپېتىنى ساتىدۇ» كەن دەپ قارايدىغان ، ھېچبىر ئاساسسىز ئوغرىلىق قىپتۇ دەپ جەرىمانە ئالىدىغان ، ھەتتا ئەمگەك بىلەن تەربىيىلەش ئورنىغا تۇتۇپ بېرىدىغان غەلىتە ـ غەلىتە ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىكەن .

خەلقىمىز ئاسان گول بولىدۇ . خەلقىمىز ئادەتتە كۆڭۈلچەك كېلىدۇ ، ھەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ كۆزىگە كىرىۋالمايدۇ ، باشقىلارنى چىشلەپ تارتمايدۇ . گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا ، سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ بىر يېزا بازىرىدا ئادەم بېشىغا تىرىك مال بېجى ئالىدىكەن . بىر دېھقان «يەنە بىر ـ ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن كەلمەمسىلەر» دەپ تەلەپ قىلغانىكەن ، ئۇنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويۇشۇپتۇ . دېھقانلار بازارلىق ھۆكۈمەتكە داد ئېيتىپ بارسا ، دەرۋازىنى چىڭ تاقاپ ، پەرۋا قىلماپتۇ . سەۋر ـ تاقىتى قالمىغان دېھقانلار بازارلىق ھۆكۈمەتنىڭ پىكاپىنى يولدا توسۇۋېلىپ ، مەسىلىنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلسا ، نائىلاج كەنتكە بېرىپ ئۆلگۈچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن كېڭىشىپ ، 4000 يۈەن پۇل بىلەن مەسىلىنى تۈگىتىپتۇ . قاراڭ ، شۇ دېھقانلار ئۆز قېرىندىشىنىڭ دۇمبالاپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى سەۋەبى بىلەن چىڭ ئېسىلىۋالمىغان . يەنە يەنئەنلىك بىر دېھقان رايونلۇق مېۋىلىك دەرەخ ئىدارىسىدىن «ئەلا سۈپەتلىك پاكار مېۋە كۆچىتى» دەپ تەمىنلىگەن كۆچەتلەرنىڭ ئەمەلىيەتتە مېۋىلىمەيدىغان «ئەركەك كۆچەت» بولۇپ چىققانلىقى توغرىسىدا داد ئېيتىپ ئەرز قىلغانىكەن ، ئاخىردا ، شۇ ئەرزنى سوراپ بىر تەرەپ قىلىدىغان خادىمنىڭ «تىلى قىسىق» بولغانلىقى ئۈچۈن (ھۆكۈمەت تەرەپتىن خېلى زور دەرىجىدە ئارىلاشقانمىش ) ، دېھقانغا ئەرزىنى قايتۇرۇۋالغۇزۇپتۇ . باغۋەن دېھقان ئالتە يىل جاپا بىلەن ئەجىر

قىلىپ ، ئاخىر ئالغان ھوسۇلى شاخ ـ شۇمبا بولۇپ چىقسا ، تەر تۆكۈپ سالغان دەسمايىسىنى تىرىلدۈرۈۋېلىش بۇ ياقتا تۇرسۇن ، سوراقچىنىڭ تىل قىسىنچىلىقىغا ئىچ ئاغرىتسا ، بۇنداق ئەھۋالنى «گول» لۇق دېمەي نېمە دەيمىز ؟

خەلقىمىز جاپاغا ناھايىتى چىدايدۇ ، چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەم بىلىدىغان بىرەر ئىش ئۈچۈن تولا چاغلاردا «ئالاقىدار تارماق» لارنىڭ ئىش بېجىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشنى تەلەپ قىلىپ رەھبەرلەرنى ، خەلق قۇرۇلتىيىنى ئىزدەپ تېپىپ ھال ئوقۇيدۇ . خەلقىمىزنىڭ ناھايىتى دىلى يۇمشاق . ئادەتتىكى ئىش تەرتىپى بويىچە بىرەر قېتىم يۆتكىلىش ئىشى بېجىرىلسە ، ئىشقا قوبۇل قىلىنسا ، بىرەر ئىشنى ئەنگە ئالدۇرسا ياكى كېچىكىپ كەلگەن ھال سوراش بۇيۇملىرىنى ، نېسى قالغان ئىش ھەققىنى تاپشۇرۇپ ئالسا ، ھاياجانلانغانلىقىدىن نېمە دەپ تەشەككۈر ئېيتىشنى بىلەلمەي كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئالىدۇ . خەلقىمىز باشقىلارنىڭمۇ بەك غېمىنى يەيدۇ ، ئۆزى دەرد تارتسىمۇ ، رەھبەرلىكنى مالال قىلمايدۇ . مۇشۇنداق پەزىلەتلىرى بار خەلقنى يامان دېيىشكە ئاغزىڭىز بارامدۇ ؟ !

(فېڭ زىڭلۇ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالا «ئىجتىمائىي كاپالەت» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 26 ـ ئىيۇل سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 12 ـ ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى . )



## ھايۋانلىقنىڭ پاجىئەسى

ئادەم ئۆلىدىغان ئىش دائىم بولۇپ تۇرىدۇ . بەزى ئادەمنىڭ ئۆلۈمى تولىمۇ پاجىئەلىك بولىدۇ ، شۇنداق پاجىئەلەر بەزىدە ئۆلۈمنىڭ ئۆزىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ ـ دە ، شۇ ئۆلۈمنىڭ جەريانى ئەس ـ ھوشىمىزنى ئېلىپ قويىدۇ ، ئۆزىگە ئوخشاش ئىنسان بالىسىنى شۇنداق پاجىئەلەرگە يولۇقتۇرىدىغان ئادەمنىڭمۇ بار ئىكەنلىكىگە ئىشەنگىمىز كەلمەي قالىدۇ .

«ۋۇخەن سەھەر گېزىتى» نىڭ بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى خەۋەر قىلىشىچە ، گۇاڭسەن ناھىيىسىدە توققۇز ياشقا كىرگەن لىڭيا ئىسىملىك بىر كىچىك قىز مەكتەپكە كېتىۋاتقاندا ، ئاپتوموبىلنىڭ تويلۇق نەرسە ـ كېرەكلەر بېسىلغان سۆرىمى (پرىتسېپ) گە ئىلىنىپ قېلىپ ، 4250 مېتىر سۆرىلىپ ماڭغاندىن كېيىن ئۆلۈپ قالغان .

بۇ پاجىئەنىڭ دەھشىتى مانا شۇ 4250 مېتىردا . بىر تىرىك جان چۆچۈپ ھودۇقۇپ قالغان ۋە لېكىن ھوشى بار ھالەتتە گويا دوزاخقا تاشلانغان ! ئۇ قىز سۆرەمگە ئىلىنىپ قالغان چاغدا : «شوپۇر ، ھەي شوپۇر ! ماشىنىنى توختىتىڭ !» دەپ ۋارقىرىغان . شۇنداق ۋارقىراۋاتقاندا ئۇنىڭ يۇمران بەدىنى يولغا سۈركىلىپ ، پۇت ـ قولى تېنىدىن ئاجراشقا باشلىغان ؛ مېڭىسى چۇۋۇلۇپ ، قېنىقى تېرىلىپ كەتكەن .

بۇ پاجىئەنىڭ دەھشىتى شۇ يەردىكى ، سۆرىلىپ كېتىۋاتقان قىزنىڭ ساداسىمۇ ، يولدىكى ئادەملەرنىڭ ھايت ـ ھۇيتلىرىمۇ ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ كېتىۋاتقان چاقنى توختىتالمىغان . خۇددى ماشىنىغا تىرىك ئادەم ئەمەس ، بىر باغلام ئوت ـ چۆپ ئېسىلىپ

ساڭگىلاپ قالغاندەك، ئاپتوماشىنىدا ئولتۇرغان ئالتە ئادەم شوپۇرنى «توختاتماي ھەيدە!» دەپ بەسكە سالغانىنىڭ ئۈستىگە يەنە تېخى ساڭگىلاپ قالغان ھېلىقى قىز بالىنى ئەپكەش بىلەن ئىتتىرگەن . . .

ئادەم ئەسلىدە ئادەملىكى بىلەن ياشايدىغان مەخلۇق. ئەگەر ئۇنىڭدا ھايۋانلىق تەبىئىتىلا بولۇپ، ئادەملىك تەبىئىتى بولمىسا، ھايۋانلىقى بىلەنلا ياشايدىغان ھايۋاندىن پەرقى بولماي قالىدۇ. ھايۋانلىقنىڭ بەلگىسى شۇكى، باشقىلارنىڭ جېنىغا ۋەھشىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ، شۇ جۈملىدىن ئۆز جىنسىدىكىلەرنىمۇ ئۆز قولى بىلەن ۋەھشىيانە ئۆلتۈرىدۇ. خۇدانىمۇ، بەندىلەرنىمۇ غەزەپلەندۈرىدىغان ھېلىقى دەھشەتلىك بالا - قازا ئەسلىدە ئادەملەردىكى رەھىمدىللىق بىلەنلا توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، پاجىئەنىڭ سەۋەبكارىدا ئاز - پاز ئادەملىك تەبىئەت بولىدىغان بولسىلا، ئەمدىلا غۇنچىدەك ئېچىلىۋاتقان بىر جان كۆپ دېگەندە تاشقى جەھەتتىن ئازغىنە جاراھەتلەنگەن بولاتتى - دە، شۇنداق ئېچىنىشلىق ھالدا تۈگەپ كەتمەس ئىدى. پاجىئەگە سەۋەبچى بولغۇچىنىڭ مۇددىئاسىنى پەرەز قىلىدىغان بولساق، ئۇ قانۇننىڭ جازاسىدىن قېچىپ تۈگىشىش چارىسى بىلەن قۇتۇلۇپ كېتىشنى كۆزلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئۇ باشقا ئادەمنىڭ جېنى بىلەن ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى تارازىغا سېلىپ، باشقىلارنىڭ جېنى كەتسە كەتسۇن، ئۆزۈمنىڭ مەنپەئىتىگە زىيان يەتمىسۇن، دېگەن تەرەپنى تاللىۋالغان (شۇنداق زىيان ئۆزىنىڭ خاتالىقى سەۋەبىدىن ئۈستىگە ئېلىشى زۆرۈر بولغان جاۋابكارلىق بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭدىن قاچقان). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، چېكىدىن ئاشقان خەسىسلىك — شەخسىيەتچىلىك ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى يوقىتىپ، ھايۋان قىلىقىنى قىلدۇرىدىغان ئىدىيىۋى ئېچىتقۇدۇر.

بەزى ئادەملەرنىڭ ھايۋانلىق تەبىئىتى تاسادىپىي باھانە



بىلەن قوزغىلىپ قالسا (يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندەك ئادەتتىكىچە ئاپتوماشىنا چاتىقى بىلەن قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋەقەسى كېلىپ چىقسا)، يەنە بەزى ئادەملەرنىڭ ھايۋانلىقى قەستەن باھانە تېپىش يولى بىلەن ئەۋجىگە كۆتۈرۈلىدۇ. 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى «دىققەت مەركىزى بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەردىن سۆھبەت» تە خەۋەر قىلىنىشىچە، سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى ۋېيۈەن ناھىيىلىك قاتناش - ترانسپورت باشقارمىسىنىڭ تۆت نەپەر قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئەمەلدارى ئاتالمىش «ترانسپورت ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش» داۋامىدا، تۇغۇتى قىيىن بولۇپ قالغان بىر ئايالنى ئېلىپ كېتىۋاتقان «بولكىۋاي» غا قەستەن چاتاق سېلىپ، 21 ياشلىق ھامىلىدار شۇ ۋېنيىڭنى جىددىي قۇتقۇزۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالدۇرۇپ، ئىككى جاننىڭ بىراقلا ئۆلۈشىگە زامىن بولغان. بۇ پاجىئە يۈز بەرگەندىن كېيىن، ھېلىقى «قانۇن ئىجرا قىلغۇچى» لار يەنە تېخى «قانۇن بويىچە تەكشۈردۇق» دەپ تۇرۇۋېلىپ، «قانۇننى چاتاقسىز ئادىل ئىجرا قىلغان» قىياپەتكە كىرىۋالغان. بۇ ئەھۋالدىنمۇ مەلۇمكى، ھوقۇقمۇ ھايۋانلىق قىلىشنىڭ سەۋەبچىسى بولۇپ قالىدىكەن. تەبىئەت دۇنياسىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۈچلۈكلىرى ئاجىزلىرىنى يەم قىلىپ يەيدۇ، بويسۇندۇرۇش ئارزۇسىغا يەتكەن كۈچلۈكلىرى خۇشال بولۇپ سەكرەپ كېتىدۇ. تۆرلەنگەن ھوقۇققا مەست بولۇپ كەتكەن ئادەملەر باشقىلار ئالدىدا جان ئاتا قىلىدىغان، جان ئالىدىغان، خالىغىنىنى بېرىدىغان، ئالىدىغان ئىمتىيازغا ئىگە بولۇش — راھەتلىنىش، ھۇزۇرلىنىش نەپسىنى قاندۇرۇش يولىدا ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىكەن. شۇڭا بىر قاراش بىلەنلا تۈگەيدىغان تەكشۈرۈش ئۇلارنىڭ قولىدا خۇددى گۇمانلىق دېلونى تەكشۈرۈشتەك مۇرەككەپلىشىپ كېتىدىكەن. بالا - قازاغا ئۇچرىغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئىككى جاننى

قۇتقۇزۇۋېلىش ئۈچۈن تىزلىنىپ، باش ئۇرۇپ يېلىنىسىمۇ، ئۇلار ئۆكتەملىك قىلىشتىن ۋاز كەچمىگەن.

رېئال تۇرمۇشتا ئادەملەرنىڭ ھايۋانلىق تەبىئىتى ئەزۋەيلەپ باشقىلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدىغان ئىشلار يۇقىرىدا ئېيتىلغانلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. ئۆز ئېرىنى قەستلەپ ئۆلتۈرگەنلەر چىقتى؛ خوتۇن - قىزنى سېتىۋەتكەنلەر چىقتى؛ ئۆزىنى زەھەرلەپ، بالىسىنى «ھام» قىلىپ يەۋەتكەنلەر چىقتى؛ تىلىنى كېسىۋەتكەنلەر، كۆزىنى ئويىۋەتكەنلەر چىقتى؛ بىگۇناھ ئادەمنى ئېتىۋەتكەنلەر چىقتى. . . . كۈڭمىڭدىكى ئادىمىنى ئۆلتۈرۈپ ماشىنىسىنى بۇلىغان دېلو يېقىندىلا ئاشكارىلاندى: ئۇلار زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان 18 ئادەمنىڭ جەسىتىنى پىشۇرۇپ ئىتقا تاشلاپ بېرىشكەن. ئادەمنىڭ ھايۋانلىقى ئەۋجىگە چىقىپ، شۇنداق ئىستىرىيە تەلۋىلىك دەرىجىسىگە يەتكەنلىكى ئىنسان بالىسى ئۈچۈن شەرمەندىلىكتۇر، ئىنسانىيەت ئۈچۈن پاجىئەدۇر. ھايۋان تەبىئىتى نېمە ئۈچۈن ئادەم ۋۇجۇدىدا نامايان بولىدۇ؟ ئاق كۆڭۈل ئادەملەر بۇنى چۈشىنىپ كېتەلمەيدىكەنمىز. ئادەمدىكى ھايۋان ئەسەبىيلىكىنى ئۈنۈملۈك توسۇيالمىساق، ئىنسانىيەت ياراتقان ماددىي مەدەنىيەتنىڭ زادى نېمە ئەھمىيىتى بولسۇن؟ بىز ئاق كۆڭۈل ئادەملەر شۇنداق گۇمانغا كەلمەيمۇ قالمايمىز.

پەرەڭلەردە ئادەمنىڭ يېرىمى پەرىشتە، يېرىمى شەيتان دەيدىغان ماقال بار ئىكەن. بۇنى ئۆزلەشتۈرۈپ ئېيتساق، ئادەم يېرىم ئادەم تەبىئەتلىك، يېرىم ھايۋان تەبىئەتلىك بولىدۇ دېگەن گەپ. ئادەملىكنى راۋاجلاندۇرۇپ، ھايۋانلىقنى تۈگىتىش ئۈچۈن ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسىگە، قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىش تەدبىرلىرىگە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە؛ لېكىن تېگى- تەكتىدىن ئالغاندا، يەنىلا ھەربىر ئادەمنىڭ يولنى ئۆزى تاللىشىغا باغلىق. ئوخشاش ئەخلاق - پەزىلەت، قانۇن - تۈزۈم



مەجۇت بولۇپ تۇرغان شارائىتتا، بەزى ئادەملەر قانداقلا بولسۇن ئادەم تەبىئەتلىك ئادەم بولۇپ ياشايدۇ؛ بەزى ئادەملەر ھەتتا خېلى كۆپ، خېلى ئوبدان ئەخلاق - پەزىلەت تەربىيىسى ئالغان ئادەملەرمۇ ئادەملىكىنى پۈتۈنلەي يوقىتىپ، ھايۋانلىقى بىلەنلا قالغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، خۇددى ۋېيۇەن ناھىيىسىدىكى ئاتالمىش ئىجراچىلاردەك؛ ئۇلار ھەر كۈنى دېگۇدەك «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن تەربىيىنى ئېلىپ تۇرغان. لېكىن ۋاقتى كېلىپ جان خەۋپ ئۈستىدە تۇرغان ھامىلىدار ئايالنى كۆرگەندە، يۈرىكى مىت قىلماي، بىپەرۋا ھالدا «قانۇن ئىجرا قىلىۋەرگەن».

ئەلۋەتتە، ئادەملىكنىڭ ھايۋانلىق پاجىئەسىگە تەڭ تۇرالماسلىقى جۈزئىي ۋە ئايرىم ھادىسە. مۇتلەق كۆپ ئادەم ئادەملىكنى قولدىن بەرمەسلىك، ھايۋانلىقتىن بىزار بولۇش يولىنى تاللايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن پاجىئە تۇغۇلغانلىقتىن چۆچۈپ كەتسەكمۇ، يەنىلا ئۈمىدۋار بىلەن ياشاۋېرىمىز.

(دالىن ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ئىشچىلار گېزىتى» نىڭ 2000- يىل 11 - سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى.)



# مەستلىكتە ئۆلگەن «ياخشى» جۇيجاڭ

جۇيجاڭ — (ئىدارە باشلىقى) ئىبغىر مەستلىكتە «ئۆرۈكلۈك» تاماشىخانىسىغا «پائالىيەت» قىلغىلى بېرىپ، نەتىجىدە ھۇجرىدا ئۆلۈپ قاپتۇ. ئەتىسى ئۇنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى جامائەت خەۋپسىزلىكى كادىرلىرىنىڭ ئالدىدا جەسەتنى كۆتۈرۈپ، تاماشىخانىنى تىرىپىرەن قىلىۋېتىپتۇ. تاماشىخانىنىڭ خوجايىنى ۋۇ لىچۈن خانىم 10 مىڭ يۈەن خەجلىگەن بولسىمۇ، بېشىغا كەلگەن بۇ بالا - قازادىن قۇتۇلالماي، نائىلاج زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋاپتۇ . . .

بۇ چۆچەك ئەمەس، تىياتىر ئەمەس. «سەندۇڭ كەچلىك گېزىتى» نىڭ بۇ يىلقى 6 - ئۆكتەبىر سانىدىكى خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ ۋەقە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ يۇڭشەن ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن، مەستلىكتە ئۆلگەن ئادەم شۇ ناھىيىدىكى يېزا - جېڭ كارخانا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۇ ×× جۇيجاڭ ئىكەن.

ئادەم ئاخىر ئۆلدى. خوجايىن خانىمنىڭ ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكىگە ھەممە ئادەم ئىچ ئاغرىتىپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىنى ئۆزلۈكىدىن ئۇزىتىپ قويۇپتۇ ۋە: «جۇيجاڭ مەستلىكتە ئۆلسە، ئۇنىڭغا نېمە پەرۋايىمىز!» دېگەن يوغان لەۋھەنى كۆتۈرۈپ چىقىپتۇ. بۇ ئەھۋالدىن جىق بىر مەنىلەر مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ. دۇ ×× نىڭ ئۆلۈمىنى خىزمەت يولىدا جان پىدا قىلغان دېسىڭىز، خالايىق ھەرگىز ئۇنىمايدۇ؛ ئۆزىنىڭ شورى دېسىڭىز، ئۇ ئۇدۇنيادىمۇ ماڭا ئۇۋال بولدى دەپ ۋايسىشى مۇمكىن. بۇ ئەھۋالنى ھازىرچە تاسادىپىي ئەھۋال



ئىكەن دەپ تۇرايلى.

لېكىن يۇڭشەن ناھىيىسىنىڭ ئەمەلدارلىرىنىڭ دەيدىغان گېپىمىز بار دەپ تۇرغانلىقى كىشىنى ئەجەبلەندۈرىدۇ. گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىر مۇئاۋىن سېكرېتارى جامائەت ئالدىدا: «بىزنىڭ قارىشىمىزچە دۇ ×× يەپ، ئىچىپ، ئويناپ بۇزۇقچىلىق قىلىدىغان رەھبىرىي كادىر ئەمەس. ئۇ يېزا - جېڭ كارخانا ئىدارىسىدىكى خىزمەتلىرىدە ئىنچىل ياخشى باھا ئېلىپ كەلگەن» دەپتۇ، يەنە تېخى ×× نى «ياخشى جۇيجاڭ» دەپ ئىسپاتلاش ئۈچۈن، بىر پارچە ئىسپاتنامىمۇ تېپىپ چىقىپتۇ: ناھىيىلىك پارتكوم تەرىپىدىن ئۇدا ئىككى يىل «مۇنەۋۋەر پارتىيە ئەزاسى» دەپ تەقدىرلەنگەنلەرنىڭ رويخېتىدە دۇ ×× مۇ بار ئىكەن.

ئەمما يەنە بىر گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا دۇ ×× مەستلىكتە ئۆلۈشتىن بىر كۈن ئىلگىرى ئاخشىمى تاماشىخانىدىكى دىۋاندا بىر چوكان بىلەن تاڭ ئاتقۇچە تاماشا قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئۆگىنىشىگە قاتناشقىلى كەتكەنىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمىگىنىگە بىرنەچچە كۈن بولغانىكەن.

ئەمەلىيەتتە، يەنە شۇ خەۋەرلەرگە قارايدىغان بولسا، تېگىدىكى ئىشلارنى چۈشىنىۋالغىلى بولىدۇ. دۇ ×× ناھىيىلىك «ئۈچكە ئەھمىيەت بېرىش» خۇلاسە يىغىنىنى تۈگىگەندىن كېيىن بىرنەچچە رەھبىرىي كادىر بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھاراق - شاراب ئىچكەندىن كېيىن تاماشىخانىغا بارغانىكەن، ھەسرەتلىك «تاسادىپ» ئەنە شۇ يەردە يۈز بېرىپتۇ. كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان كۆچمە نوپۇسى تولىمۇ ئاز بولغان، دۆلەت تەرىپىدىن كەمبەغەل دەپ قەيت قىلىنغان بۇ ناھىيىنىڭ

مەركىزىي شەھىرىدىلا 39 تاماشىخانا بار ، تاماشىخانىلارنىڭ ئىش- ئوقىتى تولىمۇ چاپ - چاپ . ناھىيە بويىچە «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» ئۆگىنىشىدىن خۇلاسە چىقىرىش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەندە ، پۈتۈن ناھىيىدىكى ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى جەم بوپتۇ ، تۈزۈكرەك دەپ سانالغان مېھمانخانا ، تاماشىخانىلار- نىڭ ئاجايىپ بازىرى چىقىپتۇ ، چۈنكى كادىرلار مۇشۇنداق پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ «مۇڭدىشىۋالىدۇ» كەن . دۇ ×× ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئىقتىساد - سودا كومىتېتىنىڭ ، پىلانلىق تۇغۇت كومىتېتىنىڭ «كاتتىۋاش» لىرى ئۈچ يېزىلىق پارتكومنىڭ شۇجىلىرى ۋە يەنە باشقىلار ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىچىشكەنىكەن (ناھىيىنىڭ ئالاقىدار رەھبىرى بۇ كىشىلەرنىڭ ئىسمىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن ھەزەر قىلىڭلار دەپ تاپىلاپتۇ ) .

بۇ ئەھۋالدىن شۇنى بىلىۋېلىش قىيىن ئەمەسكى ، يۈڭشەن ناھىيىسىنىڭ ئايرىم رەھبەرلىرى دۇ ×× نىڭ ئۆلگەنلىكىگە بىرەر «باھانە» تېپىشنىلا كۆزدە تۇتمىغان . ئۇلارنىڭ تۈپكى مەقسىتى — «ئۆرۈكلۈك» ۋەقەسىنىڭ پۈتۈن ناھىيىدىكى كادىرلار قوشۇنىغا يامان تەسىر بېرىپ قويۇشىدىن ساقلىنىش ، «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» تەربىيىسىنىڭ ئۈنۈمىنى ئۆز ئىچىدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش .

يۈڭشەن ناھىيىسىدىكى كادىرلارنىڭ ھۆكۈمەت خىزمىتىدە يارىتقان نەتىجىلىرىنى ۋە كادىرلارنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىنى كەم سۇندۇرۇش ياكى ئىنكار قىلىش نىيىتىم يوق . ئەكسىچە ، بۇ ناھىيىدىكى بەزى ئەمەلدارلارنىڭ ئوڭشايمەن دەپ چاندۇرۇپ قويغانلىقى ھەقىقەتەن مېزىنى باسمەن دەپ تېزىنى چىقىرىپ قويغاندەك بىر ئىش بولۇپ قاپتۇ .

ئۆلۈپ كەتكەن «ياخشى جۇيجاڭ»غا ئەجىر قىلىپ



يۈزىمىزنى ئاياپ قالايلى ، يامان تەسىردىن ساقلىنايلى دەپ ئاۋارە بولغاندىن كۆرە ، قەتئىي بەل باغلاپ ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى «ئۆچكە ئەھمىيەت بېرىش» نىڭ تەلىپىگە يارىشا تۈزىتىپ ، پۈتۈن ناھىيە بويىچە پارتىيە ، ھۆكۈمەت ئىستىلىنى داۋاملىق ياخشىلىغان تۈزۈك ، شۇنداق قىلغاندىلا ، «ئۆرۈكلۈك» ۋەقەسى تەكرارلانماسلىقى مۇمكىن .

(چىڭچۈەن ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالا «ئىشچىلار گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 17 - سېنتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 200- يىل 12 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )



— بۇ يېزا خەلقىنىڭ ئاڭ - سېزىمى ئەجەبمۇ تۆۋەن ئىكەنا ؟ !

# هايۋانلىقنىڭ دەلىلى

ئادەمنىڭ ياخشى - يامانلىقنى پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگە — تۇرقىغا قاراش بىلەنلا ئىشەنچلىك ئاساسلار بىلەن ئىسپاتلاپ بەرگىلى بولمايدۇ . ئادەمنى هايۋان بىلەن بولغان پەرقى جەھەتتىن تەكشۈرۈپ قارىغاندىلا ئاندىن ئادەمنىڭ ئادەملىكىنى ، هايۋاننىڭ هايۋانلىقىنى ئېنىق بىلگىلى بولىدۇ .

ئاۋۋال مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىدۇق : بەزىبىر «دورامچۇق سەنئەتچى» لەر نەنجىڭ شەھىرىدىكى مەلۇم جامائەت باغچىسىدا «دورامچىلىق سەنئىتى» نى ئوينىاپتۇ . «دورامچۇق سەنئەتچى» كالىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ كىيىملىرىنى - ى سېلىۋېتىپ — يالىڭاچ بولۇپ كالىنىڭ قورسىقىغا كىرىپ ، ئاندىن كېيىن كالىنىڭ قورسىقىنى سىرتىدىن تىكتۇرتۇپتۇ . «هامىلىدار» بولۇشنى دوراپ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن ، قولىدىكى پىچاق بىلەن قورساقنى يېرىپ چىقىپتۇ . بۇنى «تۇغۇلۇش» دەيدىكەن .

بۇنىڭدىن باشقا ، يەنە بەزى ئادەملەر قويغا هاراق ئىچۈرۈپ مەست قىلىپ قويىدىكەن ياكى بېلىققا سياھنى ئىچكۈزىدىكەن ۋە ياكى يېڭى تۇغۇلغان ئاسلاننىڭ تۈكلىرىنى چالا قويماي چۇشۇرۇۋېتىدىكەن . ئۇلاردىن مەقسىتى «سەنئەت» نى كۆرسىتىمىش . ئەسلىدە سەنئەت گۈزەل ئىنسان تەبىئىتىنى نامايان قىلىسا ۋە راۋاجلاندۇرسا بولاتتى ؛ لېكىن هازىر بەزى «سەنئەتكار» لار «ئىنسانلىق تەبىئىتى» نى ۋە «ماهارىتى» نى هايۋانلارنى قىيناش يولى بىلەن نامايان قىلىدىغان بولۇپ قاپتۇ .



كېيىن يەنە ئاڭلىشىمىزچە ، ۋۇخەن شەھىرىنىڭ غەربىي سەهراسىدىكى بىر ئورمانزار باغچىدا هەر شەنبە كۈنى ئادەم ىغ - مىغ ئىكەن . چۈنكى ئۇ يەردە قان چېچىشىپ «جان بىلەن ئېلىشىدۇ» غان ئويۇن ئوينىلىدىكەن . تولۇمدەك سېمىز كالىنى قامچا بىلەن ئۇرۇپ ، پىچاق سانجىپ ، زورلۇق بىلەن «جازا مەيدانى» غا هەيدەپ ، ئۇ يەردە تۆت ياكى بەش شىر بىلەن سوقۇشقا سالىدىكەن . كۈچ سېلىشتۇرمىسى شۇنداق زور پەرقلىق بولۇپ تۇرغان شارائىتتا كالىنىڭ تەقدىرى قانداق بولىدىغانلىقى مانا مەن دەپ مەلۇم بولۇپ تۇرىدۇ . «ئادەم تەبىئىتى» بولمىغان كالا كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ياش تۆكسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ چېكىنىدىغان يوللىرى ئاللىقاچان جازا قوراللىرى بىلەن توسۇپ تاشلانغان . ئەگەر كالا مەيداندا «مەردلىك بىلەن جان پىدا» قىلمىسا ، باغچىدا «ئادەم ئىسلداپ» كەتمىگەن بولاتتى . قايسىبىر نۆۋەتتە بىر كالا ئادەملەرنىڭ خىيالىغا كەچمىگەن هالدا تاسادىپىي غەلىبە قىلغانىكەن ، تاماشا كۆرۈپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ هەپىسلىسى ئېلىلا پۇر بوپتۇمىش . شۇڭا ئۇ كالىنى تارتىپ چىقىرىپ ئۆلتۈرۈپ «مۇكاپاتلىغان» لىقى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس . تاماشىچىلارنىڭ نەپسى ، باغچىنىڭ دارامىتى ئەسلىدە كالىنىڭ قېنى ۋە قۇربان بولۇشى بىلەن تەمىن ئېتىلىدىكەن .

كالىنىڭ قورسىقىدا «هامىلە» بولىدىغان ، «تۇغۇلىدۇ» غان «دورامچۇق سەنئەتكار» لار ۋە ياۋاش كالىنى يىرتقۇچ شىرغا يەم قىلىپ بېرىدىغان تىجارەتچىلەر «قالتىس» هۇنىرىمىز بار دەپ ئويلايدىغاندۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ جەبىر - زۇلۇم سېلىش ۋە قىيناش «تەپەككۇرى» دەل تەسەۋۋۇر قىلىش ئىقتىدارىنىڭ تولىمۇ كەمچىل ئىكەنلىكىنى دەلىللەپ بېرىدۇ . گۇناهسىز هايۋاننى ئەهمىيەتسىز قۇربانلىق قىلغانلىقى ئۇلارنىڭ ئۆز

ۋۇجۇدىدىكى ھايۋانلىقىنىڭ يوقالمىغانلىقىنىڭ دەلىلىدۇر. شۇنداق «دورامچۇق سەنئەتكار» لارنى ماختاپ - ئۇچۇرىدىغان ئادەملەرمۇ، كالىنىڭ مەغلۇبىيىتىنى ۋاھالاپ تاماشا قىلىدىغان تاماشىچىلارمۇ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھايۋانلىقنى ئۆزىنىڭ شۇنداق «قىلىق» لىرى بىلەن دەلىللەپ قويىدۇ.

(تېڭ چاۋيىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالا «ئىشچىلار گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 13 - ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 12 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.)




تەنقىدنى قارشى ئالىمەن.



## «تيەن لۇشۇن»

مەلۇم بىر شەھەردە يازغۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «تيەن» فامىلىلىك بىر ئادەم بار ئىكەن، ئۇ جەمئىيەتتىكى ناچار كەيپىياتلارغا زەردە بىلەن تەنە قىلىدىغان ھەجۋىي شېئىر، ساتىرا - فېلىيەتونلارنى يېزىشقا ماھىر ئىكەن، شۇڭا ئۆزىنى شۇ شەھەرلىك «تيەن لۇشۇن» مەن ماختىنىدىكەن. كېيىنكى چاغلاردا شەھەرلىك پارتكومىنىڭ رەھبەرلىرى ئۇنى ياقتۇرۇپ قېلىپ، تەشۋىقات بۆلۈمىگە يۆتكەپ قويۇپتۇ. يەنە ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەيلا ئۇ تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل بولىدىغان مۇئاۋىن باشلىق دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپتۇ.

«تيەن لۇشۇن» كىتاب ئوقۇشقا ناھايىتى ھېرىس ئىكەن. گۆش - ياغ دېگەن نەرسىنى يېللاپ يېمىسە ماقۇل دەيدىكەن، لېكىن بىر كۈنىمۇ كىتابسىز ئۆتكۈزۈشكە تاقىتى يوق ئىكەن. ئۇ رادىئو ئەسلىھەلىرىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدا ئىلتىماس قىلىش ئۈچۈن بىر كۈنى ئۆز قارىمىقىدىكى رادىئو ئۇزىلىنىڭ مەسئۇلىنى باشلاپ ئۆلكە مەركىزىگە بېرىپتۇ. ئىلتىماس توغرىسىدىكى گەپلەر بىر ياقلىق بولۇپ قالغان بىر چاغدا، «تيەن لۇشۇن» كوچىدىكى شىنخۇا كىتابخانىسىغا چىقىپ كىرىپتۇ. چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا رادىئو ئۇزىلىنىڭ مەسئۇلىغا كىتابخانىدىن سېتىۋالغان كىتابىنىڭ ھۆججىتىنى كۆرسىتىپ: «ئۆيۈمدە جان سانىمىز كۆپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى بېقىش ئېلى گەپ، شۇڭا كىتاب سېتىۋېلىشقا چىقىنالمايمەن، بۇشۇنىڭغا بىر ياردەم قىلىسىڭىز ئىكەن» دەپتۇ. ئۇزېل باشلىقى كۈلۈپ قويۇپ ھۆججەتنى قولىغا ئاپتۇ ۋە يېنىدا ئولتۇرغان

كاسسىرغا بېرىپتۇ . كاسسىر بار - يوقى جەمئىي 30 نەچچە كويچەن پۇلنى قولىغا بېرىپتۇ . «تيەن لۇشۇن» هاجەتخانىغا كىرمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇشىغا كاسسىر : «قايتىپ بارغاندىن كېيىن بۇ پۇلنى قايسى هېسابقا چاقىمەن؟» دەپ سوراپتۇ .

— بۇيرۇتقان تاماقلاردىن ئىككى خىلىنى دەرھال توختىتىپ قويايلى ، — دەپتۇ ئۇزىل باشلىقى .

«تيەن لۇشۇن» ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ، «شەخسىي ھەۋەس جەھەتتە چىرىكلىشىشتىن ھەزەر قىلايلى» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپتۇ . ماقالىدە گەپنى مەلۇم بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئۆز قارىمىقىدىكى بىر ئورۇنغا ئۆزى سېتىۋالغان كىتابنىڭ پۇلىنى ھېسابقا ئالدۇرتۇۋالغانلىقىدىن باشلاپ ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆز مەنسىپىدىن — خىزمەت ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى - بۇنى ئالغان چىرىكلىك ھادىسىلىرىنى قاتار تىزىپ بايان قىپتۇ . بۇ ماقالە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن خېلى چوڭ تەسىر پەيدا قىپتۇ ، بىرقانچە گېزىتتە كۆچۈرۈپ بېسىلىپتۇ ؛ شۇ شەھەردىكى ئوقۇرمەنلەردىنمۇ بىرقانچىسى ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ ، بەزىسى ، كۆڭلىمىزدىكى گەپنى يېزىپسىز ، دەپ توغرىدىن - توغرا ماختاپتۇ ؛ ئون نەچچە ئىدارە ئۇنى قوشۇمچە مۇپەتتىشلىككە تەكلىپ قىپتۇ ؛ بەزى پېشقەدەم يولداشلار بولسا ، پۇخايىنى چىقىرالماپتۇ ، «تيەن لۇشۇن» گەپنى سىلاپ - سىيپاپ ئۆتكۈزۈپتۇ ، ئەھۋاللارنىلا يېزىپتۇ ، ئادەملەرنىمۇ ئىسمىنى ئاتاپ تەنقىد قىلغان بولسا تېخىمۇ ياخشى بولاركەن ، دەپتۇ .

كېيىنكى كۈنلەردە «تيەن لۇشۇن» نىڭ مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىنغان ماقالىلىرى كۆپىيىپ قاپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ توپلام چىقىرىش نىيىتىگە كېلىپ نەشرىيات بىلەن سۆزلەشكەنىكەن ،



راستىنىلا پۇتۇشۇپ قاپتۇ . ئاۋۋال «خەنجەر ۋە ئوت» ناملىق بىر شېئىرلار توپلىمى چىقىرىدىغان بولۇشۇپتۇ . بۇنىڭ شەرتى : ئاپتور كىتاب نومۇرىنىڭ ھەققى ئۈچۈن 20 مىڭ يۈەن تۆلەيدىكەن ، تىراژىنى ئاپتورنىڭ ئۆزى بەلگىلەپ بېرىدىغان ، كىتابنى باستۇرۇش ، سېتىش ئىشىنى ئاپتور ئۆزى زىممىسىگە ئالىدىغان ، سېتىلغان كىتابنىڭ پۇلى ئاپتورنىڭ قەلەم ھەققى ھېسابىغا قالىدىغان بوپتۇ . شۇنىڭ بىلەن «تيەن لۇشۇن» شەھەرلىك پارتكومنىڭ تەشۋىقات بۆلۈمىدىن باشلاپ سەدىقە تىلەشكە كىرىشىپتۇ ، بۇ ئىش شەھىرىمىز بويىچە «بەش قۇرۇلۇش» نىڭ ئىچىدىكى بىردىنبىر مۇھىم ئىش ، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ بۇ مۇقەددەس خىزمەتنى قوللىشىنى تەلەپ قىلىمەن ، دەپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىگە 3000 يۈەن ، مەدەنىيەت ئىدارىسىگە 2000 يۈەن ، رەزگى قەغەزلەرنى سېتىۋېلىش زاۋۇتىغا 5000 يۈەن ، سەھنىگە لازىملىق نىقاب ياساش زاۋۇتىغا 10 مىڭ يۈەن ، تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئۆزىگە جەمئىي 2000 يۈەن پۇل تېگىپتۇ . بۇلاردىن تاشقىرى ، «تيەن لۇشۇن» ئىلگىرىكى يىللىرى بېيىغانلارنىڭ ئۇلگىسى قىلىپ تىكلەنگەن بىر يەككە كارخانىچىنى تېپىپ ئۇنىڭدىن 3000 يۈەن ئاپتۇ . شۇنداق قىلىپ ، بىر باسما زاۋۇتى بىلەن سۆزلىشىپ ، شېئىرلار توپلىمىدىن 2000 نۇسخا باستۇرۇپ ، شەھەرلىك ئالتە يۇرۇش ئورگاننىڭ رەھبەرلىرىگە ، ياردەم بەرگەن ئورۇنلارغا ھەدىيە قىلىپ بەرگەندىن تاشقىرى ، قالغان كىتابلارنىڭ ھەممىسىنى يېزا - كەنتلىك مائارىپ ئىشخانىلىرىغا ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرگە ھەربىر نۇسخىسىنىڭ باھاسى 10 يۈەن ھېسابىدا ئۆتكۈزۈپ ، 12 مىڭ يۈەن پايدا ئاپتۇ .

«تيەن لۇشۇن» ئەنە شۇ چوڭ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ، مەخسۇسلا فېلىيەتون يېزىپ ، بالدۇرراق بىر فېلىيەتونلار توپلىمى

چىقىرىش قارارىغا كەپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن قەلەمنى قولىغا ئېلىپ ، «كىچىك باللارغا چاڭگال سېلىشنى كۆڭلىمىز قانداقمۇ كۆتۈرۈر ؟ » دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپتۇ ، ئۇ ماقالىمۇ بىرقانچە گېزىت ـ ژۇرنالدا كۆچۈرۈپ بېسىلىپتۇ .

«تيەن لۇشۇن» كېيىنكى چاغلاردا بىر ھوقۇقلۇق ئورۇننىڭ مەسئۇلى بولۇپ قاپتۇ ، دەل شۇ چاغدا شۇ ئىدارىدە پۇل توپلاپ ئۆي ـ جاي سېلىنىۋاتقانىكەن . ئۆي پۈتكەندىن كېيىن ، قانداق تەقسىم قىلىش كېرەك ؟ بۇ ھەقتە ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر «چەك تاشلايلى» دەپتۇ . «تيەن لۇشۇن» بولسا ئۇ تەكلىپكە قوشۇلماي :

— ئۇنداق قىلساق پرىنسىپسىز تەڭ تەقسىماتچىلىق قىلغان بولىمىز ، ياتاق بىناسىنىڭ ياخشى قەۋەتلىرىنى تۆھپىسى بار ئادەملەرگە بېرىش كېرەك ، — دەپتۇ .

شۇنداق قىلىپ ، «تيەن لۇشۇن» ۋە ئۇنىڭ مۇئاۋىنى ئۈچىنچى قەۋەتتىكى ئۆيلەرنىڭ ئاچقۇچىنى ئاپتۇ ، باشقا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرگە چەك بويىچە تەقسىم قىلىپ بېرىلىپتۇ . كېيىن بەزىلەر ئىنتىزام تەكشۈرۈش تارماقلىرىغا ئەرز ئېيتىپ بارغانىكەن ، «تيەن لۇشۇن» باشقا بىر ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلىپ يۆتكىۋېتىلىپتۇ . شۇنىڭ بىلەن «تيەن لۇشۇن» دەرھال مۇنداق ئىككى پارچە فېلىيەتون يېزىپتۇ :

«رەھبىري كادىرلار ئالاھىدىلىشىۋالماسلىقى كېرەك»

«ئەمەلىي ئىش قىلىدىغان ئادەملەرگە ياخشى مۇھىت كېرەك»

كېيىنكى چاغلاردا «تيەن لۇشۇن» نىڭ بىرمۇنچە فېلىيەتونلىرى گېزىت يۈزىدە ئۇچراپ تۇردى . ئۇنىڭ توپلىمى قاچان نەشر قىلىناركىن تاڭ ؟ !

(بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ئۇچۇر گېزىتى» نىڭ 1999 ـ يىل 9 ـ ماي سانىغا بېسىلغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 1999 ـ يىل ئاۋغۇست سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



# ئۇنتۇپ قالمايلى

ئادەم ئەگەر ئۇنتۇمايدىغان بولسا ، تۇرمۇشنىڭ غېمى تولىمۇ ئېغىر يۈك بولۇپ بېسىۋالغان بولاتتى دەيدىغان گەپ بار . ئەگەر ئانچە كۆپ ئويلاشمايلا بىرنەرسە دېيىشكە توغرا كەلسە ، بۇنداق گەپنى مەنمۇ توغرا تاپىمەن . بەزى ئىشلارنى ، بولۇپمۇ يامان ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشكە ، خۇددى كۆرگەن يامان چۈشنى تېزرەك ئۇنتۇشقا ئالدىرىغاندەك تېز ئۇنتۇپ ، يېنىكلەپ قېلىشقا ئالدىرايمىز . لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئۇنتۇش قورقۇنچاقلىقتىن تۆگە قۇشىغا ئوخشاش ئەخمەقلىق قىلىپ ، ئۆزىنى ئۆزى گوللاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس (تۆگە قۇشى خەۋپسىرەپ ھودۇقۇپ قالغاندا بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ ، مانا ئەمدى خەۋپتىن قۇتۇلىدىغان بولدۇم دەپ ئويلايدىكەن ) . ئۇنتۇش دېگەن نەرسە تولا چاغلاردا «ئۆپكىسى يوق» ئادەمگە تەسەللى بولۇپ قالىدۇ . كەتكەن قورقۇنچاق ئادەمنى تەسكىن تاپتۇرىدۇ . ئەگەر قورقۇنچلۇق پالاكەتلەر تۆپىتۆپىلەپ بېشىغا كېلىۋەرسە قانداق بولىدۇ ؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭ بەرداشلىق بېرەلمەسلىكى ، تۇگىشىپ كېتىشى تۇرغان گەپ ، شۇ پالاكەتلەر ئۇنىڭ بېشىغا بالا بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن جىگەرلىك ، ئەقىللىق ئادەملەر تۆگە قۇشى تەدبىرىنى راۋا كۆرمەيدۇ .

سەگەك مېڭە بىلەن ئەستە تۇتۇشنىڭ ئۆزى بىزنىڭ ئۆزىمىزنى تەڭشەپ تۇتۇپ تۇرۇشىمىزغا ، ئۆزىمىزنى دەرد ـ ھەسرەتتىن قۇتۇلدۇرۇشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ . ئەگەر بېشىمىزغا يەنە بىر قېتىم دەردى ـ بالا كەلسە بېشىمىزنى سىلكىپ دەرمانىغا كېلىشىمىزگە مەدەت بېرەلەيدۇ ! بېشىمىزغا چىدىغۇسىز دەردى ـ بالا كېلىپ قالسا ، سەۋەب قىلساڭ سېۋەتتە

سۇ توختايدۇ دېگەندەك، شۇ دەرد - ئەلەمنىڭ نەدىن، قانداق كەلگەنلىكىنى ئېسىمىزدە مەھكەم تۇتۇپ، شۇنداق دەرد - ئەلەمنىڭ يەنە بېشىمىزغا كېلىشىدىن ھەزەر ئەيلىيەلەيمىز.

پالانى ئادەمنىڭ ئەستە تۇتۇش ئىقتىدارى ياخشى بولغاچقا، شۇنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ يۈكى بەك ئېغىرلىشىپ كېتىپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىغىنىمىز يوق؛ «ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى» گە مۇپتىلا بولۇشنى خالايدىغان بىرەر ئادەمنىمۇ كۆرگىنىمىز يوق؛ ئۇنتۇغاقلىق كېسىلى بىر خىل مەرەز. ئەلۋەتتە، ئەستە تۇتۇش دېگەن گەپ ھەرقانداق بىر ئىشنى چوڭ - كىچىكلىكىگە قارىماي، مىسقاللاپ تەگەپ ھېسابلىشىش كېرەك دېگەن گەپ ئەمەس. «چوڭ ئىشنى ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە بىلىش كېرەك، ئەرزىمەس ئۇششاق ئىشلارغا سالاۋات قىلىش كېرەك» — بۇ بىزنىڭ ئەستە تۇتۇش پاراستىمىز، مەسىلىنى بىرياقلىق قىلىش ئەقلىمىز.

ئۇنداق بولسا، چوڭ ئىشلار دېگىنىمىز قايسى، ئۇششاق ئىشلار دېگىنىمىز قايسى؟ شەخسىي ئىززەت - ئابرۇيىمىز ۋە ھاياتىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى شەخسىي چوڭ ئىش دېسەك بولار. دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىشلارنى دۆلەتكە، مىللەتكە مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش دېسەك بولار! سولۋېنستىننىڭ «گورگ تاقىم ئاراللىرى» ناملىق رومانىدا «بالايىئاپەت تۈگىگەندىن كېيىن» كى ئەھۋاللارنى خاتىرىلەپ يازغان بايانلىرى پايدىلىنىشىمىزغا ئۇبدان ئەرزىيدۇ.

«بالايىئەپەت تۈگىگەندىن كېيىن، بەزىلەر تارتقان قازاسىنىڭ ئورنىنى مەنسەپ - دەرىجە جەھەتتە تولدۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇندى؛ بەزىلەر ئىلمىي ئۇنۋان، ھەربىي دەرىجە ۋەھاكازالار جەھەتتە تولدۇرۇش بىلەن بولۇپ قالدى؛ بەزىلەر پۇل ۋە بانكىنىڭ ئامانەت چېكى جەھەتتە تولدۇرۇۋالماقچى بولدى؛ بەزىلەر قىز - چوكان بىلەن تولدۇرۇۋېلىشقا بېرىلىپ كەتتى،



بىرمۇنچە ئادەملەر ئۆتمۈشنى ئەسلىمەيدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىگە مەلۇم ئەرمەك تېپىۋېلىپ، شۇنىڭ بىلەن پاناھدايدىغان بولۇپ قالدى، باشتىن ئۆتكەن مۇشكۈللۈكلەر ئەس - يادىمغا كېلىپ قالمىسۇن دەپ، بېشىدىن ئۆتكەن ئېغىرچىلىقلارنى ئاڭلىق ئۇنتۇيدىغان بولۇۋالدى.»

بەزى ساداقەتمەن ئادەملەر ئۇۋال قىلىنغان ناھەق مەسىلىلىرى توغرا بىر تەرەپ قىلىنىپ، نامۇ ئەمەل سالاھىيەتلىرى، پارتىيىلىك ئىستاژى، مائاش تەمىناتى، كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىنىڭ خاتىرىلىرى ۋەھاكازالىرى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆتمۈشنى ئەسلەشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالدى، خۇددى بالايىئاپەت مەزگىللىرىدە «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش لاگېرى» دا كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرى ئۆزىنىڭ «قەدىر - قىممىتى» نى چۇشۇرۇۋېتىدىغاندەك، ھەتتا ئىززەت-ئابرۇيىغا «داغ» چۈشۈرىدىغاندەك! شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار قەلبىنى تەبرىكلەشكە خۇشتار بولۇپ، بالايىئاپەتلەرنىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا ئويلىنىشنى خالىمايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ شۇ سەۋەبلەر بىلەنمۇ ئىرماش - چىرماش مۇناسىۋىتى بار. ئىلگىرى چېقىمچىلىق قىلغانلار، ئاتارمەن - چاپارمەن بولغانلار، ئوشۇقى ئالچۇ قوپقانلار ئەسلەشنى خالىمايدۇ، بەلكى ئۇنتۇشنى خالايدۇ، ئەلۋەتتە، چۈنكى ئۇلار لەنەت - نەپرەتكە ئۇچراپ قېلىشتىن، پاش قىلىنىشىدىن غەم قىلىدۇ.

بەزى دەردمەنلەرمۇ ئۇنتۇشنى بەك خالايدۇ، خۇددى رۇسلارنىڭ:

تارتقان دەردلىرىم نەلەردە قالدى،
ئۆتكەچكە بىر كۈنۈم قەندەك؛
خاتىرەمدىن كەتتى شۇنداق ئاسان
يارا ساقىيىپ، ئاغرىقى تۈگىگەندەك.

دېگەن ماقالىنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرغىنىدەك ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزلىرى تارتقان دەرد -

ئەلەملەرنى مەغلۇبىيىتىنىڭ خاتىرىسى، ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىم كېرەك، دەپ قارايدۇ. بەزىلىرى بېشىغا كەلگەن دەردلەرنىڭ ئەلىمىنى سېزە - سەزمەي ئۆتكۈزۈۋېتىدۇ، شۇڭا ئۇنىڭدا دەرد - ئەلەملەردىن ئەسەر قالمايدۇ؛ بەزىسى كۈنىنىڭ ئۇياقتا، پۇلنىڭ بۇياقتا ئۆتكىنىگە رازى بولۇپ، ئەسلەشنى خالىمايدۇ؛ بەزىسى ئۆز ئۆيىدىلا ئۇنى - بۇنى دەپ ئاز - تولا قاقشاپ قويىدۇ، بۇنىڭدىن مۇددىئاسى — بېشىمدىن ئۆتكەن دەرد - ئەلەملەرنى ئاز - تولا ئەسلەپ سۆزلەپ بەرسەم بالىۋاقىلىرىم ئىچ ئاغرىتىپ قەدرىمگە يېتەرمىكىن دەيدۇ، لېكىن ئۆيدىن تاشقىرىغا چىقىش بىلەنلا ئۆتمۈشنىڭ ھەممىسىنى پاك - پاكىز ئۇنتۇپ كېتىدۇ.

ئەجەبا، ئادەمنىڭ تەبىئىتى شۇنداقمىدۇ؟

«مەدەنىيەت ئىنقىلابى» بىزنىڭ بېشىمىزغا كەلگەن بىر بالايىئاپەت. ئۇنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە 20 نەچچە يىل بولۇپ قالدى، بىزمۇ ئۇنتۇپ كېتەي دەپ قالدۇق. ئۇ چاغدىكى ئەھۋاللار ھازىرقى ياشلارنىڭ نەزىرىدە گويا «ئەلپىللەيلى» — «مىڭ بىر كېچە» دىكى ھېكايىلەردەك بىر ئىشتۇر. بۇنى قويۇپ تۇرايلى، ھەتتا ئۆز ۋاقتىدىكى «بېشى توختىغان» ئادەملەردىن، بالايىئاپەتنى «ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن» ئادەملەردىن «يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن» لىرى قانچىلىكتۇر؟ ئۆزىنىڭ ئامان قالغانلىقىغا، غەلىبە قىلغانلىقىغا خۇشال بولۇپ يۈرگەن «بەختىيار» لار ئۆلگەنلەرنى يادلاپ تۇپراق بېشىغا چىقىدىغان كۈنلەردە ھەمدەردلىرىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپمۇ قويامدىغاندۇ؟ سەۋەنلىك بىلەن ئېزىپ كەتكەنلەر ئۆز مېڭىسى بىلەن ئويلاپ كۆرۈشتىن ۋاز كېچىپ، «چۈشەنگەن بولسىمۇ ئىجرا قىلىش، چۈشەنمىگەن بولسىمۇ ئىجرا قىلىش»، «ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشقا يېقىندىن ئەگىشىش» سەۋەنلىكىنى ئۆتكۈزگەن ساۋاقلىرىنى خۇلاسىلەپ باققاندۇرمۇ؟ ئاتارمەن - چاپارمەنلەرنىڭ قولىغا چۈشكەنلەر بالا - قازادىن قۇتۇلغانلىقىغا خۇش بولۇش بىلەن تەڭ ئۆزىنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ غېمىنى يەپ



باققانمىدۇ؟ زورلۇق - زومبۇلۇق قىلغان ئادەملەر، زورلۇق - زومبۇلۇققا ئۇچرىغان ئادەملەر شۇنداق زورلۇق - زومبۇلۇقلارنى قانداق قىلىپ مەڭگۈلۈك تۈگىتىش ھەققىدە ئويلىنىپ كۆرگەنمىدۇ؟ چۇقان سالغانمىدۇ؟

گېرمانىيىدە يوقالغان ناتسىستلارنىڭ تىرىلىۋاتقانلىقىدىن ھەيران قالماڭ؛ ياپونىيىدە نەنجىڭدىكى زور قىرغىنچىلىقنى، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زور جىنايى ھەرىكەتنى ئېتىراپ قىلىشتىن ئەمگەلمەي باش تارتىۋاتقان، شۇ جىنايەتلەردىن تېنىۋېلىۋاتقان ئادەملەر بارلىقىغا ھەيران قالماڭ؛ ياش ئادەملىرىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى ئەھۋاللارنى ئاڭلىغاندا چىنپۈتمەي، ئەقلىگە سىغدۇرالماي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ھاڭ - تاڭ قالغانلىقىغا ھەيران بولماڭ. ئۇلار ھەتتا ئۆيلىنىش ئۈچۈن ئۆزىگە لايىق ئىزدىگۈچىلەرنىڭ «سىنىپىي تەركىب نەزەرىيىسى» نىڭ كاساپىتى بىلەن «پومېشچىك، باي دېھقانلارنىڭ پۇشتى» دىن خۇددى سىبلىستىن، ئەيدىزدىن قورققاندەك يىراق قاچقانلىقىنى ئاڭلاپ، شۇ بىر ئەۋلاد ياكى ئىككى ئەۋلاد ئادەملەر نېمىشقا شۇنداق ساراڭلىق قىلغاندۇر دەپ، ئەينى ئەھۋاللارغا ئىشەنمەيدۇ.

مانا بۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىگە «ئۇنتۇش» سەۋەبچى بولماقتا. ئەگەر يەنە داۋاملىق ئۇنتۇپ كېتىۋېرىدىغان بولساق، تۈنۈگۈنكى بالايىئاپەتلەرنى قويۇپ تۇرايلى، شۇنداق پالاكەتچىلىك بۈگۈنمۇ، ئەتىمۇ يەنە پەيدا بولۇشى، شۇ جۈملىدىن شەكلىنى ئۆزگەرتكەن ھالدا باشقىچە شەكىل بىلەن پەيدا بولۇشى ئېھتىمال.

(گودېماۋ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ساتىرا» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 3-سانىغا بېسىلغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000-يىل 8-ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.)

# تارىخ بۇ يەردە چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە

ئەگەر «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى مۇزېيى» قۇرۇش توغرىسىدا باجىننىڭ ئۆز ۋاقتىدا ئوتتۇرىغا قويغان تەكلىپىنى يېتەرلىك دەرىجىدە چۈشەنمىگەن بولساق، مانا ئەمدى 10 نەچچە يىلدىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو جەمئىيىتى چوڭ بۇرۇلۇشقا قەدەم باسقان ئەسىر ئاخىرىدا (ئەسلى ماقالە 1998-يىل 19-نويابىردا يېزىلغان — تەرجىمان ئىزاھى)، شۇ ۋەزنى ئېغىر تارىخنى قايتا ئوقۇساق، بىر-بىرىگە ئوخشىمايدىغان مەنىۋى ھالەتلەر پەيدا بولىدۇ: مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا مەنىۋى ھەم جىسمانىي ئازابلارنى تارتقان پېشقەدەم يولداشلار «دەرد-ئەلەم تۈگىگەن»دىن كېيىن چوڭقۇر ئويغا پاتقان؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا قايمۇقتۇرۇلغان «قىزىل قوغدىغۇچى خۇڭۋېيبىڭ»لار «ئىلگىرىكى گۇناھ»لىرىنى تۇۋا بىلەن يۇيۇشقا باشلىغان؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابى جەريانىدا تۇغۇلغان ياكى ئۇنىڭدىن كېيىن تۇغۇلغان ياش ئەۋلادلار بولسا مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدا ھېچ نەرسە بىلمەيدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەكتە.

مەدەنىيەت ئىنقىلابى زادى نېمە؟ 30 يىل ئۆتكەندىن كېيىن تارىختىن قايتا سوراپ كۆرگىنىمىزدە، بىزگە مەلۇم بولغىنى شۇكى، مەنىۋى بايلىقىمىز ناھايىتى بەك خوراپ تۈگىگەن، مانا بۇ ئىدىيىۋى گادايلىق بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزگە توسالغۇ بولۇپ قالغان؛ شۇنىسىمۇ مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتۇكى، تارىخىي ماتېرىياللار چېچىلىپ-يوقىلىپ كېتىپ، مەدەنىيەت



ئىنقىلابى قويۇق تۇمان بىلەن قاپلىنىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى تەتقىق قىلىش توغرىسىدا ھازىرمۇ بەزى پەرھىزلەر بار بولغاچقا، تارىخىي توزانلار بېسىۋالغان شۇ ئىنقىلابنىڭ ھەقىقىي چىرايىنى كۆرەلمەيۋاتىمىز.

ئەمەلىيەتتە جۇڭگودا بولۇپ ئۆتكەن مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەتقىقات چەت ئەللەردە ئاللىقاچان «مەشھۇر ئىلىم»گە ئايلىنىپ قالدى، ئىنسانلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا يۈز بەرگەن مەنىۋى كۆلپەت بولغان ئۇ ئىنقىلابنىڭ ماھىيىتى ھەرقانداق بىر دۆلەتتىكى ئىنسانشۇناس ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، جەمئىيەتشۇناسلار . . .نىڭ ئويلىنىپ كۆرۈشىگە يارايدىغان بايلىق مەنبەسى بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى جۇڭگو زېمىنىدا پەيدا بولغان شۇ زور ئىنقىلابنىڭ بولۇپ ئۆتكىنىگە ئەمدىلا 30 نەچچە يىل بولغاندا، ئۇنى ئىدىيە جەھەتتە ئۇنتۇپ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىپ كېتىۋاتىمىز.

بۇ ئەھۋال خەلقىمىزنىڭ ئېرەن قىلماسلىقتا تارىخنىڭ ئىزچىللىقىنى دەرەخ شاخلىرىنى چاتاپ تاشلىغاندەك چېپىپ تاشلاپ، شۇنىڭ بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئۇنتۇش ۋە چەتنەش داۋامىدا تارىخنىڭ كاتاكلىرىغا قايتا چۈشۈپ كېتىشىمىزگە ئۆزىمىز زامىن بولىدىغانلىقىمىزدىن بېشارەت بېرەمدۇ؟ شۇنداق ئىشىنىمەنكى، مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭمۇ ئىرسىي گېنى بار (گېن — جانلىق مەۋجۇداتلاردا بولىدىغان، تۈز سىزىق بويىچە قاتار تىزىلىپ نەسىلدىن-نەسىلگە سۈرۈلىدىغان ئاساسىي مۇجەييرلەر بىرلىكى). چۈنكى، ئۇ ئىنقىلاب ئىنسانلار تەبىئىتىدىكى يامانلىقنىڭ زور دەرىجىدە ئاشكارىلانغانلىقى ۋە ئوتتۇرىغا چىققانلىقىدۇر. شۇنداق بولغاچقا ئادەمنىڭ نەپسى ئەقلىگە مىنىۋالىدىغان دەۋر يېتىپ كېلىۋاتقان بىر چاغدىمۇ

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىن قالغان خوي ـ قىلىقلارنىڭ نامايان بولۇۋاتقانلىقىنى، يالىڭاچ ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. ھازىرقى كۈندە بەزى ئادەملەرنىڭ ماقالىلىرىدە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىكى مىلتىق دورىلىرىنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ؛ مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ پۇرىقى بىلەن تولغان سۆز ـ ئىبارىلەردىن ماقالىدىكى ۋەھىمىلەرنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلماقتىمىزكى، شۇنداق مەدەنىيەت زومىگەرلىكى نەپسىنىڭ تاقىلداپ كېتىۋاتقانلىقى، «مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى يەتتە ـ سەككىز يىلدا يەنە بىر قېتىم قىلىش كېرەك» دېگەن گەپتىنلا مەلۇم بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ.

يېقىندا يېڭى جۇڭگو ئەدەبىياتىنىڭ 50 يىللىقى توغرىسىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ۋە جۇڭگو ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ يىللىق ئىلمىي يىغىنىغا قاتنىشىش ئۈچۈن چۇڭچىڭغا باردىم. ھەممىدىن چوڭ تەسىرات ماڭا يىغىنلاردىن ئەمەس، باشقا تەرەپتىن كەلدى. بىز چۇڭچىڭدىكى بەند قىلىپ قويۇلغان «قىزىل قوغدىغۇچىلار قەبرىستانلىقى» («مەدەنىيەت ئىنقىلابى قەبرىستانلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدىكەن) نى ئۆزلۈكىمىزدىن ئېكسكۇرسىيە قىلدۇق. ئېھتىمال بۇ قەبرىستانلىق جۇڭگو بويىچە ھازىرغا قەدەر ھەممىدىن ئوبدان ساقلانغان مەدەنىيەت ئىنقىلابى قەبرىستانلىقى بولسا كېرەك؛ 50 نەچچە قەبرە تېشى ۋە گۈمبەز شاپىن باغچىسىدىكى ھەممىدىن ئېگىز دۆڭگە جايلاشتۇرۇلغانىكەن، ئۇلار گېلاۋشەن تېغى ئېتىكىدىكى تاشلاندۇق رەزگىلەر ئازگىلى بىلەن بەي ھەزرەتنىڭ باغچا سارىيى بىلەن قارىشىپ تۇرىدىكەن، بۇنى كۆرگەن ئادەمنىڭ خىيالى يىراق بىر يەرلەرگە كېتىدىكەن: ھېلىمۇ ياخشى، «قىزىل قىيا» رومانىنىڭ ئاپتورلىرىدىن بىرسى بولغان لوگۇاڭبىڭ مۇشۇ مەدەنىيەت



ئىنقىلابى قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنماپتىكەن، ئۇنداق بولمىغان بولسا بۇ تارىخىي سېلىشتۇرمىدىن پەيدا بولىدىغان ھەجۋىي مەسخىرىلەر يۈرەكلىرىمىزنى بىئارام قىلىۋېتىدىكەن. (بۇ يەردە «قىزىل قىيا» ناملىق روماندا تىلغا ئېلىنغان تاشلاندۇق رەزگىلەر ئازگىلى «زازېدۇڭ»، بەي ھەزرەتنىڭ باغچا سارىيى «بەيگۇڭگۇەن» كىشىلەرنىڭ خىيالىغا كېچىدۇ.)

قەبرىستانلىقتا ئېكسكۇرسىيە قىلىپ بارغان يازغۇچى، تەتقىقاتچى، ئالىملىرىمىز گويا «سوڭگۇچتىن كىرگەن ئوغرى» بولدى، ھەتتا بەزى پېشقەدەم ـ مويسىپىت ئالىملارمۇ قاتاردىن قالماي، ئىككى مېتىردىن كۆپرەك ئېگىز تۆمۈر سالاسۇن دەرۋازىغا مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئارتىلىپ چىقىپ، يامىشىپ چۈشتى. ئورمان دەرەخلىرىدەك تۇرغان گۈمبەزلەرنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتۇق. كىمدۇر بىرسى دەرۋازا ئالدىغا «تارىخ بۇ يەردە چوڭقۇر خىيال سۈرمەكتە» دېگەن ھەيۋەتلىك سۆزلەرنى چوڭ ـ چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىپ قويۇپتۇ! قەبرە تاشلىرىغا يېزىلىپ، شامالدا چالا ـ پۇچۇق ئۆچۈپ كەتكەن خەتلەرنى كۆرگەن ئادەمدە تىل بىلەن سۆزلەپ بەرگىلى بولمايدىغان شۇنداق مۇرەككەپ روھىي ھالەت پەيدا بولماي قالمايدۇكى، بىز تارىخىي مىلتىق دورىلىرىنىڭ ئىس ـ تۈتەكلىرىنى ئارىلاپ شۇنداق بىر تەلۋىلىك دەۋرىنى كۆرگەندەك بولدۇقكى، شۇ تەلۋىلىك دەۋرى ئادەملەرنى قانلىرىنى ۋە جانلىرىنى زايە قىلىپ بېرىپ تۇرۇقلۇق، يەنە مەردانىلىك قىلىدىغان ۋە ھاياجانغا كېلىدىغان قىلىپ قويغان. مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تۈمەن مىڭ گۇناھى بولسىمۇ، لېكىن تارىخ تەرىپىدىن كولدۇرلىتىپ ئەخمەق قىلىنغان چىن دىيانەتلىك يۈرەكلەرنى ئەيىبلىگىلى بولمايدۇ. قاراڭ، «جاننى قۇربان بېرىشكە ئىرادە باغلىغانمىز، جاھاننى يېڭى تۈسكە

كىرگۈزىمىز» دەپ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان لەۋھەلەر شۇ بىر ئەۋلاد ئادەملەرنىڭ ھاياجان ۋە پىداكارانە چېھرىسىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇرۇپتۇ، ئۇلار شۇ خاتا تارىخىي دەۋرنى نائىلاج تاللىۋالغان. لېكىن ئۇلارنىڭ سەممىيلىكى ئىنسانچىلىقتىكى تولىمۇ قەدىرلىك بىرنەرسىدۇر. ئەگەر بىز بۈگۈنكى كۈندە ئەنە شۇنچىلىك ئىنسانىي بايلىقىمىزنىمۇ ئىنكار قىلىۋەتسەك، مىللىتىمىز جان باقالمايدۇ، ماددىي مەنپەئەتىزم دەۋرىنىڭ كەلكۈندەك لەپپەڭلەپ كېلىۋاتقان ئىدىيىۋى ھۇجۇمى ئالدىدا ئامالسىز بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن.

قەبرىستانلىقتا دەپنە قىلىنغانلارنىڭ تولىسى چۇڭچىڭدىكى «15 ـ ئاۋغۇست» ئىسيانچىلار گۇرۇھىنىڭ «جەڭچى» لىرى ئىكەن. بىزگە مەلۇم، سىچۈەن ئۆلكىسى مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا «قوراللىق كۈرەش» ناھايىتى كەسكىن بولغان ئۆلكە. ئەسلىدە بۇ ئۆلكىنىڭ ھەرقايسى ناھىيە ـ شەھەرلىرىدىمۇ چۇڭچىڭ شەھىرىدىكىگە ئوخشاش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى قەبرىستانلىقى» بار ئىكەن. ھازىر ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ چېقىلىپ پەقەت چۇڭچىڭدىكى مۇشۇ بىر قەبرىستانلىقلا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ تەبىئىي خاتىرە سارىيى سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالغان بولسا كېرەك. مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تارماقلىرى بۇ قەبرىستانلىقنى «مۇھىم يادىكارلىق» دەپ توغرا ئاسرىسا، خارابلاشتۇرۇۋەتمىسە ئىكەن. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، بۇنىڭ «ئىدىيە ئاسارئەتىقىلىرىنى تەتقىق قىلىش» قىممىتى تاشلاندۇق رەزگىلەر ئازگىلىدىنمۇ، بەزى ھەزرەتنىڭ باغچا سارىيىدىنمۇ ئۈستۈن بولسا كېرەك. ئۆز ۋاقتىدا «ئىنقىلابىي قۇربان» دەپ قارالغان شۇ «قىزىل قوغدىغۇچى» لار ۋە «ئىسيانچى» لار مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە قىلىشىنى كۆزلەپ، «ماۋجۇشىنى جان تىكىپ قوغدايمىز، ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي



لۇشيەنىنى جان تىكىپ قوغدايمىز» دەپ پىداكارلىق قىلىپ، ئاخىرقى بىر تامچە قېنىنىمۇ بەرگەنىكەن، ئۇلارنىڭ كىچىكلىرى تېخى ئەمدىلا 14 ياشقا كىرگەنىكەن. ئۇلار «مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئەجدادلىرىمىز خەلق مەنپەئەتىنى دەپ، بىزدىن ئىلگىرى باتۇرانە قۇربان بولغانىكەن، ئەمدى بىز شۇلارنىڭ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ قانلىق ئىزىنى بېسىپ ئالغا ئىلگىرىلەيلى» دېگەن مەنىۋى تۇغ شەددىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ غۇنچىدەك ياشلىق باھارىنى ۋە قەدىرلىك ھاياتىنى تارىخقا سەدىقە قىلىپ بەرگەنىكەن.

بىر قەبرە تېشىدىكى يازۇ مۇنداق:

«ئىنقىلابىي قۇربان شياۋ رىنيۈەن، ئەر، 16 ياش، ئائىلىۋى كېلىپ چىقىشى ئىشچى، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى؛ ئۇ ھەممىدىن بۇرۇن ئىسيان كۆتۈرۈپ چىققان، سىنىپىي مەيدانى ھەممىدىن مۇستەھكەم. 1967 ـ يىلى 5 ـ ئاۋغۇستتا قەھرىمانلارچە جان پىدا قىلغان.»

مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنىڭ توپ ـ زەمبىرەك ئوقلىرىدىن چىققان ئىس ـ تۈتەك ئىچىدە ئەزىز جانلىرىدىن ئايرىلغان مۇشۇنداق «قىزىل قوغدىغۇچى جەڭچى» لەرنىڭ سانىنى بىلىپ بولمايدۇ. پەلەكنىڭ چەرخى ئۇلارنى ئاللىقاچان «تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسى» ئىچىگە تاشلىۋەتتى، ھەتتا ئۇلارنى مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ باش جىنايەتكارى، بالايىئاپەت تېرىغۇچىلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈۋەتتى. ئەگەر بىز مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى ئەنە شۇنداق چۈشىنىدىغان بولساق، تولىمۇ پۇچەكلىك قىلغان بولىمىز.

تېخىمۇ مەنىلىك يېرى شۇكى، قەبرىستانلىقتا 30 ــ 40 ياشلارغا كىرىپ قۇرامىغا تولغان ئادەملەرمۇ كۆپ ئىكەن. ئۇلار ئىسيانچى بولغىنىدا ئىدىيە جەھەتتىن نىسپىي ھالدا ئۆزىنى

توختاتقان ، پىشقان بولغىيدى . لېكىن تارىخنىڭ ھاۋايى - ھەۋىسى ئۇلارنىڭ قانلىرىنى قىزىتىۋەتكەن . تارىختا يۈز بەرگەن ئەھۋاللارنى شۇ چاغدىكى ئادەملەرنىڭ ھاياجىنى بىلەن ، سەممىيىتى بىلەن قوشۇپ نېرى - بېرىسىگە قارىمايلا يېنىكلىك بىلەن بۈگۈنكى مەۋقەدە تۇرۇپ ئىنكار قىلىۋەتسەك ، ئۇ چاغدا سەدىقە - پىترە بىلەن جان باقىدىغان «دەۋىدە» (توغرا يېزىلىشى : دەربەدەر ) بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن .

بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان شۇنداق بىر ئەھۋال باركى ، ئەينى يىللاردا ئىككى بالىنىڭ ئاتىسى بولۇپ قالغان بىر ئادەم ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنى ئۈچۈن «جېنىنى پىدا» قىلىپ بەرگەنىكەن . 30 نەچچە يىل ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندە ئۇنىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئىككى ئوغلى ئۇنىڭمۇ قەبرىسىنى قاتۇرۇپ قويۇپتۇ . قەبرە تېشىغا قىپقىزىل سىر بىلەن يېزىلغان خاتىرىنى كۆرۈپ غەلىتە بىر تارىخىي ھەيرانلىققا چۆمۈپ قالدىم . شۇ ئىككى ئوغۇل (مەدەنىيەت ئىنقىلابى قۇربانىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتى ) نىڭ ھازىر نېمە كەسىپ بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن ، ئېھتىمال ئەمەلداردۇر ياكى ئېھتىمال بەرىكەت تاپقان كارخانىچىدۇر . قەبرە قوپۇرۇلغاندىن كېيىن ، شۇ «ئىنقىلابىي قۇربان» نىڭ روھى قانداق ھېسسىياتلارغا كېلىۋاتقاندۇ ؟ جۇڭگودا ئىنقىلاب يولىنىڭ شۇنداق «تەتۈر» بولغانلىقىنى پەرەز قىلالىغانمىدۇ ؟ پەرزەنتلىرى شۇ تەتۈر يولدىن «دەرھال بۇرۇلۇپ» ماڭالارمۇ ؟

ئەينى يىللاردا «ئىسيانچى» بولغۇسى كەلگەن بولسىمۇ بولالمىغان «بەش خىل ئۇنسۇر» لارنىڭمۇ مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا بىر - بىرىنى چېقىپ ، پاش قىلىپ «ماۋجۇشىنىڭ ئىنقىلابىي لۇشيەنىگە قايتىپ كېلىش» كە ئۇرۇنۇپ قىلغان ئىشلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىپ قالغاندا ، ئۇ ھەقتە نېمە دېيەلىشىمىز



مۇمكىن ؟

مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئادىمىلىك كۆمۈلۈپ كەتتى ، كالۋالارچە ساداقەتلىك مۇتلەقلىشىپ كەتتى . جاڭ زىشىن ، يۈ لوكېلاردەك دانا ئادەملەر ئەزىز - ئەزىمەتلەردەك كەم ئۇچرايدىغان بولۇپ قالدى . «ئىسيانچىلار گۇرۇھى» نىڭ قەبرە تېشىدىكى مانا بۇ خاتىرە مەسىلىنى يېشىپ بېرەلىسە كېرەك :

«7 - ئايدا تاغلىق شەھەر (چۇڭچىڭ شەھىرى ) ئاسمىنىنى قاراپ بۇلۇت قاپلاپ كەتتى . 8 - ئايدا جيالىنجياڭ دەرياسى بويلىرى قىزىل قانغا بويالدى ، قەھرىمان ‹15 - ئاۋغۇست › ئىنقىلابچىلىرى بۇرژۇئا ئەكسىيەتچى لۇشيەنىنىڭ زور قىرغىنچىلىقىغا ئۇچرىدى . بىزنىڭ 7 - مارت ئىسيانچىلار توپىمىزدىكى مۇنەۋۋەر جەڭچىلەر سەنلەرنىڭ بۇرژۇئا ئەكسىيەتچىل لۇشيەنىڭنىڭ قىلىچى ئالدىدا باش ئەگمەي چىڭ تۇرۇپ ، ئۆزلىرىنىڭ بېشىمىز كەتسە كەتسۇن ، قېنىمىز تۆكۈلسە تۆكۈلسۇن ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى يوقاتمايمىز دېگەن ئىنقىلابىي مەردانە سۆزلىرىنى جېنى ۋە قېنى بىلەن ئاقلىدى . ئەلۋىدا ، قەدىردان سەپداشلار ، بىز ماۋجۇشىنىڭ تەلىمىنى ئېسىمىزدە چىڭ تۇتۇپ ، پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىنى چوقۇم ئاخىرغىچە ئېلىپ بارىمىز .

2307 پرولېتارىيات ئىنقىلابى ئىشچىلار ئىسيان
كۆتۈرۈش جەڭگىۋارلىرى توپى 1968 - يىل 2 -
ئاينىڭ 10- كۈنى»

بۈگۈنكى كۈندە بىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى ھەممە تەرەپتىن شۇنداق ئاسانلا ئىنكار قىلىۋېتىشىڭىز مۇمكىن ، لېكىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ئادەملەر ئۆز يۈرىكىگە ئورناپ كەتكەن داغلارنى ھەرگىزمۇ ئاسانلا چىقىرىۋېتەلمەيدۇ . شۇ دەۋردە بەجانىدىل قۇللۇق قىلغان

ئادەملەر بار ئىدى ، قۇللۇق قىلاي دەپ قىلالمىغان ئادەملەرمۇ يوق ئەمەس ، تارىخنىڭ مەنىۋى سوئال ـ سورىقىدىن ھېچقايسىسى قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ . مىللىتىمىزنىڭ ئۈمىدى ئەنە شۇ يەردە .

مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەتقىقات «شەخسىي ھەرىكەت» بولۇپ تۇرۇۋەرمىگەن ، ئۇنىڭغا «شەخسىي پايدا ـ زىيان مۇناسىۋىتى» ئارىلاشمايدىغان بولغان چاغدا ، ئەنە شۇ چاغدا تەتقىقات تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەھلىل قىلىش باسقۇچىغا قەدەم قويالايدۇ . مەن شۇنداق ئويلاپ كېلىۋاتىمەن : غەربلىكلەرنىڭ مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلىرى پەقەت «سىرتىدىن قاراش» تىنلا ئىبارەت ، جۇڭگو خەلقىنىڭ مىللىي روھىدىكى بەزى ئىچكى ، چوڭقۇر نەرسىلەرگە ئۇلارنىڭ زادىلا كۆزى يەتمەيدۇ ؛ روھىمىزدىكى كىر ـ داغلارنى ۋە تازا ـ پاك نەرسىلەرنى پەقەت ئۆزىمىزلا «ئىچىدىن قاراش» يولى بىلەن ئېنىق كۆرۈش ، ئۇ ھەقتە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگىمىز . مەدەنىيەت ئىنقىلابىنى تارىخىي جەھەتتىن تەتقىق قىلىنىدىغان ئىلمىي نىشان سۈپىتىدە نورمال تەتقىقات قاتارىغا قويۇش شەرت بولغان بىر ۋاقىت يېتىپ كېلىپ قالدى .

دەۋرلەر گىرەلىشىۋاتقان بىر چاغدا ، مەدەنىيەت ئىنقىلابى توغرىسىدا يېڭىۋاشتىن ئويلانغىنىمىزدا ، بىزگە شۇ نەرسە مەلۇم بولۇۋاتىدۇكى ، ماتېرىياللارنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئىشى ئۈچۈن خېلى جىق چىقىمدار بولىدىغاندەك تۇرىمىز . يالغۇز بۇلا ئەمەس ، يەنە شۇنىسىمۇ مەلۇم بولماقتىكى ، «4 ـ ماي» دىن بۇيانقى يېڭى ئەنئەنىلەرگە ئائىت ئىدىيىۋى بايلىق مەنبەلىرىمىزمۇ كونىراپ ۋە قۇرۇقدىلىپ كېتىۋاتىدۇ . تېز ئۆزگىرىۋاتقان مەدەنىيەت ھادىسىلىرى كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇۋاتىدۇ ، ئىدىيە پېشۋالىرىمىزنىڭ خىيالىغىمۇ كەچمىگەن



يېڭى ئەھۋاللار پەيدا بولۇۋاتىدۇ ، مۇشۇنداق بىر ئەھۋال يېڭى ئىدىيە مەنبەلىرىنى قېزىپ تېپىش ئىشى كېيىنكى ئەسىر زىيالىيلىرى مۇستەقىل باش قاتۇرىدىغان مەسىلە بولۇپ قالدى .

پىكىر ـ ئىدىيە جەھەتتە ئەركىن ۋە مۇستەقىل روھنى قولدىن بەرمىگەندىلا مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ كاتاگىلىرىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلىنالايمىز ، يېڭى ئېرا (تارىخىي دەۋر ) دا تېخىمۇ كۆپ ئىدىيە مەنبەلىرىنى تاپالىشىمىز مۇمكىن .

بىز دەۋرنىڭ بەك ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋۇجۇدقا كەلسىكەن دەپ ئارزۇ ـ ئارمان قىلمايمىز ، لېكىن يېڭى ئەسىردە ئۆزىنىڭ مېڭىسى بىلەن پىكىر قىلىشنى بىلىدىغان زىيالىيلار جامائىتى بارلىققا كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمىز .

1998 ـ يىلى 19 ـ نويابىردا يېزىلدى .

(دىڭفەن ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى گۇاڭشى ئۆلكىسىدىكى لىجياڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان «جۇڭگونىڭ 99 ـ يىللىق ئەڭ نادىر ساتىرىلىرى» ناملىق توپلامدىن تاللىنىپ ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىل 5 ـ سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



# تيەنئەنمېن مەيدانىدىكى قىزىل تەلۋىلىك

تيەنئەنمېن دەرۋازىسى ، دۇنيا بويىچە مەشھۇر ، ھەيۋەت كاتتا قۇرۇلۇش جۇڭگودا دۆلەتنىڭ ۋە ھوقۇقنىڭ ئالامىتى ، خەلقنىڭ كۆڭلىدە بولسا پارتىيە ۋە داھىينىڭ سىمۋولى . شۇ دەرۋازا ئالدىدىكى مەيداندا جۇڭگو سىياسىتىنىڭ شان - شەۋكىتى نامايان قىلىنغان ، سىياسىي بىمەنىلىكلەرمۇ نامايان بولغان .

1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى . شۇ كۈن جۇڭگودا ئۆز ۋاقتىدا مىليونلىغان قىزىل قوغدىغۇچىلار (ئۆز ۋاقتىدا «خۇڭۋېيبىڭ» دەپمۇ ئاتىلاتتى ) نى «بەخت شارابى مەست قىلىۋەتكەن» داغدۇغىلىق بايرام . قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ سىياسىي ھاياتىدا مىليونلىغان يۈرەكنى ھاياجانغا تولدۇرغان تۇغۇلۇش كۈنى .

ئادەملەر تىقما - تىقماق ، قىستا - قىستاق بولۇپ تۇرماقتا ؛ دەستە - دەستە قىزىلگۈل شۇ ئادەملەر توپىنى خالدەك بېزەپ كۆرسەتمەكتە ؛ ئالىيشىل ، رەڭگارەڭ بايراق - بايراقچىلار كۆزلەرنى چاقناتماقتا . پايتەختنىڭ ۋە ھەرقايسى جايلارنىڭ مىليونغان قىزىل قوغدىغۇچىلىرى تيەنئەنمېن دەرۋازىسىنىڭ پەشتىقىغا بويىنىنى سوزۇپ تەشنالىق بىلەن كۆز تىكىپ ، بىر ئۇلۇغ ئادەمنىڭ كېلىشىنى كۈتمەكتە . . .

## بىر قىزىل قوغدىغۇچىنىڭ ھوشىنى يوقىتىپ يىقىلىشى ۋە ھوشىغا كېلىشى

تەلمۈرۈپ كۈتۈش تۈن يېرىمىدىلا باشلاندى .



پايتەخت قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلىنىپ تۇرغان بىر چاغدا شەرق ، غەرب ، جەنۇب ۋە شىمال تەرەپلەردىن كەلگەن بۇ ئوغۇل - قىزلار تەقەززالىق بىلەن مەيدانغا كىرگەن . بۇلار مۇقەددەس كۆرەكتىن ئۆتۈشنى كۈتمەكتە .

ھەممىسى تاقەتتى تاق بولغان ھالدا قاراڭغۇلۇق قاپلىغان سائەتلەرنى سەۋر بىلەن ئۆتكۈزدى . تاڭمۇ سۈزۈلۈشكە باشلىدى ، بىر - بىرىگە تونۇش ، يات چىرايلار بارا - بارا ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولدى ، ئۇ چىرايلاردىن ھارغىنلىقمۇ ، تەقەززالىقمۇ بىلىنىپ تۇراتتى .

ئوقۇغۇچى قىزلاردىن بىرسى ئۇزۇن ۋاقىت ئۆرە تۇرغانلىقى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە قورساق ئاچلىقى ، ئۇيقۇسىراپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن بېشى قېيىپ يىقىلدى - دە ، بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچىنىڭ قۇچىقىغا چۈشتى .

ئۇنى قۇتقۇزۇشقا ھەممە ئادەم ئولاشتى ، بىرسى يۇقىرى كالپۇكىنىڭ ئوتتۇرىسىنى چىمدىدى ، يەنە بىرسى قايناق سۇ ئىچۈردى ، يەنە بەزىلىرى نان - پانلىرىنى تەڭلىدى . ئۇلار ئىنقىلابىي دوستانىلىق قىلىشتى ، سىنىپىي شەپقىتىنى يەتكۈزدى ، بىر ھازاغىچە شۇنداق ئۆرىتۆپە بولۇشتى ، ئۇ قىزنىڭ ھوشىغا كېلىشىدىن قىلچە ئەسەر يوق .

سەندۈڭلۈق بىر دارازا يىگىت ھېلىقى ھوشسىز قىزنىڭ بېشىنى بىر ئۇيان ، بىر بۇيان لىڭشىتىپ ، قۇلىقىغا : «ماۋ جۇشى كەلدى !» دەپ تۇۋلىغانىدى ، خۇددى بىر كارامەت يۈز بەرگەندەك ، قىز بىر ئەندىكىپلا ھوشىغا كەلدى ، نۇرلىنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىنى ھاياجان بىلەن تىكىپ :

— قېنى ، ماۋجۇشى قېنى؟ — دەپ سورىدى .

ھەممە كۈلدى . ئۇ قىز قارىسا ، ئالدامچىلىق ئىكەن . ئۇ قىز يەنە سۈلغۇن ھالىتىگە قايتتى ، شۇنداق بولسىمۇ خىجالەتتە كۈلۈپ قويۇپ ئورنىدىن ئۆرە تۇردى ۋە كۆڭلىدە «غەيرەت

قىلاي ، ماۋجۇشىنى كۆرۈۋالاي ، ئاخىرغىچە غەيرەت قىلىشىنىڭ ئۆزى غەلىبە !» دەپ ئۆزىگە ئۆزى مەدەت بەردى .

## «ماۋجۇشى 73 ياشقا كىرىپتۇ ، شۇڭا 73 ئىزناك تاقايمەن»

ۋۇخەنلىك قىزىل قوغدىغۇچى جاۋبىنجاڭ كىيىنىپ - ياسىنىشى باشقىچە بولغانلىقى ، ساداقىتىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى بۆلەكچە بولغاچقا ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىۋالدى . ئۇ ھەربىي شەپكىسىگە ، ھەربىي چاپىنىنىڭ ئالدى - ئارقىسىغا ۋە مۇرىسىگە ماۋجۇشىنىڭ سۈرىتى ۋە «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى» دېگەن ئۇزۇندە سۆزى چۈشۈرۈلگەن ئىزناكتىن 73 نى تاقاپ ، ماۋجۇشىنىڭ يېشىنى باشقىچە چوقۇنۇش ئۇسۇلى بىلەن ئۆزىنىڭ بوي - تۇرقىدا نامايان قىلغان ؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە ماۋ جۇشىنىڭ يېشىغا ھەر يىلى بىر ياش قوشۇلسا ئىزناكتىنمۇ يەنە بىرنى قوشۇپ تاقايدىغانلىقىنى ، شۇنىڭ ئۈچۈن ۋاللىداپ كۆزنى چاقنىتىدىغان چوڭ - كىچىك ۋە ھەر خىل ئىزناكلارنى زاپاس ھازىرلاپ قويغانلىقىنىمۇ ئېيتىپ ، ھەممىنىڭ ھۆرمىتىگە نائىل بولدى .

ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە ، شۇ ئىزناكلارنىڭ تولىسىنى مەكتەپ ، ئاتا - ئانىسى مۇكاپاتلاپ بەرگەنىكەن . ئۇلار ئاتا - ئانا ، بالا - چاقا بولۇپ پات - پات ئائىلىۋى مۇنازىرە مەجلىسى ئېچىپ تۇرىدىكەن ؛ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماۋجۇشىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئاكتىپ ۋە ئەستايىدىل ئۆگىنىدىكەن ، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دادىسى باھالاپ كۆرۈپ ، ئۆگىنىشتە ئەلاچى بولغانلىرىنى بىر دانە ماۋجۇشى ئىزنىكى بىلەن مۇكاپاتلايدىكەن ؛ ئۆيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى مېڭىسىنى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بىلەن قوراللاندۇرىدىكەن . بىر ئادەم ئالغا



باسسا پۈتۈن ئائىلىگە شان - شەرەپ كېلىدۇ - دە .

ھەممەيلەننىڭ كۆزى شۇ دارازا يىگىتنىڭ ئۈستىۋېشىغا تىكىلىپ قالدى ، كۆڭلىدە بولسا ئۇنىڭ ئائىلىسىگە زوقلاندى ، ھۆرمەت بىلدۈردى :

— بېيجىڭغا كەلگىنىمگە يارىشا ھەرھالدا ياخشى بىر تەجرىبە ھاسىل قىلدىم ، — دېدى شىمال تەرەپتىن كەلگەن چاسا يۈزلۈك بىر يىگىت ، — ئۆيگە قايتىپ كەتكەندىن كېيىن مەتمۇ ئاتا - ئانامنى سەپەرۋەر قىلىپ ، ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىدىغان ئائىلە مەجلىسىنى قەرەللىك ئېچىپ تۇرىمىز . سىزنىڭ قىممەتلىك تەجرىبىڭىز بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ ، شەرق - جەنۇب ، غەرب ، شىمالدىمۇ ۋە ئوتتۇرىلىقتىمۇ گۈللەپ - ياشنىسۇن !

## دالىيەڭشەن تېغىلىق قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ مەغرۇرلۇقتىن كۆرگەن كۆرگۈلۈكلىرى

— ماۋجۇشى خۇددى ماڭا بەرگەندەك سىزگىمۇ پالاكەتچىلىكنى يېڭىدىغان كۈچ - قۇۋۋەت بېرەر ، — دېدى سىچۈەن ئۆلكىسىدىكى دالىيەڭشەن تېغىدىن كەلگەن جاڭ جىڭخەي .

ئۇ «قىزىل ئارمىيە ئۇزۇن سەپەرنىڭ جاپاسىدىن قورقمايدۇ ، مىڭلىغان - تۈمەنلىگەن دەريالار تۈپتۈز يولغا ئوخشايدۇ» دېگەندەك ئىنقىلابىي روھنى جارى قىلدۇرۇپ ، ئۈچ ھەمراھى بىلەن بىللە دالىيەڭشەن تېغىدىن بېيجىڭغا كەلگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ ، ئۆزىنى تولىمۇ مەغرۇر تۇتاتتى . بىرنەچچە مىڭ كىلومېتىر يولنى ئىككى ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بېسىپ تۈگەتكەنىدى .

ئۇ ئۈچ سەپدىشى بىلەن كېتىۋاتقاندا ماۋجۇشىنىڭ

سۆزلىرىدىن ئىشلەنگەن «ئۇزۇندە قارتى» لىرىنى خەلققە تارقىتىپتۇ . يولغا چىقىشتىن ئىلگىرى تەييارلىغان 40 نەچچە كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى ئۇزۇندە قارتىلىرىنى باۋدىڭ شەھىرىگە كەلگۈچە تامامەن ھەدىيە قىلىپ تارقىتىپ بولغانىكەن .

ئۇلار ھايال بولۇپ يۇرمەسلىك ئۈچۈن پايناپ يوللارنى كېسىپ مېڭىپ ، شەنشى تەۋەسىگە ئۆتكەندە بىر ئورمانلىق تاغ يولىدا ئېزىپ قاپتۇ . ئېلىپ ماڭغان ئوزۇق - تۈلۈكلىرى ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەچكە ، قورسىقى ئاچقاندا دەرەخ يوپۇرماقلىرى ، ئوت يىلتىزلىرى ۋە ياۋا مېۋە يەپ قورساق بېقىپتۇ . سەپداشلاردىن بىرسى ياۋا مېۋە بىلەن زەھەرلىنىپ ، ئىچى ئاغرىپ ، ياندۇرۇپ ، ئاخىر جاڭگالدا يەرلىكنى تېپىپتۇ . ئۇ جان ئۈزۈش ئالدىدا سەكراتتا تۇرۇپ «ئۇزۇندىلەر» رىسالىسىنى كۆكرىكىگە تېڭىپ ئاران تەسلىكتە :

«ماۋجۇشى ، سىزنى كۆرەلمەيدىغان بولدۇم ، سىزگە ناھايىتى ئىخلاسىم بار ئىدى . . .» دەپتۇ .

ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى يوپۇرماق - غازاڭلار بىلەن كۆمگەندىن كېيىن ، ئۈستىگە تاشلارنى دۆۋىلەپ قەبرە قوپۇرۇپتۇ ، پاكىزرەك ھەم چوڭراق بىر تاشقا «ماۋجۇشىنىڭ قىزىل قوغدىغۇچىسى دۇڭ ياۋشۆنىڭ قەبرىسى» دېگەن سۆزنى چېكىپ قويۇپتۇ . بۇ خېجىقلار سۇس بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارنىڭ تۈگىمەس دەرد - ھەسرەتلىرى سىڭدۈرۈلگەنىكەن .

ھەمسەپەرلەردىن يەنە بىرسىنىڭ ئۇزۇندىلەر رىسالىسى تىك ياردىن چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندە ، ئۇ رىسالىنى تېپىۋالاي دەپ ياردىن يامىشىپ چۈشۈۋېتىپ يىقىلىپ كېتىپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن سىڭا پۇتىنى سۇندۇرۇۋاپتۇ ، يەنە بىر سەپدىشىنى ياۋايى ھايۋان تالاپ يارىلاندۇرۇپتۇ .

ئۇلار ھەرقانداق بىرەر مۇشكۇلچىلىككە يولۇققاندا ماۋجۇشىنىڭ ئۇزۇندە سۆزلىرىنى ياد ئوقۇپ ، بىرەر كارامەت



ياكى مۆجىزە پەيدا بولۇشىنى ئىنتىزارلىق بىلەن كۈتۈپتۇ . . .

ئۇلار ئەس - ھوشىغا كېلىپ قارىسا ، ئۆزلىرى بىر ئۈۋچىنىڭ ياغاچ ئۆيىدە ياتقۇدەك . ئېچىرقاپ كەتكەچكە ھەربىرى ئۈچ جىڭ ياڭيۇنى يەۋېتىپتۇ .

ئۇلار ئۈۋچىنىڭ كەينىدىن مېڭىپ مەھەللىگە كىرگەندىن كېيىن ھەيران بولۇپ قاپتۇ . قارىسا ، ئۇ يەر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېزىلگۈدەك دەرىجىدە كەمبەغەل ئىكەن . بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىر ئەمگەك كۈنى ئالتە تىيىن ئىكەن ، بىر تۇخۇمنى سەككىز تىيىنگە ساتىدىكەن ، بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈكى بىر مېكىياننىڭ بىر كۈنلۈكچىلىكمۇ قىممەتكە ئىگە بولالمايدىكەن . بۇ يەردىكى بۇ تاغلىق خەلق ئۆزىنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى بىلەن تويلىشىدىغان بولغاچقا ، چىراي - تۇرقى بۆلەكچىلا سەت كۆرۈنىدىكەن .

شۇ يەرلىك خەلقلەر تېخى : «ماۋجۇشىنىڭ رەھبەرلىكىدە قەددىمىز رۇسلاندى ، ئازاد بولدۇق ، ھال - كۈنىمىز ئىلگىرىكىدىن كۆپ ياخشى ؛ ئۇ يىلدىن - بۇ يىلغا ياڭيۇ يېيەلەيدىغان بولدۇق» دەيدىكەن . بۇ يەردە ئەركەكلەر ئومۇمەن دېگۈدەك يالاڭتۆش يۈرىدىكەن ، ھاۋا ئىسسىغان چاغلاردا ئۈستى يالىڭاچ يۈرۈۋېرىدىكەن ، سوغۇق چۈشكەندە ياغلىشىپ تۇرغان بىرەر تېرىنى ئۈستىگە ئارتىۋالىدىكەن . ھەممىسىنىڭ ئۆيىدە كارىۋات بولمايدىكەن . بىرەر قەۋەت غازاڭنى ياكى بىرەر قۇچاق شاخ - شۇمبىنى ۋە ياكى بىرەر پارچە مازنى كۆرپە قىلىپ ياتىدىكەن .

ھېلىقى ياۋا ھايۋاننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغان سەپداش بىلەن يىقىلىپ يارىلانغان سەپداشنى شۇ تاغ خەلقى بېقىپ داۋالايمىز دەپ شەپقەت قىلىپ ئېلىپ قاپتۇ . جاڭ جىڭخەي بولسا باشتىكى ئىرادىسىدىن يانماي ، داۋاملىق پىيادە مېڭىپ بېيجىڭغا كېلىپ ، ئاخىر تيەنئەنمېن دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپتۇ .

## ماۋجۇشىغا ئاتالغان «زەمزەم سۈيى»

يەنە بىر يەنئەنلىك قىزىل قوغدىغۇچىمۇ ئۆزىنىڭ بېيجىڭغا پىيادە مېڭىپ كەلگەنلىكىنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ كەتتى .

ئۇ يەنە بىر سىنىپداش ساۋاقدىشى بىلەن بىللە يولغا چىقىپ لۈلياڭشەن تېغىغا كەلگەندە ، شۇ يەردىكى بىر دېھقاننىڭ گۆرگە ئوخشاش قاراڭغۇ بىر غار ئۆيىدە قونۇپتۇ . ئۇ دېھقاننىڭ ئۆيى بىر كاڭنى ، بىر تۆمۈر قازاننى ھېسابقا ئالمىغاندا قۇپقۇرۇق ئىكەن . دېمەك ، تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن . شۇ ئاخشىمى بۇلار يەنە سەپەر قىلىپ كېلىپ قالغان ئۈچ قىزىل قوغدىغۇچى ، بۇلارغا قوشۇلۇپ دېھقاننىڭ ئۆزى ، ئۇنىڭ خوتۇنى ۋە ئۇلارنىڭ بالىسى بولۇپ جەمئىي سەككىز ئادەم شۇ بىر كاڭدا قىستىلىشىپ يېتىپتۇ .

لېكىن ، شۇنداق كەمبەغەل غار ئۆينىڭ تاملىرى قاتىرىسىغا چاپلىنىپ كەتكەن ماۋجۇشى رەسىملىرى ، ماۋجۇشى ئۇزۇندىلىرى بىلەن قاپلىنىپ كېتىپتۇ ، ئۇ رەسىم ۋە ئۇزۇندە لەۋھەلىرى ئىسلىنىپ - سارغىيىپ كېتىپتۇ . تامدا تېخى يەنە شۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ماۋجۇشى ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىش ئاكتىپى بولۇپ باھالىنىپ ئالغان تەقدىرنامىمۇ بار ئىكەن . ئۆي ئىگىسىنىڭ سۆزلىرىگە قارىغاندا ، ئۇ يەردە ئىلگىرى ئۇرۇش - جەڭ بولغانىكەن ، ئاچارچىلىق ئاپىتى يۈز بەرگەنىكەن ، مانا ئەمدى ياخشى كۈنگە ئېرىشىپتۇمىش ، شۇڭا ماۋجۇشىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇماي بولمايدىكەن ، ئوقۇغانسېرى كۆزى روشەنلىشىپ ، دىلى يورۇيمىش .

دېھقان خەقنىڭ پىكىر قىلىشى ساددا ، كۆڭلى تۈز بولىدۇ ، ئۇرۇش - جەڭ بولمىسىلا ، ئاچارچىلىق ئاپىتىدىن قۇتۇلسىلا بولدى ، شۇنىڭغا قانائەت قىلىدۇ . سىياسەت دېگەن نېمە ، ئۇلار



ئۇنى زادىلا چۈشەنمەيدۇ ، ئۇنىڭ بىلەنمۇ كارى يوق ؛ ئۇلار ئىنساپنىلا بىلىدۇ ، رەھىم - شەپقەتنى ياندۇرىدىغان پەزىلەتنىلا بىلىدۇ .

شۇ چاغدا ، غار ئۆيلۈك دېھقان ھېلىقى يەنئەنلىك بالىدىن ماۋجۇشى ئاتامغا نېمە سوۋغات ئەۋەتسەك بولار دەپ خوتۇنى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ قاپتۇ . شۇ كىچىككىنە غار ئۆيدە ۋە پۈتۈن لۈلياڭشەن بويىچە ھەممىدىن قەدىرلىك نەرسە سۇ ئىكەن . ئۇلار بىر ئەپكەش سۇ ئۈچۈن تاغ - داۋان ئېشىپ 10 نەچچە چاقىرىم يول ماڭىدىكەن ، جىلغىدىن سۇنى ئۇسۇپ ئېلىپ ئويدۆڭغۇل يوللارنى بېسىپ ئۆيگە كەلگۈچە سۇ سوغىنىڭ قوڭىدىلا قالىدىكەن . ئۇ يەردىكىلەر ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بويىنى سۇغا سېلىپ يۇيۇنمايدىكەن ، پەقەت ھېيت - ئايەم كۈنلىرىدىلا يۈز-كۆزىنى ، پۇت - ئايىغىنى يۇيۇۋالىدىكەن .

شۇنداق بولسىمۇ ئەر - خوتۇن ئىككىيلەن بىر شېشە قۇتىغا لۈلياڭشەن جىلغىسىنىڭ سۈيىنى لىق تولدۇرۇپ قاچىلاپ ، بېيجىڭغا بارغاندىن كېيىن ماۋجۇشىغا يەتكۈزۈپ بېرىڭ دەپ ، يەنئەنلىك بالىغا ھاۋالە قىپتۇ .

شۇ بىر قۇتا سۇ يەنئەنلىك بالىنىڭ سومكىسىدا خۇددى لۈلياڭشەن تېغىدەك ئېغىر تۇرۇپتۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن يەنئەنلىك ئىككى بالا يولدا كېتىۋاتقاندا گاللىرى قۇرۇپ چاڭقاپ كەتسىمۇ ئۇنى ئىچمەپتۇ ، ھەتتا كېيىن ماۋجۇشى كۆرەك قىلغاندا ھەدەپ شوئار توۋلاۋېرىپ ، گاللىرى قۇرۇپ تىللىرى تاماقلىرىغا چاپلىشىپ قالغان چاغدىمۇ ئىچىۋالماپتۇ .

لېكىن لۈلياڭشەنلىك دېھقانلارنىڭ چوڭقۇر ئىخلاس - ئەقىدىلىرى قاچىلانغان شۇ شېشە قۇتا كۆرەك بولۇۋاتقان ۋاقىتتا ماۋجۇشىنىڭ قولىغا يېتىپ بارالماپتۇ . ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە . كېيىن ھېلىقى يەنئەنلىك ئىككى قىزىل قوغدىغۇچى ھېلىقى لۈلياڭشەن تېغىنىڭ ياغدىنىمۇ قىممەت «زەمزەم سۈيى»

نى تيەنئەنمېن دەرۋازىسى ئالدىدىكى «ئالتۇن ئېرىق» (ئەسلى ئاتىلىشى «جىنشۇيخې» ) غا، بېيجىڭدا «ماۋجۇشىغا ھەمراھ بولسۇن»، ماۋجۇشىغا ئاتاپ «چىرايلىق غەزەل ئوقۇپ بەرسۇن»، «بەخت دولقۇنى كۆتۈرسۇن» دەپ تۆكۈپ، ھېلىقى دېھقانىنىڭ ۋە ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئامانىتىنى ئاقلاپتۇ.

## ئون مىڭلىغان ئادەمنىڭ ساداسى:
## ماۋجۇشى تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن!

تەلمۈرگەن ۋاقىت ئاخىر كەلدى.

چۈشتىن ئىلگىرى سائەت يەتتە يېرىم بولغاندا، كۈن راسا نۇرلىنىدىغان ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا، «سائەتسەككىز - توققۇزلاردىكى قۇياش» لار قازاندا قاينىغان سۇدەك قاينىغىلى تۇردى، ئەسەبىيلىك بىلەن تەلۋىلەشتى.

ماۋ زېدۇڭ، لىن بياۋ، جۇ ئېنلەي، چېن بودا قاتارلىق مەركەز رەھبەرلىرى تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ پەشتىقىغا ئاستا مېڭىپ چىقىشتى، ئۇلار ئەسەبىيلىشىپ تەلۋىلەشكەن قىزىل قوغدىغۇچىلارنى كۆرەك قىلماقچى.

ماۋجۇشى راۋاققا چىققاندا پۈتۈن مەيداندا شوئار سادالىرى ياڭراپ كەتتى، شوئار سادالىرى بىر - بىرىدىن ياڭراق، دولقۇنلىرى بىر - بىرىدىن يۇقىرى.

لىن بياۋ ئادەتتىكىگە ئوخشاش ھەربىي كىيىم كىيىۋالغان، ئۇ ماۋجۇشىنىڭ بەھەيۋەت، زەبەردەست بوي - تۇرقى يېنىدا ياداڭغۇ، ۋىجىك بوي - تۇرقى بىلەن نەزەرگە ئالغۇچىلىكى يوق كۆرۈنەتتى.

ماۋجۇشى چىرايى گۈلدەك ئېچىلغان، روھلۇق ھالدا مەيداندىكى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا قولى بىلەن سالام بەردى. مەيداندا «تۈمەن مىڭ يىللار ياشىسۇن» دېگەن سادالار



ئۇزاق ياڭراپ، يانار تاغدەك پارتلاپ تۇردى. «قىزىل گۆھەر كىتاب» لار گويا دېڭىز دولقۇنىدەك كۆتۈرۈلۈپ پۈتۈن مەيداننى قاپلىدى.

## بەختلىك قول ئېلىشىش

تيەنئەنمېن راۋىقىنىڭ ئىككى يېنىدىكى مۇراسىم كۆرۈش سۇپىلىرى سايلام بىلەن ئۆتتۈرىغا چىققان 1 مىڭ 500 مۇنەۋۋەر قىزىل قوغدىغۇچى بىلەن تولغانىدى. ماۋجۇشى قاتارلىق رەھبەرلەر ئەنە شۇلار بىلەن قول ئېلىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن شۇلارنىڭ قاتارىغا كەلدى. بىردەمدىلا 100 — 1000 جۈپ يۇمران ۋە ياش بىلەك قول ئېلىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن ماۋ جۇشىغا سۇنۇلدى. بۇ نېمىدېگەن زور بەخت، نېمىدېگەن چوڭ شان - شەرەپ!

شاڭخەيدىن كەلگەن بىر قىزىل قوغدىغۇچى قىزنىڭ ئىسمى سۇخۇڭ ئىكەن. سوۋېت ئىتتىپاقى رېۋىزىيونىزم (شيۇجېڭجۇيى) يولىغا كىرىپ كەتكەچكە، «قىزىل سوۋېت ئىتتىپاقى» دېگەن مەنىگە تارتىپ قويۇلغان بۇ ئىسىم (سۇخۇڭ دېگەن ئىسىم سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ) تولىمۇ ناباب بولۇپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى «سادىق - ساداقەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرۈپ تۇرسۇن دەپ «سۇچيڭ» غا ئۆزگەرتىۋەتكەنىكەن. ئۇ ماۋجۇشى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا ئىختىيارسىز سەكرەپ كەتكەن.

ئۇنىڭ ماۋجۇشى بىلەن تۇتۇشقان ئوڭ قولى ئاسراپ ساقلايدىغان مۇھىم «ئاسارئەتىقە» بولۇپ قاپتۇ، كېيىن ئۇزۇن بىر چاغلارغىچە ئۇ ھەرقاچان بىرەر قىيىنچىلىققا يولۇقسا، كۆرەشتە «تەمتىرەپ - گاڭگىراپ» قالسا، ماۋجۇشىنىڭ قولىنى

تۇتقان شۇ قولىغا ئۇزاق قارايدىكەن ، شۇنىڭ بىلەن بىردىنلا غەيرەتكە كېلىدىكەن - دە ، «گاڭگىراش» لىرى يوقىلىدىكەن . كېيىن بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۇكىسى ماشىنا ۋەقەسى بىلەن قازا قىلغانىكەن ، ئۇنىڭ دەرد- ھەسرىتىنى شۇ قولىغا ئۇزاق قاراپ تۇرۇش چارىسى بىلەن يوقىتىپتۇ . يەنە ھەممە ئادەم ئومۇمىي مۇنازىرىگە چۈشكەن بىر چاغدا ، تىلى تۇتۇلۇپ قالغان رەقىبلىرى ئۇرماقچى بولۇپ قول كۆرگەنىكەن ، ئۇ ھېلىقى ئوڭ قولىنى دادىل چىقىرىپ تۇرۇپ :

— قېنى ئۇرۇپ بېقىڭلارچۇ ! مۇشۇ قولۇمغا ئۇرامسىلەر ؟ بۇ قولچۇ ، ماۋجۇشىنىڭ قولىنى تۇتقان قول جۇمۇ ! — دەپتۇ .

## خالا جايغا كىرگەنىنىڭ گۇناھى

سىچۇەندىن كەلگەن بىر قىزىل قوغدىغۇچىنىڭ شۇ كۈنى قورسىقى ئاغرىپ ، تەرتىپى قىستىغاندا چىداپ تۇرالماي خالا جايغا كىرمەكچى بوپتۇ . خالا جاي يىراق بىر يەردە بولغاچقا ، ئۇ يەرگە يېتىپ بارغۇچە ناھايىتى تېپىرلاپ قاپتۇ . قارىسا ، قۇياش بارا- بارا كۆتۈرۈلۈپ چىقىۋاتقان . ئۇ ، ئەگەر بالدۇرراق بېرىپ ھاجەت قىلىۋالمىسام ماۋجۇشىنى كۆرەلمەي مەڭگۈگە ھەسرەتتە قالىمىغىيدىم ، دەپ ئەندىشىگە چۈشۈپتۇ .

شۇنىڭ بىلەن چىشىنى چىشلەپ ، سانجاق - سانجاق ئادەم توپىنى يېرىپ ، تەرەتخانىغا بېرىپتۇ .

پۈتۈن مەيدان ئادەم بىلەن لىق تولغان ، تەرەتخانىدىمۇ سانجاق ئادەم . ئۇ قورسىقىنى مەھكەم مۇجۇپ تۇرغان پېتى رەتكە تىزىلىپ ئۆچىرەت تۇرۇپتۇ ، قوشۇمىسى خۇددى مىجىلىپ كەتكەن سامان قەغەزدەك تۈرۈلۈپ كېتىپتۇ ، ئاخىر ناھايىتى تەلمۈرتكەن بىر تۆشۈك ناھايىتى تەسلىكتە تېگىپتۇ : دەل شۇ



[چ]اغدا مەيداندا جاھاننى تىترەتكۈدەك شوئار سادالىرى ياڭراپتۇ ، [ت]ەرەتخانىدىكىلەرمۇ «ئىش» لىرىنىڭ تېخى تۈگىمىگەنلىكىگە [ق]ارىماي چاپچىپ چىقىپ كېتىپتۇ ، تەرەتخانا بىردەمدىلا [م]ۈپمۈرۈق بوشاپ قاپتۇ .

ھېلىقى سىچۇەنلىك قىزىل قوغدىغۇچى قانداقمۇ قاتاردىن [ق]السۇن ؟ ! ئۇ شاپۇر - شۇپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ ، ئىشتىنىنى [ك]ۆتۈرگەن پېتى مەيدانغا قاراپ پالاقلاپ يۈگۈرۈپتۇ . يۈگۈرۈپ [ك]ېتىۋېتىپ ، باشقىلارنىڭ قاتارىدا شوئار توۋلاپتۇ . شوئار [ت]وۋلاشنىڭ قىزىقىدا ئىشتانبېغىنى تېخى باغلىمىغانلىقىنى [ئ]ۇنتۇپ ، ئىككىلا قولىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن [ئ]ىشتىنى پاچىقىغىچە چۈشۈپ كېتىپتۇ . . .

ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەپتۇ ، دەرھال ئىككى قولى بىلەن [ئ]ىشتىنىنى كۆتۈرۈپتۇ . دېمەك ، ئۇ ۋاقتىدا ھەم ئۇنۇملۇك ئامال [ق]ىپتۇ . لېكىن تەسىرى ناھايىتى يامان بوپتۇ ؛ كېيىن مەكتەپتە [ك]ەڭ دائىرىدە تەنقىدكە ئۇچراپتۇ . ئىدىيەڭنىڭ يىلتىزىنى [ت]ېگىگە يازمىساڭ بولمايدۇ دەپ قىستىشىپتۇ . بەزى [س]اۋاقداشلىرى شۇنداق دەپتۇ : ئۇ ماۋجۇشىنى كۆرۈۋېلىشقا [ئ]الدىراپ ئەمەس ئىكەن ، ماۋجۇشى قەدەم تەشرىپ قىلىپ كەلگەن [چ]اغدا قېرىشقاندەك خالا جايغا كىرىپ مۆكۈنۈۋاپتۇ ، كېيىن ، [ك]ۆپكۆندۈزدە لۈكچەكلىك قىپتۇ ، ئۇنىڭ مەسىلىسى ئىدىيە [خ]اراكتېرىنى ئالغان مەسىلە .

ئۇنى مەكتەپمۇمەكتەپ ھەيدەپ ئاپىرىپ ، قاتارى تەنقىد- [ك]ۈرەشكە تارتىپتۇ ، 40 نەچچە قېتىم تەكشۈرۈشنامە [ي]ازدۇرۇپتۇ ، 60 نەچچە قېتىم ئېغىزچە تەكشۈرتۈپتۇ . . .

قورسىقى تولغىنىغانلىقى سەۋەبى بىلەن چوڭ بالا - قازاغا [ئ]ۇچرىغان شۇ قىزىل قوغدىغۇچى ھازىر سىچۇەن ئۆلكىسىنىڭ [م]ەلۇم بىر ناھىيىسىدە تۇرىدىغان ياۋاش ، ئاق كۆڭۈل دېھقان [ئ]ىكەن . ئۇ مۇنداق دەيدۇ :

— مېنىڭدە لۈكچەكلىك قىلىش نىيىتى نېمە ئىش قىلسۇن ، يېقىندا ناھىيىمىز ماڭا ئوخشاش بېيىغان دېھقانلارنى بېيجىڭغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ كېلىڭلار دەپ ئەۋەتكەنىدى ، باشقىلار تيەنئەنمېن مەيدانىغا كەتتى ، يالغۇز مەنلا مېھمانخانىدا ئولتۇرۇپ قالدىم . شۇ مەيداندا بولۇپ ئۆتكەن ھېلىقى رەسۋاچىلىقنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگۈم كەلمىدى .

## ئوغرىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ، مۇقەددەس بىر چاغدا ئاشكارىلىنىشى

بىر قىزىل قوغدىغۇچى ئۆزۈمگە تەن بىرەر قۇر كونا ھەربىي كىيىمىم بولسا كىيىۋالسام ئەجەبمۇ سۆلەتلىك ۋە مودا بولغان بولاتتىم دەپ ئارزۇ قىلىدىكەن . ھەربىي كىيىم تېپىش ئامالى بولمىغاچقا ، تەۋەككۇل قىلىپ ئوغرىلاش چارىسىنى قوللىنىپتۇ .

بېيجىڭ ئاۋىئاتسىيە ئىنستىتۇتىنىڭ قارىمىقىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە چوڭ خەتلىك گېزىت (ئۆز ۋاقتىدا تولاراق «دازىباۋ» دېيىلەتتى — تەرجىمان ئىزاھى ) لارنى كۆرۈپ كۇرەش تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە بارغاندا ، سىم تانىدا يېيىقلىق تۇرغان ھەربىي كىيىمگە كۆزى چۈشۈپتۇ ، ئەتراپقا قارىسا ئادەم يوق ئىكەن . ئۇ نىيىتىنى بۇزۇپ ناھايىتى چاققانلىق بىلەن غىپ قىلىپلا ئېلىۋاپتۇ .

بۈگۈن ئۇ ئۇنى تۇنجى قېتىم ئۇچىسىغا كىيىپ ، خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالمىغان ھالدا قاتاردا مەغرۇر تۇرۇپتۇ .

بەزى ئىشلار شۇنداق توغرا كېلىپ قالىدىكەن : مىليونلىغان قىزىل قوغدىغۇچىلار قوشۇنى مىغ - مىغ توپلانغان مەيداندا ، ھېلىقى ھەربىي كىيىمى يوقلىپ كەتكەن ئادەمنىڭ



شۇ كىيىمنى ئوغرىلىغان ئوغرى بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشىنى كۆرمەمدىغان !

ئوغرى «ئۇچامدا ماش رەڭ ھەربىي كىيىم ، بۇنىڭ بىلەن كۆتۈرۈلدى پۈتۈن روھىم» دېگەندەك كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتتە تۇرۇپ ، ماۋجۇشىنىڭ كۆرەك قىلىشىنى كۈتۈپ تۇرغاندا ، بىردىنلا گەجگىسىگە قاتتىق بىر مۇشت تېگىپتۇ . ئەندىكىپ ئارقىسىغا قارىسا ، قاتتىق غەزەپلەنگەن بىر قىزىل قوغدىغۇچى يەنە بىر مۇشت ئاتقانىكەن ، مۇشت ئۇنىڭ ئالدىغا بۇرۇلغان كۆكسىگە «گۈپ» قىلىپ تېگىپتۇ . ئوغرى نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەلمەي قاپتۇ .

— ئىنقىلابىي كىچىك باتۇرلارنىڭ مۇشتۇمى سىنىپىي دۈشمەنلەرگىلا تېگىدۇ ، — دەپتۇ ئوغرى زەردە بىلەن ، — سەن نېمىشقا قىزىل سەپدىشىڭغا مۇشت ئاتىسەن ؟

— سەن ، — دەپتۇ مۇشت ئاتقۇچى غەزەپلىنىپ تۇ-رۇپ ، — بىز قىزىل قوغدىغۇچىلارنىڭ يۈزىنى تۆكتۈڭ ! غوجائاكاڭنىڭ ھەربىي كىيىمىنى سال !

ئەسلىدە شۇ ھەربىي كىيىمنىڭ غولىدا ئۇچ بۇرجەك بىر ياماق بار ئىكەن ، ئىگىسى شۇنىڭدىن تونۇۋالغانىكەن .

ئۇ كىيىپ چىققىنىغا يېرىم كۈنمۇ بولمىغان ھەربىي كىيىمنى بىرنەچچە مۇشتنى يەپ ئىدىيىۋى تەربىيە ئالغاندىن كېيىن قوينىڭ قوزىسىدەك ياۋاش بولۇپ ، گەپ - سۆزسىز سېلىپ بېرىپتۇ . ماۋجۇشى پەشتاققا چىقىپ كۆرەك قىلىۋاتقاندا ، ئۇ ئۆز كۆڭلىدە ماۋجۇشى ئالدىدا خىجىلمەن دەپ ئويلاپ ، لەسسىدە بوشىشىپ كېتىپتۇ ، ماۋجۇشى ئاتامغا باش كۆتۈرۈپ قارىغۇدەك ماجالى قالماپتۇ .

## بۇ دېۋەڭلەرنى كۆرۈڭ

ماۋجۇشى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا ھەدەپ قول ئىشارىتى بىلەن سالام بېرىۋاتقاندا، پۈتۈن مەيدان، مەيداندىكى ھەربىر ئادەم تەرىپكە سىغمايدىغان بەختىيارلىق ھېسسىياتىغا چۆمۈپتۇ، ھەربىر ئادەمنىڭ يۈرىكى ئادەتتىكىدىن باشقىچە ئويناپ سوقۇپتۇ. بەزىلەرنىڭ مەيداندىكى بەزى دېۋەڭلىكلىرى، كىشىنىڭ كۈلكىسىنى قىستايدىغان تەلۋىلىكلىرى تارىخقا سىرتىدىن قوشۇلغان مەسخىرە بولۇپ قاپتۇ، مانا قاراڭلار:

سانجاق - سانجاق ئادەم تىقما - تىقماق بولۇپ تۇرغاندا، جىڭگاڭشەندىن كەلگەن بىر قىزىل قوغدىغۇچىنىڭ بىر پاي ئايىغى دەسسىلىپ سىلىنىپ كەتكەنىكەن، ئۇ سىڭايان مەزمۇت دەسسەپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يالاڭ پۇتى بىلەن سىيپاپ ئايىغىنى ئىزدەپتۇ، مىڭ بىر تەسلىكتە تاپقاندىن كېيىن دەرھال پۇتىغا سېپىۋاپتۇ. كۆرەك تۈگىگەندە قارىسا، پۇتىغا سېپىۋالغىنى ئايالچە قىزىل لاتا خەي ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن ھىجىيىپ تۇرۇپ قاپتۇ.

«ئالتۇن ئېرىق» كۆۋرۈكىدە تۇرغان بىر بالا — يۇقىرى دەرىجىلىك مەنسەپدارنىڭ بالىسى — كىشىنىڭ زوقى كەلگۈدەك بىر فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزىنى ماۋجۇشىغا تەڭلەپ، تەپكىسىنى غاچچىدە بېسىپ رەسىم تارتىپتۇ. بىرھازا رەسىم تارتقاندىن كېيىن قارىسا ئاپپاراتىنىڭ كۆزىدىكى قاپقاقنى ئېچىۋەتمىگەنىكەن، شۇنچە كۆپ قىممەتلىك كۆرۈنۈشلەرنى رەسىمگە تارتالمىغانلىقى ئۈچۈن ئۆكۈنۈپ، ئۆزىنى ئۆزى ۋاي كالۋا، ۋاي دۆت دەپ تىللاپتۇ.

قىزىل قوغدىغۇچىلاردىن بىرسى قىستاڭچىلىقتا يىقىلىپ چۈشۈپ، سول پاچىقى سۇنغانىكەن، ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپتۇ. لېكىن



ئۇ قىزىل قوغدىغۇچى بولسا:

— ھېچگەپ يوق، ئەرزىيدۇ، مېنى دەسسىۋەتكەن ئادەملەر ماۋجۇشىنى كۆردى - دە، — دەپ تەسەللى بېرىپتۇ.

يەنە بىر قىزىل قوغدىغۇچى ماۋجۇشىنى كۆرگەندە كۆزلىرىدىن تارام - تارام ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ نامىنى چاقىرىپ توۋلاپتۇ:

— دادا، مانا مەن ساڭا ئاتاپ ماۋجۇشىغا قاراۋاتىمەن! ئانا، ئەمدى ساڭا ئاتاپ قاراۋاتىمەن! ئاچا، ماۋجۇشى بىزگە تېخىمۇ يېقىن يەرگە كەلدى، مانا ساڭا ئاتاپ تېخىمۇ ئېنىق كۆردۈم! . . .

يەنە بىر قىزىل قوغدىغۇچى يېنىدا تۇرغان بىلىكىدە سائىتى بار بىر ساۋاقدىشىدىن:

— ئاكا، ھازىر سائەت نەچچە بولغاندۇ؟ ئېيتىپ بېرىڭا، — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ چوڭراق قىزىل قوغدىغۇچى قولىدىكى قىزىل گۆھەر رىسالىنى پۇلاڭلىتىپ، تيەنئەنمېن راۋىقىدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغاچقا، بىلىكىدىكى سائەتكە قاراشقا چولىسى تەگمەي، شاكىچىك قىزىل قوغدىغۇچى ئۆزى قارىۋالسۇن دەپ، سول بىلىكىنى چىقىرىپ بېرىپتۇ. شۇ چاغلاردا قول سائىتى قەدىرلىك بىر نەرسە ئىكەن، نۇرغۇن ئادەم قول سائىتىگە ھەۋەس قىلىشقىمۇ پېتىنالمايدىكەن. شاكىچىك سائەتكە بىرھازا قاراپتۇ، لېكىن سائەت نەچچە بولغانلىقىنى بىلەلمەپتۇ. يەنە بىر قىزىل قوغدىغۇچى قىز سۈركىلىپ كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈپتۇ. لېكىن بۇ قىز تەتۈر قارىتىلغان سائەتكە ئوڭچە قاراپ 7:40 نى 1:10 دەپ ئوقۇپ بېرىپتۇ. قىزىل قوغدىغۇچى شاكىچىك ھاياجان ئىچىدە تۇرغاچقا ۋاقىتنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىگە قىلچە پەرۋا قىلماي، خاتىرە دەپتىرىگە:

«1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى سائەت 1 دىن 10

مىنۇت ئۆتكەندە ئۇلۇغ داھىيمىز ماۋجۇشىنى كۆردۇم !» دەپ يېزىپتۇ . . .

ماۋ زېدۇڭ قىزىل قوغدىغۇچىلارنى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ سەككىز قېتىم كۆرەك قىلغان . شۇ ۋاقىتلار تارىختا يېزىلغۇسى : 1966 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ، 8 - ئاينىڭ 31 - كۈنى ، 9 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ، 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ، 10 - ئاينىڭ 18 - كۈنى ، 11 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ، 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى ۋە 11 - كۈنى ، 11 - ئاينىڭ 25 - ۋە 26 - كۈنى .

1966 - يىلى «بايرام» كۆپ بولغان يىل بولسىمۇ ، لېكىن داۋام قىلالمايدىغان شۇ «بايرام» لارنى تارىخ ئالالىغاچان تاسقاپ چىقىرىۋەتتى . چۈنكى ئۇنداق بايراملارنىڭ كۆپىيىشى دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن پاراكەندىچىلىك ھەم يېغىلىقدۇر . شۇنداق بولغاچقا ، ھېچقانداق غەيرىيلىكى بولمىغان شۇ ئادەتتىكى كۈنلەر پەقەت «ئەسلەش» دېگەن سۆزلەردىلا مەڭگۈلۈك مەۋجۇت تۇرۇپ قالسا كېرەك .

(زىلۇڭ يۇچىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «ھەر ساھەدە» ناملىق ژۇرنالىنىڭ 2000 - يىل 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان . «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 11 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )





# ئەرەب لىشى

لىن بياۋنى ، كۆڭزىنى تەنقىدلەش — پىپەن قىلىش — مەزگىلىدە ، ئىشلەپچىقىرىش دادۇيى — چوڭ ئەترەت — ئىشنى مۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ : ئىشلەپچىقىرىش ئەترەتلىرى ھەر كۈنى چۈش ۋاقتىدا قورساق باقىدىغان مەيداندا بىر قېتىم تەنقىدلەش يىغىنى ئاچىدىغان بوپتۇ .

دەل چۈش ۋاقتى بولۇپ ، ھەممە ئادەمنىڭ ئۈچىقىدىن تۈتۈن كۆتۈرۈلۈپ چىققاندا ، دۈيجاڭ مەھەللىنىڭ شەرقىي دوقمۇشىدىكى يوغان سىدىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ، ئېسىقلىق تۇرغان يارتا تۆمۈر رېلىسنى تاڭىلدىتىدىكەن . شۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان كەمبەغەل دېھقانلار ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئاش ئۇسۇلغان تاۋاق - قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، سىدە تۇۋىگە يىغىلىدىكەن ، بەزىسى داق يەردە ئولتۇرۇپ ، بەزىسى زوڭ ئولتۇرۇپ قورساق باققاچ يىغىن ئاچىدىكەن .

يىغىندا ئۇ بۇنىڭغا ، بۇ ئۇنىڭغا قارايدىكەن ، قارىسا ھەممىسىنىڭ قاچىسىدىكى ئاش ئوخشاش بىر خىل : ياكى قوناق ئۇنىنىڭ ئۇمىچىغا تاتلىقياڭيۇ سېلىپ قاينىتىلغان ، ياكى تاتلىقياڭيۇ قوناق ئۇنىنىڭ ئۇمىچىغا سېلىپ پىشۇرۇلغان ، ئۈستىگە ئۇۋاق لازا ۋە قىچا كۆكى سېلىنغان . دېھقانلار بۇنداق ئاشنى «خولوپ» دەيدىكەن .

دۈيجاڭمۇ قولىدىكى يوغان بىر چارا «خولوپ» نى خولوپ-خولوپ قىلىپ ئىچىپتۇ ، كالپۇكلىرىغا چاپلىشىپ قالغان ئۇماچ يۇقلىرىنى ئېرتىشقىمۇ چولىسى تەگمەپتۇ .

— كېلىدىغانلار كېلىپ بولغاندەك قىلىدۇ ، يىغىنىمىزنى

ئاچايلى ، — دەپتۇ دۇيجاڭ ، — بۇگۇن لىن لاۋئېر بىلەن كوۇڭ لاۋئېرنى تەنقىد قىلىمىز (ئىزاھات : لىن لاۋئېر دېگەندە ئىككىنچى لىن بياۋ دېمەكچى ؛ كوۇڭ لاۋ ئېردېگەندە ئىككىنچى كوۇڭزى دېمەكچى ) . قېنى سۆزلەڭلار .

دۇيجاڭنىڭ شۇ سۆزىدىن كېيىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ ، ھېچكىمدىن زۇۋان چىقماپتۇ . سىدىنىڭ ئاستىدا ئۇماچ ئىچكەندە خولۇپ - خولۇپ قىلغان ئاۋازلار بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپتۇ .

— نېمە گەپ بۇ ! ھەممىڭ گاچا بولۇپ قېلىشتىڭمۇ ؟ — دۇيجاڭ ئاغزىنى بۇزۇپتۇ . كۆپچىلىكنىڭ بېشىنى كۆتۈرمەي خولۇپلىتىپ ئۇماچ ئىچىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ، ئاغزى - بۇرنىدىكى ئۇماچ يۇقۇندىلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ سۆزلەپتۇ ، — مەن ئاۋۋال تەنقىد قىلاي . ھىم ، ھىم ، لىن لاۋئېر بىلەن كوۇڭ لاۋئېر ، بۇ ئىككى لاۋ ئېر تازىمۇ قاملاشمىغان بىرنېمىلەركەن . ماۋجۇشى ئاتىمىز شۇنچە كۆتۈرگەن بولسىمۇ قانائەت قىلماي ، لاۋيې بولغۇسى كېپقاپتۇ (تەرجىماندىن ئىزاھات : لاۋئېر دېگەن سۆز 2 - دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، لاۋيې دېگەن سۆز 1 - دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ، يەنە بىر چۈشەنچىدە ئالدىنقىسى ھەممىدىن چوڭ مەنسەپدار دېگەن مەنىنى ، كېيىنكىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان مەنسەپدار دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ ) . ئادەمنىڭ يالىسىنى بىلىپ بولمايدىكەن . بۇ خۇددى يىلاننىڭ پىلنى يەۋەتمەكچى بولغىنىغا ئوخشاش نەپسانىيەتلىك - دە . بۇنداق ئادەملەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلماي كىمنى يوقىتىمىز ؟

— شەھەردە ياشاپ تۇرۇقلۇق ، تۇگار ئاشلىقى (تاۋار ئاشلىق دېمەكچى ) يەپ تۇرۇقلۇق يەنە شۇنداق قانائەتسىز بولسا ، ھە ، زادى يەنە نېمىنى كۆزلەيدىغاندۇ ؟ — كىمدۇر بىرسى سۆز ئارىلاپتۇ .

— پادىشاھلىق تەختىگە چىقىشنى كۆزلەيدىغاندۇ ! —



دەپتۇ دۇيجاڭ قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ، — شۇ ئىككىسى پادىشاھلىق تەختىگە چىقىپ قالىدىغان بولسا ، ئىشىمىز چاتاق . ئۇ چاغدا بىز كەمبەغەل دېھقانلار ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار ئىككىنچى قېتىم غۇربەتچىلىككە قالىمىز ؛ ئىككىنچى قېتىم ئېغىر كۈنلەرگە قالىمىز . بۇنىڭغا قانداقمۇ ئۇنىغۇلۇق ؟ !

— بۇنىڭغا ھەرگىز ئۇنىمايمىز ! — سىدە تۆۋىدىن ئاخىر سادا چىقىپتۇ .

— شۇنداق ، ئۇنىمايمىز ! — دەپتۇ دۇيجاڭ ، — ئىگەركىم (ئەگەر دېمەكچى ) ئۇنايدىغان بولساق ، يېڭىۋاشتىن ئىت - ئېشەك ئورنىدا قۇل بولۇپ قالىمىز . مۇشۇنداق خولۇپ ئاشنىمۇ ئىچەلمەي قالىمىز . گېزىتتىكى گەپلەرگە قارىغاندا ، دۇنيا بويىچە يەنە ئۈچ ئادەمدىن ئىككىسى ئەتىدىن - كەچكىچە غۇربەتچىلىكتە ، دەرد - ھەسرەت ئىچىدە ياشايدىكەن ، بىر تاۋاق «خولۇپ» قا تەلمۈرىدىكەن . ئۇلار بىزدەك كەمبەغەل دېھقان ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلارغا ، بىزنى بىر ئازاد قىلسىكەن ، دەپ تەلمۈرىدىكەن .

دۇيجاڭنىڭ بۇ تەنقىدلىرىگە كۆپچىلىك ھەيران بولۇپ قاپتۇ . خولۇپ - خولۇپ ، شالاپ - شۇلۇپ ئاۋازلارمۇ توختاپ قاپتۇ .

كىمدۇر بىرسى :

— تاتلىقياڭيۇ ئۇمىچىنىمۇ ئىچەلمىسە ، ئۇنداق بولغاندا ھەر كۈنىنىڭ تەڭدىن تولىسىدا نېمە بىلەن قورساق تويغۇزىدىغاندۇ ؟ — دەپتۇ .

— نېمە بىلەن قورساق تويغۇزاتتى ؟ ! ئۇلار ئۇلۇغ ئوكياننىڭ تېگىدە ئۆسىدىغان ئەرەب لىشنى يەيدىكەن . ئۇ لەش ھەم قارا ، ھەم غاچچاي ئوت ئىكەن ، يېسە بوغداي سامىنىدىنمۇ بەك قىرتاق ئىكەن . كىنودىن كۆرمىدىڭلىمۇ ، ئۇلار شۇنداق لەشنى كۆپ يېگەنلىكى ئۈچۈن چاچلىرى سارغىيىپ ، كۆزلىرى

كۆكىرىپ كېتىپتۇ ، چىچمىقىمۇ تەس ئىكەن (كەچۈرۈڭلار ، ئەسلى گەپ شۇنداق بولغاچقا ، سىلىقلاپ تەرجىمە قىلىشقا ئىلاجىسىز قالدىم — تەرجىمان ) شۇڭا ئۇلار يورۇپا ( ياۋروپا دېمەكچى ) دەيدىغان يەرگە قېچىپ بېرىۋاپتۇ .

— هاها - ها ، هاها - ها . . . — سىدىنىڭ دالدىسىدا ئولتۇرغانلار ئۆزىنى بېسىۋالالماي ئېچىلىپ كۈلۈشۈپتۇ ، سىدىگە قونۇۋالغان قۇچقاچلارمۇ خۇشاللىقىدىن چۇرقىرىشىپ پەرۋاز قىپتۇ .

— هاي ، كۈلمەڭلار ! — دەپتۇ دۈيجاڭ سۇرلۇك ئەلپازدا قول شىلتىپ ، — ماغدۇرۇڭلارنى تۈگىتىپ قويماڭلار ، كۈن قايرىلغاندا يەنە داجەيچە ئېتىزغا تۇتۇش قىلىمىز . يىغىن تۈگىدى . . .

كەمبەغەل ، تۆۋەن ئوتتۇرا دېھقانلار قۇرۇق قاچىلىرىنى كۆتۈرۈپ ، هاھالاپ كۈلۈشكىنىچە ئۆيلىرىگە قايتىتى . ئۇلار دەممۇ ئالماي ، يەنە كەتمەن - گۈرجەكلىرىنى تەييارلاش بىلەن بولۇپ كەتتى ، چۈنكى چۈشتىن كېيىن يەنە «ئاسمان بىلەنمۇ ، يەر بىلەنمۇ كۈرەش قىلىش» قا ئاتلانماقچى .

(خۇ گـوپىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى 2000 - يىل 8 - ئاينىڭ 11 - كۈنىدىكى «جۇڭگو سۇغۇرتىسى» گېزىتىدە ئېلان قىلىنغان ، كېيىن «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 10 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . )



## كەتمەن چاپقان گۇناهمۇ

گۇاڭشى ئاپتونوم رايونىنىڭ سابىق مۇئاۋىن رەئىسى ، «پۇلغا تويماس» بەتنىيەت ، نائىنساپ شۈي بىنسۇڭنىڭ : «بىرنەچچە مو يەرنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ كەتمەن چېپىپ ئىشلەپ ، خەلق ئالدىدىكى گۇناهىمنى يۇيسام دەيمەن» دېگەن «مەشهۇر سۆزى» بار ئىكەن . بۇ سۆز ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ، بۇنى دورىغان خىيانەتچىلەر خېلى كۆپ بولدى ، ئۇلار كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ، ماڭقىلىرىنى ئېقىتىپ يىغلاپ تۇرۇپ توۋا قىلغان چاغلىرىدا : تۈرمىگە قامىلىشتىن ، بېشىم كېتىشتىن ئامان قالىدىغانلا بولسام ، دېھقان بولۇپ كېتىشكە رازىمەن ، دەپ تەشكىلگە يېلىنغان .

بىر چاغلاردا «ئادەملەرنىڭ بېشىدا تۇرىدىغان ئادەم» بولۇپ يۈرگەن شۇ ئادەملەرگە «چىن دىل بىلەن ، سەمىمىي هالدا» شۇنداق توۋا قىلدى دەپ هازىرچە ئىشىنىپمۇ تۇرايلى ، لېكىن يەنە شۇنداقلا ئويلاپ ، خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى دېھقان بىلەن بىر قاتارغا قويساق ، دېھقانىنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرگەن بولماسمىزمۇ ؟ «كەتمەن چېپىپ گۇناهىمنى يۇيۇش» دېگەن گەپنى قايتا - قايتا چوڭقۇر ئويلاپ قارايدىغان بولساق ، بۇ گەپتىن «بۆلەكچىلا» بىر مەنە چىقىپلا تۇرىدۇ .

شۈي بىنسۇڭ بىر دائىرىدە كاتتا ئەمەلدار بولۇپ تۇرغان چاغلىرىدا ، «ئەمەلدار بولۇپ تۇرۇقلۇق خەلققە ئاتىدارچىلىق قىلمىغاندىن كۆرە ، ئۆيگە قايتىپ كەتمىنىنى چاپقان ياخشى» دەيدىغان گەپلەرنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغان بولغىيدى ؟ ! مۇئاۋىن رەئىسلىك تەختىدىن موللاقلاپ هەپىسىگە

(تۇرمىگە ) چۈشۈپ قالغاندىن كېيىن ، «ئېتىزغا تەرلىرىنى
تۆكۈپ ئىشلەيدۇ» غان دېھقان بولۇشنى ئارزۇ قىلىپ
قاپتۇمىش . ئىنتىزامنى ، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى ئىدارىلەر
ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزەرمۇ ، دېھقانلار ماقۇل دەرمۇ ، بۇ باشقا
گەپ . كەتمەن چېپىشنى گۇناھىنى يۇيۇش بىلەن بىر قاتاردا
قويىدىغان ، دېھقاننى قاماققا چۈشكەن مەھبۇستىن پەقەت بىر
دەرىجىلا «يۇقىرى» تۇرغان پارىخور - خىيانەتچى ئەمەلدار
قاتارىغا قويىدىغان مەنتىــــقە قانداقلا بولسۇن ئوبيېكتىــــپ
ئەمەلىيەتنى ئاز - تولا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ . جۇڭگودا
دېقھانلارنىڭ ھەقىقىي ئىجتىمائىي مەۋقەسىنى ۋە تىرىكچىلىك
ئەھۋالىنى ئەنە شۇنىڭدىن بىلگىلى بولمامدۇ ؟

مېنىڭ ئاتا - بوۋام ئەزەلدىن كەتمەن چېپىپ ، ئېتىز -
ئېرىق بىلەن ھەپىلىشىپ ئۆتكەن . ئانامنىڭ : ئامال قىل ،
تىرىشىپ ئوقۇ ؛ ھەرگىزمۇ «تومپاي دېھقان» بولۇپ قالما ، دەپ
پەند - نەسىھەت بىلەن بەرگەن تەربىيىسى ھازىرمۇ ئېسىمدە
تۇرۇپتۇ . مېھرىبان ئانامنىــــڭ ئۆزلىـــرىنـــى ئۆزلـــرى
پەسلەشتۈرىدىغان شۇ سۆزلىرىنىڭ تېگىدىكى دەرد - ئەلەملەرنى
شۇ چاغلاردا چوڭقۇر چۈشەنمەپتىكەنمەن ، شۇنىــــڭ ئۈچۈن
ئوقۇشقا ئانچە كۆڭۈل قويماپتىمەن ، ئاقىۋەتتە ئالىي مەكتەپكە
كىرىش ئىمتىھانىدىن ـــ پىلىسرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتەلمەي ،
ئاخىر دېھقانچىلىق قىلغاچ مۇشكۇل رېئاللىقتىن قايتا تەربىيە
ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم . قەددى - قامىتىم رۇسلىنىــپ ،
شەھەرلىك بولۇش ئارمانىمغا يەتكۈچە توپتوغرا 11 يىللىــق
نەۋقىران ۋاقتىم ئۆتۈپ كەتتى .

دەرد - ھەسرەتنىڭ تەمىنى تېتىپ بىلگەن بۈگۈنكى كۈندە ،
ئەمدى ئانامنىڭ پەند - نەسىھەتلىرىنىڭ قەدرىنى بىلىۋاتىمەن :
دېھقان بولماق تەس ئىكەن !

ئەمەلدار پۇقرادىن چىقىدۇ ، پۇقرا تۇپراقتىن چىقىدۇ ،



تۇپراقتىن ـــ يەردىن ئۈندۈرۈۋېلىنغان نەرسىلەر يىلدىن -
يىلغا ئەرزانلىشىپ - كاساتلىشىپ بارماقتا . بۇ يىل يېزىدا
ئاشلىقنىڭ باھاسى 50 كىلوگرام ھېسابى بويىچە 35 يۈەنگە
چۈشۈپ قالدى ، تارىخ بويىچە ئەڭ تۆۋەن ھالغا كېلىپ قالدى ،
بىــر مو يەردىن ئالغان ھوسۇل كۆپ دېگەندە 600 يۈەنگە
يەتمەيدۇ ، يۇقىرىغا تەخمىنەن 200 يۈەنچە ھەق تاپشۇرغاندىن ۋە
سەرپ قىلىنغان دەسمايىسىنى چىقىرىپ تاشلىغاندىن كېيىن
ئاساسەن قالىدىغىنىــــى : زىيان ! «جان تومۇر» قورساقنىـــى
باقالمىغانىكەن ، دېھقان ئاز - تولا پۇل تېپىپ جان بېقىش ئۈچۈن
بالا - چاقىلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ، يۇرتمۇيۇرت سەرسان بولۇپ
مەدىكارلىق قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ . شۇڭا كۆزىمىز كۆرۈپ
تۇرۇپتۇ : شەھەردە قەيەردە مەينەت ، ئېغىر ئىش بولسا ، شۇ
يەردە جاپا چېكىپ ئىشلەۋاتقان دېھقان ئىشچى بار ؛ 40 نەچچە
گرادۇسلۇق ئىسسىقتا ، ئوتتەك كۆيدۈرۈپ تۇرغان پىژ - پىژ
ئاپتاپتا يالاڭتۆش بولۇپ ئېرىق - چۆنەك قېزىۋاتقانلارمۇ
دېھقان . ئوخشاشلا ئاتا - ئانىدىن تۇغۇلغان ، ئوخشاش قېنى بار ،
جېنى بار ئادەملەر يەنە تېخى ئۇلارنى تۆپىدىن زىخلاپ تۇرىدۇ .
ئۇلار كوچەپ ئىشلەش ئارىلىقىدا يول بويىدا بىر دەم ئارام
ئېلىپ سايىدەپ قالسا ، يەنە بەزىلەر تېخى ئۇلارنى مەدەنىيەتسىز
دەپ ئەيىبلەيدۇ . قورساقنى تويغۇزۇش ئۈچۈن تولدۇرۇشنىڭ ئىلاجىنى
تاپالمايۋاتقان ئادەم قانداقمۇ سۆلەت - سالاپەت پەيدا قىلالى-
سۇن ؟ ! بەزىلەر : ئۇلتۇراق جايلىرىمىز «خاتىرجەم ئەمەس» ،
دېھقانغا ئوخشايدىغان بىرنەچچە ئادەم يورغىـــلاپ يۈرگەندەك
قىلىدۇ . . . . دەيدۇ . بالىۋاقىسىدىن ، ئىسسىق ماكانىــــدىن
ئايرىلىشنى ئۈزەلمەيدىغان بىچارە دېھقان موھتاجلىقتا ئىلاجسىز
بولۇپ قالمىسا ، ياقا يۇرتلارغا بېرىپ خورلىنىپ يۈرۈشنــى
خالامدۇ ؟ دەسلەپكى چاغلاردا ، ياقا يۇرتلارغا بارغان دېھقانلار
«ئاققۇنلار» دەپ ئاتالغان ؛ بۇ ئات سەرگەردان «لۈكچەك» دېگەن

سۆزگە يېقىنلا مەنىنى ئاڭلىتاتتى . هازىر بولسا ئۇنىڭدىن بىر دەرىجە يۇقىرىلىتىپ «خەلق ئىشچىسى» دەپ ، ئازغىنە بولسىمۇ «ئىشچى» دېگەن شەرەپ بېرىلىۋاتىدۇ . شۇنداق بولسىمۇ دېهقانغا نىسبەتەن تېگى - تېگىدىن چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كەمسىتىشلەر زادىلا ئۆزگەرگىنى يوق . مەسىلەن ، «قونداقنى بىكارلاپ قۇشنى يەڭگۈشلەپ» ، ئىش ئورنىدىن ئايرىلغانلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتا هەممىدىن ئاۋۋال پەسۋا يەۋاتقىنى يەنە دېهقانلار . چۈنكى دېهقانلار شەهەرلىكلەرنىڭ رىزقىغا زوڭ ئولتۇرماسلىقى كېرەكمىش ، ئۇلارنى قايتۇرۇۋېتىش لازىممىش . دېمەك ، دېهقانلار جىسمانىي ئەمگەكچى بولغانلىق هوقۇق - مەنپەئەتلىرىدىن مەهرۇم بولۇش گىردابىغا يېقىنلا بېرىپ قالغان .

دېهقانلارنى كېسەل بولۇپ قېلىشتىن ، قېرىلىق يېتىشتىن خۇدا ساقلىغاي . دېهقانلارغا نىسبەتەن تېببىي داۋالىنىش كاپالىتى دەيدىغان گەپ يوق ، پېنسىيىگە چىقىش دەيدىغان سۆز يوق . ئۇلار ئاغرىقنىڭ دەردىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ، كېسەل بولۇپلا قالسا خانىۋەيران بولۇپ كېتىدۇ ، شۇڭا ئۆمۈر بويى خۇدادىن ساغلاملىق تىلەپ ياشايدۇ ، هاياتلا بولىدىكەن ، قولى ئىشتىن توختىمايدۇ ، هەتتا قېرىپ قالغان بولسىمۇ كۆزى يۇمۇلمىسلا هايات ئۇچۇن قان - تەر تۆكمىسە ئۇنى باقىدىغان ئورگان يوق . دېهقاننىڭ ئاشلىق تاپشۇرۇش — باج تۆلەش مەجبۇرىيىتى بار ، باج تۆلىگۈچى سۈپەتتە دۆلەتتىن ياردەم ئېلىش ، دۆلەتنى ئېمىش لاياقىتى يوق . شۇنىڭدەك ، دېهقان پەرزەنتى بولغانلار ئالاهىدە تىرمىشىپ - تىرىشىپ ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ئېلىشنىڭ ئامالىنى قىلىشقا مەجبۇر ، شۇ پۇل گويا خېمىرغا سەپكەن قۇرغۇنچىلىك ئاز بولسىمۇ تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈشكە مەجبۇر . ئۇنى قولغا كەلتۈرمىسە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋە ئېغىر كۈنلەر ئاياغلىشىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ ، «مائارىپ



كەسپىي ئىگىلىككە ئايلانغان» دا بىر ئوقۇش مەۋسۇمىنىڭ چىقىمى 10 مىڭ يۈەنلەپ كۆتۈرۈلسە ، بۇ خىراجەتكە كاتەكتىكى توخۇ ، ئېتىزدىكى زىرائەت چىقىش قىلالامدۇ ؟ خېنەن ئۆلكىسىدە ئالىي مەكتەپكە كىرگەن بىر قىز ئوقۇغۇچى مەكتەپتىكى ئوقۇشىنى تاماملىغىچە كېتىدىغان خىراجەتنى تېپىش هېسابىغا ئۆزىنىڭ قىزلىق باهارىنى يۇقىرى باهادا نېسى قىلىپ سېتىش توغرىسىدا ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئېلان چىقارغانىدى ، ئېلان چىقارغىنىغا نەپرەتلىنىدىغان ساقا بىلەن كۆمۈلۈپ كەتتى ، لېكىن شۇ ئاجىز بىچارىنىڭ هالىغا ۋاي دەيدىغان ئاۋاز تولىمۇ ئاز چىقتى . بۇ نېمىدېگەن ئادالەتسىز دۇنيا ؟ يار - يۆلىكى يوق دېهقان قىزى تەڭقىسلىقتا ئۆزىنىڭ قىزلىقىنى تەۋەككۈل بازىرىغا سالىدىغان هالغا چۈشۈپ قالسا ، بۇ پاجىئەلىك ئورۇقنى زادى كىم چېچىۋاتىدۇ ؟

خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلارنىڭ كەتمەن چېپىپ گۇناهىنى يۇيىمەن دېگەنلىكى پۈتۈنلەي هەزىلى گەپ ، ئۇلارغا ئۇنداق پۇرسەتمۇ يوق ، ئۇلار راست - چىن دېهقانمۇ بولالمايدۇ هەم بولمايدۇ . توپا - تۇپراق ئۈستىدە خۇددى گۇناهىنى يۇيىدىغاندەك دەم ئالماي جاپا چېكىپ ئىشلەيدىغانلار ۋە ئىشلەۋاتقانلار يۈز مىليونلىغان ئاجىز ئامما . خىيانەتچى - پارىخور ئەمەلدارلار دېهقانلارنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى بارغانسېرى ئېغىرلاشتۇرۇپ ، ئۇلارنى شۇ ئېغىرچىلىقلارنى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كۆتۈرىدىغان هالغا چۈشۈرمەكتە . كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈۋەرسە ، يەنە قانچىلىك نەپسى تويماس بەتنىيەت نائىنساپلار چىقاركىن ؟ ئۇلار يەنە قانچىلىك پۇرسەت تېپىپ ، دېهقان بولۇپ «بىرنەچچە مو يەرنى تەجرىبە ئېتىزى قىلىپ ئىشلىگۈم بار . . .» دەپ تەنە قىلاركىن ؟

(چىن چىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ مۇهاكىمە ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «جەنۇب تۈڭلۈكى» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان ؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان .)

# جاھالەتلىك «پوجاڭزا مەدەنىيىتى» توغرىسىدا مۇھاكىمە

يىلان يىلىدىكى چاغان (باھار بايرىمى) ئۆتۈپ كەتتى. ئويلاپ قارايدىغان بولساق، ئېتىلغان پوجاڭزىلارنىڭ قۇلاقنى پاڭ قىلىدىغان پاڭ - پۇڭ ئاۋازلىرى ھازىرمۇ كىشىنى بەزدۈرىدۇ.

«كونا يىلنى پوجاڭزا ئېتىپ ئۇزىتىمىز» دېگەندەك، چاغان بايرىمىنى ئىس - تۈتەك ئىچىدە ئۆتكۈزۈش — بۇ بىز خەنزۇ خەلقىنىڭ ئىجادىيىتى. بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئۇلۇغ بولغانلىقى ئۈچۈن مىلتىق دورىسىنى ھەممىدىن بۇرۇن كەشىپ قىلغانىكەن. ئۇزۇن زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن «پوجاڭزا مەدەنىيىتى» جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قەدىرلىنىپ كەلمەكتە.

بىزنىڭ مىلتىق دورىسى ياساش تېخنىكىمىز چەت ئەللەرگە تارقالغاندىن كېيىن، چەت ئەللىكلەر ئۇنى كان قېزىشقا، سۇ ئىنشائاتلىرى قۇرۇشقا، ھەربىي قۇدرىتىنى ئاشۇرۇشقا، ئەلنى بېيىتىشقا ئىشلىتىدىغان بولدى. بىز ئۆزىمىز بولساق پوجاڭزا ياساشقا ئىشلىتىپ، پوجاڭزىلارنى پاڭ - پۇڭ، ۋاق - ۋۇق ئېتىلدۇرۇپ، شۇ يول بىلەن غايىب «پاراۋان - باياشات زامان» پەيدا قىلىشقا زوقمەن بولۇپ قالدۇق.

ھازىرقى زاماندا پۈتۈن ئىنسانىيەت تەبىئىي ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئاسراشنى تەرغىب قىلىۋاتىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىزچىل تەرەققىي قىلىش يولىدىن تايماي مېڭىشنى تەكىتلەۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز جوڭگونى ئۆز ئىچىگە



ئالغان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى باج بەرگۈچىلەرنىڭ بەرگەن پۇللىرىنى نۇرغۇنلاپ سەرپ قىلىپ، تولىمۇ ۋەيران بولۇپ كەتكەن يۇرت - ماكانلارنى «ئەسلىگە كەلتۈرۈش» يولىدا تىرىشىۋاتىدۇ. بىزنىڭ دۆلىتىمىز جۇڭگودا ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ھاياتلىق يۈكىمىز تېخىمۇ ئېغىر ھالەتتە تۇرۇپتۇ.

شۇنىڭغا ھەيرانمەن، بىزنىڭ سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىمىز نېمىشقا مۇھىتتىكى بۇلغىنىشنى يوقىتىش ئۈچۈن بىر تەرەپتىن نۇرغۇن پۇل چىقىم قىلىپ تۇرۇپ، يەنە بىر تەرەپتىن پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇپ يېڭى بۇلغىنىشنى پەيدا قىلىدىغاندۇ؟

ئەگەر بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى مەدەنىيەت جەھەتتىن ئىزدەيدىغان بولساق، «پوجاڭزا مەدەنىيىتى» ھەقىقەتەن قالاق، جاھالەتلىك مەدەنىيەتتۇر.

پەلەكنىڭ چاقى چۆرگىلەپ بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت» بوغچىسى يەنى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ يەلكىسىدىكى يۈكى ئاجايىپ ئېغىرلاشماقتا!

«پوجاڭزا مەدەنىيىتى» نى يوقىتىش ئۈچۈن ھۆكۈمىتىمىز قەتئىي ئىرادە باغلىغان. ۋاللاھئەئلەم، بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى چوڭ، ئوتتۇرا شەھەرلەردە پوجاڭزا ئېتىش مەنئىي قىلىنغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بىرمۇنچە كىچىك شەھەرلەرمۇ (شۇ جۈملىدىن بىر قىسىم ناھىيە شەھەرلىرىدىمۇ) مەنئىي قىلىنغانىدى.

ھۆكۈمەتنىڭ مەنئىي قىلىش پەرمانى ئادەتتە شۇ يەرنىڭ خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتكۈزۈلىدۇ. شۇنداق ماقۇللاش ئۈچۈن ئالدى بىلەن خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ پارتىيىلىك ۋەكىللىرىنى يىغىپ «ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش» كېرەك ئەمەس، شۇ پارتىيىلىك ۋەكىللەرنىڭ قاتارى شاق - شۇق قول

كۆتۈرۈپ ماقۇللىشى لازىم ئەمەس . دېمەك ، مۇشۇنداق ئەھۋالدىن ئىسپاتلىنىپ تۇرىدۇكى ، ھۆكۈمەتنىڭ مەنئى قىلىش پەرمانى خەلققە ياقىدۇ ، خەلقنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ئۇنى ماقۇل كۆرىدۇ ، قوللايدۇ .

مەنئى قىلىش پەرمانىنىڭ ئەمەلىيەتتىكى ئىجراسىمۇ ئۇنۇم جەھەتتىن خېلىلا ياخشى بولغانىدى . ھاۋا يېڭىلاندى ، پاڭ ـ پۇڭدىن قۇلاق تىنچىدى ، كۆز دوختۇرلىرى ئۆز نۆۋىتىدىن تاشقىرى زەربىدارلىق بىلەن ئىشلەشتىن قۇتۇلدى ، ئوت ئۆچۈرگۈچىلەرمۇ تەرەپ ـ تەرەپكە چاپمايدىغان بولدى . . . .

دۆلەتكىمۇ ، خەلققىمۇ ، جەمئىيەتكىمۇ شۇنداق كۆپ پايدىلىق بولغان چوڭ بىر ئىشنى ھەرقايسى جايدىكى ھۆكۈمەتلەر نېمىشقا داۋاملىق چىڭ تۇتماي ، پەرزنى بۇزىدۇ ؟ مەنئى قىلىش پەرمانىنى بىكارچى قىلىۋېتىدۇ ؟

ئەمەلدارلار :

— خەلقنىڭ رايىنى يېڭىۋاشتىن قەدىرلەش ئۈچۈن . . . — دەيدىكەن .

مەلۇم جايلاردىكى ئەمەلدارلارنىڭ «خەلقنىڭ رايىنى يېڭىۋاشتىن قەدىرلەش» دېگەنلىرى ، مېنىڭچە ، قۇرۇق باھانە . پۇلنىڭ بېشىغا سۇ قۇيۇش ، پۇلغا پوجاڭزا سېتىۋېلىپ ، ئۇنى ئېتىپ ، شۇ يول بىلەن «كۆڭۈل خۇشى» قىلىش ، ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن «بىز باشقۇرۇپ تۇرغان دائىرىدىكى خەلق شۇنداق خۇشال ـ خۇرام ياشىماقتا» دەيدىغان «خىزمەت نەتىجىسى» نى ھازىرلاشتىن ئىبارەتتۇر . گەپنىڭ پوسكاللىسى ئەنە شۇ .

قەمەرىيە يىلىنىڭ ھارپىسىدىن تارتىپ 1 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنىگىچە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا قار ياكى يامغۇر توختىماي يېغىپ تۇرغان بولسىمۇ ، يەنە بەزى جايلىرىدا يەرلىك ھۆكۈمەتلەر باش بولۇپ يالقۇن ـ پوجاڭزا ئېتىش كېچىلىكى ئۆتكۈزدى ، پوجاڭزىلارنىڭ ياڭراپ ئېتىلىشى بىلەن



ئازراقى نەچچە يۈز مىڭ يۈەن ، كۆپرەكى نەچچە مىليون ھەتتا نەچچە ئون مىليون يۈەن پۇل تۈتۈنگە ئايلاندى . شۇ «داغدۇغا» ئۈچۈن ئامانلىقنى ، تەرتىپنى قوغداشقا ، ساقلاشقا ئاجرىتىلغان ئادەملەرگە كەتكەن نۇرغۇن خىراجەت تېخى بۇ ھېساب قاتارىغا كىرگۈزۈلمىدى . دېمەك ، ھۆكۈمەت كۆپ «ئەجىر» قىلدى ، لېكىن خەلق بۇنىڭغا رازى بولمىدى . چۈنكى ، شۇ چوڭ ـ كىچىك شەھەرلەردە «ئىس ئورنىدىن قوشلاپ قالغان» ئادەملەرنىڭ چاغان بايرىمىنى ئۆتكۈزۈشى تولىمۇ مۈشكۈل ئىدى ! شەھەر ئاھالىلىرىدىن بەزىلەر :

— پۇلنى تۈتۈنگە ئايلاندۇرۇپ «كۆڭۈل خۇشى» قىلىمەن دەپ ھاۋانى بۇلغىغاندىن كۆرە ، شۇ قەدىرلىك پۇلنى شەھەردىكى كەمبەغەل ئائىلىلەرنىڭ «دەردىگە دەرمان بولىدۇ» غان بىر ئەرسىلەرگە سەرپ قىلىشسا بولماسمىدى ؟ — دەپ نەپرەتلەنمەي قالمىدى .

پۇلغا تۈتۈن سېتىۋېلىپ «كۆڭۈل خۇشى قىلىش» — بۇ ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيىتى ؛ ئۆز ۋاقتىدا مەنئى قىلىش پەرمانىنى چىقىرىشمۇ ھۆكۈمەتنىڭ پائالىيىتى ئىدى . لېكىن ئۆز ۋاقتىدىكى ھۆكۈمەت پائالىيىتى يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتكۈزۈلگەچكە «قانۇن» ئەھمىيىتىگە ئىگە ئىدى . ئەمدىلىكتە پەرزنى ئۆزلۈكىدىن بۇزۇشتا «خەلق قۇرۇلتىيى يولى» بىلەن ماڭغانلىقىنى كۆرگەن ئادەم يوق . شۇنىڭ ئۈچۈن جايلاردىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ «پەرزنى بۇزۇش پەرمانى» قانۇنغا سىغمايدۇ ! دەپ جەزملەشتۈرۈش مۇمكىن .

«پەرزنى بۇزۇش» نىڭ ئاقىۋىتى توغرىسىدا ئارتۇقچە سۆزلەشنىڭ ھاجىتى يوق ، ئەلۋەتتە . ھۆكۈمەت تۈتۈن تۈتەتسە پەرزنى بۇزغان قاتارغا كىرمەيدىكەن ، خەلق ئۇنى دورىماي تۇرالامدۇ ؟ شۇڭا پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك تۈتۈن قاپلاپ كەتتى . . .

ئاخبارات ۋاستىلىرى ئەزەلدىن تارتىپ ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرغىب قىلىدىغان ئىجتىمائىي ۋەزىپىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. ئۆز ۋاقتىدا پوچاڭزا ئېتىشنى مەنئى قىلىشنى تەرغىب قىلىش جەھەتتە ئاخبارات ۋاستىلىرىنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرىگە كۆز يۇمۇش مۇمكىن ئەمەس. لېكىن ھازىرقى كۈندە «پەرزىنى بۇزۇش پەرمانى» توغرىسىدا ئاخبارات ۋاستىنلىرىنى «غەپلەت» باسقاندەك قىلىدۇ. چاغان بايرىمىدىكى دەم ئېلىش كۈنلىرىدە چىققان چوڭ - چوڭ ئاخبارات ۋاستىلىرىنى كۆرۈپ باقتىم، پەقەت «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ 29 - يانۋار سانىنىڭ 1 - بېتىنىڭ بېشىدا «پەرزنى بۇزۇش پەرمانى» غا مۇنداق ئەستايىدىل تەنقىد بېرىلىپتۇ:

«پۈتۈن مەملىكەت بويىچە پوجاڭزا ياغۇرىمىغان يەرنىڭ يەنە قانچىلىك ئىكەنلىكىنى پېقىر مۇخبىر ھېسابلاپ كۆرۈشكە ئامالسىز قالدىم». «ئىلغار ئىجتىمائىي مەدەنىيەت دولقۇنلاپ ئىلگىرىلەۋاتقان بىر شارائىتتا، ئەجەبا پوجاڭزا ئېتىش توغرىسىدىكى پەرزنى بۇزۇش قىلمىشلىرى بىزدە بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان قىيىن مەسىلە بولۇپ قالامدۇ؟»

بىز خەنزۇ خەلقى چاغان - بايرامنى سوزۇپ ئۆتكۈزۈشكە خۇشتار. يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، يەنى «1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى يۇەنشياۋ بايرىمى» ئۆتكۈزىمىز، شۇ چاغدا يەنە پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ھەممە ئادەمنىڭ «پاك - پۇڭ» قىلىدىغان پوجاڭزا ساداسى ئىچىدە قالماسلىقىنى تىلەيمەن.

(لۇنىن ئىمزاسىدىكى بۇ ماقالىنىڭ خەنزۇچىسى «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 1 - فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان.)



# ماۋزۇسىز

△ چىۋىن شاھنىڭ تاجىغا قونۇۋالسىمۇ يەنىلا تەرەتخانىدىكى چىۋىندىن پەرقى يوق.

△ چىۋىن ناھايىتى تەنتەنىلىك بىر رەسىملەر كۆرگەزمىسىنى كۆرگەندىن كېيىن دەپتۇ:

— شۇنداق چوڭ كۆرگەزمىدە ئەخلەتنى سىزغان بىرەر رەسىمنىمۇ كۆرمىدىم، ئۇنداق رەسىم يوق ئىكەن، شۇنىڭغا قارىغاندا، رەسساملارنىڭمۇ ھالى خاراب ئىكەن.

△ ھازىرقى باللار بىزنىڭ كىچىك ۋاقتىمىزدىكىگە زادىلا ئوخشىمايدىغان بولۇپ قالدى. بالا ئانىسىغا ئەمەس، ئانىسى بالىسىغا يېلىنىدىغان بولدى.

بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا بىرەر تۇخۇم پىشۇرۇپ بەرسە يەۋالسامكەن دەپ ئانىمىزغا يېلىناتتۇق، ھەتتا يىغلايتتۇق. ھازىر بولسا، ئانىسى تۇخۇمدىن بىرنى بولسىمۇ يەۋالغىن دەپ بالىسىغا يېلىنىدىغان بولدى. مانا قاراڭ، بۇ بىچارە ئانىغا.



## ئۆزۈڭنى كەم سۇندۇرما

قايسىدۇر بىر ئەسەردە چۇمۇلىنىڭ پىداكارلىق تەبىئىتى توغرىسىدا يېزىلغان تولىمۇ قىزىقارلىق ۋە چوڭقۇر مەنىلىك بىر ھېكايىنى ئوقۇغانلىقىم بىردىنلا خىيالىمغا كېچىپ قالدى . شۇ ھېكايىنى تەكرار يادلاپ تۇرۇش ، ئۇنىڭ چوڭقۇر ماھىيىتىدىن ھوزۇر ئېلىش ئۈچۈن ئەسلىيەلىگەنلىرىمنى بۇ يەردە خاتىرىلەپ قويدۇم .

. . .

چۇمۇلە پۈتۈن ئۇرۇق - ئەۋلادى بىلەن ناھايىتى ئىناق - ئىتتىپاق ياشايدىكەن ؛ تىنىماي ھەرىكەت قىلىدىكەن ؛ چىشىسى بالا تۇغۇپ ، بالا بېقىش بىلەن ئالدىرىسا ، ئەركەكلىرى بالىۋاقىلىرىنى تەمىنلەش يولىدا چاپىدىكەن ؛ لېكىن ئۇلارنىڭ شۇنداق تىرىشچانلىق بىلەن ئۆتىدىغان تۇرمۇشىغا بىز ئىنسانلارنىڭ نەزىرى چۈشمەيدۇ . ئۇلار دالىدا ، چۆلدە ، قاقاسلىقتا ، ئوزۇق - ئوقەت توشۇيدۇ ، ئۆي - ماكانلىرىنى تۈزەيدۇ ، نەسلىنى كۆپەيتىدۇ . بۇ كىچىك ، ئۇششاق جانىۋارلار ئەنە شۇنداق رەتلىك ، شۇنداق مەنىلىك ياشايدۇ .

ئەگەر پەيتى توغرا كېلىپ قالغاندا زېھنىمىزنى قويۇپ كۆزىتىدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ بەزى ئاپەتلەرگە قارشى ھەرىكەتلىرىنى كۆرۈپ ھاڭ - تاڭ بولۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن .

ئوت ئاپىتى پەيدا بولۇپ قالغاندا ، چۇمۇلە ئۆز جانلىرىنى قانداق قۇتقۇزىدۇ ؟

چۇمۇلىلەرنىڭ ھەممىسى دەرھال بىر يەرگە يىغىلىپ ، بىر- بىرىنى قۇچاقلاپ دۈگىلەك ھالەتكە كېلىدىكەن ، ئاندىن



كېيىن خۇددى يۇمىلاق توپ دومىلىغاندەك دومىلىغىنىچە ئوت گىردابىدىن يىراقلاپ كېتىدىكەن .

ئەگەر بىر - بىرىنى قۇچاقلاپ دۈگىلەك بولۇۋالىدىغان ئەقىل - پاراسەت بولمىسا ، دۈگىلەكنىڭ تاشقى قەۋىتىدىكىلىرىدە ئۆزلىرىنى قۇربان قىلىدىغان پىداكارلىق بولمىسا ، شۇ كىچىككىنە ، كۆزگە ئىلىنمايدىغان چۇمۇلىلەرنىڭ بار - يوقى تامامەن يوقىلىپ كەتكەن بولاتتى .

جانلىقلارنىڭ كىچىكلىكى ، كۈچ - قۇۋۋىتىنىڭ ئاجىزلىقى خەۋپلىك ئەمەس ، ھەتتا تەقدىرىنىڭ كۆزگە ئىلىنماسلىقىمۇ ھېچ گەپ ئەمەس . ئاجىز بولسىمۇ شۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىشەنچسىز قاراش ، شۇنىڭ بىلەن غەيرەت - جاسارەتنى بوشاشتۇرۇپ قويۇش ھەممىدىن بەك خەۋپلىكتۇر .

كىچىككىنە چۇمۇلە چېغىدا شۇنداق غەيرەتلىك ، شۇنداق پىداكار ، شۇنداق ئۈمىدۋار ئىكەن ، بىز ئادەمىزات ئۆزىمىزنى كەم سۇندۇرۇپ ، «تەقدىرىم مۇشۇنچىلىك ئوخشايدۇ» دەپ ئۆز ئىشەنچىمىزگە بەرھەم بەرسەك ، ئاقىۋىتىمىز نېمە بولىدۇ ؟

دۇنيادا ھەرقانداق مەخلۇق كۆپ شارائىتتا ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ چوڭلۇقى بىلەن ئەمەس ، روھىنىڭ ئۈستۈنلۈكى بىلەن چوڭ ، ئۇلۇغ ھېسابلىنىسا كېرەك .

مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، چۇمۇلىنى «كىچىك» دېگىلى بولمايدۇ .

# قىزىل پاراڭ

بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى «بېيجىڭدىكى ئەھۋاللاردىن خاتىرىلەر» ناملىق ژۇرنالدىن ناھايىتى «قىزىل پاراڭ» خەۋىرىنى ئوقۇپ قالدىم:

بېيجىڭدا ئولتۇرىدىغان 68 ياشلىق بىر بوۋاينىڭ كۆڭلى «كۇرسكى»غا تارتىپ، رۇسىيىنىڭ يادرولۇق چۆمگۈچى پاراخوتىنىڭ غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىچى سىيرىلىپ، يېرىم ئايدىن كۆپرەك ۋاقىت ئاھ ئۇرۇپتۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن بىللە، بېشى قېتىپ تۇرغان پۇتىننىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشقان بولاي دەپ، ھېلىقى غەرق بولۇپ كەتكەن پاراخوتنىڭ مودېلىنى ياساپتۇ.

بۇ خەۋەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلغان تەھرىر ئىلاۋىسىدە، پۇتىن شۇنچە قاتىلاڭچىلىقتا ئالدىراش بولسىمۇ، بۇ بېيجىڭلىق بوۋايغا ئوبدان تەشەككۈر ئېيتسا بولىدىكەن، دېگەن تولىمۇ مەمنۇنىيەتلىك مۇراجىئەتمۇ بار ئىكەن.

شۇ «قىزىل پاراڭ» نى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ بېيجىڭلىق ئىنتېرناتسىئونالىزم روھىغا باي بوۋاي ھەققىدە نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم.

شۇ بېيجىڭلىق بوۋاينى رۇسىيىنىڭ شۇ «كۇرسكى» ناملىق يادرولۇق چۆمگۈچى پاراخوتى غەرق بولۇپ كەتكەن 2000-يىل 8-ئايدا بىزنىڭ ئۆز دۆلىتىمىزدە نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىلەمدىغاندۇ؟ بىزدە دۇنيانىڭ غېمىنى يېيىشكە پاناھ بولغۇدەك خاسىيەتلىك ئىشلار يۈز بەرگەندۇرمۇ؟

بوۋايغا مەن ئېيتىپ بېرەي: «كۇرسكى» ناملىق يادرولۇق



چۆمگۈچى پاراخوت غەرق بولغان كۈنى (2000-يىلى 8-ئاينىڭ 12-كۈنى) دىن سەككىز كۈن ئىلگىرى مەملىكىتىمىزنىڭ جياڭشى ئۆلكىسىدىكى پىڭشياڭ يېزىسىدا يەنە بىر قېتىم پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ 27 ئادەم ئۆلدى، 27 ئادەم يارىلاندى! «كۇرسكى» غەرق بولۇپ يەتتە كۈن ئۆتكەندە مەملىكىتىمىزنىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە ناھايىتى زور پارتلاش ۋەقەسى يۈز بېرىپ، 173 ئادەم ئۆلدى، 300 گە يېقىن ئادەم يارىلاندى، 20 ئاپتوموبىل زەخىملەندى! ئەگەر خىيالىمىزنى يەنىمۇ نېرىسىغا يۈگۈرتۈپ، 6-ۋە 7-ئايلاردا كەينى-كەينىدىن قۇلاققا خەۋىرى ئاڭلىنىپ تۇرغان ئايروپىلان ھادىسىسى، كېمە-پاراخوت غەرق بولۇش ھادىسىسى، سەيلە-ساياھەت ئورۇنلىرىدىكى ئاسما ماشىنا كۆمتۈرۈلۈپ چۈشۈش ھادىسىسى، پارتلاش ۋەقەسى دېگەندەك چوڭ-چوڭ ھادىسىلەرنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرسەك، شۇ ھادىسە، ۋەقەلەردە ئۆلگەن ئادەملەرنىڭ سانى «كۇرسكى» دىن ھەقىقەتەن بىرقانچە ھەسسە ئارتۇق؛ ھادىسىلەرنىڭ سانىنى سانايدىغان بولساق يۈرەكلىرىمىز جىغىلدايدۇ!

بېيجىڭلىق بوۋاي ئۆزىگە ناھايىتى يېقىن يەرلەردە يۈز بەرگەن شۇنداق ھادىسە، ۋەقەلەرنى ئاڭلىمىغانمىدۇ؟ ئاڭلىغان بولسا كۆڭلىدە نېمە تەسىرات پەيدا بولغاندۇ؟ ئاڭلىغان بولسا، باشقىلارنىڭ غېمىنى يەپ مودېل ياساشقا قانداق ھەپىسلە قىلغاندۇ؟

مەن ھەقىقەتەن بۇ ياخشى نىيەتلىك بوۋايغا تەنە قىلماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۆزىمىزدىكى ۋەھشەتلەردىن بىخەۋەر بولغانلىقىغا ئىچىم ئۆرتىنىدۇ. رۇسىيە جەمئىيىتى ھەرقانچە مالىمان بولسىمۇ بىز جۇڭگو خەلقىنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بىۋاسىتە تەسىر يەتمەيدۇ، ۋەھالەنكى ئۆز دۆلىتىمىزدىكى ئىشسىزلىق ۋەھىمىسى، ئىستېمال كاساتچىلىقى ۋە ھادىسىلەرنىڭ كۆپلەپ

پەيدا بولۇۋاتقانلىقى بىزنىڭ ھەممىمىزنىڭ تەقدىرىمىز بىلەن ھەمنەپەس بولۇپ تۇرماقتا !

رۇسىيە مارىياك (دېڭىزچى ) لىرىنىڭ ھاياتى قەدىرلىك ، بۇنىڭدا شەك يوق ؛ بىزنىڭ ئۆز قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ، ئاكا- ئۇكا ، ئاچا - سىڭىللىرىمىزنىڭ ھاياتىمۇ قەدىرلىك ئەمەس- مۇ ؟ ! ئىنسانىيەت ئالىمىدە ، قېرىنداشلىرىمىز ئىچىدە بالا- قازا پاجىئەلەرنىڭ كۆپلەپ يۈز بەرمەسلىكى ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك ؟ بۇنىڭغا يالغۇز بىر بىيجىڭلىق بوۋاينىڭ ئەقىل - پاراسىتى يار بەرمەيدۇ .

دىققىتىمىزگە ئەرزىيدىغان مەسىلە شۇكى ، رۇسىيىنىڭ يادرولۇق چۆمگۈچى پاراخوتىغا بالا - قازا يەتكەنلىكى ئىسپاتلانغان ھامان دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى شۇ سەۋەبلىك خىزمىتىدىن ئىستىپا بەردى . ۋەھالەنكى ، بىزدە مەلۇم بىر جايدا كەينى - كەينىدىن ، تەكرار - تەكرار پەۋقۇلئاددە زور ھادىسىلەر يۈز بەردى ، شۇ يەرنىڭ مەمۇرىي رەھبەرلىرىدىن خىجالەتچىلىكتە ئۆزلۈكىدىن خىزمىتىدىن ئىستىپا بەرگەنلەرنى كىم كۆرۈپتۇ ؟ مۇشۇ جەھەتتىن ئالغاندا ، بىيجىڭلىق بوۋاينىڭ باشقا دۆلەتنىڭ پاراخوتى غەرق بولۇپ كەتكەنلىكىگە ئىچى سىيرىلگەنلىكىگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق . ئېھتىمال دۆلىتىمىزنىڭ مەلۇم جايلىرىدىكى رەھبەرلەر «باشقىلارنىڭ ئارىلىشىشى» نى لازىم تاپماي ، باشقىلاردىن يوشۇرۇپ يېپىپ ئۆلگۈرەلمەيۋاتساق ، سىبىنىڭ «ياردەم» بېرىشىڭ «سىياسىي ئېڭىڭنىڭ تۆۋەنلىكى» نى بىلدۈرمەمدۇ ، دەپ ئويلىسا كېرەك .

كېسەل بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق داۋالاشنى ، ياردەمنى رەت قىلساڭ ، «كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈم ئاشكارا بولىدۇ» دېگەن گەپ بار . دۆلىتىمىزدە مۇشۇنداق مودا مىساللار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ . مەلۇم بىر جايدا خەندەكنىڭ بۇلغىنىشى سەۋەبىدىن ئادەم ئۆلۈۋاتسا ، بۇ ئەھۋال شۇنداق ئېنىق تۇرسىمۇ ،



شۇ يەرنىڭ رەھبىرى «ھەققانىيەت ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتىپ» ئۆلۈپتۇ ، دېگەن ؛ شۇ چاغدا كىمكى ئۆلۈمنىڭ سەۋەبلىرىنى يېشىپ ، شۇ يەردىكى بۇلغىنىشنى يوقىتىشقا ياردەم بەرمەكچى بولسا ، شۇ كىشىنى «سىياسىي سېزىمى كاردىن چىققان» دەپ قارىغان .

كېسەلنى يوشۇرۇشتىن شۇنداق بىۋاسىتە ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇكى ، كېسەل جانغا تاقىلىدۇ . ئۆپكە ياللۇغى بولغان ئادەم ۋاقتىدا داۋالاتمىسا ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تاماكا چېكىۋەرسە ، بارا - بارا ئۆپكە راكى تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالىدۇ ، ئۇ چاغدا داۋالاتسا ، لوقمان ھەكىمنى تاپسىمۇ ئامال قانچە بولار ؟

ئېھتىمال بىيجىڭلىق بوۋاي خۇپسەنلىك قىلغاندۇر ، ئۆز دۆلىتىمىزدىكى يەرلىك رەھبەرلەرنىڭ دەردىنى تەڭ تارتىشىپ بەرگۈچىلىكى يوق دەپ ئويلاپ ، ھېسداشلىق نەزىرىنى دەردتە ئۆرتىلىپ تۇرغان خەلقئارا دۇنياغا يۆتكىگەن بولۇشى مۇمكىن . شۇنداق بولسا ، بىيجىڭلىق بوۋايدىن ئۆگىنىمەن ، ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرىمەن ، مەنمۇ پۇرسەت تېپىپ «كۆڭلۈمنى كوندىۋا»غا بېرىمەن . . .

(چېڭ ۋەنجۈن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «فېلىيەتون گېزىتى» نىڭ 2001 - يىل 16 - فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان . )



# ئوقۇپ قويۇڭ

بۈگۈنكى جۇڭگودا لۇشۈندىن تەسىرات ئالمىغان ئادەم بولمىسا كېرەك . كۆپ ياكى ئاز بولسۇن ، چوڭقۇر ياكى يۈزەكى بولسۇن ، بىۋاسىتە ياكى ۋاسىتىلىك بولسۇن ، ھەرھالدا تەسىرات مەۋجۇت . بېيجىڭ سانائەت ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 1995 ـ يىلى نەشر قىلغان خەنزۇچە «لۇشۈن دۇنياسىغا كىرىپ باقايلى» ناملىق مەجمۇئەنىڭ مۇقەددىمىسىدە : «دۆلەتنىڭ ئىستىقبالىغا ، خەلقنىڭ تەقدىرىگە جان كۆيدۈرىدىغان ئاڭلىق ئادەملەر ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈپ بېقىپ ، ئۇنى- بۇنى سىلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، يەنە شۇ لۇشۈن يارايدىكەن ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغانسېرى ئوقۇغۇسى كېلىدىكەن ، دېگەن يەرگە كەلگەن» دەپ توغرا ئېيتىلغان . شۇنداق ، بۇ گەپ نۇرغۇن ئادەمنىڭ پىكرى ۋە ھېسسىياتىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ .

بەزى تەتقىقاتچىلار لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ، بولۇپمۇ ئۇنىڭ فېليەتونلىرىنى ۋاقتىنىڭ سىناقلىرىدىن ئۆتەلەيدۇ ، ئۇ ۋال ـ ۋۇل قىلىپلا ئۆچۈپ كېتىدىغان چاقماق ئەمەس ، مەڭگۈ يېنىپ تۇرىدىغان مەشئەل ، دەپ تەرىپلەيدۇ . شۇنداق ، ئەگەر لۇشۈن ئەسەرلىرىنى كۆز بىلەنلا ئەمەس ، ھاياتىمىزدىكى سەرگۈزەشتىلىرىڭىز ، تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىڭىز بىلەن ۋە دۆلەتنىڭ ، مىللەتنىڭ تارىخىغا دائىر بىلىملىرىڭىزنىڭ ياردىمى بىلەن ، ئوخشىتىش ، سېلىشتۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوقۇيدىغان بولسىڭىز ، روھىي جەھەتتىكى قىممىتىدىن مۆلچەرلىگۈسىز ھۇزۇر ئېلىشىڭىز مۇمكىن .

لۇشۈن ئەسەرلىرى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان ماڭا ھەمراھ



بولۇپ كەلمەكتە . ئۇ ھاياتىمدىكى ئۇنتۇلغۇسىز ئېغىر كۈنلەردە زەئىپلەشكەن مەنىۋى ھاياتىمغا قۇۋۋەتبەخش تۈۋرۈك بولدى ؛ ھاياتىمنىڭ نورمال ، خاتىرجەم كۈنلىرىدە بولسا ئارامبەخش ، ئىلھامبەخش مەنىۋى ئوزۇق بولدى .

كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ لۇشۈن ئەسەرلىرىنى كۆپ ئوقۇشۇمنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ يەردە . ئۆمرۈمنىڭ خېلى كۆپ قىسمىنى ئوقۇش بىلەنلا ئەمەس ، بەلكى مېنى خۇشتار قىلغان شۇ نېمەتلەردىن قېرىنداشلىرىمنىمۇ بەھرىمەن قىلىش ئارزۇسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشقا كۈچ سەرپ قىلدىم . لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇشنىڭ ئۆزى بىر مەنىۋى ھۇزۇر ، مەنىۋى مەنپەئەت . مەشھۇر يازغۇچى ماۋدۇن ئەپەندى 1937 ـ يىلى 1 ـ مارتتا ياپونىيىنىڭ «ئىسلاھات» ناملىق ژۇرنىلىدا ئېلان قىلغان ماقالىسىدە مۇنداق دېگەن : «ھازىرقى جۇڭگودا خەلقنىڭ مىللىي خاراكتېرىنى لۇشۈندەك چوڭقۇر چۈشەنگەن ئادەم يوق ، شۇنىڭ ئۈچۈن جۇڭگو خەلقى ئىچىدە لۇشۈندەك چوڭقۇر ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئىگە بولغان ئادەممۇ يوق . ئۇنىڭ شۇنداق ئۇلۇغلۇقىنىڭ مەنبەلىرىنىڭ بىرىنچىسى — ئۇنىڭ كۆزىتىشىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئەتراپلىقلىقى ؛ ئىككىنچىسى ، ئۇنىڭ ئىنسانلارغا كۆيۈنۈشى ۋە غەمگۈزارلىقى ؛ ئۈچىنچىسى ، ئۇنىڭ ئۇلۇغ پەزىلەتلىك ھاياتىدا بارلىققا كەلتۈرگەن جەڭگىۋار خىزمەتلىرى ؛ تۆتىنچىسى ، ئۇنىڭ يۇقىرىدىكى ئۈچ نۇقتىنىڭ يۇغۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى . » «ئۇنىڭدىن 16 ياش كىچىكمەن ، — دەيدۇ ماۋدۇن يەنە شۇ ماقالىسىدە — مەنىۋى ئوزۇقنى ئۇنىڭدىن ئالغانلىقىمدا گەپ يوق . لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ھەر قېتىم ئوقۇسام ئۇنىڭغا زوقلىنىمەن . قايتا ـ قايتا ، ھەتتا بىرقانچە قېتىم ياندۇرۇپ ئوقۇسام تېخىمۇ كۆپ نەپ ئالىمەن . »

گېزى كەلگەچكە شۇنى ئېيتىپ ئۆتكۈم كەلدىكى ، لۇشۈن

ئەسەرلىرىدىن «قەبرە»، «سايىۋەن»، «ئالا كۆڭۈل»، «ساختا ئەركىنلىكنامە»، «گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە»، «چىلتەكلىك ئەدەبىيات»، «ئۈچ بىكار»، «تاغدىن - باغدىن»، «خالاس» ۋە «كونىس بوتكىسى زاۋىنلىرى» ۋە يەنە «چۇقان»، «تېڭىرقاش»، «لۇشۈن مەكتۇپلىرى» قاتارلىق توپلاملىرى 70 - يىللاردا ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلغان بولسىمۇ، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يېڭى - يېڭى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قامدىيالمىدى. بولۇپمۇ ئوتتۇرا ۋە ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئەدەبىيات دەرسلىرىدە لۇشۈن ئەسەرلىرى ئادەتتىكىدەك داۋاملىق ئۆتۈلۈۋاتسىمۇ، قىسمەن مۇئەللىملەرنىڭ قولىدىكى قوللانمىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپچىلىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرس ئۈستىدە لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئاڭلىسا، دەرس سىرتىدا ياكى دەرس تەكرارلاش ۋاقىتلىرىدا لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تېپىپ ئوقۇش جەھەتتە قىيىنچىلىق تارتىپ تۇرغانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرماقتىمىز.

«لۇشۈن ئەسەرلىرى» دېگەندە ئالدى بىلەن لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى يېقىندا ئىككى توملۇق «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى» نى نەشر قىلىپ، بىزدەك ئوقۇرمەنلەرنىڭ قىممەتلىك بىر مەنىۋى مىراستىن ئۆز تىلىمىزدا بەھرىلىنىشىمىزگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

فېلىيەتون دېگەن نېمە؟ لۇشۈن ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلىرىغا زادى نېمە دەيدۇ؟ فېلىيەتون ئەسلى فرانسۇز تىلى (فېۋىلىتون) بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىغا رۇس تىلىدىن تۇرلىنىپ كىرگەن شەكلى بويىچە ئۆزلەشكەنلىكى مەلۇم. كوندىلىك رېئال تۇرمۇشتا يۈز بەرگەن، يۈز بېرىۋاتقان ۋەقە، مەسىلە، ھادىسىلەرنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش شەيئىلەرنى مەزمۇن قىلغان ھالدا ئۆتكۈر تىل بىلەن يېزىلىدىغان بۇنداق قىسقا ماقالىلەر بەزىدە پارچە



تەسىرات، قىسقا مۇلاھىزە، ئوبزور، ئەنزار، مۇنازىرە، مۇھاكىمە، ئىستىئارە، ھەجۋىي، كىنايە، ھەتتا خەنزۇچە زاۋېن، ئىنگلىزچە ئېسساي دەپمۇ ئاتىلىدۇ. لېكىن ئومۇملاشتۇرۇپ «فېلىيەتون» دەپ قوبۇل قىلىنىشى بىز ئۇيغۇرلارنىڭ بەدىئىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىيات تارىخىدا 20 - ئەسىرنىڭ 30 - يىللىرى ئەتراپىدا باشلانغانلىقى، يەنى شۇ زامانلاردا لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ بىزگە سوۋېت ئەدەبىياتى بىلەن بىللە تارقىلىپ كىرىشى بىلەن ئۆزلەشكەنلىكى قەيت قىلىنماقتا.

قىسقا بولۇش فېلىيەتوننىڭ مۇھىم بەلگىلىرىدىن بىرى. شۇڭا، لۇشۈن جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ جىددىي ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ فېلىيەتون يېزىشنى ھەممىدىن ياخشى ۋاستە قىلىپ تاللىۋېلىپ، رېئال كۈرەش قاينىمىغا كىرىپ، جەمئىيەتتىكى چىرىكلىكنى، خەلقنىڭ تەبىئىتىگە سىڭىپ كەتكەن، ئۆزلىشىپ ئادەتكە ئايلىنىپ كەتكەن ئىللەتلەرنى تېزلىك بىلەن ئېچىپ تاشلىغان. ھەتتا بەزىدە ئۇ بىر كېچە - كۈندۈز ئىچىدە بىرنەچچە فېلىيەتون يازغان. لۇشۈن فېلىيەتونلىرى ئەدەبىي ژانىر نۇقتىسىدىن قىسقا، ئايرىم ماقالە بولسىمۇ، ئۈنۈملۈك، ھازىر جاۋاب قورال بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن، ماھىيەتتە چوڭ ۋە كاتتا ئەسەر قىممىتىگە ئىگە.

گەپنىڭ لەززىتى قىسقىلىقىدا. «ياخشى ھۆكۈمەتىزم»، «ھاقارەت ۋە تەھدىت ھەرگىزمۇ كۈرەش ئەمەس»، «نەقكە دۇم چۈشۈپتۇ»، «‹گۈلشەن پاراڭلىرىغا ئىستىئارە› نىڭ خاتىمىسى»، «ئەدەبىيات مۇنبىرىدىكى جىن - شەيتانلار» . . . بۇلار «لۇشۈن فېلىيەتونلىرى» ئىچىدىكى قىسمەن ماقالىلەرنىڭ مۇندەرىجىسى. قارىماققا چۈشىنىكسىزدەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن ئوقۇپ كۆرسىڭىز، ئازغىنە سۆزلەر، قىسقىغىنە گەپلەر بىلەن بايان قىلىنغان مەنە - پىكىرنىڭ چوڭقۇرلۇقىغا ھەيران

قالىسىز ، بۇ بىر گەپ .

يەنە بىر گەپ ، لۇشۇن ئەسەرلىرىدە ، بولۇپمۇ فېلىيەتونلىرىدا ئومۇمەن جەمئىيەتتىكى پاسسىپ ھادىسىلەر ، تۈرلۈك ئىللەتلەر ، بولۇپمۇ مىللىي خاراكتېر مەسىلىسى مەركەزلىك تەھلىل قىلىنىدۇ . مىللىي خاراكتېر دېمەك ، مەلۇم بىر مىللەتنىڭ ئورتاق تىل ، ئورتاق ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئاساسىدا تەدرىجىي ۋۇجۇدقا كەلگەن ئورتاق مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ئورتاق پسىخولوگىيىلىك ئامىلىدۇر . مىللىي خاراكتېرنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ ، يامان تەرەپلىرىمۇ بولىدۇ . لۇشۇن ئەسەرلىرىدىن قارىغاندا ، لۇشۇن «مىللىي خاراكتېر» نى خەلقنىڭ تەبىئىتى ، خۇي - پەيلى ، روھىي ھالىتى ، روھىي مىجەزى ، روھىي دۇنياسى ، مىللەتنىڭ پسىخولوگىيىسىنى ھەتتا مىللىي رەزىللىك دېگەندەك ئاتالغۇلار بىلەنمۇ بايان قىلىدۇ . لۇشۇننىڭ پىكرىچە ، ھەرقانداق مىللەتنىڭ روناق تېپىشى ئۈچۈن ماددىي ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات كېرەك ، شۇنىڭ بىللە بىلەن مەدەنىي - مەنىۋى تەرەققىياتمۇ كېرەك ؛ ماھىيىتىنىڭ چوڭقۇرلۇقى ۋە ئۇزاق مۇددەتلىكى جەھەتتىن ئالغاندا ، مەنىۋى تەرەققىيات تېخىمۇ مۇھىم . كونا ھاكىمىيەتنىڭ ئاغدۇرۇلۇشى ھەرگىزمۇ مىللىي خاراكتېردىكى رەزىل ئىللەتلەرمۇ سۈپۈرۈپ تاشلاندى دېگەن مەنىنى بىلدۈرمەيدۇ . مىللىي خاراكتېردىكى زەئىپلىك - رەزىللىكلەر تۈگىتىلمىسە ، ئۇلارنىڭ يېڭى شارائىتتا يېڭىۋاشتىن كۆكلەپ چىقىشى نۇرغۇن پاكىتلار بىلەن ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا .

لۇشۇن ۋاپات بولۇپ 13 يىل ئۆتكەندىن كېيىن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە زۇلمەتلىك كۈنلەر كەلمەسكە كەتتى . دەۋر ئۆزگەردى ، لېكىن ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ، ئىنقىلابچى لۇشۇننىڭ ئاقىلانە پىكىرلىرى ، قورقماس باتۇرانە



پەزىلىتى ، يۈرەك قېنى بىلەن يېزىپ ئىنسانىيەتكە سۇنغان قىممەتلىك فېلىيەتونلىرى — ئەسەرلىرى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتىنى يوقاتمىدى . سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا كۈچ چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئۆگىنىشنىڭ ئۆزى ئىجتىھاتلىق ئادەم ئۈچۈن مەنىۋى راھەتتۇر . لۇشۇن فېلىيەتونلىرى ۋەتەننى ، مىللەتنى قانداق سۆيۈش ۋە قانداق راۋاج تاپقۇزۇش جەھەتتە بىزنى مول مەزمۇنلۇق ، ئەمەلىي ، جانلىق بىلىم بىلەن تەمىنلەيدۇ .

لۇشۇن ئەسەرلىرىنى ئوقۇپ قويۇڭ .



# «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش» ھارامزادىلىكى

«جەنۇب گېزىتى» نىڭ خەۋەر قىلىشىچە، چۇڭچىڭ شەھىرىگە قارايدىغان پېڭشۈي ناھىيىلىك پارتىيە كومىتېتى، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى ئازايتىش خىزمىتى توغرىسىدا يىغىن ئېچىپ، ناھىيىگە بىۋاسىتە قاراشلىق تارماقلارغا يىغىن روھىنى ئەستايىدىل يەتكۈزۈشنى ۋە بۇنىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈش ئەھۋالىنى چەكلىك ۋاقىت ئىچىدە مەلۇم قىلىشنى تاپشۇرغانىكەن. نەتىجىدە، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت ئىشخانىسى، ئوزۇق - تۈلۈك ئىشخانىسى، سودىگەر چاقىرىش ئىدارىسى، ئۇجمە - پىلە ئىدارىسى بولۇپ بۇ تۆت ئىدارىنىڭ مەلۇم قىلغان ماتېرىياللىرى خۇددى بىر قېلىپتا قۇيۇلغاندەك ئوپمۇئوخشاش بولۇپ چىقىپتۇ. بۇ ماتېرىياللارنىڭ يېزىلغان خەتلىرىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكى، نۇسخىلىرى، ماتېرىياللارنىڭ ماۋزۇلىرى، ئابزاسلىرى، ھەرپلىرىنىڭ تىزىلىشى ھەتتا پەش- چېكىتلىرى ۋە ئىملا خاتالىقلىرىمۇ قويۇپ قۇيغاندەك ئوخشاش چىققان.

لۇشۇن ئەپەندىنىڭ قەدىمكى زاماندىكى موللىېرنىڭ «دېھقانلارغا ھارامزادىلىك بىلەن ئىچ ئاغرىتىپ يازغان ئەشئارلىرى» غا كىنايە قىلغاندا ئىشلەتكەن سۆزلىرىنى قوللانساق، پېڭشۈي ناھىيىسىدە يۈز بەرگەن ئەنە شۇ ھادىسىنى «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش ھارامزادىلىكى» دەپ ئاتاش مۇمكىن. پېڭشۈي ناھىيىسىدىكى شۇ «ئەشئار» لارنى يازغان، ھارامزادىلىك قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى «پاشالىق ئاشلىق»



يەيدىغان (يەنى ھۆكۈمەتتىن مائاش ئالىدىغان) ئەمەلدارلاردۇر، ئۇلار «يېمەكچى بولسا گۆش - ياغلىرى تەييار، ماڭماقچى بولسا ماشىنىسى تەييار»، تۇرمۇشى پاراۋان، ھەشەمەتتى بار ئادەملەردۇر، لېكىن ئۇلار «خەلقىنىڭ دەردىگە يىغلايدۇ» غان شېئىرلارنى «خەلقىنىڭ دەردىگە يىغلايدۇ» غان مەلۇماتلارنى يېزىشقا خۇشتار بولۇپ قالغان. ئەمما شۇنداق بىر پەرقى باركى، كونا موللىلار ھەرقانچە ھارامزادىلىك قىلسىمۇ، دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان شېئىرلارنى ئۆزلىرى يازغانىكەن. دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىدىغان ھازىرقى ماتېرىياللارنى بولسا «جامائەت مالايلىرى» دەيدىغان ئەمەلدارلار بىر - بىرىدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ تەييارلىغان. بۇلارنى شۇنداق سېلىشتۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقىلارنىڭ ھارامزادىلىك قىلىش سەۋىيىسى تېخىمۇ يۇقىرى ئىكەن. لېكىن تەتۈرىگە ياندۇرۇپ قارايدىغان بولساق، ھازىرقىلارنىڭ ھارامزادىلىك قىلىش دەرىجىسى تېخىمۇ يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن ھارامزادىلىكى تېخىمۇ تېز، تېخىمۇ ئاسان چېنىپ قالىدۇ، كۆرگەن ئادەملەر ئۇلاردا دېھقانلارنى مەنسىتمەيدىغان، پەس كۆرىدىغان، ھەتتا دېھقانلارغا زەخمەت يەتكۈزىدىغان رەزىل ئاڭ تەگ - تېگىدىن ئورناپ كەتكەنلىكىنى ئاسانلا بىلىۋالالايدۇ: ئۇلار ئەمەلىيەتتە دېھقانلار مەسىلىسىنى مەسىلە دەپ قارىمىغان، دېھقانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولمىغان، دېھقانلارنىڭ ئاچ - توقلۇقى بىلەن كارى بولمىغان، گوۋۇيۈەن دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى يېنىكلىتەيلى دەپ ئىزچىل چاقىرىق قىلىپ تۇرسا، ئۇلار، چاقىرىق قىلسا قىلىۋەرسۇن، مەنمۇ ئۆز بىلگىنىمچە ئىش قىلىۋېرىمەن، دەپ قۇلاق سالمىغان: تەكشۈرۈپ قالمىغىيدى، دەپ كۆزىنى يۇمۇپلا بىرەر پارچە مەلۇمات ماتېرىيالىنى تېپىپ كۆچۈرۈپ تەييارلاپ قويغان، بەس.

تېخىمۇ يامان يېرى شۇكى، ئۇلار دېھقانلارنىڭ سېلىقىنى

باشقىچە يول بىلەن ئېغىرلاشتۇرۇۋەتكەن . «ئوقۇتقۇچــى» گېزىتىدە بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى بېسىلغان بىر خەۋەرگە قارىغاندا ، غەربىي شىمالدىكى مەلۇم ئۆلكىنىڭ بىر يېزا بازىرىدا مالىيە قىيىنچىلىقى يۈز بەرگەچكە بازارلىق ھۆكۈمەت : دېھقانلاردىن ئوقۇغۇچى بېشىغا پۇل توپلاپ ، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بېرىلمەي قالغان ئىش ھەققىگە سەپلەپ بېرىلسۇن ، دەپ بۇيرۇق تارقاتقان . شۇ سەۋەبتىن بازار بويىچە كەمبەغەل دېھقانلارنىڭ 2000 دىن ئارتۇق پەرزەنتى ئوقۇشقا بارالمىغان . بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن ، ئاڭلىغان ئادەمنىڭ قۇيقا چاچلىرى تىــك تۇرماي قالارمۇ؟ ! بىر پارچە داستاندىن ئېسىمدە قېلىشىچە ، بىــر پارىخور ئەمەلدار دېھقانلارنى خورلاپ : «دېھقان ئۆمۈر بويى بىر پارچە يەر بىلەن ، بىرەر قوي بىلەن ھەپىلىشىپ ، نەتىجىدە ئۆزىمۇ بىر پارچە يەرگە ، بىر دانە قويغا ئايلىنىپ قالىدۇ» دەپتىكەن . بىزنىڭ بەزى «جامائەت مالاي» لــىرىمــىــز ۋە ئەمەلدارلىرىمىز ئەنە شۇنداق دەپ ، دېھقانلارنى داڭگال ئورنىدا دەسسەيدۇ ، قوي ئورنىدا كۆرۈپ ، ئەڭ ناچار يەم بىلەن باقىدۇ ۋە لېكىن ئۇلارنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىلىك گۆش - ياغ بېرىشكە مەجبۇر قىلىدۇ .

«لۇشۈن روھىنىڭ ۋارىسى» دەپ تەرىپلىنىدىغان مەرھۇم يازغۇچى خۇفېڭ بۇنىڭدىن 40 يىل ئىلگــىرى شياۋخۇڭ خانىمنىڭ «ھايات - مامات بوسۇغىسىدا» ناملىق رومانىغا يېزىپ بەرگەن خاتىمىســىدە ، دېھقانلارنىــڭ تەقدىرىنــى مۇنداق ئېچىنىشلىق تەسۋىرلىگەن :

«دېھقانلار خۇددى چۈمۈلىگە ئوخشاش تىرىكچىلــىك قىلىۋاتىدۇ ، كۈنىنىڭ ئۆتكىنىچە ياشاۋاتىدۇ ، سەرسانچىلىقتا ئۆلۈۋاتىدۇ ، ئۆزىنىڭ قان - تەرلىرى ۋە ئەزىز جانلىرى بىلەن يەرنى ئوغۇتلاپ ئاشلىق تېرىپ ، مال - ۋاران بېقىپ ، تەبىئىي ئاپەتنىڭ ۋە ئىككى ئاياغلىق زالىملارنىڭ زۇلمى ئاستىــدا



تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرمەكتە .»

مۇشۇنداق قۇرلارنــى ئوقۇغاندا ئادەمنىــڭ ئەزايىــى تىكەنلەشمەمدۇ ؟ !

ھازىرقى جۇڭگو يەنىلا يېزا ئىگىلىك دۆلىتــى ، يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللانغانلارنىڭ نوپۇسى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ئاھالىنىڭ 80 پىرسەنتىدىن كۆپرەكىنى تەشكىل قىلىــدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن يېزىنىڭ مۇقىملىقى ۋە يېزا ئىقتىسادىنىــڭ راۋاجلىنىشى ئەل ئامانلىقىنىڭ مۇھىم ئۇلى ھەم كاپالىتى . جەمئىيەتشۇناس مۇتەخەسسىس چىن خۇي ئەپەندى كىشىنى ئويغا سالىدىغان بىر گەپنى قىلىپ : «دېھقانلار مەسىلىسىنىــڭ ماھىيىتى ئەمەلىيەتتە جۇڭگو مەسىلىسىدۇر» دېگەنىــكەن . «دېھقانلارغا ئىچ ئاغرىتىش ھارامزادىلىكى» نــى قىــلغان ئەمەلدارلارغا ئەنە شۇنداق يۈكسەكلىــك بىــلەن قارايدىغان بولساق ، ئۇلارنىڭ پەزىلىتى ۋە كۆڭلى ئۇ ياقتا تۇرۇپ تۇرسۇن ، پەقەت نەزىرىنىڭ تارلىقى ، بىلىمىنىڭ يۈزەلىكى ۋە سۈپىتىنىڭ ناچارلىقىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ .

(يى سىپىڭ ئىمزاسىدىكى بۇ مۇھاكىمىنىڭ خەنزۇچىسى «شىنجاڭ قانۇن - تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2001 - يىل 7 - يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان ؛ «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - ئايلىق سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )



# كىم بەكرەك ساختىپەز

پۇقرالىرىمىز ئۆز پۇلى بىلەن چەت ئەللەرگە ساياھەت قىلىپ بارىدىغان ئىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان تايلاندقا ساياھەت قىلىپ بارغانلاردا «ئادەم پەرىزات» لىرىنىڭ پەيزىنى كۆرۈش «ئۇدۇم» بولۇپ قاپتۇ. لېكىن «ئادەم پەرىزات» لىرىنى كۆرۈپ پەيزى قىلغاندىن كېيىن ئۇلار بىللە خاتىرە ئۈچۈن رەسىمگە چۈشمەيدىغانلارمۇ ناھايىتى ئاز ئىكەن. يېنىدا تۇرغان «ھۆر - پەرىگە ئوخشاش چىرايلىق قىز» لارنىڭ «سۇنئىي، ساختا بىر نەرسە» ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ تۇرۇقلۇق شۇنىڭغا مەردلىك يانچۇقىنى كولاپ پۇل خەجلەش — بۇ ھەيرانە بولغانلىقمۇ ياكى كۆز - كۆز قىلىپ ماختانغانلىقمۇ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېمەك تەس.

تايلاندنىڭ «ئادەم پەرىزاتى» تولىمۇ ئۆز كېلىدىكەن. چىن ئىخلاس بىلەن بېرىلىپ، ئاجايىپ چىرايلىق خۇلقلار بىلەن ئويناپ بېرىدىكەن، لېكىن كىشىلەردە كۆڭۈلدىن زادىلا كۆتۈرۈلمەيدىغان بىر ھېسسىيات پەيدا قىلىدىكەن: شۇ پەرىزاتلارنىڭ چىرايى يالغان، چاچلىرى يالغان، دومباق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىمۇ يالغان؛ باشتىن بويىغا خۇددى ئاياللارنىڭ ئەزالىرىنى قۇراشتۇرۇشتىن ھاسىل بولغان يالغان ئادەمگە ئوخشايدۇ. ئەنە شۇنداق چىرايى يالغان، چېچى يالغان، كۆكسى يالغان، قەددى - بويى يالغان «پەرىزات» لارنىڭ جىنىڭ ئادەملەرگە ئويناپ بەرگەنلىكىگە قاراپ شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىسىزكى، بۇ دۇنيا غەلىتە ئىكەن!

شۇ «پەرىزات» لارغا تازا زەن قويۇپ قارىسىڭىز، چېنىپ



تۇرغان يەرلىرىنى بىلىپ قالىسىز! شۇ «ئادەم پەرىزات» لىرى تاماشىچىلار ئالدىدا ساختا ئويۇن ئويناپ، ساختا ناخشا ئوقۇپ، يەنى ئاغزىنى ئۈنئالغۇنىڭ ئاۋازىغا توغرىلاپ تاماشىچىلارنى ئەخمەق قىلىدىكەن. تايلاندتا «ئىستېمالچىلار جەمئىيىتى» يوقمىكىن؟ بار بولسا جۇڭگودىكىدەك ساختا نەرسىلەرگە قارشى كۈرەش قىلىدىغانلارنى قوللىمىدىكىن تاڭ! «ئادەم پەرىزات» لىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈۋېتىپ ئەتراپىڭىزغا شۇنداق كۆز سالسىڭىز، بۇ ئويۇنلارنى كۆرۈشنىڭ ئۆزى مۇشۇنداق ساختىلىقنى كۆرۈپ ھۇزۇر ئېلىش ئەمەسمىدۇ؟ دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالىسىز. بىرنەچچە ئەركىشىنىڭ ئۆزلىرىنى ھەتتا راست قىز - چوكانلارمۇ گۈزەللىكىدىن ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالىدىغان چىرايلىق قىزلارغا ئوخشىتىپ ياساپ - تاراپ، سەھنىدە تۈرلۈك ناز - كەرەشمىلەر بىلەن خۇلق چىقىرىپ، سەھنە ئالدىدا ئولتۇرغان تاماشىچىلارنى مەست - مۇستەغرەق قىلىۋېتىشى، تاماشىچىلارنىڭ كۆزىنى ئالاچەكمەن قىلىپ، يالغاننى راست قىلىپ كۆرسىتىش ئەمەسمۇ؟ لۇشۈن ئەپەندى: «بىزنىڭ جۇڭگودا ئەرلەرنىڭ ئاياللارچە ياسىنىشى ھەممىدىن ئۇلۇغ، ھەممىدىن مەڭگۈلۈك بىر سەنئەت بولۇپ تۇرماقتا»، «بۇنداق ئاختا قىلىنغان ‹ھەرەمئاغىلىرى مەدەنىيىتى› خەلقىمىزدىكى بىر خىل كېسەللىكنىڭ ئىنكاسىدۇر» دەپ تەنە قىلغانىكەن. كەمىنە قەلەم ئىگىسىنىڭ پەرەز قىلىشىچە، لۇشۈن ئەپەندى جەنۇب ئەللىرىگە بېرىپ باقمىغان. «ئادەم پەرىزات» لىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئۆز خەلقىنىڭ بۇنداق يېغىرىغا تەگمىگەن بولاتتى. «ئەرلەرنىڭ ئاياللارچە ياسىنىشى» غا سېلىشتۇرغاندا، تايلاندلىق ئادەم پەرىزاتلىرى ئېشىپ چۈشىدۇكى، قېلىشمايدىكەن، ئەرلەر پۈتۈنلەي سېپى ئۆزىدىن «ئايال» لارغا ئايلىنىپ كېتىدىكەن.

ئۇيۇن تۈگىگەندىن كېيىن تاماشىچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى ، خۇددى كۆرۈپ قانمىغاندەك ، كۈلۈپتىن ئالدىراپ - تېنەپ چىقىپ ، ئادەم پەرىزاتلىرى بىلەن خاتىرە رەسىمگە چۈشىدىكەن . رەسىمگە چۈشۈۋاتقاندا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىدىكەن ، لېكىن پۇلنى تۆلەش ۋاقتىدا كۆزلىرى چانقىدىن چىقىپ كەتكىلى تاسلا قالىدىكەن . رەسىمنىڭ پۇلى تايلاند پۇلىغا 20 تايجۇ ئىكەن ، لېكىن 50 يۈەنلىك بىر قەغەز خەلق پۇلىنى تەڭلىسىڭىز ، ئادەم پەرىزاتلىرى نەزىرىگىمۇ ئىلمايدىكەن ، ئۇلار ئامېرىكا دوللىرى بىلەن تايجۇنىلا تونۇيدىكەن . دەسلەپتە مەنمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمەي ، 50 يۈەن بەرسە ھېسابقا توغرا بولىدۇ ، بەلكى تايجۇدىن يەنە بىرئاز ئوشۇق بولىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن . كېيىن شۇ ئادەم پەرىزاتلىرىنىڭ بىرسى : « False coin» (يەنى يالغان پۇل ) دەپ قالدى . ئەنە شۇ چاغدىلا ، ھە ، مۇنداق گەپ ئىكەن - دە ، دەپ چۈشىنىپ قالدىم .

مېھمانخانىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بىرئاز قورسىقىم كۆپتى : بۇ ساختا ئاياللار سەھنىدە ناخشىنى ساختا ئوقۇپ تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ بىزنى يەرگە قارىتىدۇ ؟

مەن بۇ قورساق كۆپۈكىنى بىزگە يول باشلامچىلىق قىلغان تايلاندلىق خانىمغا تۆكۈپ بەرسەم ، ئۇ پىسىڭگىدە كۈلۈپ قويۇپ ، ماڭا ، پۇجى ئارىلىدىكى يايمىكەشلەرنىڭ دۇكانلىرىغا بېرىپ قاراپ باقسىڭىز بىلىسىز ، دەپ تەكلىپ بەردى . پۇجى ئارىلىدىكى يايمىكەشلەر سېتىۋاتقان دۇنياۋى مەشھۇر ماركىلىق ئازادە ئىشتان - چاپانلار ، كالتە يەڭلىك كۆڭلەكلەر ، ساياھەت ئاياغلىرى ، ھەتتا كۆزەينەك ، چامادان ۋە سومكىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك بىزنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقىمىزنىڭ شەرقىي - جەنۇبىي دېڭىز ياقىلىرىدىن كىرگۈزۈلگەن ساختا مەھسۇلات ئىكەن . بۇ يەرلەر شۇ جايدىكى خەلقنىڭ نەزىرىدە ساختا مال كۆپ چىقىدىغان ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ساختىپەزلىك قىلىشقا ئۇستا



يەر ئىكەن ، شۇڭا ئۇلار مېلى ساختا بولغان يەرنىڭ پۇلى ساختا بولماي قالمايدۇ ، دەيدىكەن . باشلامچى خانىمنىڭ ئىزاھلاپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئاغزىم ئېتىلىپ قالدى .

(جاۋ گاڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «جاھان ئېقىم مەسىلىلىرى» گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 16 - يانۋار سانىدا ئېلان قىلىنغان ، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان . قىسمەن قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىندى . )



## «پېشانەڭنى سىلىۋېتىپ گەپ قىل» مىساڭ بولماس

مەيلى قايسى ساھە، قايسى ئىدارە بولسۇن، بەش يىللىق، 10 يىللىق دېگەندەك «چوڭ توي» كۈنلىرىنى خاتىرىلەش ۋاقتىدا «خۇلاسە» يېزىشتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنداق «خۇلاسە» نى داقا - دۇمباقلار ياڭرىغان، نەغمە - ناۋالار كۆڭۈلنى كارامەت شادلاندۇرغان، ھەممە خۇشال - خۇراملىققا چۆمگەن قىلىپ يازىدۇ. گېزىتلەرنىڭمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن «خۇلاسە» يېزىشىدا گەپ يوق. گېزىتنىڭ ئىلكىدە شۇنچە كۆپ ماھىر قەلەم ئىگىلىرى بولغاچقا، بىرەر «خۇلاسە» نى يېزىپ چىقىش ھېچقانچە چوڭ ئىش ئەمەس.

لېكىن، شۇنى بايقاپ قالدىمكى، جۇڭگودا بەزى گېزىتلەر ئۆزلىرىنىڭ يېقىنقى 50 يىلدىن بۇيان قىلغان ئىشلىرىنى «خۇلاسە» لەشتە بىرئاز باش قېتىمچىلىققا قاپتۇ، بولۇپمۇ 1978 - يىلدىن ئىلگىرى ۋۇجۇدقا كەلگەن بەزى گېزىتلەر ئۆز ۋاقتىدىكى «شەرەپلىك ئىش - ئىزلىرى» نىڭ ئاز دېگەندە يېرىمىنى تىلغا ئالاي دېسە خىجىل بولىدىكەن. تىلغا ئېلىپ قالسا يۈزى چىمىلداپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالمايدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قېلىش ئېھتىمالى بار ئىكەن. شۇ «شەرەپلىك ئىش - ئىزلىرى» نى پۈتۈنلەي ئىنكار قىلىۋېتىشكىمۇ پېتىنالمايدىكەن، چۈنكى ئەينى يىللاردىكى مۇشتەرىلەرنىڭ تولىسى ھازىر ھايات، شۇ ئىشلار ئۇلارنىڭ ئېسىدە ھازىرقىدەك تۇرغان بولۇشىدا شەك يوق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ گېزىتلەر باشقىچە يول تېپىشقا مەجبۇر بولغان. مانا بۇ ئەھۋال قەلەم



ئويناتىشقا ئۇستا بولۇپ كەتكەن قەلەم ئىگىلىرىنى بىرئاز باش قاتۇرۇشقا مەجبۇر قىلغان.

ئانچە چوڭمۇ ئەمەس، ئانچە كىچىكمۇ ئەمەس بىر گېزىتنىڭ بۇلتۇر ئۆزىچە زوقلىنىپ ماختىنىپ، بۇنىڭدىن بىرقانچە يىل ئىلگىرى ئاران بىرنەچچىلا ئىشچى - خىزمەتچىسى بارلىقىنى، ھازىر قانچىگە كۆپەيگەنلىكىنى، ئىلگىرى ئەبجەقى چىقىپ كەتكەن بىرلا باسما ماشىنىسى بارلىقىنى، ھازىر بىرنەچچە ھەسسە كۆپەيگەنلىكىنى، ئىلگىرى بەتلەرنىڭ قوغۇشۇن بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى، ھازىر بولسا كومپيۇتېر بىلەن ياسىلىدىغانلىقىنى . . . ۋەھاكازالارنى يازغانلىقىنى ئوقۇپ قالدىم. بۇلارنى ئىجتىمائىي رېئاللىقنى خەلقنىڭ ۋىجدانى ھەم زوۋانى بولغان ھالدا راستى بىلەن توغرا ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىشى پەرزى ھەم قەرزى بولغان گېزىت ئالدىدا قانداق «خىزمەت نەتىجىسى» دېگىلى بولسۇن؟ بۇلارنى ھەرقانچە قىلغان تەقدىردىمۇ پەقەت شۇ گېزىتنىڭ باسما زاۋۇتىنىڭ ھېسابىغىلا چېقىش مۇمكىن. بۇ ئەھۋال خۇددى بىر ساقچىنىڭ ئۆزىنىڭ نەچچە ئون يىللىق خىزمەتلىرىنى خۇلاسىلىگەندە، ئۆزىنىڭ قانچىلىك ياخشى ئادەمنى قوغداپ قالغانلىقى، قانچىلىك يامان ئادەمنى تۇتقانلىقى توغرىسىدا گەپ قىلماي، ئۆزىنىڭ قاتناش قورالىنىڭ ۋېلىسىپىتتىن ئاپتوماشىنىغا، سىملىق تېلېفونىنىڭ «ئالەمگە ئۆتەر» يانفونغا ئۆزگەرگەنلىكى توغرىسىدا ھۇزۇرلىنىپ سۆزلىگەنلىكىگە ئوخشايدۇ.

گېزىت نېمە ئۈچۈن «ئۆزىنىڭ پېشانىسىنى سىلاپ بېقىپ» گەپ قىلمايدۇ؟ نېمىشقا «گەپنى ئېلىپ قاچىدۇ»؟ ئەسلىدە ئۇنىڭ «تىلى قىسقا». ئەگەر قىلنى قىرىققا يارىدىغان بىرەر «چاتاق» چى ئادەم كۇتۇپخانىغا كىرىپ شۇ گېزىتنىڭ «مانچە ئون يىللىق توپلىمى» نى تېپىپ، 1978 - يىلغىچە بولغان 30 يىلدەك ۋاقىت ئىچىدىكى مەزمۇنلىرىغا كۆز يۈگۈرتۈپ

چىقىدىغان بولسا ، تاغار ـ تاغار يالغان گەپلەرنى ، لاپ ئۇرۇپ ئاتقان پو گەپلەرنى ، كاتتىۋاللىق بىلەن قىلىنغان «پىپەن»-تەنقىدلەرنى كۆرۈشى مۇمكىن ! ئۇلار كىملەرنىڭ «ۋىجدانى» ؟ كىملەرنىڭ «زۇۋانى» ؟ بۇنى خۇدا بىلىدۇ ! دېمەك ، ئۇ گېزىتنىڭ «باسما ماشىنىسى» ، «بەت ياساش» توغرىسىدىلا گەپ سېتىشىدا «گەپ بار» ! ھەقىقەتەن ئىلاجىسىزلىقتىن شۇنداق قىلغان . مىسال بىلەن ئېيتايلى ، ئۇ ئۆزىنىڭ 30 يىل ئىلگىرىكى ئاتالمىش «خىزمەت نەتىجىلىرى» قاتارىدىكى تۆۋەندىكىدەك ئىشلىرىنى ھازىرقى ئادەملەر ئالدىدا بايان قىلىشنى راۋا كۆرمىسە كېرەك :

1950 ـ يىلى ، دۆلەت يېڭى قۇرۇلغان چاغدىلا «ۋۇشۈننىڭ تەرجىمىھالى» ناملىق كىنو فىلىم ۋە ۋۇشۈننىڭ ئۆزى قوپاللىق بىلەن تەنقىد قىلىندى .

1954- يىلى مەشھۇر ئالىم يۈ پىڭبەي ئەپەندى ۋە ئۇنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش توغرىسىدا تەتقىقات» لىرى ناھايىتى بەك قامچىلاندى . . .

1955 ـ يىلى خۇ فېڭ ۋە ئۇنىڭ سەپداشلىرى ئەدەبىيات-سەنئەت خىزمىتى توغرىسىدا باشقىچىرەك پىكىردە بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئاتالمىش «ئەكسىلئىنقىلابچىلار گۇرۇھى» قىلىنىپ ، ھەدەپ «پاش» قىلىندى ، ئۇلارغا «نەپرەت ياغدۇ»رۇلدى .

1957 ـ يىلى ئەمر ـ پەرمانغا بىنائەن پىكىر بەرگەن 550 مىڭ نەپەر زىيالىي بىراقلا ئوڭچى ئۇنسۇر دەپ ئېلان قىلىندى .

1958 ـ يىلى «چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش» ئەسەبىيلىك بىلەن ماختاپ ئۇچۇرۇلدى ، «بىر مو يەردىن 80 مىڭ جىڭ شال ئېلىندى» دەپ خەۋەر تارقىتىلدى .

1959 ـ يىلى ، «ئوڭ ئاغمىچىلىققا قارشى» . . . .

1960 ـ يىلى 10 مىليون ئادەم ئاچلىقتا ئۆلدى (بويىبونىڭ «بىرنەچچە چوڭ قارار ۋە ھادىسىلەر توغرىسىدا



ئەسلىمە» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىگە قاراڭ ) ، لېكىن گېزىتلەر بۇ ھادىسىلەرنى «كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمەسكە سالدى» .

1962 ـ يىلى ، «سىنىپىي كۈرەشنى ھەرگىز ئۇنتۇماي-لى» . . . .

1965 ـ يىلى ، ياۋ ۋېنيۈەننىڭ «يېڭى يېزىلغان تارىخىي دراما ‹خەيرۇينىڭ مەنسەپتىن ئېلىنىشى› غا باھا» ئېلان قىلىنىپ ، ئۆكتەملىك ۋە تۆھمەت قىلىندى .

1966 ــ 1976 ـ يىللىرى «كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار» تارتىپ چىقىرىلدى ۋە كۈرەشكە تارتىلدى ؛ قوشۇن تازىلاندى ؛ قانۇنچىلارغا باھا ، كۇڭزىچىلارغا تەنقىد بېرىلدى ؛ «ئۇنىڭ ئاغمىچىلىق ئەنزىسىنى ئاغدۇرۇش» قا قارشى تۇرۇلدى ؛ «پرولېتارىيات مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى ھەقىقەتەن ياخشى !» . . .

1977 ــ 1978 ـ يىلللىرى «ئومۇمەن . . . لىكى ئومۇمەن . . . لىكى . . .»

ئۆزىمىزنى توختىتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان بولساق ، گېزىتلەر شۇنچە ئون يىل ئىچىدە بىرمۇنچە راست خەۋەرلەرنىمۇ بەردى . لېكىن مەسىلە «راست» بىلەن «يالغان» نىڭ نىسبىتى قانچىلىك ئىكەنلىكىدە ئەمەس . «بىر تال چاشقان مايىقى بىر قازان ئاشنى بۇلغايدۇ» دەيدىغان ماقال بار . شۇنداق «چاشقان مايىقى» توپتوغرا 30 يىلدەك ئۇزۇن ۋاقىت ئىچىدە بىر تال ياكى ئىككى تال ئەمەس ، ئىششەكلەپ ، كۆرىلەپ پەيدا بولدى ، شۇ قازاندىكى ئاشنى دۇنيا بويىچە ئەڭ ئەلا سورتلۇق ئەتىر بىلەن قايناتسىمۇ ، ئۇنىڭدىكى بەتبۇيلۇق يوقالماسلىقى مۇمكىن . شۇنىڭ ئۈچۈن دىڭ دۇڭ ئەپەندىنىڭ «20 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىكى جۇڭگو گېزىت ـ ژۇرناللىرى» توغرىسىدىكى مۇھاكىمىسىدە شۇنچە كۆپ داڭقى چىقىپ كەتكەن چوڭ گېزىت-ژۇرناللارنى چەتكە قايرىپ قويۇپ ، ئىلگىرى ـ ئاخىر بولۇپ

پەقەت ئۈچ ئايلا مەۋجۇت تۇرغان، فېئودال «قانداشلىق نەزەرىيىسى» گە باتۇرلۇق بىلەن دەككە بەرگەنلىكى سەۋەبلىك «مەدەنىيەت ئىنقىلابى مەركىزىي گۇرۇپپىسى» دىكى چى بېنيۇ تەرىپىدىن مەنئى قىلىپ پېچەتلەنگەن «ئوتتۇرا مەكتەپ مەدەنىيەت ئىنقىلابى گېزىتى» ناملىق تۆت بەتلىك بىر كىچىككىنە گېزىتنى «تولىمۇ شان - شەۋكەتلىك» دەپ ئالىي ھۆرمەت بىلەن تەرىپلىگەنلىكى ئەجەبلەنگۈدەك بىر ئىش ئەمەس (يۈلوۋېن: «مېنىڭ ئائىلەم»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى نەشرىياتىنىڭ 2000 - يىل 5-ئايدىكى نەشرى). ئالىملارنىڭ نەزىرى ئەنە شۇنداق كارامەت بولىدىكەن.

بەزىلەر: بۇلارغا ئاساسەن گېزىت چىقارغان ئادەملەر جاۋابكار ئەمەس، بەلكى «سىنىپىي كۈرەش» لەرنى كەينى - كەينىدىن قوزغاتقان «يۇقىرى» جاۋابكار دەيدۇ. دەرۋەقە شۇنداق. لېكىن شۇ ئىشلارنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى كېيىنكى ئەۋلادلار نەدىن بىلسۇن؟! ئۇلارنىڭ كۆرىدىغىنى «ئېقى قەغەز، قارىسى سىياھ» بولغان دەستە - دەستە گېزىت. ئۇلارنىڭ «تەسىرات» لىرى پەقەت ئەنە شۇ ئۇزۇن ياكى قىسقا ماقالىلەردىن، رەسىملەردىن كېلىدۇ. ئەگەر گېزىت بىر نۇسخىلا بولۇپ، مەلۇم بىر كۇتۇپخانىدا ساقلىنىپ قالغان بولسا، ئۇنىڭدىكى مەزمۇننى ئۆزگەرتىشكە ھېچقانچە كۈچ كەتمەيدۇ. يامان يېرى شۇكى، گېزىت ئۆز ۋاقتىدا دۇنيانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ چېتىگىچە، ئۆيمۇئۆي تارقالغان؛ ئەمدى ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى يىغىۋېلىش ماھال گەپ.

شۇ 30 يىللىق گېزىتلەر «جۇڭگونىڭ ھازىرقى زامان ئاخباراتچىلىق تارىخى» نى ھەقىقەتەن بىر ئاز خىجالەتكە قالدۇردى. بۇ خىجالەتچىلىك ئوخشىشىپ كېتىدىغان يەنە بىر ئەھۋالنى ئېسىمىزگە سالىدۇ:

1998 - يىلى، مەشھۇر بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ



دۇنياغا كەلگىنىگە 100 يىل بولغان يىل. مەملىكىتىمىزنىڭ ئىچىدە ۋە سىرتىدا شۇنىڭغا بېغىشلاپ نەشر قىلىنغان، ئېلان قىلىنغان كىتاب ۋە خاتىرە ماقالىلەر ھەددى - ھېسابسىز كۆپ بولدى. قىزىق يېرى شۇكى، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىختا ئۆتكەن مۇدىرلىرىنى قىزغىن ئەسلەپ يېزىلغان ماقالىلەرنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئالدىنقى 50 يىل ئىچىدە ئۆتكەن سەي يۈەنفى، فۇسنيەن، خۇشى... لار تىلغا ئېلىنىدى، گەرچە ئۇلار بىزنىڭ نەزىرىمىزدە «سىياسىي جەھەتتە توغرا» ئەمەس ئادەملەر بولسىمۇ، كېيىنكى 50 يىلدىن بۇيانقى مۇدىرلار بولسا، گويا كىشىلەر «ئۇنتۇلۇپ قالغان» دەك، ناھايىتى ئاز تىلغا ئېلىنىدى. يىراقلاپ كەتكەنلىرى ناھايىتى ئېنىق ئەسلەندى، يېقىندىكىلىرى توغرىسىدا بولسا، ئەكسىچە، قىلارغا گەپ تېپىلمىدى. ئەجەبا، بۇ ئەھۋالمۇ «بايان قىلغۇدەك خەيرلىك ئىشلىرى يوق» لىقىدىن بولغانمىدۇ؟

(خۇ جىژۇەن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «بىللە ئالغا» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 12 - سانىدا ئېلان قىلىنغان، «فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىل 3 - سانىغا كۆچۈرۈپ بېسىلغان. قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.)



# لېۋىنى چىشلەپ قالغان تەمەخور پارىچى

بۇ ماۋزۇنى كۆرگەندىن كېيىن ، لېۋىنى چىشلەپ قالغان تەمەخور پارىچى نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىكەن؟ تائەت - ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولىدىغان سوپىمىدۇ ياكى تورۇستا ماڭىدىغان چەۋەنداز باتۇرمىدۇ ۋە ياكى يۇرتمۇيۇرت يۈرىدىغان ئابدالمىدۇ؟ دەپ سوئال قويۇشىڭىز مۇمكىن .

گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتسام ، ئۇ بىر لامزەللە ، دائىم كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدىغان ، قۇلاققا كىرىپ تۇرىدىغان ، كىشىنى زەردە گۆش قىلىدىغان بىرنەرسە ، مەنسەپ تەمە قىلىپ پارا سۇڭگۇتىدىغان پارىچى . ئۇنداق ئادەملەر مەنسەپ تەمەسى بىلەن پۇل سۇڭگۇتۇپ ، مەنسەپنى قولغا كەلتۈرەلمىگەندە لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ .

ئەنخۇي ئۆلكىسىنىڭ مىڭچىڭ ناھىيىسىگە قاراشلىق مەلۇم بىر يېزا بازىرىدىكى پارتكومنىڭ مۇئاۋىن سېكرېتارى باش سېكرېتارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتى بىلەن 100 مىڭ يۈەن «سوۋغات» بەرگەن ، لېكىن ئاتقان بۇ ئوقى نىشانغا تەگمىگەنلىكى ئۈچۈن ئاخىر يەنىلا مۇئاۋىنلىقىدا قېلىۋەرگەن . شۇنداق بولسىمۇ تەسەللى بېرىش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلەش قەغىزىگە «بۆلۈم باشلىقى» دەرىجىلىك دېگەن سۆز تىرناق ئىچىگە قىستۇرۇپ قويۇلغان . ئەمما تەيىنلەش ھۆججىتى ئېلان قىلىنغاندا ، ئۇ تولىمۇ بىئارام بولۇپ ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتكەن (« خىيەنەن قانۇن - تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل



7 - ئۆكتەبىردىكى سانىغا قاراڭ) . 100 مىڭ يۈەن پۇل بىكارغا كەتسە ، بەرگەن پارىلىرى كارغا كەلمىسە ، يىغلىماي تۇرالامدۇ ؟

100 مىڭ يۈەن ئۈچۈن ئۆرتىنىپ كۆزلىرىدىن ياش تۆككەنلىك تولىمۇ چاكىنىلىق ؛ بۇنداق ئادەملەرنى پارا بېرىپ لېۋىنى چىشلەپ قالغانلار ئىچىدە تېخى پىشىپ يېتىلمىگەن سويما شاگىرت قاتارىغا كىرگۈزۈشكىلا بولار . شۇ مۇئاۋىن سېكرېتار دەرد - ھەسرەتكە چىدىماي بىنانىڭ يۇقىرى قەۋىتىدىن ئۆزىنى تاشلىۋالمىسۇن ياكى قۇدۇققا ئاتمىسۇن ، ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمىسۇن ۋە ياكى زەھەر ئىچىۋالمىسۇن ، شۇنداق لېۋىنى چىشلەپ قالغان چوڭراق بىر پارىچىنى ھازىر قىلايلى ، سويما شاگىرت كۆرۈپ باقسۇن :

گۇاڭشى ئۆلكىسى يۇلىن ۋىلايىتى لۇچۇەن ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى ۋۇ دىيۆ ئۆزىنىڭ مەنسەپ تاجىسىدىكى «مۇئاۋىن» دېگەن سۆزنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ، قۇرۇلۇشنى كۆتۈرە ئالغۇچى جان دوستى چيۇ بىلەن مۇ قۇلدىشىپ مەسلىھەتلەشكەندىن كېيىن ، چيۇنىڭ پۇل چىقىرىشى بىلەن «باش» ھاكىملىقنى سېتىۋالماقچى بولىدۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرىنچى قەدەمدە ئۆز ۋاقتىدىكى يۇلىن ۋىلايىتىنىڭ ۋالىيسى يۇ فاڭلىننى نىشان قىلىپ تاللىۋېلىپ (يۇ فاڭلىن پارا ئالغانلىقى ئۈچۈن مۇددەتسىز قاماق جازاسىغا تارتىلىدۇ) ، تۆت قېتىمدا 900 مىڭ يۈەن سۇڭگۇتۇپ بېرىدۇ ، لېكىن يۇ فاڭلىن ئۇنىڭغا «ئىشنى توغرىلاپ» بەرگۈچە بىر بۇيرۇق بىلەنلا يۇلىن ۋىلايىتىدىن يۆتكىلىپ كېتىپ قالىدۇ . ۋۇ دىيۆ شۇنچە پارا بېرىپ ، ئاخىر لېۋىنى چىشلەپ قالىدۇ ، 900 نەچچە مىڭ يۈەن پۇلى بىكارغا كېتىدۇ .

ۋۇ دىيۆ تەرسالىقىدىن يانماي ، ھەسرەت بىلەن : «خۇددى تاڭ ئاتقاندا ئورنىدا يېتىپ سىيىپ قويغاندەك بىر ئىش بولدى» دەيدۇ - دە ، يەنە بىر نىشاننى قارىغا ئالىدۇ ، تېخىمۇ يۇقىرى

يەردىن يوچۇق تاپماقچى بولىدۇ . ئۆز ناھىيىسىدە قولىدىن ھەر ئىش كېلىدىغان بىر «سودىگەر» بارلىقىنى ئاڭلاپ ، ئۇنىڭغا كىشى قويۇپ ياردەم سورايدۇ . «سودىگەر» ھە دېگەندىلا «قەدەم ھەققى» ئۈچۈن 100 مىڭ يۈەن بەرسۇن ، ئىش پۈتسۇن - پۈتمىسۇن ، بۇ «قەدەم ھەققى» نى قايتۇرۇپ ئالمىسۇن دەيدۇ . ۋۇ دىيۆ پۇلنى چېۋىقىغىمۇ ئالماي ماقۇل دەيدۇ ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ مەلۇم رەھبىرىگە پارا قىلىپ بېرىشكە 800 مىڭ يۈەن پۇل بېرىدۇ . نەتىجىدە ، بۇنىڭ ئاقىۋىتى «يەنە بىر ئاز ۋاقىت سەۋر قىلىپ تۇرسۇن» دېگەن چىرايلىق گەپ بىلەنلا تۈگەيدۇ .

شۇنداق بولسىمۇ ۋۇ دىيۆ دەرەخكە ئېسىلىپ ئۆلۈۋالمايدۇ ، بىر كۈنى ئۇنىڭ بىر جان دوستى ئۇنىڭغا خېچى ۋىلايىتىدىكى مەلۇم بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى «ۋىلايەت» نىڭ مەلۇم بىر رەھبىرى بىلەن قەدىناس دوست ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ . ۋۇ دىيۆ جان دوستىدىن دەرھال كۆرۈشۈشنى ئۆتۈنىدۇ . زاۋۇت باشلىقى ئىنساپنى قايرىپ قويۇپلا 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن ھەق بېرىشنى ئېيتىدۇ . ۋۇ دىيۆمۇ چىشىنى چىشلەپ تۇرۇپ ، ئۇنىڭغا بانكىدىن بىۋاستە ئالغىلى بولىدىغان چەك كېسىپ بېرىدۇ .

مەنسەپ تەمەسىدە خۇدىنى يوقىتىش دەرىجىسىگە يېتىپ قالغان ۋۇ دىيۆ شۇ چاغدا خۇددى ئېچىرقاپ كەتكەن ئادەم ئالدىغا نېمە كەلسە پۇۋ دېمەي يەيدىغان ھالەتكە كېلىپ قالىدۇ . 1 مىليون 80 مىڭ يۈەن پۇلدىن بىرەر سادا چىقماي تۇرغاندا ، خېبېي ئۆلكىسىنىڭ مەلۇم رەھبىرى گۇاڭشىنىڭ مەلۇم رەھبىرى بىلەن ئۇرۇق - تۇغقان ئىكەنلىكىنى ، شۇنىڭغا ئازغىنە پۇل خەجلىسە مۇئاۋىنلىقتىن ئاسانلا كۆتۈرۈلەلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ، يەنە بانكىنىڭ 600 مىڭ يۈەنلىك بىر «مودەن» كارتىسىنى تۇغرىلاپ ، دوستىغا «خېبېيگە قاراپ ھۇجۇمغا ئۆتۈش» نى ھاۋالە قىلىدۇ .

1998 - يىلى 6 - ئاينىڭ 30 - كۈنى ۋۇ دىيۆ



ئىشخانىسىدا خۇش خەۋەر كۈتۈپ ئولتۇرغاندا ، ئىككى قولىغا مۇزدەك ئىسكەنجە سېلىنىدۇ ، 3 مىليون 500 مىڭ يۈەن خەجلەپ رەسمىي سېكرېتارلىقنى قولغا كەلتۈرۈش خام خىيالى ئاخىر ماغزاپقا ئايلىنىدۇ («خېنەن قانۇن - تۈزۈم گېزىتى» نىڭ 2000 - يىل 16 - دېكابىردىكى سانىغا قاراڭ) .

ھازىرقى كۈندە مەنسەپ تەمەسى بىلەن پارا بېرىدىغانلار باشتىكى چاچتەك كۆپىيىپ كەتتى ، سوڭگۈتكەن پۇللىرى خۇددى ئىتنى پېتىر مانتا بىلەن ئۇرغانغا ئوخشاپ قالغان ئادەملەر ئاز ئەمەس . لېۋىنى چىشلەپ قالغانلار بىر بولسا نادامەتتە ۋايساپ ئاھ ئۇردى ، بىر بولسا دەرد - ئەلەم بىلەن ماڭقىسىنى ئېقىتىپ يىغلىدى ياكى ئاغزىغا كەلگەننى بوغۇزىغا يۇتماي ۋالاقشىپ تىللىدى ، ئارقىسىغا يېنىپ قايتۇرما ھۇجۇم قىلدى . لېكىن ۋۇ دىيۆگە ئوخشاش ۋايساپمۇ يۈرمەي ، پۇشايمانمۇ يېمەي ، يىقىلغان چېلىشقا تويماپتۇ دېگەندەك بىر قېتىمدا ئىشقا پۈتمىسە ئىككىنچى قېتىم ، ئۈچىنچى قېتىم ھەتتا تۆتىنچى قېتىم ئۇرۇنۇپ ، نەچچە مىليون يۈەن پۇلنى سەرپ قىلغان ، ھەر قېتىم ئارماندا قالسىمۇ يەنە كاجلىق بىلەن ئۇرۇنغان ئادەم دۇنيادا قانچىلىك چىقار ؟ ! شۇنداق ئادەمگە لېۋىنى چىشلەپ قالغان پارىچىلارنىڭ «ئۇستازى» دەپ ئۇنۋان بېرىلسە مۇناسىپ كېلىدۇ !

چىرىكلىكنىڭ ئەۋجىگە ئېلىپ قايسى دەرىجىگە بېرىپ قالغانلىقىنى ۋۇ دىيۆنىڭ ئەھۋالىدىن بىلىۋالغىلى بولىدۇ . بۇنداق يۈكسىلىشكە بەرھەم بېرىش ئۈچۈن ئىستىھكامغا ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىشقا ئوبدان تەييارلىق كۆرۈش كېرەك . بۇ ماقالە ئاخىرلىشىپ تۇرغاندا ، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەملىكەت خەۋەرلىرى» دىن شەرقىي شىمالدىكى مەلۇم بىر جايدا كادىرلارنى ئۆستۈرۈشتە «جامائەتكە ئېلان قىلىش» تۈزۈمى يولغا قويۇلغانلىقىنىڭ دېرىكى كەلدى .

يېقىندا چىققان گېزىتلەرنى ۋاراقلاپ قارىسام ، يېڭى ئەسىرنىڭ بىرىنچى يىلىدا پارا بەرگۈچىلەرگە قاتتىق پەشۋا بېرىش توغرىسىدا خەۋەر بار ئىكەن . پاكلىقنى تەرغىب قىلىپ ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش ئىشىمىز خۇددى قارا بۇلۇتلارنى سۈرۈپ يوقىتىدىغان شىددەتلىك بوراندەك ئەۋج ئالغاي ! مەنسەپ تەمەسى بىلەن پارا بەرگۈچى مۇناپىقلارنى سۈرۈم - توقاي قىلغاي ! شۇنداق بولسا ، ۋۇ دىيۆنىڭ ئۈچ يېرىم مىليون يۈەنگە خام خىيال سېتىۋالغىنىدەك رىۋايەتلەر دۇنياۋى جىنس رېكورتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن .

(لى چاڭفېڭ ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەرنىڭ خەنزۇچىسى «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001- يىل 3 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىدا ئېلان قىلىنغان . قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )





# بەرگەن پارىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا پاراڭ

جازا قانۇنىدا پارا بېرىش ، پارا قوبۇل قىلىش ، پارا ئېلىش جىنايەتلىرى توغرىسىدا گەپ بار ، بەرگەن پارىنى قايتۇرۇۋېلىش توغرىسىدا گەپ يوق . بەرگەن پارىنى قايتۇرۇۋېلىش شۇنداق بىر ھادىسىكى ، ئۇ پارا بەرگەن ئادەم مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، ئاللىقاچان بېرىۋەتكەن پارىنى قايتۇرۇۋېلىش دېمەكتۇر . گۇاڭشى ئۆلكىسىدىكى لۇچۇەن ناھىيىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن ھاكىمى ۋۇ دىيۆگە ئوخشاش «مەنسەپ تەمەسى بىلەن بەرگەن پۇلنى قايتۇرۇۋالمايدۇ» غان ، مەنسەپنى قولغا كەلتۈرمىگۈچە تىنمايدىغان مەنسەپپەرەس ئادەملەر دۇنيادا ئاز ئەمەس ئىكەن ؛ لېكىن مۇرادىغا يېتەلمەي قالسا ، بەرگەن پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالىدىغان ، مەنسەپدارلىقنى تىجارەت - سودىگەرچىلىك دەپ قارايدىغان «مەنسەپ سودىگەرلىرى» مۇ بار ئىكەن .

بۇ ئادەم مېنىڭ بىر دوستۇمنىڭ باشلىقى . ئۇ ئاۋۋال يېزا باشلىقى بوپتۇ ، كېيىن يېزا پارتكومىغا سېكرېتار بولۇپ كۆتۈرۈلۈپتۇ . بۇ ئادەمنى ھازىرچە «پالانىكام» دەپ ئاتاپ تۇرايلى . پالانىكام سېكرېتار بولغاندىن كېيىن ، شۇ ناھىيىنىڭ يېڭى شەھەر رايونىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىشى توغرا كېلىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن يېڭى شەھەر رايونىدا يېزىدىكى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ھەربىرىگە ئۈچ ئېغىزلىق بىر يۈرۈش ئۆي سېتىپ ئېلىپ بېرىش ، ھەربىر يۈرۈش ئۆيگە ھەقدارنىڭ ئۆزى 10 مىڭ يۈەندىن پۇل

تاپشۇرۇش ، قالغان پۇلنى يېزىدىن سەپلەپ بېرىش تەشەببۇس قىلىنىپتۇ . بۇ ئەسلىدە ھەممە ئادەم خۇشال بولىدىغان ياخشى ئىش ئىكەن . قانداق نىيەت بىلەن بولىدىكى ، پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىلىك بىرنەچچە ئادەم رويخەتكە ئېلىنماپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇلار قورسىقى كۆپۈپ ، ۋىلايەتلىك ئىنتىزام كومىتېتىغا ئەرز قىپتۇ . ئۇ يەردىن ھېچقانداق سادا چىقمىغاندىن كېيىن ، ئۆلكىلىك ئىنتىزام كومىتېتىغا ئەرز قىپتۇ . ئۇلارنىڭ ئەرز قىلغىنى ھېلىقى ئىش ئەمەس ، بەلكى ئۇلار ھېلىقى پالانكامنىڭ يېزا باشلىقى بىلەن بىرلىكتە يېزىدىكى مەلۇم كارخانىنىڭ نامىدا شەھەر ئىچىدىن ئىككى يۈرۈش ھەشەمەتلىك ياسىداق ئۆي سېتىۋېلىپ ، ئۆينىڭ مۈلۈك گۇۋاھنامىسىگە پالانكامنىڭ ۋە يېزا باشلىقىنىڭ نامىنى يازدۇرۇۋالغانلىقىنى شىكايەت قىلىپ ئەرز قىپتۇ . ئۇلارنى مۇئاۋىن بۆلۈم باشلىقى دەرىجىسىدىكى ئادەملەركەنغۇ ، يەنە تېخى پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن ئىكەن دەپ سەل چاغلاشقا بولمايدۇ . ئۇلار پېشقەدەم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقىرىدا «ئادىمى بار» ، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بوش كەلمەيدۇ ، تەكشۈرۈلۈپ قالسا ، پالانكاممۇ ، يېزا باشلىقىمۇ مەنسەپتىن قالدۇرۇلۇشى ، دەرىجىسى چۈشۈرۈپ ئىشلىتىلىشى تۇرغان گەپ .

پالانكامنىڭمۇ زىيان قىلىدىغان سودىغا كىم ئۇنايدىكەن؟ دەپ قورسىقى كۆپۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ناھىيىنىڭ «بىرىنچى باشلىقى» نىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ . شۇ چاغدا «بىرىنچى باشلىق» بۇ يەردىكى ۋەزىپىسىدىن قېلىپ ، باشقا بىر يەرگە يۆتكىلىش ئالدىدا تۇرغانىكەن . پالانكام كۈندۈزى ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا بېرىپ ، دەسلەپتە سىزنى «قوغدايمەن» دەپ قەسەم بىلەن ۋەدە قىلغانىدىڭىز ، ئەمدى بۇ يەردىن كەتمەكچى ئىكەنسىز ، نەگە كېتىسىز ؟ دېگەندەك گەپلەر بىلەن جېدەللىشىپتۇ . ئاخشامدىمۇ ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا بېرىپتۇ . ئۇ «بىرىنچى باشلىق»



ئىشىكنى ئېچىشتىن قورقۇپتۇ . پالانكام ئىشىك ئالدىدا : «ئىشىكنى ئاچامسەن ـ ئاچمامسەن ؟ ئاچمايدىغان بولساڭ ۋارقىرايمەن ! بەرگەن نەرسىلىرىمنى قايتۇرماي كېتىدىغان بولساڭ ، كېتىپ باققىنا قېنى !» دەپ توۋلاپتۇ . «بىرىنچى باشلىق» نائىلاج ئىشىكنى ئېچىپتۇ .

بۇ ۋەقە ھېلىقى دوستۇم يېزىلىق ھۆكۈمەتتىن يۆتكىلىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يۈز بەرگەن . دوستۇمغا باشقىلار سۆزلەپ بەرگەنىكەن . بۇ ۋەقەنى شۇ يەرلىك ئادەملەرنىڭ تولىسى كۆزى بىلەن كۆرۈپتۇ ، قۇلىقى بىلەن ئاڭلاپتۇ . «بىرىنچى باشلىق» ھېلىقى پالانكامنىڭ «نەرسە» لىرىنى قايتۇرۇپ بېرىپتۇمۇ ؟ دوستۇم ناھىيىنىڭ كادىرلىرىدىن سوراپ باقسا ، ئۇلارمۇ ئېنىق بىرنېمە دېمەپتۇ .

بۇنىڭدىن ئىلگىرى ھېلىقى ئالدامچى «سوت باشلىقى» ياۋ شياۋخۇڭ كوچىغا پاتماي كېرىلىپ كەتكەنىكەن . پالانكامنىڭ ئەسكىلىكلىرى ياۋ شياۋخۇڭنىڭ ئەسكىلىكلىرىدىن قېلىشامدۇ ؟ پەرق شۇكى ، ياۋ شياۋخۇڭ ئاللىقاچان جاجىسىنى تاپتى ، پالانكام بولسا مەنسەپدارلار دائىرىسىدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىۋېتىپتۇ .

(تېڭ چاۋياڭ ئىمزاسىدىكى بۇ تەقرىزنىڭ خەنزۇچىسى «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001 ـ يىل 20 ـ مارت سانىغا بېسىلغان . قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )



# ئىدارە باشلىقىغا بېغىشلانغان تەزىيەنامە

(قىسقىچە تەرجىمىھالى قىسقارتىلدى) يولداش دۇ مىڭشياڭ يۈننەن ئۆلكىسى يۈنشەن ناھىيىلىك يېزا - بازار كارخانا ئىدارىسىدە باشلىق بولۇپ تۇرۇپ، 2000 - يىل 7 - ئاينىڭ 11 - كۈنى «ئۆرۈكلۈك كەنتى» تاماشىخانىسىدا «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتى ئۈستىدە ھاراق مەستلىكى بىلەن قازا تاپتى.

يولداش دۇ مىڭشياڭ «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتىگە ئېتىبار بىلەن قارايتتى، ئىدارىنىڭ مېھماندارچىلىق پائالىيەتلىرىنى تەشكىللەيتتى، ئۇنىڭغا رەھبەرلىك قىلاتتى ۋە قاتنىشاتتى، ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل سەرپ قىلاتتى ۋە كۈچ چىقىراتتى. ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان دەم ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلىپ، نەغمە - ناۋاخانا، تانسىخانا ۋە تاماقخانىلارغا بېرىپ، باشقىلارنىڭ خوتۇن - قىزلىرىغا، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلەرگە، يەرلىك مۆتىۋەرلەرگە، باشقا يەرلەردىن كەلگەن شەيخلەرگە ئىلپەت - ھەمراھ بولاتتى. ئۆزىنىڭ ساقىسىز بەدەن بولۇشىغىمۇ پىسەنت قىلماي، ھەر يەردىن كەلتۈرۈلگەن داڭلىق ماركىلىق، گرادۇسلۇق ھاراقلارنى، ئىشتىھانى تارتىپ تۇرىدىغان «خىزمەت ھاراقلىرى» نى ئىچەتتى. شۇ ھاراقلار دۇ مىڭشياڭ يولداشنىڭ جىگىرىنى زەھەرلەپ قويغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئالدىراش بولغانلىقى ئۈچۈن دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈشكە، داۋالىنىشقا چولىسى تەگمەي، ئۆز قولى بىلەن ھۆكۈمەت پۇلىغا ئالغان خىزمەت ھاراقلىرىنى تىزىپ قويۇپ، «خىزمەت تانسىسى» ئويناپ تۇرغان خىزمەت ئورنىدا قازا



تاپتى، بىز كەم تېپىلىدىغان ياخشى كادىردىن، ياخشى جامائەت چاكىرىدىن ئايرىلىپ قالدۇق!

يولداش دۇ مىڭشياڭ «چەت - ياقا» يۈننەن ئۆلكىسىدە، يۈنشەن ناھىيىسىدە خەزىنىدە پۇل ناھايىتى قىس بولۇپ تۇرغان شارائىتتا «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى خىزمىتى» نى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن تۈرلۈك توسقۇنلۇقلارنى يېڭىپ، ئۆز ئىدارىسىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا يارىشا تۈرلۈك چارە - تەدبىرلەرنى ئىزدەپ، پۇل تېپىش يوللىرىنى تېپىپ، «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» غا سەرپ قىلىدىغان خىراجەت قىيىنچىلىقىنى ئوبدان ھەل قىلىپ، «مېھماندارچىلىق» ۋەزىپىسىنى ھەر يىلى ۋاقتى - قەرەلىدە سۈپەتلىك، نورمىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنداپ كەلگەن. «مېھماندارچىلىق خىزمىتى» نى ئىشلەش جەريانىدا «تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسىنى كۈتۈۋېلىش تەرتىپى» گە پرىنسىپال ۋە لېكىن جانلىق ئەمەل قىلغان؛ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى كەلسە قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاۋۋال مېھمانخانىغا جايلاشتۇرۇپ، ئاندىن كېيىن تاماق بېرىش كېرەك؛ تاماق يېگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ بىرەر تانسىخانىنى تېپىپ ئوينىتىش كېرەك؛ تانسىخانىدا ئوينىتىپ بولغاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۈچا تۈنەقۇچى قىزلارغا ئۈچا تۈنەقۇزۇش كېرەك ۋەھاكازا دېگەندەك، ھەممە ئىشنى جايى - جايىدا ئورۇنداپ ئىدارىنىڭ «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى» خىزمىتىنى يۈنشەن ناھىيىسى بويىچە يېمەك - ئىچمەك، كۆڭۈل ئېچىش — تاماشا تىجارىتىدە زور تەسىرات پەيدا قىلىپ، ناھىيىدىكى خۇسۇسىي ئىقتىساد ئويۇن - تاماشا كەسىپلىرىنى گۈللەندۈرۈشكە كۆزگە كۆرۈنەرلىك تۆھپە يەتكۈزگەن، قالتىس ئۈلگە ياراتقان.

ئىدارە باشلىقى دۇ مىڭشياڭنىڭ ياش تۇرۇپ قازا تاپقانلىقى بەركەزدىن تارتىپ يەرلىك مۇناسىۋەتلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت

ئورۇنلىرىدىكى رەھبەرلەرنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى تارتتى. مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى (2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى «قىزىق نۇقتىلار توغرىسىدا سۆھبەت»)، «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتى (2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 28- كۈنىدىكى خەۋەر) قاتارلىق چوڭ ئىستانسا، چوڭ گېزىت، چوڭ ژۇرناللار بۇ ھەقتە خەۋەر تارقاتتى، تەرىپلىدى. ئىنتېرنېتلار ئېخىمۇ قايناپ كەتتى، دولقۇن كۆتۈردى. يولداش دۇ مىڭشياڭ ئۆزىنىڭ ھاياتىنى ۋە «ئۆرۈكلۈك كەنتى» نىڭ خوجايىنى بولغان چوكاننىڭ ھاياتىنى دەسمايە قىلىپ سېلىپ بېرىپ، ئۆزگە خاس ھاراقخۇمارلىق نەتىجىسىنىڭ ۋە كەم كۆرۈلىدىغان كارامەت قىلىقلىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يۈنشەن ناھىيىسىنى تەشۋىق قىلىشقا ۋە ئۇ ناھىيىنىڭ داڭقىنى چىقىرىشقا ھايات ۋاقتىدا شۇنچە تىرىشىپمۇ كۆرستەلمىگەن زور تۆھپىلەرنى قوشتى!

ئەنخۇي ئۆلكىسى دۇڭزى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى خام چوت سىرتىدىكى مەبلەغنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يولداش جياڭ خىزمەت بىلەن خېفى شەھىرىگە كەلگىنىدە جيەنجياڭ مېھمانخانىسىدا لۈي خېنىم ناملىق بىر جالاپ بىلەن كېچىچە بىللە بوپتۇ. لېكىن جياڭ باشلىق چىقىمنى تېجەش، خىراجەتنى ئازايتىش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، لۈي خېنىمغا تۆلەيدىغان ھەقنى تولىمۇ تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرگەنىكەن، نەپسى يامان لۈي خېنىم نارازى بولۇپ، جياڭ باشلىق بىلەن جېدەللىشىپ قاپتۇ ۋە ئاخىر ئاشىنىسىنى تېلېفون بىلەن چاقىرىپ كەپتۇ. جياڭ باشلىق لۈي خېنىمدىن خۇمارىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ ھەققىنى بېرىشتە پىخسىقلىق قىلغاچقا، لۈي خېنىمنىڭ ئاشىنىسى ھۆرمەتلىك ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشقا ئەسەبىيلىك بىلەن بەش پىچاق سايتۇ... جياڭ باشلىق قازا تاپقاندىن كېيىن، ئۇنى دەپنە قىلىش ھەيئىتى خېفى



شەھىرىدىكى «مېيىت ئۇزىتىش ئورنى» مەرھۇم جياڭ يولداش بىلەن خەيرلىشىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ. مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىرقانچە رەھبىرى نەچچە يۈز كىلومېتىر يولنى بېسىپ، دۇڭزى ناھىيىسىدىن خېفى شەھىرىگە كېلىپ خوشلىشىش مۇراسىمىغا قاتنىشىپتۇ. ناھىيىدىكى ئالاقىدار تارماقلار ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشقا «ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن جان پىدا قىلغان» دەپ خۇلاسە يېزىپتۇ. دۇڭزى ناھىيىسىنىڭ شەھەر مەركىزىدىكى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ۋە باشقا جايلارغا ئىدارە باشلىقى يولداش جياڭ «ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن بارغان يېرىدە ۋەزىپە ئۈستىدە پىداكارلىق بىلەن ۋاپات بولغان» دېگەن مەزمۇندا تەزىيەنامىلەر چاپلىنىپ بولغانىكەن. ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسى 8 - ئاينىڭ 22 - كۈنى «مېيىت ئۇزىتىش ئورنى» دا يەنە يولداش جياڭنىڭ سۆڭەك كۈلىنى دەپنە قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپتۇ، ئۇنىڭغا ناھىيە رەھبەرلىرى قاتنىشىپ ھازا تۇتۇپتۇ؛ ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ رەھبىرى تەزىيە سۆزى سۆزلەپ خۇلاسىلەپتۇ. دۇڭزى ناھىيىلىك مالىيە ئىدارىسىنىڭ بىر مەسئۇلى 11 - ئاينىڭ 8 - كۈنى «جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ مۇخبىرىنى قوبۇل قىلىپ سۆھبەت بايان قىلغاندا، ئىدارە باشلىقى جياڭ يولداشنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرىپلەپ: جياڭ يولداش «مەيلى پەزىلەت جەھەتتە بولسۇن، مەيلى خىزمەت جەھەتتە بولسۇن ئۈلگىلىك يولداش، خەلقىمىزنىڭ ياخشى كادىرى، جامائەتنىڭ ياخشى چاكىرى» دېگەن («جۇڭگو ياشلىرى» گېزىتىنىڭ 2000 - يىل 11 - ئاينىڭ 13 - كۈنىدىكى سانىغا قاراڭ).

يولداش دۇ مىڭشياڭمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى مۇناسىۋىتى بىلەن ھاراقتا قازا قىلدى. ئۇنىڭ مەستلىكتە قازا قىلغانلىقىمۇ ھۆكۈمەت خىزمىتى بىلەن قۇربان بولغانلىقىدۇر، خىزمەت ئۈستىدە جان پىدا قىلغانلىقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن «ياخشى

كادىر ، ياخشى جامائەت چاكىرى » دېگەن شەرەپلىك ئاتاققا مۇناسىپتۇر ! شۇنىڭ ئۈچۈن يولداش دۇ ماڭشياڭدىن ئۆگىنىشىمىز ، ھەسرەتنى كۆچكە ئايلاندۇرۇپ ، يولداش دۇ ماڭشياڭنىڭ ئورۇندالمىغان ئىشلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ، ئۇ ئىچىپ تۈگىتەلمىگەن هاراقنى ئىچىپ تۈگىتىپ ، «ھۆكۈمەت مېھماندارچىلىقى » خىزمىتىنى تېخىمۇ كەڭ ، تېخىمۇ چوڭقۇر ، تېخىمۇ پۇختا ئىشلەپ ، يولداش دۇ ماڭشياڭنىڭ روھىنى تېخىمۇ چوڭ هاراق نەتىجىسى بىلەن خۇش قىلايلى !

خىزمەت يولىدا شېھىت بولغان يولداش دۇ ماڭشياڭنىڭ روھى تارىختا مەڭگۈ ياشايدۇ ، مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ !

پارىخور – خىيانەتچى ئەمەلدارلارغا ماتەم تۇتۇش ھەيئىتىنىڭ يولداش دۇ ماڭشياڭنى دەپنە قىلىش گۇرۇپپىسى .

(جۇ فېڭلىن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «كورلا كەچلىك گېزىتى » نىڭ 2000 – يىل 12 – ئاينىڭ 30 – كۈنىدىكى سانىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )





# قاراڭلار ، بۇ جىن قوغلاش پائالىيەتلىرىنى

ئالەمنىڭ بىنا بولۇشىدا جىن – ئەرۋاھ بارمۇ ؟

بۇ ھەقتە ئىلىمىزدىكى ئۇرۇشقاق دۆلەتلەر دەۋرىدە ياشىغان شۈڭ كۇاڭدىن تارتىپ قەدىمكى يۇنانىستانلىق ھېراكلىتقىچە 2000 يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت بەس – مۇنازىرە بولغانىكەن . مانا ھازىر نازۇك پەن – تېخنىكا راۋاج تېپىۋاتقان بىر زاماندا ياشاۋاتىمىز ، ئىنسانىيەت ئايغا قەدەم بېسىپ چىقتى ، مارسقا قاراپ يول ئالماقتا . مۇشۇنداق بىر چاغدا شۇ مەسىلىنى يەنە تىلغا ئېلىش ئەخمەقلىق ئەمەسمۇ ؟

مانا بۇ خاتىرىلەرگە قاراڭ :

1999 – يىلى 10 – ئاينىڭ 18 – كۈنى گۇاڭشى ئۆلكىسى داخۇا ناھىيىسىنىڭ تازىلىق ئىدارىسىدىكى تەن جيەنئەن قاتارلىق ئۈچ مۇئاۋىن باشلىق يېڭى ئۆيگە كۆچۈش ۋاقتىدا ئامان – ئېسەنلىكنى تىلەپ ، يېڭى بىنادا زور كۆلەمدە جىن قوغلاش پائالىيىتى ئۆتكۈزگەن .

2000 – يىلى 9 – ئاينىڭ 19 – كۈنى چاڭشا شەھىرىگە قاراشلىق شۇاڭفېڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ساقچىسى زىڭ خېسەن ئېگىز بىنادىن يىقىلىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ كەتكەندە ، سوت مەھكىمىسىنىڭ پارتىيە گۇرۇپپىسى كوللېكتىپ مۇزاكىرە قىلىپ ، جىن – ئەرۋاھلارنى قوغلاش ئۈچۈن «پېرىخون» تەكلىپ قىلغان . «جىن – ئەرۋاھلارغا يول ئېچىپ بېرەيلى» دەپ پېرىخوننىڭ باشچىلىقىدا مەھكىمە باشلىقىنىڭ ئىشخانىسىدىن تارتىپ ھەرقايسى ئىشخانىلار ، گاراژ ، ئارخىپ بۆلۈمى ، سوراقخانا ، ھەتتا باشلىقلارنىڭ ئولتۇراق ئۆيلىرىگىچە

بېرىپ ، داقا ـ دۇمباقلارنى چېلىپ ، ئەرۋاھلارغا ئاتالغان جىن قوچاق ۋە نوكچىلارنى كۆتۈرۈپ پېرە ئوينىغان .

يەنە ، ناھىيىلىك پارتكومنىڭ سېكرېتارى پالغا ئىشىنىپ رەم باقتۇرغان ، ئاتا ـ بوۋىسىنىڭ قەبرىسىنى قاتۇرغان .

جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى جىنايەت دېلوسىنى پاش قىلىشقا پالچى تەكلىپ قىلىپ ، ئەما پالچىغا پال باقتۇرغان .

. . .

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كوممۇنىست ؛ بۇلارنىڭ ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى ئۆتەيدىغان رەھبىرىي كادىرلارمۇ بار . ئۇلارنى «پۇقراغا ئوخشاشلا . . .» دېسەك ھۆرمەتسىزلىك بولار ؛ پارتىيىگە ئىدىيىدە كىرمىگەن دېسەك راست گەپ قىلغان بولىمىز . دىئالېكتىك ماتېرىيالىزم پرولېتارىيات پارتىيىسىنىڭ بىلىش نەزەرىيىسىدۇر ، پارتىيىنىڭ ھەربىر ئەزاسىغا دىئالېكتىك ماتېرىيالىزمنى ئوبدان ئۆزلەشتۈرۈشى شەرت دەپ تەلەپ قويغىلى بولمايدۇ ، لېكىن ماتېرىيالىزمغا ئېتىقاد باغلىشى شەرت . مانا بۇ لاياقەتلىك پارتىيە ئەزاسىنىڭ ئەقەللىي ئۆلچىمىدۇر .

بۇرۇنقى شەرقىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدە ۋاڭ چۇڭ دېگەن ئالىم جىن ـ ئەرۋاھنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىنكار قىلغان ؛ جەنۇب سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىغان ئالىم فەن جىن ھەم روھ بىلەن جىسمىنىڭ بىرلىكىنى شەرھلەپ بەرگەن . كوممۇنىست دەپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ بۇنىڭدىن 1000 نەچچە يۈز يىل ئىلگىرى ياشىغان ئادەملەرچىلىكمۇ بولالماي ، جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلايمىز دەپ ئەخمەقلىق قىلىشى تەنىمۇ ياكى بىچارىلىكمۇ؟ ئۇلار پارتىيە بايرىقى ئالدىدا قەسەم بەرگەن ، «ئەزەلدىن يوق قۇتقۇزغۇچى خۇدا ، ئىشەنمەيمىز ئەۋلىيا ـ خانغا» دەپ «ئىنتېرناتسىئونال» مارشىنى ئوقۇغان . ئۇلار بۇنى ياكى ئۇنتۇپ قالغان ، ياكى خىيالىغىمۇ ئالمىغان !



جىنغا ئىشىنىدىغان ، جىندىن قورقىدىغان ئادەم بولىدىكەن ، جىن ـ ئەرۋاھ قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ ھىيلە ـ مىكىر قىلىدىغان ، مال ـ دۇنيا توپلايدىغان ئادەم چىقىدىكەن . مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا ، بىزمۇ جىن قوغلىشىمىز ــ فېئودال خۇراپاتلىقلارنىڭ قالدۇق زەھەرلىرىنى ، بارلىق بىدئەت ئالۋاستىلىرىنى يوقىتىشىمىز لازىم . قەدىمكىلەر بىلىم ئال ، ئەمەل قىل دەيدۇ . پارتىيىنىڭ ئۆگىنىش جەھەتتىكى ئېسىل ئىستىكى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتتە ئىشلىتىشتۇر ، نەزەرىيىنىڭ كۈچى ئەمەلىيەتتە كۆرۈلىدۇ . دۆلىتىمىزدە تەشۋىقات ، تەلىم ـ تەربىيە بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىدېئولوگىيە خادىملىرى مىليونلىغان ساننى تەشكىل قىلىدۇ ، ئۇلار جىن ـ ئەرۋاھلارنى قوغلاش قوشۇنىمىزنىڭ ئاۋانگارتلىرى ، ئىدېئالىزم تۇمانلىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلايدىغان باشلامچىلاردۇر . لېكىن «فالۇن گۇمپىسى» ئەۋجى ئالغان ، ئىدېئالىزم جاھاننى قاپلىغان بىر چاغدا غەزەپ بىلەن كۆكرەك كېرىپ چىققان ئادەم فىزىكا ئالىمى خې زوشيۇ بولدى ! سىياسىي نەزەرىيىچىلىرىمىزنىڭ ، پەلسەپە پروفېسسورلىرىمىزنىڭ چولىسى تەگمىدى . ئۇلار ئوقۇغۇچىلارغا ، مەۋجۇدىيەت ئاڭنى بەلگىلەيدۇ ، بەزىلەرنىڭ ئاڭ يەر شارىنىڭ پارتلىشىنى ياكى پارتلىماسلىقىنى بەلگىلىيەلەيدۇ دەيدىغان قاراشلىرى بولسا بىز تەتقىق قىلىۋاتقان مەزمۇن بىلەن مۇناسىۋەتسىز دەيدىغان دەرسلەرنى سۆزلەش بىلەن ئاۋارە ؛ توم ـ توم كىتاب يېزىش بىلەن ئاۋارە ؛ ئۇلار چوڭ ـ چوڭ ئەسەرلەرنى يېزىپ ، كىتاب بازارلىرىغا سېلىپ ، قىرائەتخانىلارغا كىرگۈزۈپ مەشھۇر ئادەملەر قاتارىغا ئۆتمەكچى . «ئىبادەت ــ تۈرلۈك كېسەلنى دەپنە قىلىدۇ» ، كېسەلنى دورا يېمەي ساقايتقىلى بولىدۇ دەيدىغان ئەقىدىلەرنىڭ ، 700 قانچە ئادەمنىڭ شۇنداق سەۋەبتىن ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ، ئۇلارنىڭ ئۇنىۋان ئېلىشى بىلەن ، قوشۇمچە مائاش ئېلىشى بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى

بولسۇن ؟ !

تېخىمۇ يامىنى شۇكى، شەھەرلىك پارتىيە مەكتىپىنىڭ بىر مۇئاۋىن مۇدىرىنىڭ بويى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئەسەرلىرى بار ئىكەن. ماركسىزم ـ لېنىنىزمدىن بىلىمى ناھايىتى چوڭقۇر ئىكەن، ئۇ ھەتتا «فالۇن گۇمپىسى» دا ماتېرىيالىزم ئامىلى بار دەپ دەلىللەپ بېرەلەيدىكەن. ئۇ تىلىدىن غۇنچە چېچەكلىتىپ، مېكىيانىنى ئۆردەككە ئايلاندۇرارمىش. دېمەك، «ماركسىزم ـ لېنىنىزم نەزەرىيىچىسى» بىدئەتنىڭ ھامىيسىغا ئايلىنىپ قالغان. بەزىدە، جۇڭگودا بەزى نەزەرىيىچىلەر سەپسەتىنى دىئالېكتىكا دەپ بازارغا سېلىشقا ئۇستا، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالغىنىمدا، ئۇنداق گەپلەرگە ئىشەنگۈم كەلمىگەنىدى، مانا ئەمدى ئىشىنىۋاتىمەن.

شۇاڭفېڭ ناھىيىلىك سوت مەھكىمىسىدە جىن قوغلاش ئەخمەقچىلىقى بەش ـ ئالتە سائەت داۋام قىلغان، پېرىخونغا 600 يۈەن سەدىقە بېرىلگەن. پۈتۈن مەھكىمىدىكى كادىرلار، ساقچىلار ۋە رەھبەرلەرمۇ سۈكۈت قىلىشنى ئالتۇندەك قەدىرلىك بىلگەن، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ھېلىقىدەك ئەخمەقلىقلەرگە قارشى چىقمىغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ جىنغا ئىشىنىشى، جىندىن قورقۇشى ناتايىن؛ ئۇلار جىندىن قورقمىدىغان پارتكومنىڭ قارارىدىن قورققان.

بۇ ئەھۋالدىن مەلۇمكى، فېئودال خۇراپاتلىققا، چىرىكلىكلەرگە قارشى كۈرەشتە دادىل بولۇش ھەممىدىن مۇھىم. دۇنيادا جىن يوق، لېكىن كۆڭۈلگە جىن كىرىۋالغاچقا جىن مەۋجۇت بولۇپ قالغان. خې چىفاڭ ئەپەندى تۈزۈپ چىققان «جىندىن قورقماسلىق توغرىسىدا ھېكايىلەر» نى ماۋجۇشى ئۆگىنىشكە تەشەببۇس قىلغانلىقتىن، بىر چاغلاردا ناھايىتى ياخشى تەربىيىۋى رول ئوينىغان؛ ھازىر ئۇ كىتاب نەشردىن توختاپ قاپتۇ. مېنىڭچە، شۇ كىتاب ياخشى قوللانما، ئۇنىڭ



ياخشىلىقىغا گەپ كەتمەيدۇ.

ئالدى بىلەن جىندىن قورقمىغاندا، ئاندىن ماتېرىيالىزمچە تارىخ قاراشنى ئورناتقىلى، كۆڭۈلسىزدىكى ۋە ئەل ئىچىدىكى جىن ـ ئەرۋاھلارنى يوقاتقىلى بولىدۇ.

(چېن سى ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001 ـ يىل 30 ـ يانۋار سانىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.)



## 4000 نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنى كىم قاچۇرۇپ قويدى؟

ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىك مىنىستىرلىكى 1 - ئاينىڭ 18 - كۈنى تېلېۋىزور تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قېچىپ كەتكەن گۇمانلىق خىيانەتچى - پارىخورلارنى ئالاھىدە ئىز - دېرەكلەپ تۇتۇش خىزمىتىنى پۈتۈن مەملىكەت بويىچە تاپشۇردى. بۇ زور جىنايەتچىلەر توپىدىكى ئادەملەر 4000 دىن ئاشىدۇ، بۇ چىرىك ئۇنسۇرلار گۇۋاھلىقى ئۆلكىسى بويىچە ئەڭ چوڭ تۈرمىلەرنى بوشاتقان تەقدىردىمۇ سىغمايدۇ. چىرىگەن ئۇنسۇرلارنىڭ كۆپلۈكىگە ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالدۇق. ھېلىغۇ 4000 ئادەم ئىكەن، پۈتۈن مەملىكەت ئاھالىسى ئىچىدە 400 مىڭ ئادەمدە چىرىكلىك قىلمىشلىرى مەلۇم بولۇپ چىقسىمۇ ھەيران قالمايدىغان بولۇپ قالغاندىم. لېكىن شۇنىسى مېنى ھەيران قالدۇردىكى، 4000 ئادەم جەمئىي 5 مىلياردىيۇەندىن ئارتۇق پۇلنى يەنى ئادەم بېشىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 1 مىليون 200 مىڭ يۈەن پۇلنى ئېلىپ قاچقان. مانا بۇ بىر غەلىتە ئەھۋال، مەلۇم بىر جايدىكى تەپتىش ئورگىنى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگىنىنىڭ خىزمەتتىكى بىپەرۋالىقى سەۋەبى بىلەن بىر - ئىككى گۇمانلىق جىنايەتچى قېچىپ كەتكەن بولسا، بۇنى نورمال ئەھۋال دېيىش مۇمكىن. بىر قاچقاندا 4000 ئادەم قاچسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچسا، شۇ «خىزمەت - ۋەزىپە» سى بار گۇمانلىق پارىخور - خىيانەتچىلەرنى تولىمۇ «ھىيلىگەر» ئىكەن دېمەي تۇرالمايمىز. لېكىن بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك



ھۆكۈمەتلىرىمىز، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىمىز ۋە ئەدلىيە ئورگانلىرىمىز ئىقتىدارسىز ئىكەن دېيىلسە ئۇنىڭغىمۇ ئىشەنمەيمەن.

پالانى يېزىدا، پوكۈنى بازاردا جامائەت خەۋپسىزلىكى خادىملىرى، ئەدلىيە خادىملىرى يېزا، بازارلىق ھۆكۈمەتكە ماسلىشىپ، دېھقانلاردىن تۈرلۈك ھەق - خىراجەتلەرنى ئېلىشىپ بەرگەن، بەزى دېھقانلار 10 — 20 يۈەن دېگەندەك چاغلىق پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ باشقا يەرلەرگە قېچىپ كەتكەندە، ئاخىر ئۇلارنىمۇ «تەكەللۇپ» بىلەن قايتۇرۇپ كېلىپ، تۆلىمىگەن ھەقلىرىنى تۆلەتتۈرگەن ئەھۋاللارنى گېزىتلەردىن بىلىپ تۇرغان ئىدۇققۇ! كىمكى قۇتۇلۇپ قالىمەن دېسە، كېلەر يىلى يەنە شۇ دېھقانچىلىق قىلىدىغان يەرلىرىنىڭ مېھرىدىن كەچمىگەچكە، قۇتۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئەنە شۇنداق بوش قويۇۋەتمەيدىغان «ئۇستىلىق» نېمە ئۈچۈن شۇ 4000 ئادەمگە بالدۇرراق قوللىنىلمايدۇ؟ 5 مىليارد دېگەن ئاز پۇلمۇ، نېمىشقا غانجۇغا بىلەن بولۇپ كېتىپ ئاتنى قاچۇرۇپ قويىمىز؟ شۇ «خىزمەت ۋەزىپىسى» بار ئادەملەرنى بىكاردىن - بىكار قاچۇرۇپ قويغىنىمىز نېمىسى؟ شۇ 4000 ئادەم شۇنچە ھىيلىگەرمۇ؟ ياكى شۇ 4000 ئادەمنى باشقۇرىدىغان رەھبەرلەر ياكى تارماقلار تولىمۇ ئىقتىدارسىزمۇ؟

تەكشۈرۈش كېرەك. ئەگەر ھاكىم شۇنداق نۇرغۇن پۇل بىلەن قاچقان بولسا شۇ ناھىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىنى، ئىنتىزام كومىتېتىنىڭ سېكرېتارىنى، خىيانەتكە قارشى ئىدارىنىڭ باشلىقىنى، تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ باشلىقىنى تەكشۈرۈش كېرەك، ھېچقانداق چېتىشلىقى يوق ئىش بولماس؛ ئاممىنىڭ ئاغزىدا مىش - مىش گەپ بولۇپ قالغان، ئاما پاش قىلغان ئەھۋاللار بولماي قالماس. شۇ تارماقلار خەلقنىڭ باجغا تاپشۇرغان پۇلى بىلەن ئۆرە بولۇپ تۇرۇقلۇق، خىيانەتچىلەرنى

قاچۇرۇپ قويسا ، ئۇلار «تىل بىرىكتۇر» مىگەن ، خىيانەتچىلەر بىلەن ئىلپەتچىلىك قىلمىغان تەقدىردىمۇ ، خىزمەتتىكى «بىپەرۋا» لىقى ئوبيېكتىپ چىرىكلىككە زامىن بولغانلىقىدۇر . خىزمەت - ۋەزىپىسى بار ئادەملەر چەت ئەلگە بارماقچى بولسا رەنە قالدۇرۇش تۈزۈمى بارغۇ ياكى چەت ئەلگە مېڭىشتىن ئىلگىرى مالىيە جەھەتتىن تەكشۈرۈش تۈزۈمى بارغۇ .

ماقالىدە شۇنداق يازغىلى بولىدۇ ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس . هازىرقى كۈندە كىچىككىنە خىزمىتى بار بىرەر ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ تەسىر دائىرىسى ، مۇناسىۋەت دائىرىسى ئىچىدە ئاز - پاز پۇل جايلىمىقى ، ئاندىن كېيىن چەت ئەللەرگە چىقىش رەسمىيەتلىرىنى بابلىمىقى گويا مېنىڭ خوتۇنۇمدىن ئالداپ - سىلاپ بىرنەچچە تەڭگە ئېلىپ بىرەر تاماشىخانىغا بېرىپ بىرەر قېتىم كۆڭۈل ئاچمىقىمدىنمۇ ئاسانلىشىپ قالدى . بۇنىڭ بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى ، ئەدلىيە ، ئىنتىزام تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭمۇ كارى يوق . گۇاڭشى ئۆلكىسى خېپۇ ناهىيىسىنىڭ سابىق هاكىمى 2000 - يىلى باهار بايرىمىدا چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپ قايتىپ كەلمەسلىك غەرىزى بىلەن ناهىيىلىك پارتكوم سېكرېتارىغا تېلېفون بېرىپ : «مەندىن ئىستىپا ، هاكىملىقنى تاشلىدىم» دەپتۇ . كېيىن تەكشۈرۈپ قارىسا ، ئۇ ھېلىقى 4000 ئادەمنىڭ بىرسى ئىكەن ؛ ئۇ قانچىلىك هۆكۈمەت پۇلىنى ئېلىپ قاچتى ، ئۇنىڭ چەت ئەلگە قاچقانلىقىغا كىم جاۋابكار ، هازىر تېخى بۇ مەسىلىلەرنىڭ ئاخىرى چىققىنى يوق . لېكىن ئۇ ئېلىپ كەتكەن پۇلنىڭ 5 مىلياردنى 4000 ئادەمگە تەقسىم قىلغاندا ئوتتۇرا هېساب بويىچە چىقىدىغان ساندىن ئېشىپ كېتىدىغانلىقىدا شەك يوق .

قاشانى پۇختىلاشتىن مەقسەت — پەقەت تالادىكى ياۋا ئىتلاردىن هەزەر قىلىشلا ئەمەس ، تولىسىغا ئۆزىمىزنىڭ



قويلىرىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكىدىن هەزەر ئەيلەش . هازىر قاشا تاملىرىمىز بار ، لېكىن ئىشىكلىرى هەددىدىن ئارتۇق كۆپ . تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى ، هەربىر قوينىڭ بېشىدا بىردىن «تىلسىم ئاچقۇچ» ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ . ئۇلار قايسى ئىشىكتىن ماڭغۇسى كەلسە ، «كىرىپ چىقىش ئەركىن» لىكى ئۆز قولىدا . 4000 ئادەمنىڭ 5 مىليارد پۇل بىلەن قېچىپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ .

بىزنىڭ خىزمەتلىك كادىرلارنى باشقۇرۇش تۈزۈمىمىزدە يەنە تېخى ئېغىر نۇقسانلار بار ئىكەن ، ئۇنداق بولمىسا بىرەر «رەئىس جۇمهۇر» مۇ قېچىپ كېتەلمەيدۇ ، خىزمەتلىك 4000 گۇماندار خىيانەتچى - پارىخورنىڭ قېچىپ كېتىشى تېخىمۇ ماهال گەپ .

قېچىپ كەتكەن 4000 ئادەمنى تۇتۇپ كېلىش توغرا كەلسە ، مېنىڭچە ، يەنە 5 مىليارد پۇل خەجلەش بىلەنمۇ ئىش پۈتمەيدىغاندەك قىلىدۇ .

دېمەك ، دۆلەتنىڭ ، خەلقنىڭ بايلىقىنى زىيانغا ئۇچراتماسلىق ئۈچۈن ئامال تاپماي بولمايدۇ ، خىيانەت قىلىش نىيىتى بارلار خىيانەت قىلالمايدىغان بولسۇن ؛ ئىگىسىنىڭ پېتىر مانتىسىنى يەۋېلىپ ئىگىسىنى تاشلاپ كەتكەن ئىت ئاخىر قۇسۇشى مۇمكىن ، لېكىن قۇسقانلىرىمۇ ئىت پوقىدىن باشقا نەرسە ئەمەس .

(رۇەن جى ئىمزاسىدىكى بۇ مۇهاكىمە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001- يىل 23 - مارت سانىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )

# «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش» نىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا

«فېلىيەتون» ژۇرنىلىنىڭ 23 ـ مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان «4000 نەپەر گۇمانلىق جىنايەتچىنى كىم قاچۇرۇپ قويدى؟» سەرلەۋھىلىك، رۇەن جى ئىمزالىقىدىكى ماقالىدا چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، خىيانەتچىلەرنى جازالاش توغرىسىدا بىر يېڭى مەسىلە بايان قىلىنىپتۇ. شۇ ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، گەپنىڭ چالا قالغانلىقىنى، چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىش زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ قالدىم.

رۇەن جى ئەپەندىنىڭ بايان قىلىشىچە، 18 ـ يانۋاردا ئالىي تەپتىش مەھكىمىسى بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى مىنىستىرلىكى تېلېۋىزور ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، قېچىپ يۈرگەن گۇماندار خىيانەتچى ـ پارىخورلارنى (يەنى خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى) جىددىي ئىزدەپ تۇتۇش توغرىسىدا مەملىكەت بويىچە تاپشۇرۇق بەرگەن؛ شۇ خىيانەتچىلەر جەمئىي 4000 دىن ئاشىدىكەن، خىيانەت قىلىپ ئېلىپ كەتكەن پۇلى 5 مىليارد يۈەندىن ئاشىدىكەن، ھەربىرىگە 1 مىليون 200 مىڭ يۈەندىن توغرا كېلىدىكەن. دېمەك، بۇ ھەقىقەتەن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇپ، خىيانەتچىلەرنى جازالاشقا دائىر يېڭى مەسىلە ئىكەن. شۇ 4000 دىن ئارتۇق خىيانەتچى ئەمەلدار قانداق قاچۇرۇپ قويۇلدى؟

بۇ ھەقتە رۇەن جى ئەپەندى «تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم» دەپتۇ. بۇ ناھايىتى ياخشى گەپ، ناھايىتى توغرا!

«خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش» نىڭ سەۋەبى



نېمە؟ رۇەن جى ئەپەندى مۇھاكىمىسىدە بىر تەرەپلىمە گەپ قىلىپ: «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويغانلار (خىيانەتچى ئەمەلدارلارنىڭ ئۈستىدىكى باشلىقلار، جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىلىرى، تەپتىش ئورگانلىرى، قانۇن ئورگانلىرى، ئىنتىزام تارماقلىرى) قاچقانلار بىلەن تىل بىرىكتۈرمىگەن، ئۆلپەتلەشمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىكى ئوبيېكتىپ جەھەتتە چىرىكلىككە زامىن بولغان» دەپتۇ. «تىل بىرىكتۈرمىگەن، ئۆلپەتلەشمىگەن» دېگەن خۇلاسە تولىمۇ مۇتلەقلەشتۈرۈلگەن خۇلاسىدۇر. 4000 خىيانەتچىنىڭ قېچىش ۋاقتىدا ھېچبىرىنىڭ تىل بىرىكتۈرمىگەنلىكىنى، ئۆلپەتلەشمىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان ئادەممۇ بارمۇ؟ مەلۇم بىر يەردە بىرنەچچە «باج خىيانەتچىسى»، «بانكا خىيانەتچىسى» چاتاق چىقىدىغانلىقىنىڭ «شەپىسىنى ئاڭلاپ» خىيانەت قىلغان پۇللارنى ئېلىپ قاچىدىغان چاغدا ئالدىرىماي ـ ئاستىماي ئوبدان تەييارلىق كۆرۈپ، بىمالال قېچىپتۇ ھەتتا ئەر ـ خوتۇن بىللە بەخىرامان قېچىپتۇ، قېچىپ كەتكىنىگە بىرقانچە يىل بولغان بولسىمۇ ھازىرغىچە «ئومۇمىي تۇتۇش بۇيرۇقى»، «ئىز قوغلاپ تۇتۇش بۇيرۇقى» چىقىرىلماپتۇ، ئۇلار ئۇزۇن ۋاقىتتىن بۇيان خەۋپ، ئەندىشىسىز خىرامان يۈرۈپتۇ. شۇ خىيانەتچى چاشقانلارنى ئوغرى مۈشۈكلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرمىگەن، ئۆلپەتچىلىكى يوق دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ بۇ «قوي يوقالغاندىن كېيىن قوتاننى پۇختىلاش» ئەمەس، بەلكى «قوتاننىڭ ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ قوينى قاچۇرۇش» دۇر؛ بۇ «خىزمەتتىكى مەسئۇلىيەتسىزلىك»، «خىزمەتتىكى سەۋەنلىك» مۇ ئەمەس؛ بەلكى «مۈشۈك بىلەن چاشقان تېپىشىپ قالغان» لىقى، «مۈشۈكنىڭ چاشقاننى ئاۋايلاپ قاچۇرغانلىقى» مەسىلىسىدۇر. ئەلۋەتتە، شۇ 4000 خىيانەتچى چاشقاننىڭ ھەممىسى مۈشۈك بىلەن تىل

بىرىكتۇرۇپ، قېچىپ كەتكەن دېگىلىمۇ بولمايدۇ، كونكرېت مەسىلىنى كونكرېت تەھلىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

قىسقىسى، «خىيانەتچى ئەمەلدارلارنى قاچۇرۇپ قويۇش»نىڭ سەۋەبى يالغۇز بىرلا بولماي، A، B، C بولۇشى مۇمكىن؛ «ئىز قوغلاپ تۇتۇش كۈچسىز» بولۇشىنىڭمۇ سەۋەبى بىرلا بولماي، A، B، C بولۇشى مۇمكىن. قانداقلا بولمىسۇن، ئەقىلنى ئىشقا سېلىپ، كۆپرەك تەھلىل قىلىش لازىم. ئوبدان تەھلىل قىلغاننىڭ پايدىسى چوڭ بولىدۇ. ھەر ھالدا كېسەلگە قاراپ دورا بەرگەندەك، «قاشا - قوتاننى پۇختىلاپ»، ئوقنى نىشانلىق ئېتىپ، ئوبدان تۈزىگەنگە يەتمەيدۇ.

(لۈيۈرەن ئىمزاسىدىكى بۇ مۇھاكىمە «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 17 - سانىدىن قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى.)





# لەتىپىلەردىن تەرمىلەر

## سىياسىي نېسىۋە

ئىدارىدە «باشقارما باشلىقلىرىنىڭ ئۆگىنىش كۇرسى» ئېچىلغاندا، ئابدۇللا كېسەلخانىدا يېتىپ قالغاچقا كۇرسقا قاتنىشالمىغانىكەن، تەشكىلات بۆلۈمىگە يېڭى كەلگەن مۇھەممەت ئۇنىڭ ئىسمىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈۋېتىپتۇ.

ئۆگىنىش كۇرسىدا ھەربىر ئادەمنىڭ ئېدىتلىق ئورنى بولىدىكەن.

تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى تىزىملىك بويىچە قاراپ كەلسە، ئابدۇللا يوق ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن مۇھەممەتتىن:

— ئابدۇللا كەلمەپتۇغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

مۇھەممەت گەپنىڭ راستىنى قىلىدىغان تۈز يىگىت بولغاچقا، تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا توغرا گەپنى قىلىپ:

— ئابدۇللا كېسەل بولۇپ بالنىسىدا يېتىپ قاپتۇ، شۇڭا كېلەلمەپتۇ، — دەپتۇ.

— كېسەل دېگەن باشقا گەپ، ئىسىم دېگەن باشقا گەپ، — دەپتۇ باشلىق بېشىنى سەل چايقاپ، — ئىسمىنى روېخەتتىن قالدۇرماسلىق كېرەك.

— ئۆگىنىشكە قاتنىشالمىسا، ئىسمىنى روېخەتتە قالدۇرغىنىمىز نېمىسى؟ — دەپتۇ مۇھەممەت.

— بۇ سىياسىي نېسىۋە، يەنى سىياسىي تەمىنات مەسىلىسى، — دەپتۇ تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى مۇھەممەتكە ئۆگىتىپ ۋە ئابدۇللانىڭ ئىسمىنى روېخەتكە پۈتۈپ قويۇپتۇ.

## داغدۇغا

ئىدارە باشلىقىنىڭ ئولتۇراق ئۆيى ئىدارىنىڭ جەنۇبىي رايونىدىكى پەرزەنتلەر مەكتىپى بىلەن تام قوشنا ئىكەن . شۇنىڭ ئۈچۈن ئىدارە باشلىقى ھەر كۈنى ئاخشامدا ياكى سەھەردە مەكتەپنىڭ مەشىق مەيدانىدا ھاۋا يېگەچ تەنھەرىكەت قىلىدىكەن . بىر كۈنى ئىدارىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە پەرزەنتلەر مەكتىپىدە ئىدارە باشلىقىنىڭ دەرسىنى ئاڭلاش توغرا كەپتۇ . مەكتەپ ئىدارە باشلىقىنىڭ ئۆيىگە يان قوشنا بولغانلىقى ئۈچۈن ، ئىدارە باشلىقى سومكىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ ئۇدۇللا مېڭىپ بارسا بولىدىكەن . لېكىن ، ئۇ ئۇنداق قىلماپتۇ . ئىدارىسىنىڭ ئۇنى توشۇيدىغان پىكاپى كەلگەندىن كېيىن ، شۇ پىكاپ بىلەن ئاۋۋال ئىدارىسىدىكى ئىشخانىسىغا بېرىپ بىردەم ئولتۇرۇپتۇ ، ھېلىقى مەكتەپتە دەرس ئاڭلاشقا بارىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىغىلىپ ، يالغۇز ئىدارە باشلىقىغىلا قاراپ ئولتۇرىدىغان چاغدا ئاندىن سالاپەت بىلەن پىكاپقا چۈشۈپ بېرىپتۇ ، پىكاپتىن چۈشىدىغان چاغدا ئىشخانىنىڭ كاتىپى پىكاپنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بېرىپتۇ ، مەكتەپنىڭ رەھبەرلىرى پوش - پوش قىلىپ يول باشلاپتۇ ، دەرسخانىغا كىرگەندە بەزىلەر باشلامچىلىق بىلەن چاۋاك چاپتۇ ، پۈتۈن سورۇندا چوڭ داغدۇغا پەيدا بوپتۇ .

## تەربىيىنىڭ تۈرى

ئۈچ قارار ئۆگىنىش كۇرسى ئېچىلىپتۇ . ھەربىر قارار كۇرستا دەرس بەرگەنلەر ، دەرس ئالغانلار ئوخشاش ئەمەس ئىكەن .



بىرىنچى قارار‌دا ئىدارە باشلىقى ، پارتىيە سېكرېتارى دەرس بېرىپتۇ ؛ دەرس ئالغانلار بولسا ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرى ئىكەن . دەرس بەرگۈچىلەرنىڭ قايتا - قايتا تەكىتلەيدىغىنى ، بىرىنچى باشلىقلىقنى قانداق ياخشى ئورۇنداش كېرەك ، دېگەن گەپلەر ئىكەن .

ئىككىنچى قار‌اردا تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ، ئەمگەك ھەققى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دەرس بېرىپتۇ ؛ ئۆگىنىشكە قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسى ھەرقايسى تارماقلاردىكى مۇئاۋىن كادىرلار ئىكەن . بۇنىڭدا «بىرىنچى باشلىق» نىڭ خىزمىتىگە ئوبدان ماسلىشىش كېرەك ، دېگەن گەپلەر ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغانىكەن .

ئۈچىنچى قارارلىق كۇرس پېنسىيىدىكى پېشقەدەم كادىرلارغا ئېچىلغانىكەن ، بۇنىڭدا دەرس بەرگەن كىشى ئالىلىقاچان پېنسىيىگە چىقىپ كەتكەن سابىق ئىدارە باشلىقى ئىكەن . ئۇنىڭ دەرس قىلىپ سۆزلەپ بەرگەنلىرى تامامەن ئۆز ۋاقتىدا ئىدارە باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن چاغلىرىدىكى شان - شەرەپلەر ئىكەن .



# ئوقۇرمەنلەرنى جەلپ قىلىدىغان بىر مۇنازىرە

*ئەدەبىي ئاتالغۇلار لۇغەتلىرىدە ئومۇمەن كۈندىلىك تۇرمۇشنى ماتېرىيال قىلىپ ئېلىپ، ئۆتكۈر تىل بىلەن يېزىلغان ماقالە «فېلىيەتون» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەسلى فرانسۇز تىلىدىكى ئوت تۇتاشتۇرىدىغان «تۇتۇرۇق» دېگەن مەنىدىن تۇرلىنىپ چىققان بولۇپ، دۇنيادا نۇرغۇن مىللەتلەرگە ئورتاق سۆز بايلىقلىرى تەركىبىدە قىممەتلىك بىر «مەرۋايىت» قا ئايلىنىپ قالغان. بىز ئۇيغۇرلار ئەدەبىياتتا ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ياكى كىشىلەردىكى كەمچىلىك، يېتەرسىزلىكلەرنى كىنايە بىلەن مەسخىرىلەشتە ۋە شۇنداق ھادىسىلەرنى ئىپادىلەشتە لاتىن تىلىدىن كىرگەن «ساتىرا» دېگەن ئاتالغۇنى، ئەرەب تىلىدىن كىرگەن «ھەجۋىي» دېگەن سۆزنى قوللانغان بولساقمۇ، «فېلىيەتون» دېگەن سۆزنى كۆپرەك ئىشلەتمەكتىمىز. ئۇلۇغ ئەدىب لۇشۈن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى، خەلقنىڭ مىللىي مىجەزىدىكى ناچار، زەئىپ ھادىسىلەرنى نىشانلاپ «نەشتەر» ۋە «نەيزە» ئورنىدا ياراتقان ئەسەرلىرىنى «زاۋېن» دەپ ئاتىغان. بۇ ئاتالغۇمۇ كېيىنكى چاغلاردا بىزدە «ئىشىكنى كەڭ ئېچىۋېتىش» نىڭ خاسىيىتى بىلەن خەلقئارا ئورتاقلىققا يۈزلەندۇرۇلۇپ، «فېلىيەتون» دېگەن ھالەتتە ئۆزلىشىپ بارماقتا. بىز بۇ جەھەتتە توغرا يولدا ماڭماقتىمىز. ئىنسانىي ھاياتتىكى يېتەرسىزلىكلەرنى، يارىماسلىقلارنى تۈزىتىش، ئوڭشاش ۋە ياكى يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆتكۈر تىل، ئاچچىق سۆز كېرەك؛ ساتىرىك ياكى ھەجۋىي ئۇسۇل بىلەن تەسۋىرلەيدىغان بەدىئىي ئەسەر كېرەك، ئىككىنچى تۈرلۈك قىلىپ ئېيتقاندا، ئوت ياندۇرىدىغان شۇنداق «تۇتۇرۇق» كېرەك، زەردابلارنى چىقىرىپ تاشلايدىغان «نەشتەر» كېرەك، يەنى ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «فېلىيەتون» كېرەك.*

فېلىيەتون، تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا، ئىنسانىي ھاياتنىڭ پاك، ساغلام ۋە پاراۋان بولۇشىنى مەقسەت قىلىدۇ. «مەن كۆپىنچە نەس باسقان جەمئىيەتتىكى بەختسىز ئادەملەرنى ماتېرىيال قىلىپ تۇرۇپ يازىمەن، — دەيدۇ لۇشۈن فېلىيەتوننىڭ ماھىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ، — بۇنىڭدىن



مەقسىتىم — شۇ نەسلىكلەرنى ئېچىپ كۆرسىتىپ، ئۇلاردىن قۇتۇلۇش، قۇتۇلدۇرۇشقا دىققەتنى تارتىش.»

گېزىت خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇلتۇر 11 - ئايدا پايتەختىمىز بېيجىڭدا چىقىدىغان مەركىزىي «خەلق» گېزىتى فېلىيەتون توغرىسىدا چاقىرغان مۇھاكىمە يىغىنىدا فېلىيەتونغا دائىر مۇھاكىمە ئۈستىدە ئوتتۇرىغا چىققان بىر نۇقتىئىنەزەر قىزغىن مۇنازىرە قوزغىغان. شائىر، فېلىيەتونچى يې يەنبىڭ: «فېلىيەتون يازىدىغان فېلىيەتونچىلار ھازىرقى جەمئىيەتتىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» لەردۇر، دەيدۇ. سۇ شۆسەن: «ياق، ئۇنداق ئەمەس» دەيدۇ چېن سىشۇن بولسا: «ئۇنداق ئەمەس، راست شۇنداق» دەيدۇ. بۇ نۇقتىئىنەزەرلەر ئۈستىدىكى مۇنازىرە يەنە داۋام قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. خەنزۇ تىلىدىن پايدىلىنالمايدىغان ئوقۇرمەنلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئەدەبىيات ھەۋەسكارلىرىنىڭ ئۆلگە ياكى ئىبرەت ئېلىشىغا ياردىمى تېگىپ قالسا ئەجەب ئەمەس دېگەن ئارزۇ بىلەن بۇ يەردە ئىككى پارچە تەقرىزنى قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلدىم. بىرى — «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2001 - يىل 27 - فېۋرال سانىدا ئېلان قىلىنغان «فېلىيەتونچى ‹ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم›دۇر، دېگەن گەپكە ھەيرانمەن»، ئاپتورى سۇشۇسەن؛ يەنە بىرى — يەنە شۇ گېزىتنىڭ 2001 - يىل 23 - مارت سانىدا ئېلان قىلىنغان «بىرنەچچە سوئال»، ئاپتورى چېن سىشۇن.

## فېلىيەتونچى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېگەن گەپكە ھەيرانمەن

ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» كىم؟ دەپ سوئال قويۇلسا، ھەتتا ئومۇمىي خەلقنىڭ رايىغا قويۇلغان تەقدىردىمۇ، فېلىيەتونچى، دەپ جاۋاب بېرىلىشى ناتايىن. لېكىن

2000 - يىلى نويابىردا «خەلق» گېزىتى جىنەيدە ئاچقان «فىلىيەتون مۇھاكىمە يىغىنى» دا شائىر، فىلىيەتونچى يې يەنبىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» فىلىيەتون يازغۇچىلار، فىلىيەتونچىلاردۇر دېگەن كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ: «ھازىرقى كۈندە فىلىيەتون يېزىۋاتقان ئادەملەر پارتىيىنى ئەڭ قىزغىن سۆيىدىغان، خەلقنى قىزغىن سۆيىدىغان ئادەملەردۇر، يېڭى دەۋرنىڭ ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملىرىدۇر. چۈنكى، ھازىرقى كۈندە راست گەپ قىلىدىغان، ھەق گەپنى قىلىپ رەھبەرلەرگە پىكىر بېرەلەيدىغان، خەلق ئاممىسى ئىچىدە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش توغرىسىدا پارتىيىگە، دۆلەتكە تەلەپ قويالايدىغان ئادەم قانچىلىك چىقار؟ پارتىيىگە، خەلققە ئىلتىجا قىلالايدىغان ئادەم ئەڭ ياخشى ئادەمدۇر» دەيدۇ.

يې ئەپەندى گەپنى تولىمۇ بىر تەرەپلىمە قىلىپ قويدى. كىچىككىنە بىر گۇرۇھ، چاغلىق بىر جامائەت ئالدىدا (تولىسى ياشىنىپ قالغان 20 نەچچە ئادەم قاتناشقان يىغىن) دا، فىلىيەتونچىلار «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دەيدىغان دەۋر ئالامىتى بار تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا مەزھەپچىلىك خاھىشى يوقمۇ؟ ئەگەر فىلىيەتونچىنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دەيدىغان بولساق، ئازادلىق ئارمىيە جەڭچىسىنى نېمە دېگۈلۈك؟ خىيانەتچىلىككە قارشى تۇرۇش ئىدارىسىنىڭ كادىرلىرىنىچۇ؟ 1 مىليارد 300 مىليون ئاھالىنى بېقىۋاتقان جۇڭگو دېھقانلىرىنىچۇ؟ ئىش ئورنىدىن چۈشۈشكە رازى بولغان، دۆلەتكە، كارخانىغا يۈك بولۇپ قېلىشنى راۋا كۆرمىگەن جۇڭگو ئىشچىلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ ئالتە ئاي، بىر يىل مائاش ئالالمىسىمۇ دەرسخانىغا كىرىپ دەرس بېرىشنى ئۈكسۈتمىگەن خەلق ئوقۇتقۇچىلىرىنى نېمە دېگۈلۈك؟ . . . ئۇلار «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» ئەمەسمىكەن؟ ئەجەبا ئۇلار «راست گەپ» قىلمامدۇ؟» «ھەق



گەپ» نى قىلمامدۇ؟ «رەھبەرلىككە پىكىر بېرىش» كە پېتىنمامدۇ؟ ئۇلار جەمئىيىتىمىزگە ئازدۇر - كۆپتۇر تۆھپە يەتكۈزمىدىمۇ؟ ئۇلارنىڭ يەتكۈزگەن تۆھپىلىرى فىلىيەتون يازغۇچىلارنىڭكىچىلىك، فىلىيەتونچىلارنىڭكىچىلىك يوقمۇ؟

فىلىيەتونچىلار راست گەپ قىلىدۇ، لېكىن راست گەپ قىلىدىغانلار يالغۇز فىلىيەتونچىلارلا ئەمەس. دەۋرىمىز داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، جەمئىيىتىمىز داۋاملىق راۋاجلانماقتا، دۆلىتىمىز داۋاملىق قۇدرەت تاپماقتا، بۇ ئەھۋالنى ئەمگەكچى خەلقنىڭ تىرىشىپ ئىشلىشىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، دېمەك، «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» فىلىيەتونچىلار ئەمەس، ئەمگەكچى خەلقتۇر.

بۇنىڭ تەتۈرىچە، بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە فىلىيەتونچىلار، فىلىيەتون يازغۇچىلار ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم ئەمەس، بەلكى ئەڭ نەپرەتلىك ئادەمدۇر. راست گەپتىن قورقىدىغان، ھوقۇقنى دەستەك قىلىپ ئىشلىتىشكە ئاشىق بولۇپ قالغان ئادەملەر، تەختتە ئولتۇرغان چېغىدا جامائەتنىڭ ياخشى چاكىرى بولۇۋالىدىغان، تەختتىن چۈشكەندە چىرىپ كېتىدىغان ئادەملەر، ئۈچىغا چىققان سولچىلىق دەۋرىنى سېغىنىدىغان ئادەملەر فىلىيەتونچىلارنى ھەممىدىن بەك يامان كۆرىدۇ. فىلىيەتون نەشتەر، نەيزە رولىنى ئوينىغاندا، ئۇ ئادەملەر بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردا چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. مەن بىر پارچە فىلىيەتون يازغانلىقىم ئۈچۈن، ماشىنا ھەيدەشنى بىلىدىغان 60 نەچچە ياشلىق بىر قېرى ئادەمدىن تىل - ھاقارەت ئىشىتتىم. ئۇ تېلېفوندا ماڭا گەپ بەرمەي ۋاتىلداپ: «1 مىليارد 300 مىليون ئاھالە ئىچىدىن خۇ چاڭچىڭ ۋە چىڭ كېجىدەك چىرىك ئۇنسۇرلارنىڭ چىققانلىقى ناھايىتى نورمال ئەھۋال. قىزىل قوغدىغۇچىلار مەدەنىيەت ئىنقىلابى داۋامىدا تارىخنى ئىلگىرى سۈردىغۇ!» دېدى. ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا:

«خەپ، كوچىدا ماشىنا بىلەن سوقۇپ ئۆلتۈرۈۋەتمەيدىغان بولسام...» دەپ تەھدىتمۇ سالدى. فېلىيەتون يازىدىغان ئادەملەر ئەنە شۇنداق ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە كاللىسى بىر قازاندا قاينىمايدىغان سىنىپىي دۈشمەندۇر. شۇ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن شۇنى ھەقىقىي چۈشەندىمكى، جۇڭگودا دېموكراتىيىنى يولغا قويۇش تولىمۇ تەس ئىكەن.

فېلىيەتونچىلار ھېچقاچان «سۆيۈملۈك ئادەم» بولالىغان ئەمەس. لۇشۈن «سۆيۈملۈك» بولغان ئەمەس، ئۇ ئۆز دەۋرىدە فېلىيەتون يازغانلىقى ئۈچۈن قانچىلىك تىل ۋە ئاھانەتكە قالمىغان؟ «ئۈچ ئائىلىلىك كەنت» دىكى ۋۇخەن فېلىيەتون يازغانلىقى ئۈچۈن ئاھانەتكە قالدى، ئاخىر ئۆزىنى كۆلگە تاشلاپ ئۆلۈۋالدى. دېڭ تومۇ «راست گەپ قىلىش» قا جۈرئەت قىلغانلىقى ئۈچۈن «موللام گېزىت چىقىرىپتۇ، ئۆلۈك ـ تاپ گېزىت چىقىرىپتۇ» دەپ ھاقارەتلەندى، ئۇمۇ «راست گەپ قىلغان» لىقى سەۋەبى بىلەن ئۆز جېنىغا زامىن بولدى — ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرۈۋالدى. ھازىرقى ۋاقىتتا فېلىيەتون يېزىۋاتقان بەزى ئادەملەرنىڭ بىرنەچچە پارچە فېلىيەتون يېزىش بىلەنلا ئۆزلىرىنى «ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دەۋالغىنى خۇددى فېئودال شاھزادىلەرنىڭ تەختكە چىقىشقا ئالدىراپ كەتكەنلىكىگە ئوخشاش بىر ئىش ئەمەسمۇ؟ ھازىرقى كۈندە لۇشۈندەك «ئىجتىمائىي تەنقىد» بىلەن، «مەدەنىيەت تەنقىدى» بىلەن شۇغۇللىنالايدىغان كىم بار؟ كىممۇ ۋۇخەن، دېڭ تودەك فېلىيەتون يولىدا جاندىن كېچەلەيدۇ؟

فېلىيەتونچىلار «سۆيۈملۈك ئادەم» ئەمەس، پەقەت ھۆرمەتلىك ئادەملەردۇر. چۈنكى ئۇلار باشقا نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش راست گەپ قىلالايدۇ. راست گەپ قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر بولىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ سۆيۈملۈك بولۇشى ناتايىن. لېكىن فېلىيەتونچىلار



جامائەت ئالدىدا راست گەپ قىلىدىغان بولغاچقا، ئادەتتىكى ئادەملەردىن غەيرەتلىكرەك، ئەقىللىقراق بولىدۇ. فېلىيەتونچىلار تولا چاغلاردا دەرد تارتقان دەردمەنلەردۇر، ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە ئوخشاش قۇياش نۇرىدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەتتىكى ئادەملەرگە قارىغاندا قاراڭغۇلۇقنى، رەزىللىكلەرنى كۆپرەك كۆرىدۇ، ئۇنى بايان قىلىپ قورسىقىنى بوشىتىۋالمىسا دەردى چىقمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ، قورسىقىدىكىنى ھەقىقەتەن خالىغىنىدەك بايان قىلالايدىغان فېلىيەتونچى قانچىلىك؟

## بىرنەچچە سوئال

سۇ شۆسەن ئەپەندىنىڭ: «فېلىيەتونچى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەمدۇر، دېگەن گەپكە ھەيرانمەن» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن، خۇددى كېكىردىكىگە قىلتىرىق كەپلىشىپ قالغان ئادەمدەك بولۇپ قالدىم. ئويلىغانلىرىمدىن سۇ ئەپەندىگە بىرنەچچە سوئال قويغۇم كەلدى، يېشىپ بەرسىكەن.

بىرىنچى، «جىننەتەيدىكى فېلىيەتون مۇھاكىمە يىغىنى» شان ـ شەۋكەتلىك نام بېرىش يىغىنى ئەمەس، مەنسەپ، ئوردېن بېرىش يىغىنىمۇ ئەمەس، ئۇنۋان باھالاش يىغىنىمۇ ئەمەس. يىغىننىڭ فېلىيەتونچى يېڭى زاماندىكى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەملەردۇر، دېگىنىنىڭمۇ يولى بار، بۇ ناھايىتى ئادەتتىكى بىر گەپ. بۇنىڭ فېلىيەتوننىڭ ئابرۇيىنى، يازغۇچىنىڭ ئىززىتىنى ئۆستۈرۈشكە مەلۇم پايدىسى بار (ئىززەتنى ئۆستۈرۈش يازغۇچىنىڭ ئۆزىگە باغلىق، ئەلۋەتتە)؛ فېلىيەتون يازغۇچىلار بۇنىڭدىن خۇشال بولۇشى كېرەك، بۇ گەپنى ماقۇل كۆرسۇن ياكى ماقۇل كۆرمىسۇن، ئۆپكىلىمەي چىرايلىق

مۇزاكىرىلەشكىنى ياخشى ئىدى . لېكىن سۇ ئەپەندى خۇددى پۇلىنى قەرزگە بېرىپ قويغاندىن كېيىن ئالالمىغان ئادەمدەك قاتتىق ئۆپكىلەپ كېتىپتۇ ، ماقالىسىدە فېلىيەتونچىلارنى ھەدەپ كەمسىتكەندىن تاشقىرى ، يامان گەپلەر بىلەن قاساپتۇ . ئۆزىنى كەسىپداش دەپ بىلگەن بۇ ئادەمنىڭ خىيالى نېمىكىن تاڭ ؟ !

ئىككىنچى ، يې يەنبىڭ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ۋە نۇقتىئىنەزىرىنى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا ئوتتۇرىغا قويغان ، مېنىڭچە ، بۇنى ئەيىبلەشنىڭ ھاجىتى يوق . لېكىن سۇ ئەپەندى بولسا يې يەنبىڭنى بىر كىچىك گۇرۇھ (سۇ ئەپەندى بۇ «گۇرۇھ» نى سىياسىي بەتنام بىلەن ئاتىغان ) ، بىر جامائەت يىغىنىدا «دەۋر ئالامىتى بار تەرىپ» نى ئوتتۇرىغا قويغانلىقىنى «مەزھەپچىلىك خاھىشى يوقمۇ ؟» دەپ ئەيىبلەپتۇ . قېنى ئېيتىپ باقسۇنچۇ ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئورگان گېزىتى ئاچقان يىغىندا ، شۇنچىلىك سۆز ئەركىنلىكى يوقمۇ ؟ ئازغىنە ئادەم قاتناشقان يىغىندا سۆزلىسە مەزھەپچىلىك قىلغانلىق بولسا ، ئادىمى كۆپ سورۇندىكىسى نېمە قىلغانلىق بولىدۇ ؟

ئۈچىنچى ، سۇ ئەپەندىنىڭ قارىشىچە ، مەلۇم ئادەملەرنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم دەيدىغان بولساق ، قالغان ئادەملەر سۆيۈملۈك بولماسمىش . مېنىڭ قارىشىمچە ، بەزى ئادەم شۇنداق تەرىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتا ئاساسەن راست گەپ قىلىشتىن قورقۇپ يۈرگەنلىكىمىزنى نىشانغا ئالغان ؛ يۈرەكلىك ، جىگەرلىك فېلىيەتونچىلاردىن ئۆگىنىشنى ، پارتىيە ۋە خەلق مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۈندەپ ، ھەر خىل ناچار ھادىسىلەرنى تۈگىتىشنى ، زامانىۋى قۇرۇلۇشقا ھەممە بىردەك كۈچ چىقىرىشنى تەشەببۇس قىلماقچى . ئىجتىمائىي ئەھمىيىتىدىن قارىشىمىز لازىمكى ، بۇ يەردە فېلىيەتونچىلارغا تاج



كىيدۈرۈۋاتقان ، ئۇنى كۆتۈرۈپ ، بۇنى چۆكۈرۈپ ، باشقا ئەمگەكچىلەرنى فېلىيەتونچىلاردەك سۆيۈملۈك ئەمەس دەۋاتقان گەپ يوق .

ئۆز ۋاقتىدا ، ئامېرىكىغا قارشى تۇرۇپ چاۋشيەنگە ياردەم بېرىلىۋاتقان چاغدا ، پىدائىيلار قوشۇنىدىكى جەڭچىلەرنى ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم دەپ تەرىپلىگەنلىكىمۇ ئۇلارغا كۆيۈنگەنلىك ئىدى . بۇ ئەھۋال ئۆز ۋاقتىدا خەلقىمىزنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقىنى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇرغۇتقانىدى . لېكىن ھېچكىم ھېچقاچان ئۆز ۋاقتىدىكى ئازادلىق ئارمىيىنى ، ئىشچىلارنى ، دېھقانلارنى ۋە ئىنقىلابىي كادىرلارنى پىدائىيلار قوشۇنىدەك سۆيۈملۈك ئەمەس ، دېمىگەن .

«ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم» دېگەن تەرىپنى فېلىيەتونچىلارغا نىسبەتەن مەجھۇل گەپ دەيمىز ، بۇنداق تەرىپنى خەلق ئاممىسى يۈرىكىدىن چىقىرىپ ماقۇللىغاندا ھېسابقا ئۆتىدۇ ، لېكىن دەككىسى بېرىلگەن ، بېرىلىدىغان ئادەملەرنىڭ ماقۇللىشىنى ھەرگىز ئۈمىد قىلماسلىق كېرەك . راست گەپتىن قورقىدىغان ، ھوقۇقنى دەستەك قىلىۋالىدىغان ، خىيانەتچىلىك بىلەن چىرىپ كەتكەن ، ھەددىدىن ئارتۇق «سول» چىلىق دەۋرىنى سېغىنىدىغان ئادەملەرنىڭ فېلىيەتونچىلارنى يامان كۆرگەنلىكى سەۋەبى بىلەن ئۆزىمىزنى پەسلەشتۈرۈپ ، ئۇركۈپ كەتمەسلىكىمىز لازىم .

سۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ ماقالىسىدە « ‹ئەڭ سۆيۈملۈك ئادەم › فېلىيەتونچىلار ئەمەس ، ئەمگەكچى خەلقتۇر» دەپتۇ . غەلىتە گەپ . ئەجەبا ، فېلىيەتونچىلار ئەمگەكچى بولماي ، ئېكسپىلاتاتسىيىچىمىكەن ؟ سۇ ئەپەندى ، سىز بۇ يەردە يەنە بىر كىچىككىنە ساۋات خاتالىقى سادىر قىلىپسىز . سىزنىڭچە بولغاندا ، «ئەمگەكچىلەر قاتارىدا فېلىيەتونچىلاردىن باشقا ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئەڭ سۆيۈملۈك» دېسەك تېخىمۇ ئېنىق بولىدىكەنتۇق : شۇنى بىلىشىمىز لازىمكى ، ھازىر فېلىيەتونچىلارنىڭ بىرمۇنچىسى ياخشى يېزىۋاتىدۇ ، ئۇلار

شەخسىي غەرەزلىك بولمىغاچقا ئۈركۈپ - قورۇنۇپ ئولتۇرماي، خەلق مەنپەئەتى ئۈچۈن گەپ قىلىۋاتىدۇ، پەزىلىتى ئۈستۈن؛ ياۋۇز - ئۆكتەم كۈچلەرگە قارشى جەسۇرانە كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خەلق ئاممىسىنىڭ مېھىر - مۇھەببىتىگە ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىگە نائىل بولماقتا. مېنىڭ بىلىشىمچە، جەنۇبتىكى مەلۇم گېزىتكە فېلىيەتون يېزىپ تۇرىدىغان مەلۇم يازغۇچىلارنىڭ بەزىسى ئېغىر زىيانكەشلىككە ئۇچرىغان ھەتتا جان خەۋپىگىمۇ دۇچار بولغان. سۇ ئەپەندىنىڭ بايان قىلغانلىرىغا قارىغاندا، ئۇ ھەم زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ بىرسى ئىكەن، شۇڭا بىۋاسىتە ھېسسىياتقا ئىگە بولسا كېرەك.

سۇ ئەپەندى ماقالىسىنىڭ ئاخىرىدا: «قورسىقىدىكىنى ھەقىقەتەن خالىغىنىدەك بايان قىلالايدىغان فېلىيەتونچى قانچىلىك؟» دەپ سوئال قويۇپتۇ. قورساقتىكىنى خالىغانچە بايان قىلىش تامامەن سۇبيېكتىپ ئەھۋال ئەمەس، ئۇنىڭدا ئوبيېكتىپ ئامىللار بار. مەسىلەن بەزى جايلارنىڭ رەھبەرلىرى مېنىڭ گېپىم گەپ دەيدۇ؛ بەزى جايلاردا پارتىيىنىڭ جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكى پرىنسىپىنى ئىجرا قىلىش تەس؛ «كەسىپداش» لارنىڭ يوشۇرۇن ئاتىدىغان ئوقلىرىمۇ يوق ئەمەس، ئەلۋەتتە. سۇ ئەپەندىنى مىسال قىلساق، بەزىلەر يىغىندا ئۆزىنىڭ بىرەر كۆزقارىشىنى ئوتتۇرىغا قويسا، ئۇنىڭغا دەرھاللا «مەزھەپچى»لىك قالپىقىنى كىيدۈرگەن. بۇنداق ئەھۋالدا كىممۇ «قورسىقىدىكىنى خالىغانچە بايان قىلىش» قا جۈرئەت قىلالىسۇن؟ يې يەنبىڭنى مەشھۇر يازغۇچى دەپ ھېسابلاش مۇمكىن، ئۇ شۇنداق كۆرگۈلۈكلەرگە ئۇچرىغان يەردە، تېخى نامى چىقمىغان باشقا يازغۇچىلار توغرىسىدا بىرنېمە دېمەك تەس. ئۇلار «قورسىقىغىلا يۇتۇپ، تېشىغا چىقىرالمايدۇ» غان ھالغا قېلىشى مۇمكىن.



# ئالما تەقسىماتى

گېزىتتىن كۆرگەنلىكىم ئېسىمدە تۇرۇپتۇ، لېكىن قايسى گېزىت ئىكەنلىكىنى ئەسلىيەلمىدىم. ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بېرەي.

ئامېرىكىلىق بىر پسىخولوگىيە ئالىمى ئانىنىڭ بالىغا، يەنى ئادەمنىڭ پۈتۈن ئۆمرىگە قانداق تەسىر قىلىدىغانلىقىنى بىلىپ بېقىش مەقسىتى بىلەن روناق تاپقانلاردىن 50 ئادەمنى، جىنايەتچىلەردىن 50 ئادەمنى نىشانلاپ، ئانىڭىزنىڭ سىزگە قانداق تەسىرى سىڭگەنلىكىنى بايان قىلىپ بەرسىڭىز ئىكەن، دېگەن مەزمۇندا سالام خەت يازغانىكەن، ئۇلاردىن كەلگەن جاۋاب خەتلەردىن ئىككىسىنىڭ مەزمۇنى ئالىمغا ناھايىتى چوڭقۇر تەسىر قىپتۇ. شۇ خەتلەرنىڭ بىرى ئاق سارايدىكى مەشھۇر بىر ئادەمدىن كەلگەنىكەن؛ يەنە بىرى جىنايەت سەۋەبى بىلەن تۈرمىدە قامىلىپ ياتقان بىر گۇناھكار مەھبۇستىن كەپتۇ. بۇ خەتلەرنىڭ ھەر ئىككىسىدىلا ئوخشاش بىر ۋەقە بايان قىلىنىپتۇ: ئالما تەقسىماتى.

تۈرمىدىكى گۇناھكار يازغان خېتىدە مۇنداق دەپتۇ: «كىچىك ۋاقتىمدا بىر كۈنى ئانام بىرنەچچە ئالما ئېلىپ كەپتۇ. قارىسام قىزىللىرىمۇ، كۆكلىرىمۇ بار ئىكەن، بەزىسى چوڭ، بەزىسى كىچىك ئىكەن. ئاشۇ قىپقىزىل قىزارغان ھەم چوڭ ئالمىغا كۆزۈم چۈشتى، لېكىن كۆزۈم چۈشكەن شۇ ئالمىنى مەن ئالاي دەپ ئاغزىمدىن چىقىرىپ بولغۇچە ئۇكام دەرھاللا، ئانا، ئاۋۇ قىزىل يوغان ئالمىنى ماڭا بېرىڭ، دەپ تالاشتى. بۇنى ئاڭلاپ، ئانام:

— ئوبدان بالا دېگەن ئوبدان نەرسىنى باشقىلارغا ئۆتۈنۈپ بېرىدۇ ، بىرەر نەرسىنىڭ مېھرىدىن كېچىشنى بىلىش كېرەك ، — دەپ ھومايدى .

شۇنىڭ بىلەن دەرھال بىر ئەقىل تاپتىم - دە ، ئاغزىمدىن تېخى چىقمىغان گېپىمنى يۆتكەپلا :

— ئانا ، ھەممىدىن كىچىك ئالمىنى ماڭا بېرىڭ ، ھەممىدىن چوڭى ئۇكامغا قالسۇن ، — دېدىم .

ئانام بۇ سۆزۈمنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇرسەن بولدى ، شۇ گېپىمگە ھەم قىزىل ، ھەم يوغان ئالمىنى ماڭا مۇكاپات قىلىپ بەردى . شۇنىڭدىن باشلاپ يالغان گەپ قىلىشنى ئۆگىنىپ قالدىم . كېيىنچە بېرىپ - بېرىپ ئۇرۇشىدىغان ، تالىشىدىغان ، ئوغرىلايدىغان ، بۇلايدىغان بولدۇم . كۆزۈم چۈشكەن نەرسىنى قولۇمغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بولدۇم . ئاخىر ، مانا ئەمدى تۈرمىگە تاشلاندىم . »

ئاق سارايدىكى مەشھور ئەربابتىن كەلگەن خەتتە مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن : «كىچىك ۋاقتىمدا بىر كۈنى ئانام بىرنەچچە ئالمىنى ئالدىمىزغا قويدى ، ئۇلارنىڭ بەزىسى قىزىل ، بەزىسى كۆك ، بەزىسى چوڭ ، بەزىسى كىچىك . ئۇكام بىلەن ئىككىمىز ئالمىنىڭ چوڭىنى تالىشىپ قالدۇق . ئانام ھەممىسىدىن بەك قىزىل ھەم يوغان ئالمىنى قولىغا ئېلىپ :

— مانا بۇ يوغان ھەم قىزىل ئالما ناھايىتى يېيىشلىك ، ھەممىڭلارنىڭ يېگۈڭلار كېلىدۇ . قېنى ئەمسە مۇسابىقىلىشىڭلار . دەرۋازا ئالدىدىكى ئۈچ پارچە چۆپلۈكنى ئاكا - ئۇكا ئۈچىڭلار بىر پارچىدىن ئۆلۈشۈۋېلىپ ، ئۆسۈپ كەتكەن ئوت - چۆپلەرنى تەكشىلەپ قىرقىڭلار ، قايسىڭلار ھەم تېز ، ھەم ياخشى قىرقىساڭلار ، بۇ ئالما شۇنىڭ بولسۇن ، — دېدى .

بىز ئۈچەيلەن ئوت - چۆپنى مۇسابىقە بىلەن قىرقىدۇق ،



نەتىجىدە ، ھەممىدىن يوغان ئالما ماڭا تەگدى . ئانامغا ناھايىتى كۆپ رەھمەت ئېيتتىم ، چۈنكى ئۇ ماڭا ناھايىتى ئاددىي ۋە لېكىن تولىمۇ مۇھىم بىر ھەقىقەتنى بىلدۈردى . »

گېزىتتە يېزىلغانلىرىنى ئەسلىشىمچە ، گېزىتتىكى خەۋەرنى يازغان قەلەم ئىگىسى يازمىش — بايانلىرىنىڭ داۋامىدا : بۇ ئىككى ھېكايە ھەقىقەتەن ئاپىرىن ئوقۇشقا ئەرزىيدىغان چوڭقۇر مەنىلىك ئىكەن . مەنمۇ ئالما تەقسىملەشكە دائىر بىر ھېكايە توقۇپ بېرەي دەيدۇ : « . . . ئانىسى قىزىل ، كۆك ئالمىدىن بىرنەچچىنى ئەكەپتۇ ، ئالمىنىڭ بەزىسى چوڭ ، بەزىسى كىچىك ئىكەن . بىر ئانىدىن ئاكا - ئۇكا بىرنەچچە بالا ئىكەن . بۇلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزى ھەم قىزىل ، ھەم يوغان ئالمىغا چۈشۈپ ، نەپسى تاقىلداپتۇ .

— ھەممىڭلارنىڭ كۆزى ھەم قىزىل ، ھەم يوغان ئالمىغا چۈشۈپتۇ . ئۇنداق بولسا ، — دەپتۇ ئانىسى ، — دەرۋازا ئالدىدىكى ئۈچ پارچە چۆپلۈكنى ئاكا - ئۇكا ئۈچىڭلار بىر پارچىدىن بۆلۈشۈۋېلىڭلار ، ئوت - چۆپلەرنى مۇسابىقە بىلەن تەكشىلەپ قىرقىڭلار ، قايسىڭلار ھەم تېز ، ھەم ياخشى قىرقىساڭلار ، ھەم چوڭ ، ھەم قىزىل ئالمىنى شۇ ئالسۇن .

بالىلارنىڭ چوڭى قورال - سايمانلارنى تەييارلاپ ، ئاپتاپتا كۆيۈپ - پىشىپ ئىشلەپتۇ ، چۆپلۈكتىكى ئىش - كۈشلەرنى تۈگىتىپ ، تەرگە چۆمگەن ھالدا ئانىسىنىڭ ئالدىغا بارسا ، ئۇستەلدە ياڭاقتەك كىچىك بىرلا ئالما قاپتۇ ، ئىككى ئۇكىسى ئانىسىنىڭ يېنىدا ئالمىنىڭ ھەم قىزىل ، ھەم چوڭلىرىنى ھۇزۇر بىلەن غاجىلاپ يەپ ئولتۇرۇپتۇ .

— ئانا ، قىزارغان چوڭ ئالمىلار قېنى ؟ — دەپ سوراپتۇ چوڭ ئوغلى .

— نېمانداق كۆزى تويماس ئاچ كۆز بولۇپ كەتتىڭ ؟ — دەپ كايىپتۇ ئانىسى .

— كىم ياخشى ئىشلىسە ئالمىنىڭ ھەم قىزىل، ھەم يوغىنى شۇنىڭ بولىدۇ دەپ ۋەدىلەشكەنتۇققۇ؟ — دەپتۇ چوڭ ئوغلى ئەقىدىسىگە يىغلاپ.

— مىننەت قىلما! — دەپتۇ ئانىسى قاپاقلىرىنى تۈرۈپ، — مۇددىئايىڭ توغرا ئەمەس، قىلغان ئىشلىرىڭ مىننەتلىك ئىكەن!

— شۇنداقمۇ دەپ تۇرايلى، ئەمىسە ئۇكىلىرىم ئىشلىمەپتۇغۇ؟

ئانىسى قاتتىق غەزەپلىنىپتۇ:

— شۇنداق ئىشلىيەلەيدىكەنسەن، نىمىشقا ئۇلارنىڭ ئورنىدا ئىشلەپ قويمۇدۇڭ؟

چوڭ ئوغلى دەردىنى يۇتۇپ، نېرى كېتىپتۇ، ئانىسىنىڭ ئۇكىلىرىنىڭ مازاق كۈلكىلىرى ئارقىسىدىن ئاڭلىنىپ تۇرۇپتۇ.»

قەلەم ئىگىسى خەۋىرىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق چۈشۈرۈپتۇ:

«بۇ ھېكايە ئىلگىرىكى جۇڭگونىڭ مەلۇم جايلىرىدىن چىققانىكەن. ھازىرمۇ ۋە بۇنىڭدىن كېيىنمۇ چىقىۋاتقان بولۇشى، چىقىشى ئېھتىمال.»





# مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇلۇشى توغرىسىدا قىسسە

مەغرىبتىن بۇددا كالامۇللاسى ئەكېلىش خىزمىتى گورۇپپىسىدا خەرجى - خىراجەت قىس بولۇپ قالغانلىقى، ئاقىنانچى ئادەملەرنىڭ كۆپىيىپ كەتكەنلىكى سەۋەبى بىلەن يەۋالاي، ئىچىۋالاي دەيدىغان ھادىسە پەيدا بوپتۇ. بۇ ئەھۋال خىزمەت گورۇپپىسىنى يول بويى كۇتۇۋالغان ئەللەرنى نارازى قىلىپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ ئۇچۇن خىزمەت گورۇپپىسىدىكى ئادەملەردىن بىرسىنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش توغرا كېلىپ قاپتۇ.

كىمنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش كېرەك؟

كىمنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش كېرەكلىكى توغرىسىدا خىزمەت گورۇپپىسىنىڭ باشلىقى تاڭ سامگاھى (تەرجىماندىن ئىزاھات: سامگاھ دېگەن سۆز «راھىب» دېگەن سۆزنىڭ بۇددا تىلىدىكى ئەسلى ئاتىلىشى، دىنىي خىزمەتتە تائەت - ئىبادەت پائالىيەتلىرىنى ۋە باشقا ئىشلارنى باشقۇرغۇچى) تولا باش قاتۇرۇپ بىرنەچچە كېچە كىرپىك قاقماپتۇ.

تاڭ (خاندانلىقى) سامگاھى ھەممىدىن ئاۋۋال ئاق بوز ئاتنى كۆز ئالدىغا ئەكەپتۇ، لېكىن يەنە دەرھال يالتىيىپتۇ. ئاق بوز ئات ئەسلىدە شەرقىي دېڭىز پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىكەن، پادىشاھ بەزى گەپ - سۆزدىن قاچۇرۇپ، ئۇنى موشۇ گورۇپپىدا ئىشلىسۇن دەپ ئەۋەتكەنىكەن. شەرقىي دېڭىز پادىشاھى پۈتۈن مەملىكەتتىكى سۇ دىيارىنى باشقۇرىدىغان تۇرسا، ئۇنى قانداقمۇ رەنجىتكىلى بولسۇن؟! يەنە تېخى گەپ بار: ئاق بوز ئات ئىش

ئورنىدىن قالدۇرۇلسا، مېنىڭ مىنىدىغان نەرسەم يوق بولىمامدۇ؟ ھازىر مەغرىبكە كېتىۋاتىمىز، بۇ تۈگىمەس يولنى ئۆز ئايىغىم بىلەن مېڭىپ قانداقمۇ چىدارمەن؟ گېزىتتە مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ ئىشخانىدىن مېھمانخانىغا ئاران 100 مېتىر كېلىدىغان يولنى پىكاپ بىلەن بېرىپ - كېلىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. مەن ئەمىلىم كىچىك بولسىمۇ باشقارما باشلىقى دەرىجىسىگە توغرا كېلىمەن، يەنە تېخى تاڭ رەئىس جۇمھۇرنىڭ ئالاھىدە ئەلچىسى، رىۋىزور مەن، مېنىڭ ئاتلىق يول يۈرگىنىممۇ خىزمەتتە پاك، ئىنساپلىق بولغانلىقىم.

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا ئاق بوز ئات توغرا كەلمەپتۇ.

ئۇنداق بولسا، ئۈچىنچى شاگىرتىم شامانىراكىچۇ؟ (تەرجىماندىن ئىزاھات: شامانىراكا — بۇددا ئاتالغۇسى بولۇپ، ئىستىقامەت قىلغۇچى دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.) ئۇ كۈچ - قۇۋۋەت، ئىستىقامەت - ئىخلاس جەھەتتە باشقا ئىككى بۇرادىرىگە يېتەلمەيدۇ، لېكىن تاپا قىلماي، زارلانماي، قاقشىماي باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ، ھازىرقى كۈندە ئۇنىڭدەك قۇلىقى يۇمشاق، گەپ ئاڭلايدىغان خادىم ئاز قالدى. ئۇ ئىش ئورنىدىن كېتىپ قالسا، ئەپكەش كۆتۈرىدىغان ئىشنى كىم قىلىدۇ؟

مايمۇنجان تەنتەك، ھولۇلۇپ، ئۆزىنى ناھايىتى ئۈستۈن چاغلايدۇ، ھاكاۋۇر.

پەرھىزكار چوشقىباي سىلاۋىنايا (تەرجىماندىن ئىزاھ: سىلاۋىنايا — بۇددا ئاتالغۇسى، سەككىز ئىشتا، يەنى جانلىقلارغا زۇلۇم قىلماسلىق، ئوغرىلىق قىلماسلىق، ھارامخورلۇق قىلماسلىق دېگەندەك سەككىز پەرھىزگە ئەمەل قىلغۇچى دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ.) بولسا قورسىقىغا ئامراق، نەپسى تويماس، قاشاڭ، ھۇرۇن.

يەنە شۇ ئىستىقامەتچى شامانىراكا جانغا ئەسقاتىدىكەن. بۇ



مەغرىب سەپىرىدە شامال تېگىپ زۇكام - پۇكام بولۇپ قالسام، سۇ توشۇپ چاي - پاي قاينىتىدىغان، ئاش - تاماق ئېتىدىغان، كىر - قات يۇيىدىغان ئادەم بولمىسا بولماس؟

ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇش ھۆججىتىدىكى شەرتلەرگە قارىغاندا، ئىككىنچى شاگىرت، پەرھىزكار چوشقىباي سىلاۋىيانانى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق خادىملارنى قىسقارتىش توغرىسىدىكى خەۋەر تارقىلىشى بىلەنلا ئۇ چوشقىباي كاتتا باي قىبىناتىسى — مۇشاۋىر غوجامنى ماڭدۇرۇپ، بىر تال ئالتۇن بويۇن زەنجىرى، ئۈچ دانە گۆھەر كۆزلۈك ئۈزۈكنى يارىشىق دەپ ئەۋەتىپتۇ. ھەي ي - ي . . . باشقىلار سۇڭگۈتكەن يارىشىقنى ئالغان ئادەمنىڭ تىلى تۇتۇق بولىدىكەن. شۇنداق تۇرسا ئۇنى قانداقمۇ ئىش ئورنىدىن ھەيدىۋەتكىلى بولسۇن؟! ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ چوشقىباي قولىدىن ھېچقانداق ئىش كەلمەيدىغان ئادەممۇ ئەمەس، ئۇنىڭ ئاغزىدا گېپى بار، خۇشامەتچىلىكنى قاملاشتۇرالايدۇ. ئىنساپ بىلەن گەپ قىلسام، چوشقىباينىڭ بەزى گەپلىرىنى ئاڭلىسام ھەقىقەتەن كۆڭلۈم ئېچىلىپ قالىدۇ. ئادەمنىڭ ئىچى سىقىلىدىغان مەغرىب سەپىرىدە شۇ چوشقىباي بولسىلا كۈلكە - پاراڭ كەم بولمايدۇ.

بۇلارنى ئىش ئورنىدىن قالدۇرۇشقا توغرا كەلمەيدىكەن. چوڭ شاگىرت مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭنى ئىشتىن ھەيدەش كېرەك بولدىمۇ؟ مايمۇنجان زېرەك مۇھاپىزەتچى، ئۇنىڭ ماھارىتى ئۈستۈن. بىراق ھازىر ھەممىمىز قانۇن - تۈزۈملۈك جەمئىيەتتە ياشاۋاتىمىز، ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھلىقىنىڭ كاتتا سامگاھىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى دۆلەتنىڭ قايسى بىرىدە ساقچى ماشىنىلىرى ئالدىدا مېڭىپ يول ئاچمىسۇن، ھەربىي ئەترەتلىرى چاجاڭ ئۇرۇپ قوغداپ ماڭمىسۇن؟ ئوغرى - قاراقچى دېگەن بىرنېمىلەر شەپىنى ئاڭلار - ئاڭلىمايلا شىپىندەك

قېچىۋاتسا، مايمۇنجانغا خەۋپلىك چاغدا كارامىتىنى كۆرسەتمىدىغانغا نېمە پۇرسەت چىقار؟ ھە، تېخى سۇن ۋۇكۇڭ دېگەن بۇ بىرنېمە ئۆزىنىڭ رەھبەرلىرىنى كۆزگە ئىلمايدۇ، خالىغىنىنى قىلىدۇ، تەنتەك، ئۇنىڭ نەزىرىدە تەشكىل - پەشكىل، ئىنتىزام - پىنتىزام دەيدىغان نەرسە يوق؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەرشنىڭ شاپتۇلىنى ئوغرىلاپ يېگەن، ئەرشنى مالىماتاڭ قىلغان شالتاقلىرى بار. ھەقىقەتچى تاتىھاگاتو (بۇددا ئەۋلىياسى بولغان ساكيامونىنىڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ھەقىقەتچى، ھەق دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ — تەرجىمان ئىزاھى)، ئەرش شاھىنشاھى، شەپقەتلىك ئاۋالوكتسۋارا بۇۋىم، ھۆر - پەرى ۋاڭمۇ ئانامىلىرىمۇ رەنجىتكەنىكەن. مانا شۇنداق قەرەللىك پارتلايدىغان بومبىنى ئۆز يېنىمدا ساقلىسام، ئەھۋال دائىم شۇنداق تۇرۇۋەرسە يۇقىرىدىكى رەھبەرلەرمۇ ماڭا ئۆچ بولۇپ قالماسمۇ؟ بۇ ئىشنى كېچىكتۈرۈپ يۈرمەي، بۇ بالاخورنى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىتاي!......

ئىككىنچى كۈنى، مايمۇنجان پاسىق سۆڭەك ئالۋاستىنى بەيگۇجىنغا ئۈچىنچى قېتىم زەربە بېرىۋاتقاندا، تاڭ سامگاھى ئۇنى پۇقرانى خاتا زەخمىلەندۈردى، دېگەن باھانە بىلەن ئىشتىن بوشىتىۋېتىپتۇ.

تاڭ سامگاھى مەغرىب سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئاستىدا ئاق بوز ئات، سول تەرىپىدە خۇشامەتگۇي، ياغلامچى چوشقىباي، ئوڭ تەرىپىدە بولسا ئىستىقامەتچى ئەپكەش كۆتۈرگەن سامانىراكا. بۇلار ماڭا - ماڭا، قايسى بىر دۆلەتكە بېرىپ قاپتۇ. ئۇ دۆلەتنىڭ ھاۋاسى، ئادەملىرى ئۇلۇغ تاڭ پادىشاھلىقىدىن پەرقلەنمەيدىكەن، شۇڭا ئۇلار ئۆز يۇرتىغا كېلىپ قالغاندەك بوپتۇ.

شۇ دۆلەتنىڭ مېھمان كۈتۈش باشقارمىسى تاڭ راھىبىغا ۋە ئۇنىڭ شاگىرتلىرىغا كاتتا زىياپەت بېرىپتۇ. شىم -



كاستۇملىرىنى قاتۇرۇپ دەزماللىغان، بەتىنكىلىرىنى ۋاللىدىتىپ مايلىغان، سالاپەتلىك بىرنەچچە يوغان قورساق ئادەم ئىككى ياندا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ.

زىياپەت ئاخىرلىشاي دەپ قالغاندا:

— تاڭ سامگاھىنىڭ گۆشى داستىخانغا كەلتۈرۈلسۇن! — دېگەن ئۈنلۈك بىر ئاۋاز چىقىپتۇ.

قارىسا ھېلىقى يوغان قورساق بورداقلارنىڭ بىرسى تۈۋلىغانىكەن. بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغان تاڭ سامگاھىنىڭ ئەرۋاھى ئۈركۈپتۇ، ئەزايى تەرگە چۆمۈلۈپتۇ.

دەل شۇ چاغدا بەستلىك ئىككى ئادەم دۈپۈلدەپ كېلىپ، ئۇنى مۈكچەيتىپ بېسىپتۇ، ئۇ:

— سىلەر... بۇ... سىلەرنىڭ نېمە قىلغىنىڭلار... — دەپتۇ تىترەپ تۇرۇپ دۇدۇقلاپ.

— بىز بىر ۋاخلىق تامىقىمىزدا بىر كالىنى يەۋېتىمىز، — دەپتۇ ھېلىقى بورداق قاقاقلاپ كۈلۈپ، — ئاسماندا ئۇچىدىغان، يەردە ماڭىدىغان، سۇدا ئۈزىدىغان، توپا ئىچىدىن ئۈنۈپ چىقىدىغان نەرسىلەرنى، دۆلەت قوغدايدىغان ھايۋاناتلارنىڭ ھەرقانداقى بولسىمۇ مەيلى، ھەممىسىنى يەۋېرىمىز! سەن يىراق يەردىن كەلگەن راھىب ئىكەنسەن، سېنى يەۋەتسەك تېخى ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرىدىكەنمىز. ئۇخلىغاندا چۈشىمىزدىمۇ چىقمايدىغان ئارزۇيىمىزدەك ئىش بولۇۋاتىدۇ، سېنى يېيىشكە نېمىدەپ پېتىنالمايدىكەنمىز؟

سورۇندىكى ھەممە ئادەم قىقاس كۆتۈرۈپ كۈلۈشۈپتۇ:

— بۇنىڭ گۆشىدىن قورۇما قىلايلى، ياغدا پىشۇرۇپ يەيلى، شورپا سالايلى، دۈملىمە قىلايلى، ھورداپ پىشۇرايلى...

— تاڭ سامگاھى زىياپەتكە داخىل بولىدىغان بولدۇق. بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، پوكانچىغا ئوخشايدىغان بىرنەچچە

ئادەم ھە ـ ھۇ دەپ تۇۋلىغىنىچە پىچاقلىرىنى تەڭلەپ كەپتۇ .

دەل شۇ چاغدا :

— ھاھ ! — دېگەن ئاۋاز چىقىپتۇ .

سورۇن جىمجىت بىر ھالغا كەپتۇ . تاڭ سامگاھى كۆزىنى ئېچىپ قارىسا ، شەپقەتچى بۇۋىم كەلگەنىكەن . تاڭ سامگاھى دەرھال تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تەزىم بىلەن تەشەككۇر ئېيتىپتۇ . ئاخىردا يېلىنىپ :

— ئالدىنقى كۈنى خاتالىشىپ ، مايمۇنجاننى ئىشتىن بوشىتىپ سالىپتىمەن ، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىمغا مانا بۇ بالا ـ قازا كەلدى . ئەگەر مايمۇنجان بۇ يەردە بولغان بولسا ، بۇنداق بالا ـ قازا كەلمىگەن بولاتتى . بۇۋىم ، شەپقەت قىلسىلا ، مايمۇنجان ئورنىغا قايتىپ كېلىپ ئىشلىۋەرسۇن ، — دەپتۇ .

— ئۇ تەنتەك مايمۇننى ھەيدىۋەتكەن ئىكەنسىز ، بوپتۇ ، كېتىۋەرسۇن ، سىزگە باشقا بىر يېڭى شاگىرت تېپىپ بەرسەم قانداق ؟ — دەپتۇ شەپقەتچى بۇۋىم .

— كىم ئىكەن ئۇ ؟ — دەپ دەرھال سوراپتۇ تاڭ سامگاھى .

— ئەنە ، ئاۋۇ كىشى ، — دەپ شەپقەتچى بۇۋىم بىر بورداقنى كۆرسىتىپتۇ .

تاڭ سامگاھىنىڭ جان ـ ئىمانى چىقىپتۇ :

— ھە ؟ ! شۇ ئادەم . . . . ئۇ قانداق بولغىنى ؟ . . . جىن ـ ئالۋاستىلارنى ، دېۋىلەرنى بويسۇندۇرالارمۇ ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن ؟ — دەپتۇ شەپقەتچى بۇۋىم كۈلۈپ تۇرۇپ ، — موشۇنىڭغا ئوخشاش بىر تۈركۈم ئادەم دۆلەتنىڭ 500 مىليارد پۇلىنى بىر يىلدىلا يالماپ ـ يۇتۇۋەتكەن تۇرسا ، چاغلىق بىرنەچچە ئالۋاستىنى ھام دەپلا يەپ قويىدۇ . بۇنداق ماھارەت تەنتەك مايمۇندىمۇ يوق . خاتىرجەم بولۇڭ .

تاڭ سامگاھى بۇ گەپكە ئىتائەت قىلىپ ، ھېلىقى بورداقنى



چوڭ شاگىرتلىققا قوبۇل قىپتۇ .

ئۇ بورداقنىڭ قالتىس ئىكەنلىكىنى كىم ئويلىسۇن ، ئۇ يول بويى «پۇۋ» دېمەي يەۋېرىپتۇ ، جىن ـ شەيتان ۋە ئالۋاستىلارنى يەپ ، جىننى ئېلىپ يەردە قويۇپتۇ ، تاڭ سامگاھىنى تىنچ ـ ئامان مەغرىبكە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ .

كېيىن ئاڭلىساق ، ھەقىقەتچى ئىگەم ئاتاگاتا ھېلىقى بورداقنى كۆرۈپ ئۆڭۈپتۇ ، موشۇنداق پاك بۇددا دىيارىغا بۇنداق ئادەم قانداق كىلىپ قالغاندۇ ؟ دەپ ئويلاپ ، ئۇنى ئەپلەپ ـ سەپلەپ يولغا سېلىۋېتىپتۇ . شەپقەتچى بۇۋىمنىڭ تەكشۈرمەي ئادەم ئىشلەتكەن خاتالىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا بىر چوڭ گۇناھ پۈتۈپتۇ . بۇلار كېيىنكى گەپلەر ئىكەن .

(يى بىن ئىمزاسىدىكى بۇ ئەسەر «فېلىيەتون» گېزىتىنىڭ 2000 ـ يىل 14 ـ ئىيۇل سانىدا ئېلان قىلىنغان . قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )



مايمۇنجان سۈن ۋۇكۇڭنىڭ ئىش ئورنىدىن بوشىتىلىشى

# پەرھىزكار چوشقىباينىڭ مەنسەپكە كۆتۈرۈلۈشى توغرىسىدا قىسسە

مەغرىبكە بېرىپ بۇددا «كالامۇللا» سىنى ئېلىپ كېلىش يولىدىكى چىرايلىق مەنزىرىلىك يەرلەر غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىنىڭ بارغانسېرى تەرەققىي قىلىشى بىلەن پەيزى ساياھەتگاھلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەغرىبتىن «كالامۇللا ئەكەلدۈرۈش ئىدارىسى» نىڭ خىزمەت كۆلىمىمۇ بارغانسېرى كېڭىيىپتۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەرش شاھىنشاھى مەغرىبتىن كالامۇللا ئەكەلدۈرۈش ئىدارىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن يەنە بىر مۇئاۋىن باشلىق قويۇلسۇن دەپ ئەمر - پەرمان چۈشۈرۈپتۇ ۋە بۇنىڭغا لايىق ئادەم تاللاشنى شۇ ئىدارىنىڭ باشلىقى بىلەن تاڭ (سۇلالىسىنىڭ) سامگاھىغا تاپشۇرۇپتۇ.

تاڭ سامگاھى يارلىقنى تاپشۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، بىر تەرەپتىن خۇشال بوپتۇ، يەنە بىر تەرەپتىن غەمگە پېتىپ قاپتۇ. مۇئاۋىن باشلىق قوشۇلغىنى ياخشى ئىش، بۇ ئىش كىشىنى ئەلۋەتتە خۇشال قىلىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا كىمنى كۆرسىتىش كېرەك؟ بۇنىڭغا باش قاتۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. تاڭ سامگاھى ئۆزىنىڭ ئىلگىدىكى بىرنەچچە ئادەمنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپتۇ، ئۇلار كالامۇللانى ئېلىپ كېلىش جەريانىدا ئوبدان مۇھاپىزەتچىلىك قىلغان ئادەملەر ئىكەن. شۇڭا ئۇلارنىڭ قايسىسىنى تاللاش توغرىسىدا بىرقارارغا كېلەلمەي، رەھبەرلىك نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر ئويلىنىپ كۆرۈشكە



مەجبۇر بوپتۇ. بولۇپمۇ ئۆزىگە مۇئاۋىن تاللاش تولىمۇ مۇھىم ئىش ئىكەن، چۈنكى ئۆزىگە ئوبدان ماسلىشالايدىغان ئادەمنى تاللاش كېرەك - دە.

مايمۇنجان سۇن ۋۇكۇڭ يارارمۇ؟ قىلىۋاتقان خىزمەتلىرىنى دېسەم، ئۇ مايمۇنجان ھەممىنىڭ ئالدىدا تۇرىدۇ. لېكىن ئىككى چوڭ ئەيىبى بار. بىرى — ئۇ ئۇلۇغلارنى، كاتتا تۆرە - بەگلەرنى كۆزىگە ئىلمايدۇ، ھەتتا شاھىنشاھ ئالدىدىمۇ غادىيىپ تۇرىدۇ، «سالام - تەزىم» نىمۇ، «ئىلتىپاتلىرىغا رەھمەت» دېيىشنىمۇ بىلمەيدۇ؛ تېخىمۇ تاپتىن چىقىپ كەتكەن يېرى شۇكى، بۇدساتۋانى «ئۆمرۈڭ تۇللۇقتا ئۆتكەي!» دەپ تىللىغانىكەن. مېنى تېخىمۇ كۆزىگە ئىلمايدۇ. ئىككىنچىدىن — تەنتەك. ھەرقانداق ئىشتا قاراملىق قىلىدۇ، جىن - ئېزىتقۇلار قولىغا چۈشۈپ قالسا ئاياپ قويمايدۇ، ئەرش رەھبەرلىرى ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ تولىسىنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇپتۇ، راھىبلارنىمۇ رەنجىتىپتۇ، بۇتلارنىمۇ رەنجىتىپتۇ، شۇڭا مەن ئۇستازى بولۇش سۈپىتىم بىلەن رەھبەرلەر ئالدىدا تىلىم قىسىلىپ تۇرۇپتىمەن. بۇنداق ئادەملەرنى قورال - سايمان ئورنىدا ئىشلەتسە بولار، رەھبەر قىلىشقا بولمايدۇ.

شامانارا كا قانداق؟ ئۇ تېخىمۇ يارىمايدۇ. ئۇ ئىشنى باش چۆكۈرۈپ ئىشلەيدۇ، ئەمگىكىمۇ بار، تۆھپىسىمۇ بار، ئادەملەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىمۇ ياخشى. بىراق ئۇ ئارقا سەپتىن تەمىنلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، خىزمەت دائىرىسى تار، ئۇنىڭ ئۈستىگە، يېڭىلىق يارىتىش ئېڭى كەم، پالاقلاپ يۈرۈپ كالىدەك ئىشلەشنىلا بىلىدۇ، يەنە كېلىپ تولىمۇ گول، گالۋاڭ؛ جانلىق ئىشلەشنى بىلمەيدۇ.

مۇنداق قارىغاندا، چوشقا تۇمشۇق پەرھىزكار جۇباجى يارايدىغاندەك قىلىدۇ. ئۇ قورسىقىغا ئامراق، ئۈيقۇچان،

شەھۋەتپەرەس بولسىمۇ، بەزىدە يانپېشىغا ئۇرۇپلا يالغان سۆزلەيدىغان، مەمەدانلىق بىلەن گەپ يورغىلىتىدىغان بولسىمۇ، نامى ئانچە ياخشى بولمىسىمۇ، لېكىن ياخشى تەرەپلىرىمۇ يوق ئەمەس. بىرىنچىدىن، رەھبەرلىك بىلەن بىرلىكنى ساقلاشقا ماھىر. مەن نېمە دېسەم، ئۇ ھەم شۇ دەيدۇ ۋە قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ؛ ئۇ مەن بىلەن پىچىرلىشىدۇ، خىزمەتداشلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋاللارنى ۋاقتىدا ئىنكاس قىلىپ تۇرىدۇ؛ رەھبەرلەرنىڭ غېمىنى يەيدۇ، مېنى بىرقانچە قېتىم سەيلىگاھقا تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ باردى، يېمەك - ئىچمىكىمنى، ياتاق خىراجەتلىرىمنى كۆتۈردى، ئويناتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە قىممەت باھالىق بىرنەرسىلەرنى يارىشىق قىلىپمۇ بەردى. مەن ئۇنى ئىچ - ئىچىمدىن «ئۆز ئادەم» دەپ قارايمەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ گەپكە ئۇستا، ئاقنى قارا دېيەلەيدۇ، يالغاننى راستقا ئايلاندۇرالايدۇ، خاتانى توغرىغا چىقىرالايدۇ، ئۇ گەپ بىلەن كۆڭۈلنى ئېچىشتا، شىلامچىلىقتا خې شېندىن قېلىشمايدۇ ( خې شېن — مىلادىيەنىڭ 1750 — 1799 - يىللىرى پادىشاھ چيەنلۇڭ دەۋرىدە ياساۋۇللۇق دەرىجىسىدىن ھەربىي ۋەزىرلىك دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن مەنسەپدار، مانجۇ مىللىتىدىن. ئۇ كاتتا مەنسەپتە تۇرغان 20 نەچچە يىل ئىچىدە پادىشاھنىڭ دالدىسىدا ئەتراپىغا ئادەم توپلاپ، پارا ئېلىپ، خىيانەت قىلىپ، زالىملىقتا چېكىگە يەتكەن. ئاخىر 20 تۈرلۈك جىنايەت بويىنىغا چۈشۈپ، بارلىق مال - مۈلكى مۇسادىرە قىلىنىپ، ئۆزىنى ئۆلتۈرۈش جازاسىغا مەھكۇم بولغان. خەنزۇچە «سۆز ئوكيانى» ناملىق لۇغەتنىڭ 1740 - بېتىگە قاراڭ — تەرجىماندىن ئىزاھات ). مانا بۇ تەرىپى ناھايىتى مۇھىم، بولۇپمۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق قاملاشقان ئادەم ئاز تېپىلىدۇ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ بالا قورساق. ئۇ قېيناتىسىنىڭ ئۆيىدە ئەتىگەنلىك چايدىلا بىرەر يۈز توقاچنى گەپ يوق



يەۋەتكەن، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۇنى باقمىقى ھەرھالدا قىيىن. لېكىن مەن بار يەردە يېمەك - ئىچمەك ھۆكۈمەتتىن بولغاچقا، يېمەك - ئىچمىكىنى كۆتۈرەلمەسلىك مەسىلىسى مەۋجۇت ئەمەس. بەزى سورۇندا مېنىڭ ئېغىرلىقىمنىمۇ كۆتۈرۈپ كېتەلەيدۇ. تۆتىنچىدىن، ئۇ قوپال، دەلتىرەك، خاپاڭ كاللا، گوموش؛ قولىدىن چوڭ ئىش كەلمەيدۇ. لېكىن دېئالېكتىك قارىساق، بۇلار ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر. چۈنكى ئۇنىڭدىن ماڭا يامانلىق كەلمەيدۇ، مۇئاۋىنى بىرىنچى باشلىقنى ئۆلتۈرۈۋېتىدىغان پاجىئە تۇغۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ۋەھاكازا. بولدى، شۇنى تاللىغىنىم تاللىغان. مەن شۇ پەرھىزكارنىڭ ئۈستىدىكى باشلىق بولغاچقا، مېنىڭ تاللىغىنىم ھەرھالدا ماقۇل كۆرۈلۈپ قالار.

دەرۋەقە، بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا پەرھىزكارنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشكە يۇقىرىدىن ئادەم كەپتۇ. ئىدارىدىكىلەرنىڭ تولىسى پەرھىزكارنى يارىمايدۇ دەپ باش چايقىغان بولسىمۇ، تاڭ سامگاھىنىڭ پىكرى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېلىنىپتۇ، يەنە بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەرش شاھىنشاھى ھۇزۇرىدا ئېچىلغان بىر مەجلىستە پەرھىزكارنى ۋەزىپىگە قويۇش مەسىلىسى مۇزاكىرە قىلىنىپ، «ئاز سانلىق ئادەم كۆپ سانلىق ئادەملەرنىڭ پىكرىگە بويسۇنىدۇ» دەيدىغان پرىنسىپ مەۋجۇت تۇرسىمۇ، مەجلىسكە قاتناشقان كۆپ سانلىق رەھبەرلەر ئەمەلىي ئەھۋالدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ پىكرىنى ماقۇللاپتۇ. شۇنداق قىلىپ، شاھىنشاھ: پەرھىزكار مەغرىبتىن كالامۇللا ئەكېلىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىقىغا تەيىنلەندى، دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ.

پەرھىزكار خىزمەتكە تەيىنلىنىپ ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتمەي، تاڭ سامگاھى ئىلگىرى بارغان يەرلىرىنى — ھىندىستاننى قايتا ساياھەت قىلىپ كېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. پەرھىزكار ئۇنىڭ قىلغان شەپقەتلىرىگە تەشەككۈر بىلدۈرمەكچى بولۇپ:

ئۇستازىم ، سەپەرلىرىنىڭ ئاسان بولۇشى ئۈچۈن ، ئەزىم دەرياغا بالدۇرراق بىر ھەسەن ـ ھۈسەن كۆۋرۈكى سالدۇرۇش خىيالىم بار ، دەپتۇ ۋە بۇ ئىشنى تەشكىللەشكە مەسئۇل بولۇشنى ئۆز زىممىسىگە ئاپتۇ . كۆۋرۈكنى قۇرۇش ئىشى ناھايىتى تېز بوپتۇ . شۇنداق چوڭ بىر كۆۋرۈك 10 نەچچە كۈن ئىچىدىلا پۈتۈپتۇ . تاڭ سامگاھى ناھايىتى خۇشال بولۇپ ، شاگىرتلىرى بىلەن يولغا چىقىپتۇ . نەدىمۇ خىيالىغا كەچسۇن ، ئەزىم دەريا بويىغا بېرىپ ، كۆۋرۈككە چىقاي دەپ تۇرغاندا ، پۈتۈن كۆۋرۈك «گۇلدۇر ـ غالاپ» قىلىپ ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ . تاڭ سامگاھى «ئامىتابا !» دەپ دېمىنى ئىچىگە تارتىپتۇ . بۇ ۋەقە ئەرشتىكىلەرنى چۆچۈتۈپتۇ . ئۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن ئادەملەر ئەھۋالنى تەكشۈرۈپتۇ . تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە ، كۆۋرۈكنىڭ قۇرۇلۇشى پاخپاق ئىكەن ، 30 ئادەم ئۆلۈپتۇ ، 40 ئادەم زەخىملىنىپتۇ ، بىۋاسىتە ئىقتىسادىي زىيان 15 مىليونغا يېتىپتۇ . بۇ ۋەقەنىڭ مۇنداق ئىككى سەۋەبى بار ئىكەن : بىرى — پەرھىزكار رەھبەرگە خۇشامەت قىلىمەن دەپ ، قۇرۇلۇشنى سۈپىتىگە قارىماي ئالدىراتقانىكەن ؛ يەنە بىرى — پەرھىزكار قۇرغۇچى ئورۇندىن ئىككى يېرىم مىليون پارا ئالغانىكەن ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، سەككىز نەپەر سەتەڭ قىز ـ چوكان ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز كۈتۈپتۇ . شۇنىڭ بىلەن قۇرغۇچى ئورۇنلار قولىنىڭ ئۇچىدىلا ئىشلەپتۇ ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ئوغرىلاپتۇ ، يارىماس ماتېرىياللارنى ئىشلىتىپتۇ . بۇنىڭغا قانداق چارە كۆرۈلۈشى ، جاۋابكارلىق قايسى دەرىجىدىكى ئادەملەرگىچە سۈرۈشتۈرۈلىدىغانلىقى كېيىنگە قاپتۇ . شاماناراكا ، مايمۇنجانلار تۆت كۆز بولۇپ قاراپ قاپتۇ .

(لى زيۇەن ئىمزاسىدىكى بۇ ساتىرا «فېلىيەتون» ژۇرنىلىنىڭ 2001 ـ يىل 23ـ مارت ساندا ئېلان قىلىنغان . قىسمەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى . )



# يېڭى يېزىلغان كونا تەسىرات

## ئۆمۈر تارىخىمنىڭ بىرنەچچە ۋارىقى

### (خاتىمە ئورنىدا)

1

«تەڭرىتاغ» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانى ئالدىمدا تۇرۇپتۇ . ئاپتور تىلەكنىڭ مەن توغرۇلۇق «لۇشۇننىڭ جىنى چاپلاشقان ئادەم» سەرلەۋھىلىك تەزكىرە — نامۇئەمەل تەرىقىسىدە يازغان ماقالىسىنى ئوقۇپ ، بەزى كونا ـ يېڭى تەسىراتلىرىمنى ئەسلەپ قالدىم .

1945 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ قوماندانلىقى ئاستىدىكى تاشقورغان پارتىزانلىرى تاشقورغاننى قولىغا ئالغاندىن كېيىن ، قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلىپ ، بۇلۇڭكۆل ، مىڭتېكە ، يەكەن ، يېڭىسار قاتارلىق جاي- لاردىنمۇ غەلىبىلىك ئىلگىرىلەپ ، قەشقەر كونىشەھەرگە 50 كىلومېتىردەك ئارىلىق قالغان تاشمىلىق كەنتىدە گومىنداڭنىڭ قەشقەر كونىشەھەر مۇداپىئەسىدە جانبازلىق بىلەن تىركىشىپ تۇرغان جاھىل قوشۇنلىرى بىلەن پىداكارانە سوقۇشۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ، گومىنداڭنىڭ قەشقەر ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ «تۇتقۇن قىلىش ئەترىتى» تەرىپىدىن قولغا ئېلىندىم . تاشلانغان يېرىم ، بەزى گەپلەرگە قارىغاندا ، قەشقەر يېڭىشەھەرلىك بىر ئادەم ئۆلۈم جازاسى بەدىلىگە پۇل تۆلەپ سالدۇرۇپ بەرگەن قەشقەر كونىشەھەر قۇمدەرۋازىسى يېنىدىكى

سۇرلۇك ، ھەيۋەت قارا دەرۋازىلىق تۈرمە . بۇ بىرەر يۈز يىللىق كونا تۈرمىنىڭ ئۆز ۋاقتىدا «كامېر» دەپ ئاتىلىدىغان قاماقخانىلىرىدا مەھبۇسلارنىڭ ياتىدىغان يېرى زەيدەپ كەتكەن داق يەر . تاملىرىنىڭ قېلىنلىقى تۇپتوغرا بىر مېتىر كېلىدىغان ، پۈتۈنلەي سېپىل تاملىرىنىڭكىدەك يوغان كېسەكتىن ياسالغان بۇ قاماقخانىلاردا كارىۋات ياكى كاڭ تۇگۇل ، نە يوتقان ، نە كۆرپە دېگەن نەرسە بولسا كاشكى . مەن تاشلانغان كامېردا داق يەرنىڭ ئۈستىدە قاچاندىدۇر نامەلۇم بىرەر «مەھبۇس» تىن قالغان كونا كىگىزدەك نەم بىر نەرسە يەرگە چاپلىشىپ تۇرۇپتۇ . ئەسلىدە ئۇ كىگىز ئەمەس ، كونىراپ- چىرىپ توپىغا ئايلانغان ئەسكى ماز كۆرپە ياكى يوتقان ئىكەن . ئىككى ئىلىك قېلىن تاختايدىن ياسالغان ، سىرتىغا بىر ئىلىك قېلىن تاسما تۆمۈر چاپرىسىغا مەزمۇت مىخلانغان ، ئەسكى قوتاننىڭ ئىشىكىدەك كونىراپ تېزەك رەڭگىگە كىرىپ قالغان ئىشىكنىڭ بېشىدىكى كىچىككىنە تۆمۈر سالاسۇنلۇق روجەكتىن چۈشۈپ تۇرغان يورۇقلۇقنىڭ ياردىمى بىلەن سىنچىلاپ قارىسا كۆرگىلى بولىدىغان تامغا چاچرىغان قان داغلىرى ۋە شۇ ئېغىر كۈنلەردىكى تاڭ ئاتماس كېچىلەردە ئادەمگە ئارام بەرمەيدىغان قىچىشىشلار ، ئەنە شۇ توپىغا ئايلانغان ئەسكى مازلارنىڭ ئاللىقاچان چۇسا ، بۈرگىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى . بىر كۈنى ئىچىم سىقىلىپ ، كىچىككىنە بىر پارچە مازنى ئۈزۈپ ئېلىپ يەرگە تاشلىسام ، ئۇنىڭ خۇددى سۇغا چۈشكەن يوپۇرماقتەك يەردە ئېقىپ ماڭغانلىقى ، شۇ مازنىڭ تېگىدىن بىر مۇنچە چۇسا چىققانلىقى ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ .

شۇ كۈنلەردە سوراقچىنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى . قىيناش ئۇسۇللىرى بىر - بىرىدىن دەھشەتلىك ھالدا تۈرلىنىپ تۇردى : سىلىق - سىپايە سوئال قويۇشتىن ، ھاراق بوتۇلكىسىنى تىكلەپ



قويۇپ «خۇمارداپ قالغانسەن» دەپ رومكا تۇتۇشتىن ، يىرىك شاخارغا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇشقا ، تامغا تارتىلغان بالداققا ئىككى قولىنى كېرىپ ئېسىپ قويۇشقا ، باشنى تۆۋەن ، پۇتنى ئاسمان قىلىپ تىكلەپ قويۇپ ، ئۇۋاق لازا چېلانغان لىق بىر داس سۇنى بۇرۇندىن قۇيۇشقا ، ھەتتا ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئوڭدىسىغا تېڭىپ ياتقۇزۇپ ، ئىككى پاچاقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئاستىغا دەستىلەپ خىش ياتقۇزۇشقا ، دەرىجىمۇدەرىجە ئارقىمۇئارقا شىددەتلىك ئۆزگىرىپ تۇردى . بىزدىكى «مىڭ ئۆلۈپ ، بىر تىرىلدىم» دېگەن گەپ ، ئېھتىمال ، ئەنە شۇنداق ئەھۋاللارغا قارىتىلغان بولسا كېرەك .

شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ياكى شۇ كۈنلەرنىڭ ئالدى - كەينىدە ، تۇتقۇن قىلىنىشىمنىڭ جىنايى دەلىللىرىگە ئائىت بىرەر ماتېرىيال ، بىرەر ھۆججەت ياكى بىرەر خاتىرە كۆرگىنىم يوق . پەقەت سوراق قىلىنىۋاتقان ، قىيىن - قىستاققا تارتىلىۋاتقان چاغلاردىلا ، سوراقچىلارنىڭ «ھوي ئەكسىلھەرىكەتچى ! . . .» ، «ھەي قىزىلپاچاق ! . . .» دېگەن دەشنام - تەئەددىلىرىلا قۇلىقىمغا كىرىپ تۇرىدۇ . شۇ كۈنلەردە «ئەكسىلھەرىكەتچى» ، «قىزىلپاچاق» دېگەن سۆزلەر «باسمىچى» ، «قوزغىلاڭچى» ، «قانخور جاللات» ۋە ئۇلاردىنمۇ يامان «كوممۇنىست» دېگەن سۆز ئىكەنلىكى ھەممىگە ئايان ساۋات ئىدى . شۇنداق بەتنامغا قالغان ئادەملەرنىڭ تۈرمىدىن ھايات چىقىشى قىيىن ئىدى . قىيىن - قىستاقلارنىڭ زەربىسى بىلەن كېسەل بولۇپ ، قورايدەك ئورۇقلاپ ، بىر تېرە ، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان بولسامۇ ، لېكىن سوراقچى جاللاتلار سوراقتىن نەتىجە چىقىرىپ ، ئۆز خوجايىنلىرىنىڭ كۈتكەن ئارزۇلىرىنى ئورۇنداپ ، كۆرسەتكەن «خىزمەت» لىرى ھېسابىغا ياغ چايناش مەقسىتىدە كۈنلەرنى تەقەززالىق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىرايتتى . خەلق دۈشمەنلىرىنىڭ ، مۇستەبىت

زالىملارنىڭ كۈتكەن ئارزۇلىرىنىڭ ئەكسىچە، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ غەلىبە بىلەن بېسىۋاتقان زەبەردەست قەدەملىرى گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنى قۇيرۇقىنى قىسىپ، تىنچلىق بىتىمىگە قول قويۇشقا مەجبۇر قىلدى. 11 ماددىلىق تىنچلىق بىتىمىنىڭ قۇدرىتى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇم ۋاستىلىرىدىن بىرى بولغان سىياسىي تۈرمىلەرنىڭ قارا دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ تاشلىدى. 1947 - يىلى ئەتىيازدا تۈرمىدىن ئازاد بولۇپ چىقتىم.

ئەپسۇسكى، ئەركىن نەپەس ئالىدىغان ئازاد كۈنلىرىم ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. 11 بىتىمنىڭ كۈچى بىلەن قوراللىق ئۇرۇش توختىغان بولسىمۇ، لېكىن گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرى بىلەن ئۈچ ۋىلايەتنى بازا قىلغان خەلقچىل ئىنقىلابچىلار ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي كۈرەش بارغانسېرى كۈچىيىپ باردى. مەغلۇبىيەتكە كۆزى يەتكەن ئەكسىيەتچى كۈچلەر ئاخىر يەنە بۆرە جۇۋىسىنى كىيىپ، ئاشكارا تېررورلۇق يولىغا كىردى. 1947 - يىلى 22 - ئىيۇل، كەچ. كۆزۈم لۆڭگىدەك بىرنەرسە بىلەن كۆرمەس قىلىپ تېڭىلغان. قوراللىق بىرنەچچە ئەسكەر ئانداق ماڭ! ماياققا ماڭ! تېز ماڭ! دەپ مىلتىقلىرى بىلەن دۈشكەلەپ، ئاتۇش مەشەت قۇمباغدىكى ئۆيۈمدىن تىجەندىكى ساي بويىغا ھەيدەپ ماڭماقتا. ساي بويىغا بارغاندا تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇشتى. گويا ھېلىلا ئېتىپ تاشلايدىغاندەك ئەلپاز بىلەن «قىمىرلاشما!» دەپ ۋارقىرىشىدۇ. يان تەرىپىمدىن «ئى، ئاتۇش زېمىنى، گۇۋاھ بول، بىر گۇناھسىز، بىگۇناھ ئۆلتۈرۈشۈۋاتىدۇ! ئاھ خۇدا...» دېگەن بىر سادا ئاڭلاندى. تەلەپپۇزىدىن قارىغاندا، شۇ چاغدا ئاتۇش ناھىيىلىك ھۆكۈمەتتە ئىشلەيدىغان خىزمەتدىشىم، مەسلەكدىشىم، شائىر مەھەممىدىن توختى ئىكەن. مەشەت بىلەن تىجەن ئارىلىقىدىكى غىلىڭ سايدا پۇت - قولنى كىشەنلەپ،



كۆزىنى تېڭىپ، ئۆلۈمگە مەھكۇم قىلىنغان گۇناھكارلارنى ئاتىدىغان چاغدىكىدەك تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزۇپ قويغان، قوراللىرىنى شاراقلىتىپ بەتلەپ - تەڭلەپ تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ دەشنامىلىرىدىن باشقا سادانى ئاڭلىغىلى بولمايدىغان شۇنداق سۈرلۈك بىر پەيتتە «ئاھ... ئۇھ...» دېگەندەك ۋىدا پىغانلىرى ھەقىقەتەن ئادەمگە ئۆلۈم ئوقىدەك تەسىر قىلماي قالمايدۇ. لېكىن ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد يوق ئەمەس. «مەھەممىدىنكا، يۈرەكنى ئەزمەڭ. ئۇلار بىزنى قېچىشنىڭ مەسلىھەتىنى قىلىشىۋاتىدۇ دەپ، يەنە ناھەق ئېتىپ تاشلىمىسۇن» دېدىم. دەرۋەقە، ئەسكەرلەردىن بىرنەچچىسى تەڭلا دېگۈدەك: «ھەي قىزىل پاچاقلار، ياۋاش بول!» دەپ ۋارقىراشتى. كېيىن قوڭغۇراقلىرىنى كولدۇرلىتىپ كەلگەن تۆت ئات قوشۇلغان ھەربىي ھارۋىلارغا بېسىپ، ئۈستىمىزدىن قېلىن بىرزېنت يوپۇق بىلەن چۈمكەپ، كېچىلەپ ماڭغىنىچە قەشقەر ھەربىي شتابىنىڭ ئاتخانىسىغا قامىدى، ئۇ يەردىن چوڭ تۈرمىگە ئېلىپ ماڭدى. شۇ جەريانلاردا مېنىڭ، شۇ جۈملىدىن باشقا بۇرادەرلىرىمنىڭمۇ ئاتا - ئانىمىز ئەزان ئېيتقۇزۇپ قويدۇرغان ئىسىملىرىمىز تولاراق «قىزىلپاچاق»، «قىزىل باندىت» قا ئايلىنىپ قالدى.

دەرۋەقە «قىزىل» دېگەن سۆز «كوممۇنىست» دېگەن سۆز. كوممۇنىست دېمەك، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلىپ تۇرغان زامانلاردا «گومىنداڭنىڭ دۈشمىنى» دېمەكتۇر. ھالبۇكى، ئەينى چاغلاردا مەن رەسمىي تەشكىلاتقا كىرگەن كوممۇنىست ئەمەس. لېكىن ئىنسانىي ھەقىقەت تەرەپدارىمەن. ئىنسانىي ھەقىقەت ۋە ئادالەت يولىدا قولۇمدىن كەلگىنىچە ئىشلىدىم، سۆزلىدىم، ھەتتا ئۇنى - بۇنى يازدىم — تەزكىرە قىلىپ تىلغا ئالغۇچىلىكى بولمىسىمۇ. ھەقىقەت يولىدا چەكلىك بولسىمۇ ئۇنى - بۇنى قىلغان،

سۆزلىگەن، يازغان ئادەمنىڭ «قىزىل پاچاق»، «قىزىل باندىت» ۋەھاكازا دېگەن بەتناملار بىلەن بۆھتان قىلىنىشى يېمىگەن مانتىغا پۇرىقىنى پۇرىغان دەپ پۇل تۆلىتىپ ئالغانغا ئوخشاش ئېچىنىشلىق بىر ئەھۋال ئەمەسمۇ؟

ئادەمنىڭ ياشلىق ۋاقتى تەنتەكلىك ۋاقتى. جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش بىلەنلا ئۇستىلەپ بېشىمغا كەلگەن قارا كۈنلەر ئۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇملاردىن كۆرە ئۆلۈمنى خالاپ قېلىشقا سەۋەبچى بولغان بولسا كېرەك. قۇمدەرۋازىسى تۈرمىسىدە ياتقان كۈنلەردە كامېر شارائىتىنىڭ دوزاختىن بەتتەرلىكى، سوراق ۋە قىيىن - قىستاقنىڭ دەھشىتى ئۈستىگە قان سىيىش كېسىلى بىلەن ئاغرىپ، كېچە - كۈندۈز كېسەل ئازابى تارتتىم. بىر كۈنى ئاستىمدىكى توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن مازدىن بىر پارچىنى ئاغرىقنىڭ ئاچچىقىدا ئىختىيارسىز ئىككى ئالقىنىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ يىمىرىپتىمەن. مازدىن تۇتۇندەك پۇراق چىقىپ قالدى. يەنىمۇ يىمىرىپ، ئوتتۇرىدىن ئۈزۈپ پۈۋلەپ قارىسام ئوت پەيدا بولدى. شۇنىڭ بىلەن ۋۇجۇدۇمغا باشقىچىلا جان كىردى. مازغا ئوت تۇتاشتۇرۇپ، تۈرمىگە ئوت قويۇپ ئىنتىقام ئېلىش خىيالىغا چۈشتۈم. لېكىن يەنە ئويلاپ قارىسام، مازنى يانغىن ھاسىل قىلغۇدەك دەرىجىدە ياندۇرۇش مۇمكىن ئەمەس. بۇ گۆدەكلەرچە خىيال بىردەملىك غەيرەت - جاسارەت كەلتۈرگەندىن كېيىن يەنە تېزلا غايىب بولدى. لېكىن تۈرمە ئازابى، تۈرمىدىن ھالقىپ كۆز ئالدىمدا نامايان بولغان ئىجتىمائىي زۇلمەتنىڭ ئېچىنىشلىق تەسىرى خىيالىمدىن كەتمىدى. بىر كۈنى كامېردىن ھويلىغا «ھاۋاغا سېلىش» قا چىقارغاندا، كۆزۈمگە چېلىققان بىر پارچە دەندان سۆڭەكنى كۆزەتچى ئەسكەرلەرگە تۇيدۇرماستىن كامېرغا ئېلىپ كىردىم. ئۇنى بىرقانچە كۈن يوشۇرۇن ھالدا تامغا، بوسۇغىغا، ئىشىكنىڭ كېشىكىگە بىلەپ - سۈركەپ ئۇچلۇق قىلىپ



تەييارلىدىم. ئاخىر دەرد ئۈستىگە دەرد قوشۇلۇپ، ھەم جىسمانىي، ھەم مەنىۋى ئازاب كۈچەيگەن بىر پەيتتە، دەل كۆكسۈمدىكى تۆشنىڭ يوچۇقىغا قاداپ تۇرۇپ ئۆزۈمنى تامغا ئۇردۇم. مەقسىتىم ئۆلۈۋېلىش يولى بىلەن ئىنتىقام ئېلىش ئىدى. ئۇچلۇق پىچاق ھالىتىگە كەلتۈرۈلگەن سۆڭەك تامغا ئۇرۇلۇشى بىلەن سىڭايان كېتىپ، كۆكسۈمنىڭ تېرىسىنى ئازغىنا گۆشى بىلەن يېنىچە تىلىپ تاشلاپتۇ. ئۆزۈم پېشانەم ۋە كۆكرىكىم بىلەن تامغا قاتتىق ئۇرۇلغاچقا زەربىدىن يەرگە گۈپۈلدەپ يىقىلىپ چۈشۈپتىمەن. بىخۇد ھالەتتە بېشىمنى كۆتۈرۈپ قارىدىم، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلغان، بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىماقتا، قاتتىق خىيالغا چۆكتۈم. ئالەم نېمىدېگەن قاراڭغۇ؟! جاھان نېمىدېگەن تار؟! قايسىبىر ئالىمنىڭ بىر مەشھۇر سۆزى ئېسىمگە كەلدى، ئۇ: «ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئىچى تىت - تىت بولۇشى، تاشقى ئامىللارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، كۆپىنچە يىراقتا كۆزى يەتمەي، كۆز ئالدىدىكىنىلا كۆرگەنلىكىدىن بولىدۇ» دەپتىكەن. شۇنداق، بىزدە ئەر نومۇستىن، توشقان قومۇشتىن ئۆلىدۇ، دېگەن گەپ بار. بىر مەنىدىن ئالغاندا، ئەگەر تېز يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توشقان ئالدىغا دۈچ كېلىپ قالغان، ئورغاقتا قىيا چېپىلغاندىن كېيىن خەنجەردەك ئۇچلۇق بولۇپ قالغان قومۇش كۆتىچەكچىلىرىدىن قاڭقىپ ياكى قېيىپ ماڭسا، قارنى يېرىلىپ ئۆلۈشتىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئېھتىمالى يوق بولمىسا كېرەك. جەبىر - زۇلۇم، ئىزا - ئاھانەتمۇ ئادەم ئۈچۈن تولا ھاللاردا جانغا تاقىلىدۇ. ئەگەر بۇنداق دەھشەتلىك زۇلۇمنى تاشقى ئامىل دەپ قارىساق، شۇ زۇلۇم ۋە زىيانكەشلىك ئۈستىگە ئۆزىنى ئۆزى مەيۈسلۈك ئوتىدا ئۆرتەش، ئۆزىنىڭ يۈرىكىنى ئۆزى سىقىپ تىت - تىت بولۇشقا ئوخشاش ھالەتلەرنىڭ ئۆزىمۇ تىرىك تۇرۇپ ئۆلگەن بىلەن باراۋەر بولىدىكەن.

ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەپ تولىمۇ راست ئېيتقانىكەن . كامېر ئىشىكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئالقاندەك چوڭلۇقتىكى نازارەت تۆشۈكىنىڭ قاپقىقى ئېچىلغانلىقىغا كۆزۈم چۈشتى ۋە «ھەي ، نېمە بولدى ؟» دەپ توۋلىغان ئاۋاز خۇددى يەرنىڭ تېگىدىن چىققاندەك ئاڭلاندى . ئېھتىمال ، شۇ چاغدا كۆزەتچى ئەسكەر يەرگە قاتتىق يىقىلغانلىقىمنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك ياكى يىقىلغاندىن كېيىن بىخۇدلۇقتا ئاھ ـ پىغان قىلغان بولسام كېرەك . ئەسكەرنىڭ سوئاللىرىغا نېمىدەپ جاۋاب بەرگەنلىكىمنى ۋە باشقا يەنە نېمە گەپلەرنى قىلغانلىقىمنى ھازىر ئەمەس ، شۇ چاغنىڭ ئۆزىدىمۇ ئەسلەپ تاپالمىغانىدىم . ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن خىيالىمغا كىرىپمۇ باقمىغان بىر ھادىسە يۈز بەردى : نازارەت تۆشۈكىنىڭ ياپقۇچى تاراق قىلىپ ئېچىلغاندەك بولدى ، كىتابقا ئوخشايدىغان بىر نەرسە پاق قىلىپ كامېر ئىچىگە چۈشتى . بۇ ياخشىلىقنىڭ بېشارىتىمۇ ياكى يامانلىقنىڭمۇ ؟ دەرھال ئورنۇمدىن يۆتكىلىپ بېرىپ قولۇمغا ئالدىم . كىتاب ! ئىشىك بېشىدىكى پەنجىرىدىن چۈشۈپ تۇرغان گۇڭگا يورۇققا تۇغرىلاپ ھەجىلەپ ئوقۇدۇم :

«لۇشۈن ئەسىرى : ئىسسىق شامال»

يىللاپ يالغۇز ياتقان ، ئېغىلدىنمۇ بەتتەر خۇنۇك ھەم زەيدەپ تۇرغان قاراڭغۇ كامېردا بۇ كىتابنىڭ بىردىنلا غايىبتىن چۈشكەن خىزىردەك پەيدا بولۇشى روھىي ھالىتىمدە ئاجايىپ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى . بۇ ئوڭۇممۇ ياكى چۈشۈممۇ ؟ قانداقلا بولمىسۇن بۇ بىر ياخشىلىقنىڭ بېشارىتى ! زۇلمەت باسقان دۇنيادىن قول ئۈزۈپ تۈگىشىپ كېتەي دەپ قېتىپ كەتكەن جەھلىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېسەل ئازابى ، دەندان پىچاق جاراھىتىدىن پەيدا بولغان زەھەردەك ئاچچىق ئاغرىق بىردىنلا مېڭەمدىن ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىمدىن يوقىلىپ كەتكەندەك



يېنىكلەپ قالدىم . تۇتۇلۇپ قالغان روھىي ھالىتىم خۇددى گۈلدەك ئېچىلىپ كەتتى . چۆللەردە ھەمراھ ئۇچرىغاندەك ، ماڭا ھەمراھ — كىتاب پەيدا بولدى ! كىچىكىمدىن تارتىپ ئوقۇشقا ھېرىس بولغانلىقىم ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ، ئاز ـ تولا ساۋاتلىق بولغانلىقىم ، بولۇپمۇ خەنزۇ تىلىدىن ئاز ـ تولا مەلۇماتلىق بولغانلىقىم ئۈچۈن ، بۇ كىتاب مېنى ئۆلۈم گىردابىدىن تارتىپ چىقتى . شۇ چاغدىكى روھىي ئۆزگىرىشنى چاقماق چۈشكەن يەردە ئەجەللىك زىيان پەيدا بولماستىن ، ئەكسىچە سۈيى سۈزۈك شېرىن بۇلاق پەيدا بولغانلىقىغا ئوخشاتقۇم كېلىدۇ . تېنىمگە ئوشۇقچە يۈك بولۇپ تۇيۇلغان ، بىزار بولۇپ ۋىدالىششقا بەل باغلىغان جانىمنىڭ تولىمۇ تاتلىق ۋە شېرىن ئىكەنلىكىنى گويا ئەمدىلا بىلگەندەك ، شۇنداق شېرىن جانىمنىمۇ كېچەمدىغان ؟ ! دەپ نادامەت بىلەن توۋلاپ سالغانلىقىممۇ ئېسىمدە تۇرۇپتۇ .

شۇ كۈنلەردە تېنىم تۈرمىدە ئەركىنلىكتىن مەھرۇم ھالدا كېسەل ئازابىنى تارتىپ ياتقان بولسا ، روھىم خىيال دۇنياسىدا ئەركىن قانات قېقىپ ، ئۈمىد ۋە ئىشەنچ لەززىتىدىن بەھرىلىنىدىغان بولدى . شۇ چاغدىكى «كەشپىيات» لىرىمغا ئۆزۈممۇ ھەيرانمەن . ئۇزۇن كارىدورنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قاتار بويلىتىپ سېلىنغان كامېرلارنى بىر ـ بىرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر مېتىر قېلىنلىقتىكى كېسەك تامغا تاماق يېگەندە ئىشلىتىدىغان غېدىرنى كۆمتۈرۈپ تۇرۇپ ، يان كامېردىكى «ھەپىسداش» لار بىلەن خۇددى تېلېفوندا سۆزلەشكەندەك سۆزلىشىش مۇمكىن ئىكەن .

«. . .بۇرۇندىن تارتىپ دەرد ـ ئەلەمدە زەردىگۈش بولۇپ ئۆلگەن ئادەملەر خېلى بار ئىكەن . ئۇلارنىڭ بەزىسى ئارزۇ ـ ئارمىنىغا يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن ، بەزىسى ‹جاھاندا ئىنساپ قالمىغان › لىقى ئۈچۈن قورسىقى كۆپۈپ ، نارازى بولۇپ ، ئاخىر زەردىگۈش بولۇپ ئۆلۈپ كەتكەنىكەن . »

«. . .هازىر جۇڭگودا قورساق كۆپۈكى بىلەن زەردىگۆش بولۇۋاتقان ئادەم ناھايىتى كۆپ. زەردىگۆش بولغاننىڭ ھېچقانداق پايدىسى يوق.»

«. . .زەردىگۆش بولۇشنىڭ ئۆزى دەرد ـ ئەلەم بىلەن ئۆلۈپ كېتىشنىڭ سەۋەبچىسىدۇر، بۇرۇن بىرمۇنچە ئادەم شۇنداق زەردىگۆش بولۇپ، دەرد ـ ئەلەمدە ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. بىز ئۇلار ماڭغان يولدا ماڭمايلى.»

. . .«جاھاندا ئادالەت قالمىدى، ئادەملەردە ئىنساپ قالمىدى دەيدىغان گەپلەرنى باھانە قىلىپ، زەردىگۆش بولدۇم، ئەلەمگە قالدىم، دەردكە چىدىمايۋاتىمەن دەپ، ئۈمىدسىزلىكتە ئۆزىمىزنى تاشلىۋەتمەيلى.»

«. . . قورساق كۆپۈكى ئىجتىھات بىلەن تىرىشىشنىڭ باشلامچىسى.»

«ئىنسانىيەت قانداقلا بولسۇن جىم ياتمايدۇ، چۈنكى ھاياتلىقنىڭ ئۆزى ئالغا قەدەم بېسىپ تۇرىدۇ، ھەرقاچان راھەت ـ ئاسايىشلىقنى خالايدۇ. . .»

. . . .

قەشقەر كونىشەھەر قۇمدەرۋازىسىدىكى يوغان قارا دەرۋازىلىق، ھەم سۇرلۇك، ھەم قاراڭغۇ تۇرمىدە مەندەك بىگۇناھ، تەنتەك يىگىتنى زۇلمەت باسقان دەۋرنىڭ، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنىڭ زۇلمىدىن، سىياسىي بوھتانلىرىدىن، تۈرلۈك ئازابلىرىدىن زەردىگۆش بولۇپ، ئۈمىدسىزلىكتە ماڭغان ئەجەللىك يولدىن خۇددى قارا باسقان چۈشتىن ئويغانغاندەك چۆچۈتۈپ قايتۇرغان بۇ ھاياتبەخش گەپلەر ئەينى چاغدا كەمىنە خاتىرىلىگۈچىگە شۇنداق تەسىر قىلىپلا قالماستىن، بەلكى «غېدىر تېلېفون» لار ئارقىلىق كامېرمۇكامېر تارقالغانلىقى شۇ تارىخنى ئەسلىگۈچىلەرنى ھازىرمۇ خۇشنۇت قىلىدۇ. ئۇز ۋاقىتىدىكى «ھەپىسداش» لىرىم ئابدۇرېھىم ئىمىنوپ، ياقۇپ



ھاجى، ئۆمەر سەلەي، غۇلامجان، ئەمەت ئۆمەر، سىدىق شېرىپ، ئابدۇلئەھەت زوھورىدىن قاتارلىق بۇرادەرلىرىم بىلەن كېيىنكى كۈنلەردە گېزى كېلىپ مۇڭدىشىپ قالغاندا، ھېلىقى كىتابنىڭ بىزنىڭ قايغۇلۇق كۈنلىرىمىزدە بىزگە بەرگەن مەنىۋى مەدەتلىرىگە ئاپىرىن ئوقۇغانلىقىمىز ئېسىمدىن كۆتۈرۈلمەيدۇ. شۇنداق پاراڭلىرىمىزدىن مەلۇم بولۇشچە، ھېلىقى كىتابنى يوشۇرۇن تاشلاپ بەرگەن كۆزەتچى ئەسكەر ئەسلىدە گەنسۇلۇق دېھقان ئوغلى بولۇپ، ئەسكەرلىككە تۇتۇلۇپ ئاز ۋاقىت ئۆتمەيلا قەشقەرگە كەلتۈرۈلگەن، ئوتتۇرا مەكتەپ تەربىيىسىنى ئالغان ئاق كۆڭۈل، ئىنسانپەرۋەر يىگىت ئىكەن.

يۇقىرىدا خاتىرىلىگەنلىرىم ئۆمۈر تارىخىمنىڭ پەقەت 1945 ـ يىلىدىن 1949 ـ يىلىغىچە بولغان قىسقىغىنا تۆت يىللىق ۋاقىت جەريانىدىكى چەكلىك سەھىپىلىرىدىنلا ئىبارەت. شۇنىڭ بىلەن بۇ پاجىئەلىك كەچۈرمىشلىرىم ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۇننىڭ ئۆزۈل ـ كېسىل رېئالىزملىق ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغان تۇنجى قەدىمىمنىڭ قىسقىچە تارىخى ئارقا كۆرۈنۈشىنىڭ ئەينەن خاتىرىسىدۇر.

## 2

لۇشۇن جۇڭگو تارىخىدىلا ئەمەس، خەنزۇ خەلقىنىڭ نەزىرىدىلا ئەمەس، دۇنياۋى مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە رۇس، ئىنگلىز، فرانسۇز، نېمىس، ياپون، ئەرەب، تۈرك ۋە يەنە باشقا مىللەتلەر نەزىرىدىمۇ ئېتىبارلىق ئورۇن تۇتۇپ كەلمەكتە.

«باشقىلارنىڭ كۆزىنى قۇيۇۋەتكەن، چىشىنى تۆكۈۋەتكەن تۇرۇقلۇق، ئىنتىقام ئېلىشقا يول قويماي، كەچۈرۈشنى، ئەپۇ قىلىشنى تەشەببۇس قىلغان ئادەمگە ھەرگىز يېقىنلاشما».

«. . . مېنىڭ رەقىبلىرىم كۆپ بولۇشى مۇمكىن، ئەگەر يېڭىياچى ئادەملەر قانداق قىلىسەن، دەپ سوراپ قالسا، شۇنداق جاۋاب بېرىش قارارىغا كېلىپ قويدۇمكى، ئۇلار ئۆچمەنلىك قىلسا قىلىۋەرسۇن، مەنمۇ ئۇلارنىڭ بىرسىنىمۇ كەچۈرمەيمەن».

«. . .دۇنيانى بىردەملىك ھاياجانغا سالىدىغان مەردانە قۇربانلاردىن بولغاندىن كۆرە، تەمكىنلىك بىلەن سۇباتلىق كۈرەش قىلغان ياخشى».

«قەھر - غەزەپسىز ئەر بولماس، پىسەنت قىلماسلىقنىڭ ھەممىدىن ئەلاسى — گەپ قىلماسلىق، ھەتتا كۆزنىڭ قارىچۇقىنىمۇ مىت قىلىپ قويماسلىق.»

«مۇشۇ جەمئىيەتتە مېنىڭ يەنە تېخى ھايات ياشىغۇم بار. بۇنىڭ بىر كىچىككىنە سەۋەبىمۇ بار، بۇنى ئىلگىرىمۇ بىرنەچچە قېتىم بايان قىلغانىدىم، يەنى ئاتالمىش ئالىيجاناب - پالىيجاناب بولۇپ يۈرگەنلەرنى بىرنەچچە كۈن بولسىمۇ بىئارام قىلماقچىمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇستۇېشىمدا ساۋۇتنىڭ پارچىلىرىنى ئاتايىتەن ساقلاپ قويدۇم. تاكى ئۆزۈم ئۇنىڭدىن بېزىپ، سېلىپ تاشلىۋەتكەنگە قەدەر دەست تۇرىمەن، ئۇلارنىڭ دۇنياسىغا شۇنداق قۇسۇر يەتكۈزىمەن . . .»

لۇشۈن بىر تەرەپتىن كونا جەمئىيەتنى، مۇستەبىت ھاكىمىيەتنى، زالىم ھۆكۈمرانلارنى ۋە ئۇلارنىڭ «يېڭىياچى ئادەم» لىرىنى، يەنى ياللانما گۇپپاڭچىلىرىنى، بارغانلا يېرىدە كۆلنى سېسىتىۋېتىدىغان ۋە لېكىن ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرمايدىغان «ئالىيجاناب» لارنى ئەنە شۇنداق ماھىرلىق بىلەن سۈرەتلەپ، قەھرى بىلەن ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلغان، قەلىمىنى ئۇچى پۈكۈلمەس نەيزە قىلىپ ۋە بىسى قايرىلماس خەنجەر قىلىپ ئۇرغان، ئاتقان بولسا، خەلق ئاممىسىغا گويا نارەسىدە باللارغا كۆيۈنگەندەك مېھرىنى بېرىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ دەردىگە دەرمان بولغان، خەلق ئاممىسى بىلەن پىكىرداش، تەقدىرداش،



ھەمنەپەس بولغان. خەلقنىڭ ھەر خىل دۈشمەنلىرىگە قارشى تۇتقان مەيدانىنىڭ ئەكسىچە، خەلق ئاممىسىغا تولۇپ تاشقان سەمىمىيلىك ۋە كۆيۈمچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلغان، خەلق ئاممىسىنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، ئەركىن ئىنسانىي ھاياتلىقتا باياشات ياشاش ئىمكانىيىتىنى يارىتىش يولىدا كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيدىغان سەمىمىيەت بىلەن سۆزلىگەن، يازغان.

«بىز كەمبەغەللەرنىڭ بىردىنبىر كاپالىتىمىز — جان. جاننى دەسمايە سېلىپ جەمئىيەت ئۈچۈن ئاز بولسىمۇ ئىش قىلىشىمىز لازىم، شۇنىڭ بىلەن ھەرھالدا كۆپرەك نەپ ئالغىنىمىز ياخشى. جاننى ئۆسۈمى ئاز ئىشقا قۇربان قىلىپ بېرىش ئەرزىمەيدۇ . . .»

«ئالغا ئىنتىلىدىغان خەلق ئىچىدە چۈشلۈقنىڭ بولۇشى ياخشى ئىش؛ لېكىن جۇڭگودەك غەپلەتكە چۆككەن يەردە چۈشلۈق قىلىشتىن ئاسانلا زىيان كېلىدۇ . . . شۇنداق غەپلەت باسقان ئەلنى ئويغاشنىڭ بىرلا چارىسى — شىننا بولۇش، يەنى قېقىلغان شىنادەك يېرىپ كىرىش.»

«قورقۇنچلۇق ئادەم غەزەپ ئوتىنى گۈركىرىتىپ ياندۇرغان تەقدىردىمۇ، سۇلىشىپ قالغان خەستىن باشقا نېمىنى كۆيدۈرەلىسۇن؟»

«رېئاللىققا تىكىلىپ قارىيالىغان ئادەم مېڭىسىنى ئىشقا سېلىشقا، گەپ قىلىشقا، ھەرىكەت قىلىشقا، زىممىسىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلالايدۇ.»

«گەپنىڭ قىسقىسى، گەپ قىلىش بىلەنلا ئىش پۈتمەيدۇ. مۇھىمى — ئەمەلدە ئىشلەش.»

«ئاما ئوقۇغان - بىلگەن ئادەملەرنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك دۆت ئەمەس.»

«مەن مۇشتلاشچى ئەمەس، جانبازمۇ ئەمەس، ھەقىقەتەن ئىلاجىم يوق، قولۇمدا بارى پەقەت قەلەم بىلەن قەغەز، مانا

مۇشۇ سالام خەتكە ئوخشاش تايىنى يوق بىر نەرسىلەرنىلا يازالايدىكەنمەن . شۇنداق بولسىمۇ ، چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ كەتكەن كونا مەدەنىيەت دېگەن بىرنېمىلەرگە دەككە بېرىپ ، كەلگۈسىدە ئۈمىد تۇغۇلۇپ قالسا يىلتىزىدىن تەۋرىتىۋەتسەم ئەجەب ئەمەس ، دەپ ئارزۇ قىلىمەن .»

لۇشۇننىڭ ئىچ - ئىچىدىن قايناپ چىققان ھاياتبەخش سۆزلىرى ھەقىقەتەن ئوقۇغان ، بىلگەن ، ئاڭلىغان ئادەمنى تەسىرلەندۈرمەي ، ھاياجانغا سالماي قالمايدۇ . بۇ يەردە ئۇنىڭ تۆۋەندىكى خاتىرىسىنى ئەينەن كۆچۈرۈپ بەرسەم ، ئېھتىمال ، تەكرارلىق قىلماس .

1904 - يىللىرى ، ياپونىيە جاھانگىرلىرى بىلەن رۇسىيە چار پادىشاھلىقى ئوتتۇرىسىدا ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونىنى ۋە چاۋشيەننى تالىشىدىغان جاھانگىرلىك - تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى يۈز بېرىپ تۇرغان ، لۇشۇن ياپونىيىدە تېبابەتچىلىك مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان كۈنلەر . شۇ چاغدا ، مەكتەپتە مىكروبىئولوگىيىگە دائىر كىنولاردىن باشقا تەبىئەت مەنزىرىسىگە ، ئۇرۇش خەۋەرلىرىگە ئائىت كىنولارمۇ قويۇلۇپ تۇرىدىكەن . لۇشۇن بۇلارنى كۆرگىنىدە دائىم باشقا ساۋاقداشلىرىغا قوشۇلۇپ چاۋاك چېلىپ ئالقىشلىغانلىقىنى خاتىرىلەۋېتىپ مۇنداق بىر ئەھۋالنى يازغان :

«بىر كۈنى كىنودا ئۇزۇندىن بۇيان كۆرمىگەن بىرمۇنچە جۇڭگولۇقنى بىردىنلا ئۇچرىتىپ قالدىم . ئۇلاردىن بىرسى ئوتتۇرىدا قولى ئارقىسىغا باغلانغان ھالدا تۇرۇپتۇ ؛ بىرمۇنچىسى ئۇنىڭ ئەتراپىدا تۇرۇپتۇ . ھەممىسىنىڭ تېنى ئوخشاشلا قاۋۇل ، لېكىن چىراي - تۇرقىدىن بىخۇدلۇق چىقىپ تۇرىدۇ . چۈشەندۈرگۈچىنىڭ سۆزىگە قارىسام ، ھېلىقى قولى باغلاقلىق تۇرغىنى رۇسىيىگە ھەربىي ئىشپىيونلۇق قىلغانىكەن ، ياپون ئەسكەرلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ سازايى قىلماقچى بولۇپ



تۇرۇپتۇ . ئەتراپىدىكىلەر بولسا شۇ سازايىنىڭ داغدۇغىسىنى تاماشا قىلغىلى كەلگەنلەر ئىكەن . . . شۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن ، تېبابەتچىلىك ئۇ قەدەر مۇھىم ئەمەس ئىكەن ، نادانلىقتا قالغان خەلق ھەرقانچە ساغلام ، قاۋۇل بولسىمۇ ، قىلچە ئەھمىيەتسىز سازايىغا ماتېرىيال ۋە تاماشىچى بولماقتىن باشقىغا يارىمايدىكەن ، كېسەلدە ئۆلگەنلەرگىمۇ ھەسرەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەن ، شۇڭا ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇلارنى روھىي جەھەتتىن ئۆزگەرتىش كېرەك ئىكەن ، دېگەن چۈشەنچىگە كېلىپ قالدىم . شۇ چاغدا روھنى ئۆزگەرتىشتە ھەممىدىن مۇۋاپىق نەرسە ئەدەبىيات - سەنئەت بولسا كېرەك ، دېدىم - دە ، ئەدەبىيات- سەنئەتنى تەرغىب قىلىش نىيىتىگە كەلدىم . . .» (لۇشۇن «چۇقان» غا قاراڭ ) .

لۇشۇن شۇنداق نىيەتكە كەلگەن ھەم شۇنداق قىلغان . ئەدەبىياتنى قورال قىلىپ تۇرۇپ ئادالەت ، ھەققانىيەت ئۈچۈن ، خەلقنىڭ ئەركىنلىكى ئۈچۈن ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ھارماي - تالماي كۆرەش قىلغان . لۇشۇننىڭ نەقەدەر چىڭ ئىرادىلىك ۋە جاسارەتلىك يېڭى مەدەنىيەت باشلامچىسى ئىكەنلىكىنى تەرىپلەپ ، قايسىبىر مۇتەپەككۇرنىڭ مۇنداق ئوبرازلىق باھالىغانلىقى خاتىرەمدە تۇرۇپتۇ : لۇشۇن زۇلمەت قاپلىغان ۋە مۇستەبىتلىك ھۆكۈم سۈرگەن بىر دەۋردە توغرا نىشاننى تاللاپ ئالغاندىن كېيىن ، شۇ نىشانغا قاراپ قەيسەرلىك بىلەن ئالغا باسقان ؛ ئۇياندىن شامال سوقسا بۇيانغا يېتىۋالىدىغان چىغىرتماق ئەمەس ، قەددىنى ھەرقاچان تىك تۇتىدىغان قارىغايغا ئوخشاش ، ئەگىسمۇ سۇنماي ، يەنە قەددىنى رۇسلاپ ، باشقىلارغا ئىلھام بەرگەن ، باشقىلارنى قەتئىي كۈرەش قىلىشقا ، يول ئېچىشقا رىغبەتلەندۈرگەن . . . لۇشۇن ئۆزى ياشاپ كەلگەن چىرىك جەمئىيەتكە ، ياۋۇز ھۆكۈمرانلىققا ۋە ئۇلارنىڭ ئاتالمىش «ئالىيجاناب ئادەم» لىرىگە ، «پەستەك - كۈچۈك» لىرىگە ،

«ياۋاش» قىياپەتتە كۆرۈنىدىغان «ئاسلان ـ مۈشۈك» لىرىگە ، ئۆزىنىڭ ئەخمەقلىق قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەي ، باشقىلارنى ئالداشقا ، باشقىلارنى «هارۋا يولىدىكى ئوت ـ خەس» كە ئوخشاش ئاياغ ئاستى بولۇپ «هايات ياشاش» قا ئۈندەيدىغان «يالالنما — گۈپپاڭچى ئەدىب» لەرگە ، «لازا ياكى زەنجىۋىل سۈيىگە چىلىغان قولياغلىقىنى كۆزىگە سۈرتۈپ ، يالغان يىغلاپ تۇرۇپ ۋەز ئېيتىدۇ» غانلارغا ، ياۋاش قوي پادىسىنى يېتەكلەپ ماڭىدىغان «ئۆچكە» لەرگە ، «سەللىسى يوغان ئىمانى يوق» ۋە لېكىن ئىمكانىيەتلەرنى پۇراپ ـ ھىدلاپ تېپىپ «تۆرنى قولدىن بەرمەيدۇ» غان «مويسىپىت» لارنىڭ چىرايلىق سۆزلەر بىلەن پەردەزلەنگەن «جان بېقىش يولى»غا . . . قارشى رەھىمسىز كۈرەش قىلغان ۋە ئاممىنى شۇنداق كۈرەشكە يېتەكلىگەن .

«زۇلمەتنىڭ تاياقچىلىرىغا قارشى بىرەر ئېغىز مۇ گەپ قىلماي ، بىرەر پايمۇ ئوق ئاتماي ، پەقەت ‹زەئىپ› لەرگىلا تىنماي ۋاتىلداۋەرگەن ئادەم ، مەيلى شۇ ئادەمنىڭ ئەپتىدىن ھەرقانچە ئادالەتلىك چىقىپ تۇرسىمۇ ، مەن شۇنى ئېيتماي تۇرالمايمەنكى ، — ھەقىقەتەن تاقىتىم تاق بولدى ! — ئۇنداق ئادەم ئەمەلىيەتتە ئادەم ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ دۇمباقچىسىدۇر ، خالاس» (لۇشۈن «چىلتەكلىك ئەدەبىيات» ئۇيغۇرچە نەشرى 76 ـ بەت ) . «بەھۇزۇر يۈرگىلى بولمايدىغان بىزدەك ئادەملەرنىڭ دۇنياسىدا قاپاق سۆلەت تۆرىلەرچە غادىيىپ يۈرۈشكە چولا تەگمەيدۇ . ئىشلەيمىز دېگەنىكەنمىز ئىشلەيلى ، ئەتىكى هاراقتىن بۈگۈنكى سۇ ياخشى ؛ 21 ـ ئەسىرگە بارغاندا قارنىنى يېرىپ ، ئۈچەي ـ باغرىنى چۇۋۇۋېتىمەن دەپ قاراپ ئولتۇرغاندىن كۆرە ، هازىرلا بىر تەستەك سالغان ياخشى . . . » (لۇشۈن « ‹سايىۋەن › نىڭ داۋامى» 23 ـ بەت ) .

لۇشۈننىڭ يېڭى ، جەڭگىۋار تەپەككۇرلىرى ۋە شۇنداق يېڭى تەپەككۇرلار بىلەن سۇغىرىلغان يېڭى بەدىئىي قۇراللىرى



ئەينى زاماندا بارلىق خەلقپەرۋەر ئادەملەرنى ، تەرەققىيپەرۋەر جامائەتنى ، هۆرلۈك ۋە ئازادلىققا تەلپۈنىدىغان مىللەتلەرنى جاهانگىرلارنىڭ مۇستەملىكىچىلىك مەدەنىيىتىگە ، فېئودالىزمنىڭ چىرىك مەدەنىيىتىگە ۋە ئەكسىيەتچى هۆكۈمران كۈچلەرنىڭ نادانلاشتۇرۇش مەدەنىيىتىگە قارشى كۈرەشكە ئاتلاندۇرۇشتا تۇغۇشچان مەنىۋى بايراق بولۇپ خىزمەت قىلغان . ئەگەر لۇشۈننىڭ بەدىئىي قۇراللىرىنى — «نەشتەر ھەم نەيزە» كەبى بەدىئىي ئەسەرلىرىنى سىستېمىلىق ئوقۇپ كۆرىدىغان بولساق ، ئۇنىڭ شۇ ئەسەرلىرىنىڭ جۇڭگو جەمئىيىتىگە مەدەنىيەت جەھەتتە ، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي پەن ۋە ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدە ، ئىدىيە ، پەلسەپە ۋە تارىخ ساھەسىدە ، ئىقتىساد ، سىياسەت ، ھەربىي جەھەتتە ، ھەتتا كىنو ـ تىياتىر ، مۇزىكا ، گۈزەل سەنئەت ، ھەيكەلتىراشلىق جەھەتتە نەقەدەر چوڭقۇر تەسىر قوزغىغانلىقىنى يۈزەكى بولسىمۇ چۈشىنىۋېلىش مۇمكىن .

بۇ يەردە گەپ توغرا كېلىپ قالغاچقا شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈش زۆرۈركى ، «سىنىپىي كۈرەش تۇتقا» قىلىنغان يىللاردا ، بولۇپمۇ لەنەتلىك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» هۆكۈم سۈرۈپ ، «قىزىل گۆھەر كىتاب» لار ، تاماشىبىنلارنى بەزدۈرگەن «ئۈلگىلىك تىياتىر» لار پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھەممە مىللەت خەلقىنىڭ تەپەككۇر دۇنياسىنى ، يەنى مېڭىسىنى ئات بەيگىسى مەيدانىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ ، يېگانە ئات چاپتۇرۇپ يۈرگەنلىكى ئۇنتۇلغۇسىز پاجىئەلىك ئەھۋالدۇر . ئەنە شۇنداق ئېغىر كۈنلەردە «لۇشۈن ئەسەرلىرى» نىڭ ماركس ، ئېنگېلس ، لېنىن ۋە ستالىن ئەسەرلىرى قاتارىغا ئۆتۈپ قالغانلىقى ، نۇرغۇن ئادەمنىڭ «لۇشۈن ئەسەرلىرى» نى زوقلىنىپ ئوقۇشى ھەم ئەجەبلىنەرلىك بىر ئەھۋال ، ھەم ھەيران بولۇشنىڭ هاجىتى يوق مۇقەررەر بىر ئەھۋال .

لۇشۇننىڭ ئەسەرلىرىنى مەن تولا چاغلاردا سۇنغان كۆڭلۈمگە ئارام بېرىدۇ، ئۇسسىغان يەرگە بارىدۇ، سىقىلىپ تۇرغان يۈرەكنى قىسماقتىن ئازاد قىلىدۇ، بىلىم ھەۋەسكارلىرىنىڭ بىلىم سەۋىيىسىنى ئاشۇرىدۇ، دەپ سۆيۈنۈپ ئوقۇيمەن.

بالا - قازا كۆرۈنۈپ كەلمەيدىكەن. بېيجىڭدە مىللەتلەر نەشرىياتىدا ئىشلەپ تۇرغان چاغلىرىم ئىدى. 1957 - يىلى «ئوغچى ئۇنسۇر» دېگەن سىياسىي بەتنام بىلەن قارىلىنىپ نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانلىقىڭ ئۈستىگە، 1958 - يىلى «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن سىياسىي زىيانكەشلىك بىلەن بېيجىڭدىكى «چىنچىڭ 1 - قورغىنى» دېگەن مەشھۇر تۈرمىگە قامالدىم. شۇ چاغدا، ھەتتا لۇشۇن ئەسەرلىرىدىن «تىگىر-قاش»، «چۇقان» ناملىق ئىككى ئەسەرنى ئىختىيارى تەرجىمە قىلىپ ئوقۇرمەنلەرگە سۇنغانلىقىمدەك، بۇ تۆھپەممۇ «ئارتىشى» دېگەن تەخەللۇسنى قوللانغانلىقتىن چاپلانغان بۆھتانلارنى قايتۇرۇشقا دال بولالمىدى. بىرەر يىلغا سوزۇلغان سۈرلۈك سوراقلاردىن كېيىن، كەينى - كەينىدىن قىلغان تەلەپلىرىمگە يارىشا قىسمەن ئارزۇلىرىمغا يەتتىم: كۈندىلىك «خەلق گېزىتى» نى ھەر كۈنى يەڭگۈشلەپ، كامېرنىڭ ھەم تۆمۈر سالاسۇن ئىشىكى ھەم ياغاچ ئىشىكى بار، لېكىن بوسۇغىسى يوق قوش ئىشىكنىڭ ئاستىدىكى يوچۇقتىن تاشلاپ بېرىدىغان بولدى؛ يەنە تەلىپىمگە جاۋابەن «لۇشۇن ئەسەرلىرى» بىلەن كۆرۈشۈشكە، كىچىككىنە تار كامېردا يالغۇز «ئىستىقامەت» قىلىپ ياتقان شۇ ئۇزۇن كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن «دەرد تۆكۈپ مۇڭدىشىش» ئىمكانىيىتىگە مۇيەسسەر بولدۇم. كېيىن تۈرمە خادىملىرىدىن قاماپ قويغۇدەك جىنايىتىڭ يوق ئىكەن، تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولۇشىچە، كەسپىي خىزمەتتىكى سەۋەنلىك، خاتالىقلىرىڭ قانۇندا جازالاشقا توغرا كەلمەيدىكەن،



دېگەن غەيرىي رەسمىي گەپلەرنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ يېنىكلەپ قالدىم. تەلىپىمگە يارىشا تاشلاپ بەرگەن «خەنزۇ تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» نى ئۇستاز تۇتۇپ، خەنزۇ تىلىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىشكە كىرىشىپ كەتتىم. ئۆگىنىش ئەستايىدىللىقى، تەبىئىيكى روھىي خاتىرجەملىكتىن كېلىدۇ. ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار دېگەندەك، ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە پەيدا بولغان ئۈمىد تۈرمىدە بەند بولۇپ ياتقان ئېغىر كۈنلەردىمۇ كىشىگە خاتىرجەملىك بېغىشلىيالايدىكەن. بىزدە «يولدىن چىقما، خاندىن قورقما» دەيدىغان گەپ بار. ئەسلىدىنلا «يول» دىن چىقىش نىيىتىم يوق ئىدى، «يول» دىن ئاڭلىق چىقىش ھەرىكىتىممۇ يوق ئىدى. شۇ ئۆمرۈمدە تىلغا ئالغۇدەك، «جىڭ» غا توختىغۇدەك بىرەر يامانلىق قىلغىنىمنى، ھەتتا خىيال قىلغىنىمنى بىلمەيتتىم. خەلق خىزمىتىنى سەممىي غەيرەت بىلەن، ھالال ئەمگىكىم بىلەن ئىشلەيدىغان ئىرادەم ۋە ئەمەلىيىتىملا بار ئىدى. مۇشۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكمۇ ئادەملەرنىڭ «خاھىشى بىلەن ئىدارە قىلىدۇ» غان ئادالەتسىزلىك ھۆكۈم سۈرگەن چاغلاردا «جىنايەت» كە ئايلىنىپ قالىدىكەن؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە، «قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ» غان ئادالەت يولغا قويۇلسا، ھەق - ھەقىقەت ئۆز جايىنى تاپىدىكەن. جاھاندا، قانداقلا بولسۇن، قانۇن بويىچە ئىش قىلىدىغان، قانۇننىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قەدىرلەيدىغان ئادەملەر بار ئىكەن. ئۈمىدتىن ئىشەنچ كېلىپ چىقىدىكەن، ئىشەنچتىن كۈچ - قۇۋۋەت ۋە غەيرەت پەيدا بولىدىكەن. ئەنە شۇنداق غەيرەت، ئېغىر كۈنلەردە لۇشۇن ئەسەرلىرىنى قېتىرقىنىپ ئوقۇشقا، تەتقىق قىلىشقا ناھايىتى كەڭ ۋە قىممەتلىك ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

دەرۋەقە، قانۇن ئۆز كۈچىنى كۆرسەتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي، يەنى 1964 - يىلى «خاتا قولغا ئېلىنغان» دېگەن ھۆكۈم بىلەن

تۇرمىدىن ئازاد قىلىندىم . بىراق قانۇنىنىڭ بۇ توغرا ھۆكۈمىگە تولىمۇ روشەن سېلىشتۇرما بولغان ھالدا ، ئادەمنىڭ «خاھىشى» ھۆكۈم قىلىدىغان ، قانۇنىنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى يەرگە ئۇرىدىغان ، قانۇنغا زىت بولغان ھادىسە يەنە مېنىڭ ئۈستۈمدە ھۆكۈم سۈردى . «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن «جىنايەت» نىڭ پاكىتلىرى قانۇنغا چۈشمىگەنلىكى ئۈچۈن ، «تەگەشتىن قالدۇرۇلۇپ» تۈرمىدىن ئازاد قىلىنىپتىمەن . لېكىن «ئوڭچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاقنى بولسا ئاممىۋى ھەرىكەتتە «ئامما» كىيدۈرگەنمىش ، بۇ مەسىلىنىڭ «قانۇن» بىلەن ئالاقىسى يوقمىش ، «ئامما» كىيدۈرگەن قالپاقنى «ئامما ئالىدۇ» مىش . ئەنە شۇنداق «چۈشەندۈرۈش» لەرنىڭ زورى بىلەن «ئوڭچى ئۇنسۇر» دېگەن قالپاق داۋاملىق كىيدۈرۈلدى . «ئامما» زادى كىم ؟ ئەگەر «ئامما» نى «خەلق» دەپ چۈشەنسەك ، خەلقچىللىق جارى قىلىنغان يەردە بىزدە «خەلقچىللىقنى مەركەزلەشتۈرۈش» دەيدىغان قائىدە بارغۇ ؟ ! «مەركەزلەشتۈرۈش» دېمەك تەشكىلىي رەھبەرلىك ، يەنى «قانۇن بويىچە ئىش قىلىش» دېگەن گەپ ئەمەسمۇ ؟ ! ئەلۋەتتە ، شۇنداق بولۇشى كېرەك ئىدى . قالپاق كىيدۈرۈش ۋاقتىدا قارار ، ھۆكۈم چىقىرىدىغان «تەشكىلىي رەھبەرلىك» بار ، ئەمدى شۇ قالپاقنى ئېلىش مەسىلىسى ئوتتۇرىغا چىققاندا ، شۇ «تەشكىلىي رەھبەرلىك» جاۋابكارلىقنى «ئامما» غا ئىتتىرىپ قويسا ، قايسى «ئامما» غا ئىلتىجا قىلىش مۇمكىن ؟ ! «ئامما» نى پەش قىلىپ تۇرۇپ ، «ئامما» دېگەن سۆزگە ، «خەلق» دېگەن مەجھۇل ئاتالمىغا دۆڭگەپ تۇرۇپ قىلىنىدىغان بۇنداق زىت ھادىسىلەر بىر تەرەپتىن چۈشىنىشلىك بولسىمۇ ، لېكىن كونكرېت شارائىتتا ئۇنى توغرا يېشىش ھەقىقەتەن قىيىن ئىكەن . «ئوڭچى ئۇنسۇر» دېگەن سۆز كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىغان مەجھۇل — ئابستراكت ئۇقۇم بولسىمۇ ، لېكىن ئۇنىڭ گويا ئادەمنى يانجىپ تاشلىغۇدەك ئېغىر



تۆگمەن تېشى بولۇپ ، قان چىقارماي جان ئالىدىغان ، ئۇنلۇك نەپەس ئېلىشقىمۇ ئىمكان بەرمەي قىينايدىغان رودۇپاي ئىكەنلىكىنى ئۆز بېشىغا كەلمىگەن ئادەمنىڭ چۈشىنىشى تەس بولسا كېرەك .

ئەسلەپ كەلسەم ، ئۆزۈممۇ ھەيران قالىمەن . «ئوڭچى ئۇنسۇر» دېگەن ۋەھىمىلىك قالپاقنىڭ كاساپىتى بىلەن ۋە «قانۇندا تەگەلمەيدۇ» دەپ ئاللىقاچان توغرا خۇلاسىلەنگەن قانۇنىي ھۆكۈمنىڭ ئىناۋىتى دەپسەندە قىلىنىپ ، «ئۆلگەن يولۋاس تىرىلىپتۇ» دېگەن بوھتان يېڭىۋاشتىن تەگىلىپ ، «ئامما» تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا «تارتىپ» چىقىرىلدىم . شۇنىڭ بىلەن كېيىنكى ھاياتىم يەنە بىر قېتىم دىشۋارچىلىققا قالدى . ئاتالمىش «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» ھارپىسىدا بېيجىڭدىن ئۈرۈمچىگە ، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە «يۆتكىلىپ» كەلگەنىدىم . «ئىنقىلاب» باشلىنىشى بىلەنلا «تارتىپ» چىقىرىشتى ، «كالا قوتىنى» غا سولىدى ، چوڭ - كىچىك يىغىنلاردا «كۆرەش»كە تارتىشتى ، «ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش» مەيدانلىرىغا ھەيدەشتى ، «ئەتىگەندە يولىيورۇق سوراش» ، «كەچقۇرۇندا گۇناھىنى تىلەش» ئىبادىتىنى ئۆكسۈتتۇرمىدى . «مەسىلە تاپشۇرۇش» ، «ئىدىيىۋى ئەھۋالىنى مەلۇم قىلىپ تۇرۇش» ئۈچۈن ماتېرىيال يېزىش مەجبۇرىيىتىنى يىللاپ - ئايلاپ ئەمەس ، ھەتتا ھەپتىلەپ ، گاھى چاغلاردا كۈنلەپ كۆچەيتىشتى ؛ «خەلق» قاتارىدىن چىقىرىپ ، «ئامما» دىن چەك - چېگرا «ئايرىپ» ، ئۇزۇن ۋاقىت يېتىم قالدۇردى . ئىدارە دەرۋازىسىنىڭ سىرتىغا ، ئەمگەك سورۇنلىرىنىڭ نېرىسىغا ئىختىيارىي مېڭىش ، ھەتتا ئۇرۇق - تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن ئۇيان - بۇيان بېرىش ئەركىنلىكىمنىمۇ چەكلەپ تاشلاشتى . بىر كۈنى بىر «ئامما» بىلەن سالاملىشىپ قالغانلىقىم ئۈچۈن ، «تەشكىل» دىن : «نېمە دېيىشتىڭ ؟ بۇ

جىنايىتىڭنى يېزىپ تاپشۇر !» دېگەنلىكى هازىرقىدەكلا ئېسىمدىن كەتمەيدۇ . بۇنداق ئەھۋاللار 20 — 30 يىل ئۆتۈپ كەتكەن هازىرقى كۈندە قەغەز يۈزىدە بايان قىلىنغاندا هېچقانچە چوڭ ئىشتەك تۇيۇلماس . لېكىن شۇ ئەھۋاللارنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى كونكرېت ئەينى تەسىرىنى «ئادەمنى مىڭ ئۆلتۈرۈپ بىر تىرىلدۈرىدۇ» غان ، «ئادەمنىڭ تاقىتىنى تاق قىلىدۇ» غان پاجىئە دەپ تەسۋىرلىسەك مۇبالىغە بولماس .

هاياتنىڭ ئۆزى غەلىتە بىر هادىسە ئىكەن . هايات ماماتنىڭ ، يەنى ئۆلۈمنىڭ ئەكسى بولغىنى هالدا ئۆلۈمگە پىسەنت قىلمايدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن . تەبىئەت ، تەقدىر ئىنسان بالىسىغا هەر خىل دەرد - ئەلەم ، رەنج - مۇشەققەتلەرنى كەلتۈرىدىكەن ، شۇ سەۋەب بىلەن «ئۆزىنى تاشلىۋېتىدۇ» غان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن ، مۇشكۇللۇكلەرگە پەرۋا قىلماي ، كۆكرەك كېرىپ ئالغا كېتىۋېرىدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن . ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «زىمىستان كۆرمىگەن بۇلبۇل باهارنىڭ قەدرىنى بىلمەس ، جاپانى چەكمىگەن ئاشىق ۋاپانىڭ قەدرىنى بىلمەس» دېگەن ئاقىلانە سۆزلىرى نۇرغۇن - نۇرغۇن تەجرىبىلەرنىڭ قىممەتلىك يەكۈنى ئىكەنلىكىدە شەك يوق . بۇ يەردە ئېيتىلغان «باهار» نى «هاياتلىق» دەپ چۈشىنىش تامامەن مۇمكىن . تەبىئەت دۇنياسىدا باهارلا بولىدىكەن ، يەنى ئىنسان بالىسى هاياتلا بولىدىكەن ، شۇ هاياتلىقنىڭ ئۆزى ئادەمگە ۋاپا قىلىدۇ ، يەنى ئۈمىد ۋە قۇۋۋەت بېغىشلايدۇ . «دۇنيادا ئەگەر هەقىقەتەن هايات ياشاشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئادەملەر بولسا ، ئالدى بىلەن ، سۆز توغرا كەلگەندە سۆزلەشتىن ، كۈلكە توغرا كەلگەندە كۈلۈشتىن ، يىغلاش توغرا كەلگەندە يىغلاشتىن ، تىللاش توغرا كەلگەندە تىللاشتىن ، مۇشت توغرا كەلگەندە مۇشت ئېتىشتىن قورقماسلىقى ، بۇنداق لەنەتگەردى جايدا لەنەتگەردى زاماننىڭ دەككىسىنى بېرىشى لازىم !» (لۇشۈن «سايىۋەن» ، 56 - بەتكە قاراڭ ) لۇشۈن دەردلىك ئادەملەرنىڭ



يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت بولۇپ ياندىغان شۇنداق رىغبەتنى ئۈندەش بىلەن تەڭ يەنە : «ئەلەمدارلار سىپپى» دە ئەمەس ، «قەلەمدارلار سىپپى» دە ، يەنى «ئەدەبىيات سېپىدە تۇرغان ئادەم ‹ئېگىلەر سۇنماس › بولۇشى كېرەك . . . مەدەنىيەت ساهەسىدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئېگىلەر سۇنماس بولماي مۇمكىن ئەمەس .» («لۇشۈن فېلىيەتونلىرى» 1 - قىسىم 222 - ، 223 - بەتلىرىگە قاراڭ ) دەپ ئەسكەرتىدۇ . ئايىغى ئۈزۈلمەس «مەسىلە تاپشۇرتۇش» ، «ئىدىيە ئۆزگەرتىش» زورى بىلەن پىكىر ئەركىنلىكى چەكلەنگەن ، «ئەمگەكتە ئۆزگەرتىش» زورى بىلەن جىسمانىي ئەركىنلىك كىشەنلەنگەن ، خورلۇق ۋە زەبۇنلۇق ۋەهىمىسى بىلەن چۈمكىلىپ قالغان بىر شارائىتتا ، ئۈزۈن كۈنلىرىمنى قىسقارتقان ، زىمىستان كۈنلىرىمنى باهارغا ، رەنج - ئەلەملەرنى غەيرەتكە ، تار دۇنيايىمنى بىپايان كەڭ دۇنياغا ئايلاندۇرۇپ ، هاياتلىق ئۈمىدى بىلەن ياشاش يولىغا باشلىغان هەممىدىن مۇهىم ئامىل ئاتا - بوۋىلىرىمىزنىڭ «ئۆلمىگەن جاندا ئۈمىد بار» دەيدىغان هاياتبەخش پەندنەسىهەتلىرى ۋە خۇددى لۇشۈن ئېيتقاندەك ئېگىلگەن تەقدىردىمۇ سۇنمايدىغان قەيسەرلەرچە تىرىشىش روهىم بولدى . لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن 20 نەچچە توپلام كىتابنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسىنىڭ ئەنە شۇنداق لەنەتگەردى زاماندا ، ئەسكى - تۈسكىلەرنى ساقلاپ قويىدىغان ، تولا ۋاقىت جىنچىراغ بىلەن يورۇتۇلىدىغان «سامانلىق» نى شەخسىي «قىرائەتخانا» قىلىپ پايدىلانغان ماكاندا ۋۇجۇدقا كەلدى .

## 3

ئاپتور تىلەك ئۆزىنىڭ قىسقا تەزكىرىسىدە مېنىڭ كەچۈرمىشلىرىمنىڭ بەزى قىسمىنى بايان قىلىپ ، ئەقىلگە ئۇيغۇن باها بىلەن تەرىپلەپتۇ . شۇنداق قەدىرلىگەنلىكىگە

رەھمەت ئېيتمەن ، ئەلۋەتتە .

لېكىن ، مېنىڭچە ، قەدىرلەش توغرا كەلسە ، قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان يېرى توختى باقىنىڭ لۇشۈننىڭ «جىنى چاپلانغان ئادەم» ئىكەنلىكىدە ئەمەس . ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەنئەنىسى جەھەتتىن ئالغاندا ، ئۇيغۇر تىلىدا «جىن» دېگەن سۆزدىن ھەرقاچان جىن ، شەيتان ، مەلئۇن ، ئىبلىس دېگەن يامان مەنە چىقىدۇكى ، ياخشى دېگەن مەنە چىقمايدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن «پالانى ئادەمنىڭ جىنى چاپلىشىپتۇ» دېگىنىمىزدە ، شۇ پالانى ئادەمنىڭ ياخشى خىسلىتى چاپلىشىپتۇ ئەمەس ، يامان خىسلىتى چاپلىشىپتۇ دېگەن مەنىنى چۈشىنىمىز . «جىن» نىڭ شۇنداق يامان ئوبرازىنى گرامماتىكىلىق ۋاستىدىن پايدىلىنىپ قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىش چارىسى بىلەن ياخشى سۈپەتكە ئۆزگەرتىمەن دەپ تىرىشقان تەقدىردىمۇ مۇمكىن بولمىسا كېرەك . چوڭقۇر تىل ئىلمىدىن خەۋىرىم يوق ، ئېھتىمال مەسىلە ئۇنداقمۇ ئەمەستۇر . لېكىن مېنىڭ تۇرمۇش مەنتىقىسىگە ، تەجرىبىلىرىگە ، جانلىق تىل ئادىتىگە ئاساسەن چۈشەنچىم شۇنداق . توختى باقىغا لۇشۈننىڭ «جىنى» چاپلاشقان ئەمەس ، ئۇنىڭغا ئۆزلەشكىنى لۇشۈننىڭ پۈتۈن جۇڭگو خەلقى ، شۇ جۈملىدىن تەرەققىيپەرۋەر دۇنيا خەلقى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي تەرىپلەيدىغان «لۇشۈن روھى» .

«لۇشۈن روھى» نېمە ؟

لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ئوقۇغان ، تەتقىق قىلغان كىشىلەر شۇنى ئاسانلا پەملىۋالالايدۇكى ، لۇشۈن تارىخنى ، ئۆتمۈش جەمئىيەتنى ئەقىل دۇربۇنى بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش بىلەن تەڭ رېئال جەمئىيەتنى ئەقىل مىكروسكوپى بىلەن تۈجۈپىلەپ تەكشۈرگەن ۋە شۇنداق تەكشۈرۈش ئاساسىدا كىشىلەرنى قايىل قىلارلىق نەزەرىيىۋى مۇھاكىمەلەرنى ئوتتۇرىغا قويغان . شۇنىڭ ئۈچۈن ، ماۋ زېدۇڭ ئۇنىڭ جۇڭگو



بويىچە قىممىتىنى قەدىرلەپ ، كۆڭزىنى فېئودالىزم جەمئىيىتىنىڭ پەيغەمبىرى دەيدىغان بولساق ، لۇشۈن يېڭى جۇڭگونىڭ پەيغەمبىرىدۇر ، دېگەن . لۇشۈننىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ، ئۇنىڭ جەڭگىۋارلىقىدۇر . ئۇ زۇلمەت باسقان ، مۇستەبىت قارا كۈچلەر ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بىر زاماندا ئەلنى ، مىللەتنى ئازاد قىلىش مەقسىتىدە ھەقىقەت ۋە ئەركىنلىك يولىدا قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلغان ، ئۆزى تاللىغان نىشاندىن ، يولدىن ئاداشمىغان ، تېڭىرقاپ قالمىغان . ئۈچىنچى بىر خۇسۇسىيىتى ، ئۇنىڭ پىداكارلىقى . ئۇ رەقىبلىرىنىڭ زورلۇقلىرىدىن ، زىيانكەشلىكلىرىدىن ۋە ئالدامچىلىقلىرىدىن قورقمىغان . قارا كۈچلەرگە خەنجەردەك پولات قەلىمى بىلەن تاقابىل تۇرغان ، ھەتتا سەپداشلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچراپ تۇرۇۋاتسىمۇ ئارقىغا يانماستىن ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىپ ئالدىغا قەدەم تاشلىغان . لۇشۈننىڭ يەنە بىر خۇسۇسىيىتى ، ئۇنىڭ كەم - كۈتىسىز قەتئىي رېئالىزمچى ئىكەنلىكىدە تولىمۇ گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ .

## 4

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەدىب لۇشۈننىڭ پىداكارلىق روھى ، تەرەققىيپەرۋەر ، ھەققانىيەتچى روھى ھەممىمىزنىڭ ئۆلگە ئېلىشىغا ئەرزىيدۇ ، ئۇنىڭ شۇ روھى ھەممىدىن ئاۋۋال ئۇنىڭ فېلىيەتونلىرىدا روشەن ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ .

فېلىيەتون ئەدەبىياتنىڭ ئاساسىي ژانىرلىرىدىن بىرى . لۇشۈننىڭ ئەسەرلىرىگە قارىغاندا ، نەچچە مىڭ يىللىق تارىخقا فېلىيەتون بىلەن كۆز يۈگۈرتۈش ھەم مۇمكىن . مۇرەككەپ رېئال جەمئىيەتنىمۇ تەھلىل قىلىش مۇمكىن . ئۇنىڭ قويىنى شۇنداق كەڭ بولسىمۇ «ئۇنىڭ نىشانلايدىغىنى ئىككى چوڭ تەرەپتىن ،

يەنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلار بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچىلاردىن باشقا نەرسە ئەمەس. بۇنى لۇشۈننىڭ فېلىيەتونلىرىدىن بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. لۇشۈن ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلىرىنىڭ بەزىسىنى ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچىلارغا ۋە شۇ ھۆكۈمرانلار قوغدايدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈملەرگە خەنجەر، نەيزە قىلىپ تەڭلىگەن؛ بەزىلىرىنى بولسا غەپلەتكە چۆكۈپ كەتكەن، نادان، قالاق خەلقنىڭ بەختسىزلىكىگە ئېچىنىپ، ئىجتىھاتسىزلىقىغا رەنجىپ، غەپلەتتىن ئويغىتىدىغان دورا قىلىپ بەرگەن» دەپ يازىدۇ لىيۇ چىڭشىن «ئوت بىلەن ئوتۇن بىر - بىرىگە قاملىشىدۇ» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىدە. ئەمدى ھازىرقى كۈندە بىز ۋارىسلىق قىلىدىغان فېلىيەتون لۇشۈن ياشىغان دەۋردىكى فېلىيەتوندىن ژانىردا پەرق قىلمىسىمۇ، لېكىن كونكرېت مەزمۇندا پەرق قىلىدۇ. «بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندىكى فېلىيەتونلىرىمىز ئەمەلىيەتتە بىرىنچىدىن، ئەمىر قىلغۇچىلار (يەنى ھەر دەرىجىلىك جامائەت خىزمەتكارلىرى) غا، ئىككىنچىدىن، ئاممىغا - پۇقراغا قارىتىلىدۇ؛ ئاممىباب قىلىپ ئېيتساق، بىرىنچىدىن، جامائەت پىكرىنىڭ قورالى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ، ئىككىنچىدىن، خەلققە تەربىيە بېرىدۇ، خەلقنى رىغبەتلەندۈرىدۇ. دېمەك، فېلىيەتون ئىجادىيىتى قوش قىممەتكە ئىگە» («فېلىيەتونلاردىن تاللانما» ژۇرنىلىنىڭ 2000 - يىل 4 - ئايلىق سانىغا قاراڭ.)

فېلىيەتوننىڭ ھەم جانغا تېگىدىغان خەنجەر بولۇپ، ھەم جانغا داۋا بولىدىغان دورا بولۇپ خىزمەت قىلىدىغان خۇسۇسىيىتى ئۇنىڭ فېلىيەتون دېگەن ئىسمىغا لايىق ھەم تارىخىي، ھەم رېئال ماھىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىدە ئىپادىلىنىدۇ. بىزنىڭ بۇ يەردە «فېلىيەتون» دەپ ئاتاۋاتقىنىمىز لاتىنچە، رۇسچە، ئىنگلىزچە ۋە يەنە باشقا مىللەتلەر تىللىرىدا



ئومۇملاشقان «ساتىرا»، ئەرەب تىلىدىكى «ھەجۋە»، «ئىستىھزا» دېگەن سۆزلەرنى، ئۆزىمىزنىڭ ئۇيغۇر تىلىدىكى «تەنە»، «مەسخىرە» دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇنىڭدا ھەزىل - چاقچاق، قىزىق پاراڭ، لەتىپە، كۈلكىلىك گەپ دېگەن مەنىلەرمۇ بار. لۇشۈن ئەسەرلىرىنىڭ بەدىئىي ئۇسلۇب جەھەتتىكى قېلىپى كۆپ خىل بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەينى ۋاقىتتا بەزىلەر ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى «ئەدەبىيات قېلىپىغا چۈشمەيدۇ» غان، «شالغۇت» بىر نەرسە [illegible] مەنسىتمىگەنىدى. لۇشۈن ئۇلارغا تەنە قىلىپ، ئۆزىنىڭ فېلىيەتونلىرىغا «زاۋىن — شالغۇت ئەسەر» دېگەن نامنىمۇ بەرگەن. «فېلىيەتون» دېگەن سۆزنىڭ رۇس، ئىنگلىز، فرانسۇز، لاتىن تىللىرىغا ئورتاق بولغان «براۋىر» دېگەن سۆپىتىمۇ بار ئىكەن. بۇ سۆز زېرەك، زەكى، ئۆتكۈر، پاراسەتلىك، چېچەن، چاققان، چەبدەس، چېۋەر ۋە جەسۇر، باتۇر دېگەن كەڭ مەنىلەرگىمۇ ئىگە ئىكەن. مۇشۇنداق مەنىلەردىن قارىغاندا، مەيلى تەنە قىلىش نۇقتىسىدىن بولسۇن، مەيلى كۆپ مەنىلىك خۇسۇسىيىتىگە ئېتىبار بېرىش نۇقتىسىدىن بولسۇن، لۇشۈننىڭ فېلىيەتونىنى «زاۋىن — شالغۇت ئەسەر» دەپ ئاتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەھۋال ئەمەس. لۇشۈن «زاۋىن» لىرىنى بىز ئۇيغۇر تىلىدا دۇنياۋى ئورتاقلىقىغا ئېتىبار قىلىپ «فېلىيەتون» دېگەن ئاتالغۇ بىلەن ئاتاۋېرىمىز. فېلىيەتوننىڭ تۈپ خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ — جەمئىيەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان خىلمۇخىل، رەڭگارەڭ ھادىسىلەرنىڭ — تۈپ ماھىيىتىنى يالىڭاچلاپ - ئېچىپ كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ؛ تارىخىي ۋەقە، پاجىئەلەرنىڭ سەۋەبلىرىنى، ئارقا كۆرۈنۈشلىرىنى تەھلىل قىلىپ بېرىدۇ؛ سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، تەرتىپ - تۈزۈم، ئاڭ - پىكىر، شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي

تۇرمۇش ۋە باشقا ساھەلەردە كىشىنى قايىل قىلالايدىغان ، ئويلاندۇرىدىغان ، غەيرەتكە كەلتۈرىدىغان ، ھەتتا نەپرەتلەندۈرىدىغان ، غەزەپلەندۈرىدىغان تەسىراتلارنى پەيدا قىلالايدۇ . ئادەمگە يېڭى - يېڭى ئىلھاملارنى بېرەلەيدۇ . ياخشى يېزىلغان فېلىيەتونلارغا قارىسىڭىز ، ئاق [illegible] ئۈستىگە يېزىلغان قارا خەت ، گەپ - سۆزلىرى با[illegible]پ كەلگەن بىرەر بايان . لېكىن شۇ خەتلەرنى ئارىلاپ ، [illegible]نىڭ تېگىگە چۆكۈپ ، خۇددى بورداق قوينىڭ [illegible]ۋۇرغىسىنى چاينىغاندەك چايناپ كۆرە[illegible] قىلىپ بەرگە[illegible] شېرىن «يىلىك» نى تېتىپ ھوزۇر[illegible]تۇن بىر - [illegible]ن . لۇشۇننىڭ نۇرغۇن فېلىيەتونلىرى بۇ ھېسسىياتنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىشىدە شەك يوق .

زامان ئالماشتى ، دەۋر ئۆزگەردى ، تارىخ ئالغا باسماقتا ، ئادەمنىڭ قەدىر - قىممىتى ئوت - خەس بىلەن باراۋەر بولۇپ قالىدىغان ، ئىنسانىيلىق ئاياغ ئاستى قىلىنىدىغان زامانلار ، ئىنسان باللىسىنىڭ تەقدىرىنى چاڭگىلىغا ئېلىۋالغانلار خالىغانچە زوراۋانلىق قىلىدىغان دەۋرلەر كەلمەسكە كەتتى . لېكىن ھازىرقى رېئال جەمئىيەتكە نەزەر سالىدىغان بولساق ، يېڭى زامانغا ، يېڭى جەمئىيەتكە ، يېڭى مەدەنىيەتكە زادىلا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساختا مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى ، چىدىغۇسىز چىرىكلىكلەرنى كۆرىمىز . مۇھىت كونا پېتىچە تۇرۇۋەرسە ، ئادەمنى زاۋالغا يۈزلەندۈرىدۇ . ئۇنىڭغا قارشى [illegible]لمىسا ، يەنە كونا يولغا كىرىپ قېلىش خەۋپى تۇغۇلىدۇ . ھ[illegible] جەمئىيەتتىن سارقىندى بولۇپ كېلىۋاتقان ، يېڭى جەمئى[illegible] «يېڭى مەدەنىيەت» دېگەن نىقاب بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىۋاتقا[illegible] تۈرلۈك «زامانىۋى چىرىكلىك» لەرگە قارشى تۇرۇش ئەدە[illegible] ساھەسىنىڭمۇ جىددىي ۋەزىپىسى بولۇپ تۇرماقتا . شۇ[illegible] ئۈچۈن « . . . يېڭى مىڭىنچى يىلنىڭ كىرىشى بىلەن تار[illegible]



يېڭى بىر سەھىپە ئېچىلدى . . . 1949 - يىلى جۇمھۇرىيەت قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر توپتوغرا يېرىم ئەسىر ئۆتتى . فېلىيەتون — بۇ زېرەك باتۇر يېڭى ھاكىمىيەت قۇرۇلغاندىن تارتىپلا بەزى ئادەملەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنۈپ قالغاندى . غۇربەتلىك [illegible] بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ ، ئاخىر ئەسىر ئاياغلاشقان ھازىرقى چا[illegible]ئەدەبىيات گۈلىستانىدا پورەكلەپ ئېچىلىشقا باشلىدى [illegible]رىنىڭ بىلەن بىللە قۇرۇق ئوتۇنغا ئوت تۇتاشقاندەك [illegible] بىر نەرسە [illegible]، تېز ۋە چوڭقۇر تەسىر قىلماقتا . . . » ([illegible] ئۆزىنىڭ فېلىي[illegible]) .

فېلىيەتوننىڭ بۇنداق تە[illegible] دېگەن نامى[illegible]مەن ئالغاندا ، خەنزۇ ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە نامايان بولۇۋاتقان ئەھۋالدۇر . ئۇيغۇر ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرىدە فېلىيەتون يوق ئەمەس ، لېكىن ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئۇرغۇپ تۇرغان ھەقىقىي ئەمەلىي ۋە چوڭقۇر ھېسسىياتلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ ، ئۆزىگە خاس پىكىر ، قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويىغان ، كىشىلەرنى جەلپ قىلالايدىغان ، چوڭقۇر ئويلاندۇرىدىغان ئەسەرلىرىنى كەم ئۇچرىتىمىز . گېزىت - رادىئو خەۋەرلىرىنى ئۇچۇر مەنبەسى قىلىپ تۇرۇپ ، ھەتتا بەزى كىتابلاردىكى پەند - نەسىھەتلەرنى نەزەرىيىۋى ئاساس قىلىپ شاخلىتىپ ، خۇددى كۆرگەزمىلەرنىڭ چۈشەندۈرگۈچىلىرىگە ئوخشاش يېشىپ بېرىدىغان «فېلىيەتون» لارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز . بۇنداق [illegible]نىڭ كىتابخانلارنى زوقلاندۇرۇشى تەس . مۇشۇنداق ھاد[illegible] بېرىشنى خالىمايمىز . بۇ گەپلەرنى ئېغىزغا [illegible] مەقسىتىم شۇكى ، ئەدىبلىرىمىزنىڭ يارامىلىق [illegible] كۆپرەك يېزىشنى ئۈمىد قىلىمەن . [illegible]ھەرىرلىرىمىزنىڭ فېلىيەتونغا ئېتىبار بېرىپ ، ئۇنىڭ تېخىمۇ [illegible] كۆكلىشى ئۈچۈن تىرىشىش قىلىشنى ئارزۇ قىلىمەن .

2[illegible] - يىل ئاۋغۇست ، ئۈرۈمچىدە يېزىلدى .

I291·56
U200108
0000065990
书 名
...لقى گۇناھىم

按时归还、遗失赔偿

| 借者 | 借期 | 还期 |
| --- | --- | --- |
| تۇرسۇن... | 2003.1.16 | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |

باسما تاۋقى : 13.625 قىستۇرما ۋارىقى : 3
2001 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى
2001 - يىل 8 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىراژى : 1-5000
ISBN7-228-06650-2/I·2441
باھاسى : 19.80 يۈەن